ئەسەت سۇلايمان ئەسەرلىرى ـ 1



# تارىم قوشۇق چېكىلگەندە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06608-1

ISBN 7-228-06608-1

K·935(维文)定价:22.00元

ئەھمەت سۇلايمان ئەسەرلىرى — 1

# تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە

نەشرگە تەييارلىغۇچى : يالقۇن روزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەسەت سۇلايمان

图书在版编目(CIP)数据

艾赛提·苏来曼论文选集/艾赛提·苏来曼著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8
ISBN 7-228-06608-1

Ⅰ.艾... Ⅱ.艾... Ⅲ.维吾尔族—民族文化—文化史—文集
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K2815-53

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第054005号

责任编辑:阿不力米提·依明
封面设计:努尔买买提·吾买尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆彩印胶印厂
850×1168毫米 32开本 16印张 3插页
2002年3月第1版 2002年3月第1次印刷
印数1——3000

ISBN 7—228—06608—1/K.935 定价22.00元

# ئاپتوردىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوقۇرمەنلەر!

قولىڭىزلاردىكى بۇ كىتاب يېقىنقى مەزگىللەردە يازغان ئىككى پارچە چوڭ ھەجىملىك يېڭى ماقالەمنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىلگىرى ئېلان قىلغان، ئەمما توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم ماقالىلىرىمنى تاللاش نەتىجىسىدە يورۇقلۇققا چىقتى، شۇنىڭدەك يېڭى ئەسىردىن بۇيانقى ئەسەرلىرىمنىڭ 1 - تومى بولدى.

ئويلاپ باقسام ھاياتىمنىڭ مەن بېسىپ بولغان 33 يىلىدا ئويلىغانلىرىم كۆپ، جاۋابسىز قالغان سوئاللىرىم تېخىمۇ كۆپ ئىكەن. ھەر قېتىم تەگسىز سوئاللارغا كۆمۈلگىنىمدە، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىغا تىنىپ كەتكەن روھىيەت ئالىمىمىزنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە مەجبۇر بولىمەن.

ھەر قېتىم كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال دۇنيانىڭ بىزگە تالىق بولمىغان ئىمكانىيەتلىرى مېنى ئارتۇقى بىلەن ئازابلىغىنىدا، ئۇزاق ئۆتمۈشىمىزنىڭ نۇر چەشمىلىرىدىن ئۆزۈمگە تەسەللىي ئىزدەيمەن...

ۋاھالەنكى، ئۆتمۈش قانچىلىك سىرلىق، تارىخ قانچىلىك ئۇلۇغ، ئەسلىمە قانچىلىك تاتلىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن زامانغا مەنسۇپ. ھاياتتا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشقا تەسەللىيسى قالمىغان خەلق ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان بىر قېرى بوۋايغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئۆتمۈشتىن ئىزدەيدىغىنىمىز يالغۇز تەسەللىيلا ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى ھاياتىي كۈچىمىزنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان روھىي ئېنېرگىيىدۇر.

بىز ياشاۋاتىمىز، مىليونلىغان ئادەملەرگە ئوخشاشلا يەر شارىنىڭ ئاتموسفېراسىدىن نەپەسلىنىۋاتىمىز، مىسلىسىز دەرىجىدە يۇغۇرۇلىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت قاينىمىغا قاراپ سىلجىۋاتىمىز. قارىغاندا بىز كۆنۈككەن تەپەككۇر ئەندىزىمىز بىر مەيدان كەسكىن ئىسلاھاتقا دۇچ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمدى تار دائىرىدىكى رىقابەتتىن قاچىدىغان پاسسىپ پىسخىك قۇرۇلمىمىز بىزنى قوغدىيالمايدۇ. رېئاللىقتىن چەتنىگەن زىيادە رومانتىكىمۇ ئۆركىگەك مەنىۋىيىتىمىزگە مەلھەم بولالمايدۇ. مېنىڭچە، بىزگە ھەممىدىن زۆرۈرى تۆنۈگۈنكى تاتلىق خاتىرە ياكى ئەتىكى شېرىن مەنزىرە ئەمەس، بەلكى بىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايۋاتقان بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزدۇر.

دەرۋەقە، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز بىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەپەككۇرغا مەجبۇرلىماقتا. بىز ئەزەلدىن بۈگۈننىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى بۈنچىلىك چوڭقۇر ھېس قىلىپ باقمىغان. سوقرات شۇنداق دەيدۇ: «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ».

يازغانلىرىمنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز ئۈچۈن ئاز - تولا تۆھپىسى بولسىكەن دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ھەر قېتىم قەلەمنى قولغا ئالغىنىمدا كۈچلۈك بىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىمەن. يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان تېمىلارغا تولۇقى بىلەن جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە ئادەملەر تەرىپىدىن يېزىلغان ھەرقانداق يىتۈك ئەسەرمۇ ئۆزى مۇھاكىمە قىلغان تېمىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمدە كەمكۈتسىز، يېگانە جاۋابى بولالمايدۇ. يازغانلىرىم ناۋادا ئوقۇرمەنلىرىمنى بۈگۈنىمىز ئۈچۈن پىكىر قىلىشقا، ئۆزىمىزنى قايتا تونۇشقا ئىلھاملاندۇرالىسا، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە!

2001 - يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى



# مۇندەرىجە

تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە ............................ 1
— *ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇ-نىڭ روھىيەت تېز سىزمىسى* ..................... 1
بىرىنچى بۆلۈم تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى.......... 1
1. دۇنياغا يىراق ھەم يېقىن ........................ 1
2. «ئىستىغپار ھوجرىسى» نىڭ قوۋۇقى قېقىلدى ... 6
3. «ئەسھابۇل كەھف» تىكى ئەجنەبىيلەر ئارخىپى I ... 11
4. «ئەسھابۇل كەھف» تىكى ئەجنەبىيلەر ئارخىپى II ...... 22
ئىككىنچى بۆلۈم ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قالدۇرغان تەسىراتلىرى .............................. 28
1. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئاسىيا مۇھاجىرلىرى...... 28
2. ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسلارنىڭ دىئالوگى ............ 42
3. پەرەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قال-دۇرغان تەسىراتلىرى ............................ 66
ئۈچىنچى بۆلۈم ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ........................................ 90
1. ئوتتۇرا ئەسىر ئوسلۇبىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ...... 92
2. ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى ... 95
3. ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆرگەزمىخا-نىسى ............................................... 97
4. ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت ............................................ 102
5. تەئەججۇپ ۋە ھەيرانلىقتا قالغان كىشىلەر ...... 108

6. ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى يوق مىللەت ··· 112
7. بوستانلىق خەلقى ۋە قۇملۇق پىسخىكىسى ······ 115
ئاخىرقى سۆز ······ 119

**بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىممىتى** ······ 120
1. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە ······ 120
2. شەرق رىۋايەتلىرىگە كۆمۈلگەن دىيار ······ 132
3. دەريا بويى: قەدىمكى مەدەنىيەت ئارىلىنىڭ بايقىلىشى ۋە بەربات بولۇشى ······ 141
4. چۆكمە مەدەنىيەت ۋە قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ······ 155
5. كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى ······ 176

**نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى** ······ 210
*— ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رېنېسسانسلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات* ······ 210
1. شەرقتە قايتىش ······ 210
2. پەرەڭلەرنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ ياقۇتى ······ 217
3. غەربتە فلورېنسىيە ۋە رۇم، شەرقتە سەمەرقەنت ۋە ھىرات ······ 229
4. پىسادىكى قىيسىق مۇنار ۋە سەمەرقەنتتىكى رېگىستان ······ 248
5. لېئوناردو داۋىنچى ۋە كامالىددىن بېھزاد ······ 260
6. غەربتە دانتې ۋە شېكسپىر، شەرقتە جامى ۋە نەۋائى ······ 280





7. گالىلېينىڭ تېلېسكوپى ۋە ئۇلۇغبېگنىڭ رەسەتخانىسى ······ 302
8. ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشلىرىنىڭ داۋامى ······ 322
9. خۇلاسە: ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ······ 344

**بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىسخىك دىئاگنوز** ······ 348

**ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى** ······ 372

**ئەفراسىياب كىم** ······ 467
*— ئەفراسىيابنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ ئالىپ ئەر توڭا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى* ······ 467
1. تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ······ 467
2. ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ۋە تەتقىقاتلارغا باھا ······ 471
3. ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىي پروتوپى ۋە ئىران ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتى ······ 478
4. تۈركىي ئەدەبىياتتا ئەفراسىياب ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى ······ 485
5. ئەفراسىياب بىلەن ئالپ ئەرتوڭانىڭ مۇناسىۋىتى ··· 495
خۇلاسە ······ 503

# تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە

—— ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ روھىيەت تېز سىزمىسى

بىرىنچى بۆلۈم

## تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بايقىلىشى

### *1. دۇنياغا يىراق ھەم يېقىن*

1876 - يىلى رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پرژېۋالسكىي تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ جاھاندىن بىخەۋەر ھالەتتىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالىدۇ. ئۇ قومۇشتىن ياسالغان ساتمىلاردا بەخىرامان ياشايدىغان، بېلىقچىلىق ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، سىرتقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمان - زېمىن پەرقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ماددىي تۇرمۇش جەھەتتىنلا نامرات بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي دۇنيا ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىنمۇ ئاجايىپ زەئىپلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە ئاڭ - سېزىمى پەقەت ئەتراپىدىكى تار مۇھىت

بىلەنلا چەكلىنىدىكەن، سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتى ۋە چۈشەنچىسى يوق ئىكەن. قېيىق، قارماق، تور، بېلىق، قومۇش ۋە چەكسىز قۇملۇق... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىكەن. بۇنداق بېكىك مۇھىت ئىچىدىكى تىمتاس ھايات ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە ئېھتىياجىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدىكەن. ئۇلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا كۆز ئالدىدىكى قومۇشلۇق كۆلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئۈمىد باغلىمايدىكەن. ئۇلار ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەن. نامراتلىق، ئاچ - زارلىق ۋە رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز رەۋىشتە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بىرخىل جاھىللىق، ئىچىگە تىنىپ كەتكەن سۈكۈت ۋە ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىش پسىخىكىسى شەكىللەنگەنىكەن. ئۇلارنىڭ سۇلغۇن چىرايىدىن كۆلكە - تەبەسسۇمنى كۆرۈش ناھايىتى تەس ئىكەن».[1] پرژىۋالسكىي يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«بىر كۈنى مەن كەنتتىكى كىشىلەر بىلەن بىر قاراڭغۇ قومۇش ساتمىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتىم. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. خىياللىرىم مېنى قومۇش ساتمىدىن ئاچىقىپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلدۇردى... يەن - مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى زاماندا، بىز ياۋروپالىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەن بولغىيتى - ھە! ؟ ئېھتىمال بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ قەدىمكى زاماندا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا، بىزنىڭ

[1] پرژىۋالسكىي (رۇسىيە) : «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 287 - بەت.



ئەجدادلىرىمىز تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زامان ياۋروپا مىللىتىگە ئايلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا، قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىگەن، قانچىلىك كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېنى سەرپ قىلىنغان بولغىيتى؟

... ئالدىمدىكى لوپنۇرلۇقلار يەنىلا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇلار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىغانسېرى، مېنىڭ بۇ كىشىلەرگە بولغان قىزىقىشىم تېخىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئەنە ئاشۇ پايانسىز جەزىرىنىڭ گىرۋىكىدە، ئەنە ئاشۇ سىرلىق كۆچمە كۆلنىڭ ساھىلىدا، ئەنە ئاشۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان بېكىك جەمئىيەتتە، روھىي بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى سىرلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم...»[1]

ۋاھالەنكى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ ياۋروپاغا بەرگەن تۇنجى تەسىراتى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەتلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنارلىق رېئاللىقى ئىدى. مانا بۇ ياۋروپا دەۋر پاراۋۇزىنى ھەيدەپ ئالغا كەتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىرىمىدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر قالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ رېئال كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ يەردە تارىخ گويا بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك، ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقاندەك، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنىڭ بۇ يەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك بىرخىل دۆملەنمە ھالەتتىكى بۇرۇقتۇرما كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۇنجى تۇركۇمدىكى

[1] پرژىۋالسكىي (رۇسىيە) : «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 289 - بەت.

ياۋروپالىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئويغاق ياۋروپا بىلەن تامامەن ئوخشاشمايدىغان باشقىچە بىر دۇنيا، يەنى ۋۇجۇدىنى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ جاھالىتى قاپلىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئايان بولغانىدى. تۇنجى تۇركۇمدىكى ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدىكى تەسىراتلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ياۋروپانىڭ تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ھەتتا ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ياكى ئەرەب چۆللۈكلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىدىنمۇ ئاز ئىدى. ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان تارىم ئويمانلىقى ئۆزىنىڭ «ئىستىغپار ھوجرىسى»غا بەنت قىلىنغان بۇرۇقتۇرما ھاياتى جەريانىدا، سىرتقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنى ئۆزى ئىپادە قىلىش ئىمكانىيەتلىرىدىنمۇ ئايرىلغانىدى.

مەلۇم بىر جەمئىيەتكە ئۇيۇشقان ئىجتىمائىي توپنىڭ ياكى بىر مىللىي گەۋدىنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكى ئىچىدىمۇ پاسسىپ ۋە ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت ئۆزىنى ئۆزى يېتەكلەپ ماڭالمايدۇ، بەلكى تاشقى كۈچنىڭ ئىنېرتسىيىسى بىلەن نامەلۇم يۆنىلىشكە مەجبۇرىي ھالدا ئىتتىرىلىپ ماڭىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشىنى كۈتىدۇ. خۇددى ماركس «لۇئى بوناپارتنىڭ تۇمانلىق ئېيىنىڭ ئون سەككىزى» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق يازغىنىدەك: «ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز، ئۇلار چوقۇم باشقىلار تەرىپىدىن ئىپادىلىنىشى كېرەك».

دەرۋەقە، يىپەك يولى خارابلىشىپ، ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، مەدەنىيەتلىك دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن



بۇ سىرلىق ئويمانلىق بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر تەرىپىدىن قايتا بايقالدى. تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق جەزىرىگە دۆملەنگەن پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان ئاشۇ بىپەرۋا كىشىلەر ھەققىدىكى ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە رىۋايەتلەر ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ياۋروپاغا يېتىپ باردى.

ياۋروپا شەرققە تەلپۈندى. شەرقنى چۈشىنىشكە، شەرقنى قېزىشقا، شەرقنى ئىپادىلەشكە كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتلىرى مەيدانغا كەلدى. دەرۋەقە ياۋروپالىقلارنى قىزىقتۇرغىنى بۇ يەردىكى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن ئاجايىپ مەدەنىيەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرى بولغان ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنارلىق رېئاللىقى ئىدى. ئۇلار قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ تار دائىرىدىكى چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ بىر بۆلىكىدە ياشاپ تۇرۇپ، دۇنيادا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ قايسى يۆنىلىشتە كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قانداق ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلارغا تېخىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. ئۇلار دۇنيانىڭ ئىچىدە ھەم سىرتىدا ئىدى. ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ زامان تەرتىپىنى يوقىتىپ، مەڭگۈ بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان مەۋھۇم ئۇقۇمغا ئايلانغانىدى.

تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان، يەرگە ۋە ئۇششاق ناتۇرال ئىگىلىككە باغلىنىپ روزغارىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى قانداقلارچە ئۆزىنى ئۆزى ئىپادە قىلىش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى؟ پۈتۈن دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەندە، قاتمۇ قات

تاغلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇق قانداق قىلىپ دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتتى؟ ئۇزاق ئاسىيانىڭ تىمتاس چۆللۈكلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىك تۇرمۇش قايىنىمىدا، گويا چۈش ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك سەۋھۇم كەيپىياتتا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بۇ كىشىلەر ئۆز دەۋرىدىكى جاھان ئۆزگىرىشلىرىنى قانداق چۈشەندى؟ يېڭى دۇنيا، تېخىمۇ توغرىراقى، ھازىرقى زامان ياۋروپاسى تارىم ئويمانلىقىغا دۆملەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قانداق بايقىدى! ؟ . . .

## 2. «ئىستىغپار ھوجرىسى»نىڭ قوۋۇقى قېقىلدى

شەرقتىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ كلاسسىك دەۋردىن قول ئۈزۈپ، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە تەرەققىي قىلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، غەرب دۇنياسى بىلەن، بولۇپمۇ ياۋروپا ئىدىيىلىرى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچراشقانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەندى.

ئەجنەبىيلەرنىڭ يىراق ئوكياندا يۈرگۈچى پاراخوتلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي دېڭىز ساھىللىرىغا ئۇسۇپ كىرىشى، شەرقتىكى بۇ سىرلىق مەملىكەتنىڭ غايىۋى چۈمپەردىسىنى قايرىدى، ياۋروپا ئىدىيىلىرى يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا شەرقتىكى بۇ غايەت زور بېكىك جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئېقىپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو جەمئىيىتى پەيدىنپەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. دېڭىز بويلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كونسېسسىيىلىرى پەيدا بولدى. كونا شاڭخەي جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرقتىكى كېسىشمە



نۇقتىسىغا ئايلاندى. فېئودالىزمغا، مۇستەبىتلىككە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. . .

1599 - يىلى شەرقتىن قايتىپ كەلگەن ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتقا يازما ئىلتىماس سۇنۇپ ھىندىستاندا بىر سودا شىركىتى قۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ئىككىنچى يىلى بۇ تەكلىپ ماقۇللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيە يەلكەنلىك كېمىلىرىنىڭ ھىندى ئوكياندىكى بىر قاتار تەۋەككۈلچىلىكلىرى نەتىجىسىدە، 1612 - يىلىغا بارغاندا ھىندىستان بابۇرىيلار سۇلالىسى ئىنگلىزلارنىڭ شەرقىي ھىندىستاندا سودا شىركىتى قۇرۇشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپ بۇ شىركەت گەرچە سودا ۋېۋىسكىسىنى ئۆزىگە قالقان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سودا، سىياسىي، ھەربىي ۋە ئەدلىيە بىر گەۋدە قىلىنغان غايەت زور تەشكىلاتقا ئايلىنىدۇ ھەمدە 1763 - يىلىغا بارغاندا، ھېچقانچە كۈچىمەيلا بابۇرىيلار ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن ھىندىستاننى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھىندىستان رەسمىي ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھىمالايا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ سىرلىق تۇپراقنىڭ — ھىندى، بۇددا ۋە ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە خۇرۇچلىرىدىن تويۇنغان بۇ قەدىمكى ماكاننىڭ — رىۋايەتلىك پەردىسى ئاخىر ئېچىلىدۇ! نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ھەيۋەتلىك ھىمالايا ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن، ھىندى ئوكيان ئارقىلىق كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىشتىكى ئەللەردىن ئايرىلىپ تۇرغان بۇ رىۋايەت تۈسىگە باي دۆلەت، ھىندى ۋە گانگ دەريالىرىنىڭ بىر خىلدا لۆمۈلدەپ ئېقىشىغا كۆنۈككەن ھەمدە ئۆز ۋۇجۇدىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن تولدۇرغانىدى. ئۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقا ياپونىيە

مۇتەپپەككۇرى ئېكىدا دايساكو ھىندىلار ئۇستىدە توختىلىپ: «باشقا مىللەتلەرنىڭ پائالىيەتچانلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھىندىلار تارىخقا نىسبەتەن پاسسىپ خەلقتۇر»① دېگەنىدى. ھازىرقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئىنگلىز مەدەنىيىتى ئاخىرقى ھېسابتا ھىندى جەمئىيىتىنىڭ قېرىپ تىنىپ كەتكەن كەيپىياتىنى سەگىتتى. ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز توقۇنۇش يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق زىددىيىتى بولۇپ قالدى. ئۆزىنى ئۆزى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ھىندى جەمئىيىتى ياۋروپا ئىدىيىلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش ۋە كۈچ سىنىشىش جەريانىدا، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بىر ئەل ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

رۇسلار تەدرىجىي ھالدا كۈچىيىپ ئۇرال تاغلىرى ئارقىلىق ئۆزاق ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى نەتىجىسىدە جۇغراپىيىلىك يېتىملىككە گىرىپتار بولغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا دۇنيانىڭ تاشلاندۇق رايونلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ئاساسىي مېلودىيىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقلاردىن دېڭىز بويلىرىغا يۆتكىلىشى بۇ يەرنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ياۋروپا ئۆزىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى ۋە پار ماشىنىلىرىغا تايىنىپ، دۇنيا بازىرىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ھەمدە پۈتكۈل غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى جىددىي ئىسلاھ قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يىراقتىكى «قەلبى ئاسىيا»دا بىر توپ راۋاج تاپمىغان ئۇششاق بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر باش ـ ئاخىرى يوق

① ئېكىدا دايساكو (ياپونىيە): «بۇددىزم: شەرق ۋە غەرب»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 20 ـ، 21 ـ بەتلەر.



ئەرزىمەس نىزا ـ زىددىيەتلەر قايىنىمىدا سۆرىلىپ يۈرەتتى. ئۇلار دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرگە قارىتا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالمىدى. ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى تۈگىمەس نىزالار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن چاغدا، چار پادىشاھ پېترنىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن رۇس قوشۇنلىرى ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ توسالغۇسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. تاتارلارنىڭ قازان ۋە قىرىمدىكى ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىرى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇششاق خانلىقلارغا ھالاكەتلىك تەقدىردىن ئالدىن بېشارەت بېرەلمىدى. ئۇلار — ئاشۇ بىپەرۋا كىشىلەر — ئۇرال تاغلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە ئۈنسىز رەۋىشتە سۈكۈت قىلىپ تۇردى. كالپۇكنى مۇزلاتقان شۇ جۇدۇن ئاخىر چىشنىمۇ مۇزلاتتى! دەرھەقىقەت؛ مۇشۇنداق بىر پەرۋاسىز خەلق مۇشۇنداق بىر مەيدان رەھىمسىز رىقابەت ئىچىدە تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى ھەمدە ئۆزىنى ئىپادە قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. قوقان ۋە خىۋە خانلىقلىرىنىڭ زەئىپ گەۋدىسى رۇس قوشۇنلىرىنىڭ تىنىمسىز مۇداخىلىسىنى توسۇپ قالالمىدى. ئىلگىرى تاتار ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئاندا ـ ساندا كىرىۋاتقان رۇس ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتى ئەمدىلىكتە رۇسلارنىڭ ئىستېلاسى بىلەن تەڭ كەڭ كۆلەمدە يوپۇرۇلۇپ كىرىشكە باشلىدى. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش ئۇلارغا دۇنيا ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئۆزىنى يېڭىلاشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئىسلاھات ۋە دەۋرگە ماسلىشىش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ تېزلىكتە

تەرەققىي قىلدى. ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپى ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە ياۋروپا يېڭىلىقلىرى ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاش، مەدرىسلەرنىڭ دەرسلىك پروگراممىسىغا يېڭى دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش ھەمدە قاتمال ئىجتىمائىي قاراشلارنى يېڭى پىكىر ئىنقىلابى بىلەن سۇغىرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەسكىن بىر مەيدان تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى.

يېقىن قوشنىلارنىڭ ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋىدا قالغان تارىم ئويمانلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. رۇسىيە ۋە ياۋروپا ئىلىم ساھەسى قوزغىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى تارىم ۋادىسىغا دۈملەنگەن بېكىك ھالەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قەلبىگە تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغان بىر توپ ئەجنەبىيلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ بۇ سېھىرلىك ماكانغا يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئاسىيانىڭ كىندىكىدىكى بۇ «ئىستىغپار ھوجرىسى»نىڭ قوۋۇقى ئاخىر قېقىلدى!

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بۇ ئۇنتۇلغان رايونغا كۆپلىگەن ئەجنەبىيلەر كېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئاياغ ئىزلىرى بۇ يەردىكى تۆۋا - ئىستىغپارغا كۆنگەن ئىتائەتمەن بەندىلەرنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئەزەلدىنلا سىرتتىن كەلگەن كارامەتچىلەرنى چوڭ بىلىدىغان، ئۇلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىخلاس قىلىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئەجنەبىيلەرنىڭ تۆگە كارۋانلىرىنى يىتىلەپ تەكلىماكاندىكى غايىپ شەھەرلەرگە كىرىپ كەلدى. كۆك كۆز، سېرىق چاچ ۋە بەستلىك كەلگەن



بۇ غەلىتە ئەجنەبىيلەرنىڭ نېمىشقا قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەرلەرگە شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئەسكى - تۈسكى ۋە جۇلدۇر كېپەنلەرنى يىغىدىغانلىقىنى ئۇلار زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئەجنەبىيلەرنىڭ تۆت تەڭگىسى ۋە ئۇنىڭ غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچى بۇ تىمتاس ئويمانلىقتا — پەرەڭلەرگە يالىنىپ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سېتىپ يەيدىغان — يېرىم كەسىپلەشكەن ئالاھىدە قوشۇن — قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىچكى ئاسىيادىكى بوستانلىقلارغا باغلانغان ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ سىرلىق تاشقى پوستى ئاستا - ئاستا ئېچىپ تاشلاندى. ئەجنەبىيلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى قۇچاقلاپ ياتقان بۇ بىپەرۋا خەلق ھەققىدىكى تۈرلۈك خاتىرىلىرى ۋە رېئال تەسىراتلىرى ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە يىپەك يولى بويلاپ شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان، لېكىن يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئىسمى - جىسمى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى توغرىسىدىكى تۇنجى ئۇچۇرلار كۈنپېتىشتىكى ئويغاق ئەللەرگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. . .

شۇنداق قىلىپ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ياۋروپاسىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ياۋروپا ھەققىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى ھاسىل بولۇشقا باشلىدى.

## 3. «ئەسھابۇل كەھف»تىكى ئەجنەبىيلەر ئارخىپى!

ياۋروپا قاچاندىن باشلاپ مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى

بىلەن، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى؟

بۇ مەسىلە تەبىئىي هالدا بىزگە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان يىپەك يولىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىدۇ.

قەدىمكى يۇنان تارىخنامىلىرىنى ۋاراقلىغاندا، ياۋروپا بىلەن تارىم ۋادىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرنىڭ مىلادىيە II ئەسىردىن باشلاپلا كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى بىلىمىز. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىدىن پتولمى ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە سېرىس ئېلى (Seris) ئۈستىدە توختىلىپ، ئويخارداس دەرياسى (Oikhardais river) بويىدا ياشايدىغان ئويخارلار (Oikhardais) دېگەن خەلقنى تىلغا ئالىدۇ[1]. ئەنگلىيە ئالىمى هېنرى ژيۇل پتولمىنىڭ بۇ بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئويخارداس دەرياسى ئەمەلىيەتتە تارىم دەرياسىنى، بۇ يەردىكى قەدىمكى خەلق ئويخارلار بولسا دەل ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ[2].

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىلادىيە 150 - يىلى يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى مالىنىئوس (Malinios) نىڭ يۇنانىستاننىڭ سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ، مەركىزىي ئاسىياغا، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىغا كەلگەنلىكى مەلۇم.

شۇنىڭدىن باشلاپ، قانچىلىغان ياۋروپالىق سەيياھ، تەۋەككۈلچى، دىن تارقاتقۇچى، جاهانكەزدى ۋە هۆكۈمەت ئەلچىلىرىنىڭ شەرققە قاراپ يول ئېلىپ دىيارىمىزغا كەلگەنلىكى نامەلۇم. مىلادىيە IV ئەسىردە ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكېدونېسكىينىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن گرېك

① گودېس (فرانسىيە) تۈزگەن: «يۇنان - رىم ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق هەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 33 - بەت.

② جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو — غەرب قاتناش تارىخىدىن ماتېرىياللار»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 34 - بەت.



قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلاھ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى هەققىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇرغا ئېرىشتى. گرېك سەنئىتى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يەرلىك سەنئىتى هەمدە هىندىستان بۇددىزم سەنئىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ بىر مەهەل گۈللەپ ياشنىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم سەنئىتى دەۋرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇم بارخانلىرىغا دۈملەنگەن قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەت هەمدە ئۇنىڭغا ياندىشىپ مىڭ ئۆي تاشكېمىر سەنئىتى شۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆكلەپ چىقتى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت گۈللىنىشى يەنە بىر قانچە ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشتى. خرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ ئەهلىسەلىپ يۈرۈشلىرىدىكى مەغلۇبىيەتلىرى ئۇلارنى دۇنيانىڭ سىياسىي سەهنىسىدىكى مۇهىم ئورنىدىن مەهرۇم قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋروپانىڭ ئىسلام شەرقى، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيا هەققىدىكى ئۇچۇرلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ باردى. پەقەت 1253 - يىلىغا بارغاندىلا فرانسىيە مىسسىئونېرى رۇبرۇك (Rubruck) شەرققە يول ئېلىپ ئۇيغۇرلار ئېلىگە يېتىپ باردى هەمدە پتولمى ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئالغان Seris ئېلىنىڭ دەل چىن ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى.

1271 - يىلى ئىتالىيىلىك ماركو پولو (Marco Polo) ۋېنتسىيىدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قۇبلاي خاننىڭ ئوردىسى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يېتىپ باردى ۋە بۇ يەردە بىر قانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماركوپولو ساياهەت خاتىرىلىرى» ناملىق مەشهۇر ئەسىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرى هەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار قالدۇردى.

1603 ـ يىلىغا بارغاندا ياۋروپالىق مىسسىئونېر بېنېدىكت (Benedict) جۇڭگوغا بېرىپ دىن تارقىتىش ئۈچۈن لاھوردىن يولغا چىقىپ ھىمالايا تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا بىر ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ چىقىدۇ.

XVIII ئەسىردىن كېيىن رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىر دائىرە تالىشىش ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن رۇس ۋە ئىنگلىز كۆزەتكۈچىلەر، ھەربىي خادىملار ھەمدە ئالىملار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ بويلىرى ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلىرى «رۇسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» بىلەن «بۈيۈك برىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى خەۋەرلىرى»دە ئېلان قىلىندى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن چار رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرى ئېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قەشقەرىيە بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىمپېرىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توقۇنۇشىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان سەزگۈر سىياسىي بەلۋاغقا ۋە ئارىلىق رايونغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلىم ساھەسى ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئاسىيادىكى بۇ يېتىم ئارالغا بولغان قىزىقىشى يەنىمۇ ئېشىپ باردى.

1824 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر مۇركروفت (Moorcroft) كەشمىر ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا كىردى ھەمدە خوتەن ۋە باشقا بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ نوپۇسى، ھاۋا كېلىماتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي تەركىبى، ئىقتىسادى، شۇنداقلا



جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

1829 ـ يىلى رۇسىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس ھۇمبولت (Humbolt) بىلەن رومانسوف (Романцов) شەرققە سەپەر قىلىپ جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە تەكشۈرۈشكە كەلدى. ھۇمبولت تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئايار دېگەن جايىنى ئاسىيانىڭ كىندىكى دەپ قارىدى.

1847 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ھېنرى ستراچېي (Henry Strachey) بىلەن تومسون (Tompson) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتۈپ يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە قاراقۇرۇم تاغلىرى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى بۈيۈك برىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىگە يوللىدى.

1856 ـ يىلى رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سېمېنوف (Семенов) ئىسسىق كۆلگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇ تەڭرىتاغلىرىغا ئۆتۈپ خانتەڭرى چوققىسىغا چىقىدۇ ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ ھاۋا رايى ۋە يەر ئاستى بايلىقىغا قارىتا ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ «تەڭرىتاغقا ساياھەت» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يازىدۇ. چار پادىشاھ ئۇنىڭغا «تىيانشانسكىي» دېگەن نامنى بېرىدۇ.

1857 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ئادولفۇس شلاگىنتېۋېيت (Adolfus Schilagentweyt)، ھېرمان شلاگىنتېۋېيت (Herman Schilagentweyt) ۋە روبېرت شلاگىنتېۋېيت (Robert Schilagentweyt) قاتارلىق ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا كەشمىردىكى لاداقتىن يولغا چىقىپ، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئادولفۇس قەشقەرگە كەلگەندە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ كاتتۇبشى ۋەلىخان تۆرە

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى ھىمالايا ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسى ھەمدە 1400 خىلدىن ئارتۇق تۇپراق ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ قايتىدۇ.

1858 ـ يىلى رۇسىيىلىك قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف قوقانلىق سودىگەر قىياپىتىدە ئىلى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگىچە يېتىپ بارىدۇ ھەمدە ئالتىشەھەر ھەققىدىكى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى چاررۇسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيە ۋە ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغايدۇ.

1863 ـ يىلدىن 1865 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئىلمىي خادىمى مونتگومېر (Montgomerie) ئىككى قېتىم قارا قۇرۇم، يەكەن، خوتەن، تىبەت قاتارلىق جايلارغا جۇغراپىيىلىك سىزىپ ئۆلچەش ئەترىتى ئەۋەتىپ كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ كېتىدۇ.

1867 ـ يىلى ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئىلمىي خادىمى جونسون (Johnson) كەشمىردىكى لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، قاراقاش، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە يىراقتىكى كېرىيىگىچە يېتىپ بارىدۇ. قايتىشىدا سانجۇ ۋە شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق قاراقۇرۇم تاغلىرىنى تەكشۈرىدۇ، شۇنداقلا قىممەتلىك جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ.

1868 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك رېينتال (Reinthal) قەشقەرگە كېلىدۇ ھەمدە مېترولوگىيە تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى 4017 ئىنگلىز چىسى دەپ بېكىتىدۇ.



1868 ـ يىلى يەنە ئەنگلىيىلىك ھايۋارد (Hayward)، روبېرت شاۋ (Robert Shaw)، كەيلى (Caily) قاتارلىق خادىملار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، يەكەن، قاراقاش قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى ۋە كۆپلىگەن ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ، روبېرت شاۋ سودىگەر قىياپىتى بىلەن لېھ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم، سانجۇ، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەرلەرگە يېتىپ باردى ھەمدە بۇ جايلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ «قەشقەرىيىگە سەپەر»ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى، شۇنداقلا بۈيۈك برىتانىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى.

1869 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك فورسىس (Forsyth) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىردى. بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە روبېرت شاۋ، ھېندېرسىن، مىرزا، ياقۇبخان، كەيلى قاتارلىق كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى شۇ چاغدىكى ئالتەشەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ قوشۇن باشلاپ كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەشكە كەتكەن بولغاچقا ئۇلار قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

1872 ـ يىلى رۇسىيىلىك كولبارس (Kaulbars) بىلەن ئاسترونومىيە ئالىمى شاينخوست (Schaynhoist) ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە كۆپلىگەن جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار يەنە قەشقەردە 1872 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى كۈن تۇتۇلۇشنى كۆزىتىدۇ ھەمدە ياقۇپبەگ بىلەن سودا توختامى تۈزىدۇ.

1873 - يىلى 5 - ئايدا ھونگىرىيىلىك بېرزېنسى (Berzenczy) پېتېربۇرگدىن يولغا چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەر، يەكەن، شەيدۇللا ئېغىزى ۋە قارا قۇرۇمدىن ئۆتۈپ كەشمىردىكى لېھقىچە يېتىپ باردۇ ھەمدە مول ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ.

1873 - يىلى 7 - ئايدا ئەنگلىيىلىك فورسىس ئىككىنچى قېتىم ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 131 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم لېھتىن يولغا چىقىپ شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق قاغىلىق، يەكەن، رابات، يېڭىسار ۋە قىزىل ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ باردۇ ھەمدە ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار يولبويى ناھايىتى زور مىقداردىكى ئەمەلىي ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ.

1873 - يىلى ھونگىرىيىلىك پول (Pole) قەشقەرگە كېلىپ ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ ھەمدە ھونگېر (ۋېنگېر) مىللىتىنىڭ ئېتنىك يىلتىزىنى تەتقىق قىلىدۇ.

1873 - يىلى ئامېرىكىنىڭ پېتېربۇرگدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى سكېللېر (Skeller) ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئىسسىق كۆل ۋە ئىلى ۋادىسىغا كېلىدۇ ھەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ كۆپ ماتېرىياللارغا ئىگە بولىدۇ.

1870 - يىلىدىن 1885 - يىلىغىچە ئارىلىقتا رۇس شەرقشۇناسى پرژېۋالسكىي (Пржевальский) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا موڭغۇلىيە، چىڭخەي، تىبەت قاتارلىق جايلاردىن باشقا، ئاساسلىقى ئىلى، كورلا، لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەن، كېرىيە، خوتەن قاتارلىق جايلاردا جۇغراپىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. پرژېۋالسكىينىڭ تارىم ۋادىسىغا قىلغان كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسىنىڭ بىرى، ياۋا ئات بىلەن ياۋا تۆگىنى بايقىغانلىقى



بولسا؛ يەنە بىرى، لوپنۇر كۆلىنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بېكىتكەنلىكى بولدى.

1876 - يىلى رۇسىيە ئوفىتسېرى كوروپاتكىن (Куропаткин) چار پادىشاھنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ تېرەكداۋان ئارقىلىق قەشقەرىيىگە كېلىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىن مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلارغا باردۇ. ئۇ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ چار رۇسىيىگە ۋاكالىتەن سودا ۋە چېگرا توختامىنى ئىمزالايدۇ. ئۇ بۇ يەردىن توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلىدۇ.

1880 - يىلى ئەنگلىيىلىك مورگان (Morgan) تاشكەنتتىن ئىلى رايونىغا بېرىپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ «1880 - يىلى يەتتەسۇدىن ئىلىغا بېرىش» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

1883 - يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر داگلېش (Dagliesh) بىر سودا ئەترىتىنى باشلاپ يەكەنگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە 10 ئايدەك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. كېيىن ئۇ يەكەنگە يەنە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ ھەمدە يەكەن بىلەن لېھ ئوتتۇرىسىدا سودا قىلىدۇ.

1885 - يىلى ئەنگلىيىلىك كارېي (Carey) بىر ئېكسپېدىتسىيە گۇرۇپپىسىنى باشلاپ لېھتىن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار دەسلەپ تىبەتكە كېلىدۇ، ئاندىن قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېرىيە ۋە خوتەن بوستانلىقىغا باردۇ. بۇ يەردىن يەنە خوتەن دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان چۆلىنى كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا چىقىدۇ. ئۇلار يەنە كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل بوستانلىقلىرىنى ئايلىنىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن كەشمىرگە قايتىدۇ. كارېي كېيىن ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىغا ساياھەت» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان

قىلىدۇ.

1886 ـ يىلى فرانسىيىلىك بونۋالوت (Bonvalot) بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن كاپۇس، پاپىن قاتارلىقلار قەشقەرىيىگە تەكشۈرۈشكە كەلدى ھەمدە ھىندىستان ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتتى. پارىژ جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئالتۇن مېدال بەردى.

1886 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ياڭخازبەند (Younghusband) ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭدىن يولغا چىقتى. ئۇلار قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ ئەڭ ئاخىرىدا يەكەنگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردىن كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا قايتتى. ئۇلارنىڭ تارىم ۋادىسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئەنگلىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى.

1886 ـ يىلى رۇسىيىلىك كرۇم ـ گرىژىمايلو (рум-грижимайло) بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، قىزىلسۇ، يەكەن، ئىلى، جىڭ، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، تۇرپان، لوپنۇر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە 2834 ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ، 19 ئورۇننىڭ ئاسترونومىيىلىك ئورنىنى بېكىتتى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 14000 خىلدىن ئارتۇق ھايۋانات ئەۋرىشكىسى يىغدى، 200 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت تارتتى.

1887 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك كاپىتان بېلل (M. S. Bell) بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ بارىكۆل، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى،



تۇقسۇن، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ يەرلەرنىڭ سودا، قاتناش، كېلىمات ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇردى.

1889 ـ يىلى فرانسىيىلىك ھېنرى دورلېئان (Henri Dorlean) بىلەن بونۋالوت قاتارلىقلار يەكەن، ئىلى، كورلا، يۇلتۇز، قاراشەھەر، لوپنۇر، ئالتۇنتاغ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە تىبەت ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا ناھايىتى نۇرغۇن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىگە ئېرىشتى.

1889 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك بوۋېر (Bower) بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ يەكەنگە كەلدى ھەمدە ئۇ يەردىن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، شايار قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا ئۇلار كۇچادىن سانسكرىت ۋە براھمى يېزىقىدىكى بىر مۇنچە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.

1889 ـ يىلدىن 1890 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى پرژىۋالسكىي نامىدا 5 ـ قېتىملىق مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى تەشكىللىدى. پېۋچوف (Певчов)، روبوروۋسكىي (Роборовский)، بوگدانوۋىچ (Богланович)، كوزلوف (Козлов)، گرومبېچېۋسكىي (Громбечевский) قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بەش كىچىك ئەترەت تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەرنىڭ بىر قاتار ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى ۋە قېدىرىپ تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ياۋروپالىقلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ھەققىدىكى

دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى تەدرىجىي ھاسىل بولۇشقا باشلىدى.

## 4. «ئەسھابۇل كەھف» تىكى ئەجنەبىيلەر ئارخىپى II

مىلادىيە 1890 - يىلى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈن، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ماكارتنىي (George Macartney) نى قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كۆزىتىش نۇقتىسىغا ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى دىپلوماتىيە نۇقتىسى مەيدانغا كەلدى. 1908 - يىلغا بارغاندا قەشقەردىكى چىنىباغدا ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ھال ئىنگلىزلار بىلەن رۇسلارنىڭ قەشقەردىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. رۇسىيە ئەنگلىيىدىن خېلى بۇرۇنلا، يەنى 1883 - يىلىدىن باشلاپلا قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، كونسۇلخانىنى قوغداش باھانىسى بىلەن خېلى كۆپ ساندىكى كازاك ئەسكەرلەرنى قەشقەردە تۇرغۇزۇپ كەلگەنىدى.

رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى پېتروۋسكىي (Петровский) ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرگە سىڭىپ كىرىشى ھەمدە بۇ يەردە تەسىر - دائىرە شەكىللەندۈرۈشىگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى. شۇڭلاشقا پېتروۋسكىي بىلەن ماكارتنىي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەلىيەتتە رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇرەسسەسىز سىياسىي توقۇنۇشىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ھال بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ، شۇنداقلا ياۋروپادىكى باشقا ئەللەرنىڭ بۇ رايونغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.



رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاخبارات خادىملىرى، جۇغراپىيە ئالىملىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ھەمدە رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى ۋە باشقا جايلاردىكى كونسۇلخانىلىرىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، تارىم ئويمانلىقىغا بولغان كەڭ كۆلەملىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. ئەنگلىيىمۇ رۇسىيىدىن بۇ جەھەتتە ئارقىدا قېلىشنى زادىلا خالىمىدى. ئەنگلىيىنى ئاساس قىلغان ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر، جۈملىدىن فرانسىيىلىكلەر، گېرمانىيىلىكلەر، شۋېتسىيىلىكلەر، شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلار ۋە ياپونلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىمۇ ئىز بېسىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەر چىنىباغدىكى كونسۇلخانىسى ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئىچكى ئاسىيادىكى مۇھىم بېكىتىگە ئايلاندى.

1890 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، رۇسىيە بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا بولغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن يىللار بولدى. ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان بۇ دولقۇن تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئەجنەبىيلەر بۇ رايوننىڭ مۇھىتى، ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كان بايلىقلىرى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، يەنە بۇ جايدا ياشىغۇچى ئاساسلىق يەرلىك ئاھالە — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بۇ خاتىرىلەر بۇنىڭدىن يۈز يىللار بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش

مەنزىرىسى ھەققىدىكى ئەمەلىي ئۇچۇرلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنى ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېز سىزمىسى دېيىشكە بولاتتى.

بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئەجنەبىيلەر، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئورۇسلار، پەرەڭلەر (ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، گېرمانلار، ئامېرىكىلىقلار، شۋېتلار، ھونگېرلار ۋە باشقا ياۋروپالىقلار) ۋە ياپونلار كېلىپ كەتتى. ئۇلاردىن رۇسىيىلىك روبوروۋسكىي ۋە كوزلوف (1893 - يىل)، ئوبروچېف (Оброчев، 1894 - يىل)، كلېمېنتز (Clementz، 1895 - يىل)، نوۋسكىي (Новицкий، 1898 - يىل)، كوزلوف ۋە كازماكوف (Казмаков، 1899 - يىل)، ئوبرۇچېف (Обручев، 1905 - يىل)، ئودېنبورگ (Оденборг، 1909 - يىل)، مالوف (Малов، 1912 - يىل)، نەزەروف (Назаров، 1920 - يىل)، كوزلوف (1923 - يىل) قاتارلىق كىشىلەر تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى باشلاپ دىيارىمىزغا كەلدى ھەمدە مول نەتىجىلەر بىلەن قايتتى.

ئەنگلىيىدىن لىتتۇلدېيل ئەر - ئايال (Littledale، 1892 - يىل)، ۋكونۋاي (M. Wconway، 1892 - يىل)، يېئارل (Earl، 1893 - يىل)، بىگخام (Bigham، 1895 - يىل)، دېياسى (H. Deasy، 1896 - يىل)، كوببولد (B. Cobbold، 1897 - يىل)، ۋېس (C. S. Ves، 1899 - يىل)، ستەين (Mark Aurel Stein، 1900 - يىل، 1906 - يىل، 1913 - يىل)، كروسبى (Crosby، 1903 - يىل)، برۇس (Bruce، 1905 - يىل)، فرازېر (D. Fraser، 1906 - يىل)، كلېمېنتى (Clementi، 1907 - يىل)، ماننېرخىم (Mannerheim، 1908 - يىل)، ئېسېرتون (P. Etherton، 1909 - يىل)، بلاكېر (Blacker، 1914 - يىل، 1917 - يىل)، سكرىن (C. Skrine، 1922 - يىل)،



سكېنبېرگ (B. Schenberg، 1927 - يىل، 1930 - يىل)، گرېگسون (Gregson، 1927 - يىل)، ۋىسسېر (Visser، 1929 - يىل) قاتارلىق كىشىلەر مەخسۇس تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار ئېلىپ كەتكەن ۋە ئېلان قىلغان زور مىقداردىكى ماتېرىياللار ياۋروپانىڭ مەركىزىي ئاسىيا ھەققىدىكى بىلىمىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تولۇقلىدى.

فرانسىيىدىن بلانس (E. Blance، 1890 - يىل)، دۇترېيۇل ۋە گرېناد (Dutreul، Grenard، 1900 - يىل)، ماسسىئو خانىم (Madame Massieu، 1894 - يىل)، بونىن (C. Bonin، 1899 - يىل)، پائۇل پېللىئوت (Paul Pelliot، 1906 - يىل) قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن دىيارىمىزغا كېلىپ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

گېرمانىيىدىن فۇتتېرېر ۋە ھولدېرېر (K. Futterer، Holderer، 1898 - يىل)، مېرزباچېر (Merzbacher، 1902 - يىل، 1907 - يىل)؛ گرۈنۋېدېل ۋە خۇس (A. Grunwedel، G. Huth، 1902 — 1903 - يىل)؛ لېكوك (Albert von Lecoq، 1904 - يىل، 1905 - يىل، 1913 - يىل)؛ كاررۇتېر - مىللېر (Carruthers—Miller، 1910 - يىل)؛ پوپوف (Popov، 1926 - يىل)؛ ترىنكلېر (Trinkler، 1927 - يىل) قاتارلىق كىشىلەر ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى باشلاپ دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە زور نەتىجىلەر بىلەن قايتتى.

ئامېرىكىدىن روكھىل (W. W. Rockhill، 1890 - يىل)؛

پامپېللى ۋە خانتىڭتون (Pumpelly، Huntington، 1903 ـ يىل)؛ خانتىڭتون ۋە باررېت (Barretu، 1905 ـ يىل)؛ لائۇفېر (B. Laufer، 1908 ـ يىل)؛ ئوسمېر ئەر ـ ئايال (Ocemer، 1911 ـ يىل)؛ لاندېن ۋالنا (Landen Walna، 1923 ـ يىل)؛ تېئودور روزۋولت ۋە كېرمىت (Theodore Roosvolt، Kermit، 1925 ـ يىل)؛ لاتتىمور ئەر ـ ئايال (O. Lattimore، 1926 ـ يىل)؛ موردېن ۋە كلارك (J. Morden، J. Clark، 1926 ـ يىل) قاتارلىق كىشىلەرمۇ بىرمۇنچە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى باشلاپ دىيارىمىزغا كېلىپ كەتتى.

ياپونىيىدىن ئوتانى تەكشۈرۈش ئەترىتى (1902 ـ يىل)؛ ۋاتابې ۋە خورې تەكشۈرۈش ئەترىتى؛ خاياشى تەكشۈرۈش ئەترىتى (1905 ـ يىل)؛ كوسا ھەربې تەكشۈرۈش ئەترىتى (1906 ـ يىل)؛ ئائوكى، نومىرا ۋە تاچىبانا قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى (1908 ـ يىل)؛ تاچىبانا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى (1910 ـ يىل)؛ يوشىكاۋا ئەترىتى (1911 ـ يىل) قاتارلىق ھەرخىل تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (Sven Hedin، 1894 ـ يىل، 1899 ـ يىل، 1900 ـ يىل، 1906 ـ يىل، 1927 ـ يىل، 1932 ـ يىل)؛ ھونگېرىيىلىك ئالماسى ۋە ستاممېر (Almasy، Stummer، 1900 ـ يىل)؛ ئاۋستىرىيىلىك زوئولوگ زۇگمايېر (E. Zugmayer، 1906 ـ يىل)؛ بېلگىيىلىك گېئولوگ گروبېر (Grober، 1908 ـ يىل)؛ ئىتالىيىلىك دوكتور فىلىپپى (Filippi، 1912 ـ يىل)؛ شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلاردىن خويگېر (F. N. Hoyger، 1892 ـ يىل)، ئېرىك خوگبېرگ (Eric Lars Hogberg،



1894 ـ يىل)، راكۇئېت (Raquet، 1909 ـ يىل)، جون ئاندېرسىن (John Andersen، 1920 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە) قاتارلىق كىشىلەر ۋە شۋېتسىيىلىك ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى گۇننار ياررىڭ (Gunnar Alfred Yarring، 1929 ـ يىل) لار قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ ـ سىزىش ۋە دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە چوقان ۋەلىخانوف، پرژېۋالسكىي، كوروپاتكىن، مارك ئاۋرېل ستەيىن، سۋېن ھېدىن، ئوتانى، تاچىبانا، ئالبېرت فون لېكوك، بونۋالوت، ياڭخازبەند، پائول پېللىئوت، ماكارتنىي خانىم، پېتىر خوبكىرك، سىكرىن، گۇننار ياررىڭ، سىمپتون خانىم قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى نىسبەتەن كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەنزىرىسىنى يان تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان سەپىرى جەريانىدىكى ئۈچىنچى كۆز بىلەن ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ھاسىلاتلىرى ياۋروپا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەسىراتىنى شەكىللەندۈردى. ئويغاق ياۋروپا ئەنە ئاشۇ تەسىرات كۆزنىكى ئارقىلىق «قەلبى ئاسىيا» دىكى بۇ پىنھان مىللەتنى سىرتتىن چۈشىنىشكە باشلىدى.

ئىككىنچى بۆلۈم

# ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قالدۇرغان تەسىراتلىرى

## 1. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئاسىيا مۇھاجىرلىرى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيە، ياۋروپا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تولىمۇ غۇۋا ھالەتتە ئىدى. يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ۋە يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ئاسىيا ئەللىرىنى پار ماشىنىسى دەۋرىنىڭ باش مېلودىيىسىدىن يىراقتا قالدۇرغانىدى. ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرىشى ۋە ئىسلام شەرقىنىڭ زەئىپلىشىشى ئېلىپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك يېتىملىك ئۆز روزغارىنى ئۆز يېرىنىڭ چەكلىك ئىمكانىيەتلىرىدىنلا قاندۇرۇپ ئۆگەنگەن بۇ خەلقنى بىپەرۋالىق روھىيىتىگە غەرق قىلىپ دۇنيا ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەھرۇم قويىدى.

ئۇنداقتا، سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن «ئىستىخپار ھوجرىسى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ تاشلاندۇق دىيارنىڭ سىرلىق قوۋۇقى ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن قېقىلغانغا قەدەر، بىزنىڭ خەلقىمىز ياۋروپالىقلارنى ۋە باشقا غەرب ئەللىرىنى قانداق چۈشىنىپ كەلدى؟ «ئەجنەبىي» ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ ئىستېمالىدا قانداق مەنىگە ۋە قاتلامغا ئىگە ئىدى؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇزۇن مەزگىللىك بېكىك مۇھىت ۋە روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقتىن



كېيىن، ئۆزىنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان دەسلەپكى تونۇشىنى قانداق تىكلىدى؟ . . .

دەرۋەقە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، رۇسىيە ۋە ياۋروپالىق تەۋەككۇلچىلەر بۇ يەرنىڭ سىرلىق دەرۋازىسىدىن كىرىشكە باشلىغانغا قەدەر، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سۇس ھالەتتىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق چوڭراق تىپتىكى بوستانلىق شەھەرلىرى، شۇنىڭدەك تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى غۇلجا شەھىرى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر ھېسابلىناتتى. بۇ شەھەرلەر قەدىمدىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يۆنىلىشىدىكى مۇھىم تۈگۈنلەر بولغانلىقى، جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن قوشنا ئەللەرگە يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك سودا ـ سېتىق ۋە تىجارەت ئەنئەنىسى نىسبەتەن قويۇق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ۋادىسى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا بۇ شەھەرلەردە خېلى كۆپ ساندىكى ئەنجانلىقلار، ئافغانلار، ھىندىلار، پارسلار، پۇشتۇلار، كەشمىرلىكلەر، تاتارلار ۋە بەدەخشانلىقلار سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار چوڭ شەھەرلەرنىڭ بازار ـ رەستىلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سودا سارايلاردا تىجارەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىرىنى قوقان ۋە بۇخارا خانلىقلىرى ئەۋەتكەن مەخسۇس خادىملار، ھىندىستان تەۋەسىدىن كەلگەنلىرىنى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن

سودا ۋەكىللىرى باشقۇراتتى. بۇ خىل ھوقۇقلۇق خادىملار ئادەتتە «ئاقساقال» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن بۇ يەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ دەۋا ـ دەستۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاسىيالىق مۇھاجىرلار (ئەنجانلىقلار، ئافغانلار، پارس ـ تاجىكلار، ھىندىلار ۋە كەشمىرلىكلەر) بۇ يەردىكى ئالاھىدە بىر قاتلامنى — تۇنجى چەت ئەللىكلەر توپىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. رۇسلار ۋە ياۋروپالىقلار بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى يەرلىك خەلق بولغان ئۇيغۇرلار سىرتقى دۇنيادىن ئالىدىغان ئۇچۇرنى ئاساسەن مۇشۇ قاتلامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى سانى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى ئېشىپ بارغانىدى. رۇسىيىلىك قازاق ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوف قەشقەرىيىگە كەلگەن يىللىرى (1858 — 1859 ـ يىللىرى) بۇ يەردە ئاسىيالىق مۇھاجىرلاردىن باشقا ياۋروپالىق كۆچمەنلەر يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى ئاسىيالىق مۇھاجىرلارنىڭ تەركىبىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىيارىمىزدىكى ئەڭ ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەردىن — قەشقەردە ئەنجانلىقلار، بۇخارالىقلار ۋە ئافغانلار؛ يەكەن، خوتەنلەردە كەشمىرلىكلەر ۋە ھىندىلار؛ غۇلجىدا بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ھەرخىل كىشىلەر ۋە تاتارلار كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، يۇقىرىقى يۇرتلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا شۇ يەرلەردە كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان مۇھاجىرلارنىڭ تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ھەرخىل تەبىقە ۋە تائىپىلەرگە مەنسۇپ بولغان ئاسىيالىق مۇھاجىرلار گۇرۇھى بۇ يەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرگەنىدى. ئۇلار ھەتتا يەرلىك ئاياللارغا ئۆيلىنىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدە قاتلام — شالغۇتلار توپىنى



شەكىللەندۈرگەنىدى. شالغۇتلار گەرچە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇھاجىرلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى.

ئاسىيالىق مۇھاجىرلار يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش بولمىغان تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرنىڭ پۇقراسى بولغانلىقىدەك سالاھىتى بىلەن چەت ئەللىك ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاق دىنىي ئېتىقادتا ئىگە بولغانلىقى، يۇرۇش ـ تۇرۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل ـ يېزىق جەھەتلەردە مۇئەييەن يېقىنلىققا ئىگە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك يەرلىك ئاھالىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىمايتتى. ئۇزۇن يىللىق بېكىنمىچىلىك ۋە دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاشتەك بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىياتى تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ سىرتتىن كەلگەنلەرنى چوڭ بىلىش ۋە ئۇلارغا تۆردىن ئورۇن بېرىشتەك پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا يەرلىك ئۇيغۇرلار دەسلەپ سىرتتىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى چوڭ بىلگەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارغا ھەممە ئىشتا يول قويغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ يەرلىك ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشىغا قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلىرى ۋە سىرتتىن ئېلىپ كىرگەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى بېيىتىشنى ئارزۇ قىلغان. ھالبۇكى، نادانلىقتا قالغان يەرلىك خەلقنىڭ بۇنداق ياخشى كۆڭلى كۆپىنچە ئاسىيالىق مۇھاجىرلارنىڭ، بولۇپمۇ قوقانلىقلارنىڭ ھەسسىلەپ جازانە ئۈندۈرۈۋېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى مېھمان ھېسابلاپ ھەممە جەھەتتە يول قويغىنى بىلەن، ئۇلار ھەرگىز يول قويمايتتى. چوقان ۋەلىخانوف بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلارنى يازغانىدى: «قەشقەردە قوقانلىقلار ۋە شالغۇتلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن خوجىلارنىڭ

قوقانغا چىقىپ پاناھلىنىشى بەكمۇ ماس كەلگەچكە، قوقان ھۆكۈمرانلىرى بۇنداق ئوبدان پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى، يەنى 145 مىڭغا يېقىن ئاھالە قوقانلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قوقانلىقلار مانجۇ ھۆكۈمىتىدىن قىلچە تەپ تارتمايدۇ. ئەمەلىيەتتە قوقان ئاقساقىلى بۇ يەردە بىر گوبېرناتور (باش ۋالي) نىڭ رولىنى ئويناۋاتىدۇ. تەكەببۇر ۋە سۆلەتۋاز قەشقەر ھاكىمبەگلىرى دەسلەپكى چاغلاردا قوقان ئاقساقىلىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. ئاقساقال بىلەن ئالاقە قىلغاندا «سەنلەپ» سۆزلەيتتى. كېيىن بايخان ئىسىملىك بىر ئاقساقال كېلىۋىدى، ھاكىمبەگلەر ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلالمىدى. بايخان قەشقەرگە كېلىپلا ئەنجانلىقلارنىڭ ھاكىمبەگلەرگە ئاتتىن چۈشۈپ تازىم قىلىشىنى چەكلەپ، قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئاشۇنداق يوسۇندا تازىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بىر كۈنى بايخان ئۆزىگە ئاتتىن چۈشۈپ تازىم قىلمىغان بىر كىچىك بەگنى تازا قامچىلاپ، پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە، مەيدە كېلىۋاتقان ھاكىمبەگكە ئۇچراپ قالدى. بايخان بىلەن ئۇنىڭ يىگىتلىرى ئاتلىق بولغاچقا، بىر يىگىتنىڭ ئېتى ھاكىمبەگنىڭ مەپىسىگە ئازراق تېگىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھاكىمبەگ ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، قوقانلىق يىگىتلەرنى تۇتماقچى بولدى. جېدەل ئۇلغىيىپ چوڭ ۋەقەگە ئايلاندى. قوقانلىقلار قوللىرىغا قىلىچ، مىلتىقلارنى ئېلىشتى. ئامباللار بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، قوقانلىقلارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ھېلىقى ھاكىمبەگنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. قەشقەرلىكلەر چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى يەكلىمەي ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ. جاھاندا ئۆز ئىززىتىنى بىلمەي قالىدىغان شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، سەن ئۇلارغا يول قويۇپ، ئىززىتىنى قىلساڭ، ئۇ سېنى



ئاجىز چاغلاپ، جاھاندىكى جىمى ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرگە يول قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. قوقانلىقلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.»[1] ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىبىلەن قوقان، ئافغانىستان، چارروسىيە ۋە ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن تەڭ ھوقۇقسىز سودا كېلىشىملىرى بويىچە، چەت ئەل پۇقرالىرى ھېسابلانغان قەشقەرىيىدىكى مۇھاجىرلار ئالاھىدە ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلار يەرلىك ئاھالىدەك باج ـ سېلىق تۆلىمەيتتى، ھاشارغا چىقمايتتى، يەرلىك خەلق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا تۇغۇلسا، ھامان ئۇلارنىڭ دېگىنى دېگەن بولۇپ چىقاتتى، ئۇلار ھەم مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭمۇ، ھەم يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايتتى. قوشنا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئەۋەتكەن ئالاھىدە ھوقۇقلۇق «ئاقساقال» لارلا ئۇلارنى باشقۇرالايتتى. شۇنداق بولغاچقا، «ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە سودا ـ سېتىقتىكى زور پايدىنى قوغلىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەم ئاددىي پۇقرالار ئالتەشەھەرگە يىغىلىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قوقانلىقلار ئەڭ كۆپ بولۇپ تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلاردىن قالسا بۇخارا، بەدەخشان ۋە كەشمىر ئاھالىلىرى بولۇپ، كېيىنكىلىرى ئاساسەن يەكەن، خوتەنلەردە تۇراتتى. ئالتەشەھەردە يەنە ھىندىلار، كابۇللۇق ئافغانلار، بۇخارالىق يەھۇدىيلار، پارسلار، تاتارلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. بەدەخشانلىقلار بىلەن كەشمىرلىكلەردىن باشقىلىرىنى ئالتەشەھەرلىكلەر ‹ئەنجانلىقلار› دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ

[1] چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى»، «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە-چىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سان.

ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقان خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە، قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇق ئىمتىيازى بار قوقان ئاقساقىلىغا قارايدۇ. چەت ئەللىكلەر بىلەن يەرلىك ئاياللاردىن تۇغۇلغان شالغۇتلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمتىياز بويىچە ئوخشاشلا مۇھاجىر ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمان مۇھاجىرلارنىڭ قەشقەرلىك ئاياللار بىلەن توي قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقتىن شالغۇتلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شالغۇتلار تىلى ۋە تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىچىك بۇخارالىق (قەشقەرنى دېمەكچى — ئاپتوردىن) بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ بېقىنمايدىغان ئالاھىدە بىر تەبىقە ئىدى».①

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى چەت ئەللىك مۇھاجىرلار ۋە شالغۇتلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرگە قارىغاندا بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز - ھوقۇقلىرى ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سانىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ بارغانىدى. بولۇپمۇ، چەت ئەللىك مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ نىكاھلىنىش ھادىسىسى تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. چوقان ۋەلىخانوف ئۆزىنىڭ «قەشقەرىيىگە سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ ئېنىق سانىنى ئېنىقلاپ چىقىش ناھايىتى تەس. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قەشقەردە تۇرىدۇ. قەشقەردىكى ئەنجانلىقلار 6000 كىشىگە يېتىدۇ. قەشقەردىن قالسىلا يەكەن، خوتەنلەردە كۆپرەك. ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاندا يوق دېيەرلىك. ئادەتتە قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى، يەنى 145 مىڭ كىشى مۇھاجىرلار ھېسابلىنىدۇ»②

چەت ئەللىك مۇھاجىرلارنىڭ يەرلىك ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشىدەك ھادىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشى

① چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى».
② چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى».



بىرمۇنچىلىغان ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. چەت ئەللىك مۇھاجىرلار خالىسا يەرلىك ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھلىناتتى، خالىسا نىكاھنى بۇزۇپ كېتىپ قالاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئايالغا ۋە شالغۇت پەرزەنتلەرگە بولغان ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايتتى. خۇددى چوقان ۋەلىخانوف يازغىنىدەك: «ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ئادىتى مۇھاجىرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ئالتەشەھەر تەۋەسىدىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، كۆچانىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. ئۇياقلارغا باشقا يۇرتلۇقلار ئانچە بېرىپ كەتمەيدۇ. ئالتەشەھەردىكى بۇنداق ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش ناھايىتى ئاسان: ئەر بولغۇچى ئالىدىغان خوتۇنغا بىر قۇر كىيىم ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ. خوتەن تەرەپلەردە بىزنىڭ كۈمۈش پۇل ھېسابىمىزدا بىر يېرىم سەر كۈمۈش خەجلىسىلا خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ. يەكەندە تېخى مەخسۇس خوتۇن بازىرى بولۇپ، ئەرگە تېگىدىغان خوتۇنلارنى بازاردىنلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاقسۇ، تۇرپان تەرەپلەردە توي قىلماق تەسرەك. ئالتەشەھەردە ئاياللارغا نىكاھ ئەركىنلىكى بېرىلگەندەك قىلغىنى بىلەن بۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپى شۇكى، كىشىلەر ئائىلىنى قەدىرلىمەيدىغان، نىكاھنى ئويۇن - تاماشا قاتارىدا كۆرىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان...»①

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى سودا نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان بوستانلىق شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، لوپنۇر، چەرچەن، چارقىلىق قاتارلىق يۇرتلار تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئۆزلىرىنىڭ يېپىق ھالەتتىكى جەمئىيەت

① چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى».

قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ يەرلەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ، ھەتتا قوشنا ئەللەردىن ئالتەشەھەر تەرەپلەرگە داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغان ئاسىيا مۇھاجىرلىرى ھەققىدىمۇ تۇزۇكرەك چۈشەنچىسى يوق ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجنەبىيلەر بىلەن ياكى تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، قوشنا ئەللەردىكى ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بىلەن بولغان دىئالوگى پەقەت ئالتەشەھەردىكى بىرقانچە يىرىك سودا مەركەزلىرى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى غۇلجا شەھىرى بىلەنلا چەكلەنگەنىدى.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاسىيا مۇھاجىرلىرىنىڭ ئالتەشەھەردە قالدۇرغان تەسىراتلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نەزىرىدىكى چەت ئەللىكلەر ئوبرازىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارغا نىسبەتەن قارشى ئېلىش، مېھمان دوستلۇق كۆرسىتىش، چوڭ بىلىش، چوقۇنۇش، يول قويۇش ۋە ئەقىدە بىلدۈرۈشتەك قىزغىن مۇئامىلىلەردە بولغانىدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ سىرتتىن كەلگەن «ئەۋلىيالار»غا كۆرسەتكەن غەرەزسىز شاپائىتى ئۇلارنىڭ بېشىغا ئويلاپ باقمىغان ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ساددىلىقى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مىللىي ئاجىزلىق بولۇپ تۇيۇلدى. خۇددى چوقان ۋەلىخانوف يازغىنىدەك: «مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئامبال، داربىلىرى ئۇلارنى گۇمانخور، يالغانچى، ھۇرۇن ھەم نادان دەپ قارىسا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇھاجىرلار ئۇلارنى قورقۇنچاق، دىنى سۇس ھەم بۇزۇق دەپ ھېسابلايتتى»[1]. پۈتكۈل XVIII — XIX ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن قوقان، بۇخارا ۋە بەدەخشان خوجىلىرىنىڭ دىيارىمىزدىكى سۇرۇقچىلىقلىرى دەل

[1] چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى».



يەرلىك خەلقنىڭ مانا مۇشۇنداق پسىخىك ئاجىزلىقى ۋە نادانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۆز ۋەتىنىگە پاتمىغان ئاشۇ بىر توپ ئاتالمىش «خوجا - ئىشان»، «پەيغەمبەر پۈشتى»، «سەئىد»، «شەيخ»، «پىر - ئەۋلىيا»لار يەرلىك خەلقنىڭ ساددىلىقى ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرنى چوڭ بىلىشتەك پسىخىكىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى «جەننەت»ىگە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. چوقان ۋەلىخانوف ئۆزىنىڭ ئالتەشەھەر ھەققىدىكى خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خوجىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قەتئىي توغرا دەپ ئىشىنىدۇ. خوجىلار زىناخورلۇق قىلسا، ھاراق ئىچىۋەتسە، كوچىلاردا ئاياللارنى تۇتۇۋېلىپ چۈمبىلىنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرگە ئۇلار ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ، قەشقەرلىكلەر خوجىلارنى كاتولىك مۇخلىسلىرى پاپانى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار خوجىلارنى بارلىق ئىنسانلاردىن پاك ئىنسان دەپ قارايدۇ»[1]. ئەنە ئاشۇ ئوت قۇيرۇق «ئەۋلىيالار» پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى بىر - بىرىگە قارشى ئىككى چوڭ لاگېرغا ۋە نەچچە ئونلىغان ئوخشاش بولمىغان مەزھەپ - گۇرۇھلارغا ئايرىپ، ئۇزاق يىللارغىچە جەڭگى - جېدەل ئويۇنلىرىغا سېلىپ ئەخمەق قىلغانىدى. خۇددى رۇسىيە ئوفىتسېرى كوروپاتكىن ئېيتقانىدەك: «بۇ خەلق ئاشۇ بۇزغۇنچىلىقلار ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەننىڭ سىرتىدا، يەنە بىرمۇنچە مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرى، كارامەتچى ئېچىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى،

[1] چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى».

ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ ئەلدە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر»①.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرگەن چەت ئەللىكلەر ئىچىدىكى تۇنجى چوڭ قاتلام — ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بولۇپ، ئۇلار دىن، ئۆرپ - ئادەت، يۈرۈش - تۇرۇش، تىل ۋە مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىكى بىر مۇنچە ئوخشاشلىقلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى قالدۇرغانىدى. قەشقەردىن تاكى خوتەنگىچە بولغان لىنىيىدىكى ھەرقايسى شەھەر - بازارلاردا ئۇلارنىڭ مەخسۇس سارايلىرى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان سودا - تىجارىتىنى ئاساسەن دېگۈدەك كونترول قىلغان بولۇپ، يەرلىك خەلقنىڭ پۇل - مېلى ئۇلارنىڭ چۆنتىكىگە ئاقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باج - سېلىق تاپشۇرمايدىغان بولغاچقا سودىدا ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ ھىندىلار قەرزگە پۇل چېچىپ سۈتخورلۇق قىلاتتى، ئەتىيازدا چاچقان پۇللىرىنى كۈزگە يىغىۋالاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۇقىرى ئورنى ئارقىلىق يەرلىك خەلقنى ئۆزلىرىگە بېقىندىغان قىلىۋالاتتى.

ئۇلار خالىغان چاغدا يەرلىك ئۇيغۇر ئاياللار بىلەن نىكاھلىناتتى، يەنە خالىغان چاغدا خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ ۋەتىنىگە كېتىپ قالاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالاھىدە قاتلام بولغان — شالغۇتلار تەبىقىسى شەكىللەنگەنىدى. شۇ دەۋرلەردە سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن شالغۇتلار كېيىنكى

① كوروپاتكىن (رۇسىيە): «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 137 - بەت.



مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا بەزى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان تەرەپلەردىن كەلگەن چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىغا قىزىقىپ، كونسۇللۇق ھوقۇقىغا ئىگە «ئاقساقال»لارغا پارا بېرىپ چەت ئەللەرنىڭ پاسپورتىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى ھەمدە ئۆزىنى چەت ئەللىك ھېسابلاپ، باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقلاردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغانىدى. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1917 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قاغىلىق بازىرىدىلا 46 ئائىلە، 70 تىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە رۇسىيە پۇقراسى، 200 گە يېقىن ئافغانىستان پۇقراسى ۋە نەچچە ئونلىغان ھىندىستانلىق ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ سودا - تىجارەت ھەم سۈتخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى مەلۇم①.

دېمەك، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، قوشنا ئەللەردىن دىيارىمىزغا كېلىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، قەرز پۇل چېچىپ سۈتخورلۇق قىلغان، «كارامەت» كۆرسىتىپ «ئەۋلىيا» ئاتىلىۋالغان ياكى بۇ يەردىن چىقىش يولى ئىزدەپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ مۇرەككەپ مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنىدى. شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار سىرتتىن كېلىدىغان تاشقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئەنە ئاشۇ مۇھاجىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، يەرلىك ئاھالىلەر دەسلەپ ئۇلارغا قىزىققانىدى، ئۇلارنى چوڭ بىلگەنىدى، نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۇلارغا يول قويغانىدى. ئەپسۇسكى، يەرلىك خەلقنىڭ ئۇلارغا بىلدۈرگەن ئەقىدىسى ئاخىرقى ھېسابتا يەرلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ياسىسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا

① ئابدۇرېشىت خوجائەخمەت: «قاغىلىق بازىرىدىكى ھىندىلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1999 - يىللىق 3 - سان.

ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭ بىلسىمۇ، لېكىن گۇمان بىلەن قارايدىغان، بىۋاسىتە ئىپادىلىمىسىمۇ، لېكىن يامان كۆرىدىغان، كۈندە مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆز ھېسابلىمايدىغان مۇرەككەپ تەسىرات شەكىللەندى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇلار بىلەن ئۇزاق مەزگىللەرگىچە مۇئامىلە قىلىشىش جەريانىدا، كۆپ قېتىملىق ساۋاقلاردىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىكى ئېچىنارلىق ئاجىزلىقلىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇزاق مەزگىللىك جۇغراپىيىلىك يېتىملىك ۋە دۇنيادىن خەۋەرسىز قېلىش بۇ بىتەلەي خەلقنى سىرتقى دۇنيا، جۈملىدىن قوشنا ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىكى ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ۋە تەڭ - باراۋەرلىك تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار باشقىلار بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ پاسسىپ ۋە ئىككىلەمچى ئورۇندىكى ئاجىز روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. «قەشقەرىيىدە چەت ئەللىك مۇھاجىرلار ئالاھىدە مۇئامىلىگە ئىگە بولىدىغان ۋە يەرلىكلەر تەرىپىدىن چوڭ كۆرۈلىدىغان تەبىقە ئىكەن، — دەپ يازغانىدى چوقان ۋەلىخانوف، — يەرلىك خەلقلەر ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەجەللىك خاتالىقىدۇر. كونىلاردا باشقىلارنىڭ يولسىزلىقىغا قەتئىي بوي بەرمە، ئەگەر ئازراقلا يول قويىدىغان بولساڭ، تومۇرۇڭنى تۇتقۇزۇپ قويىسەن دېگەن گەپ بار. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى بايقىغان ھامان يولسىزلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ كېيىمىدە تەرلەش، تېرە تاراقشىتىپ ھەيۋە كۆرسىتىش... مانا بۇ قوقانلىقلارنىڭ يەرلىك خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدى»①. ھالبۇكى، ئۆزىدە كەسكىن بىر مەۋقەنى

---

① چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خاتىرىلىرى»، «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە. چىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2001 - يىللىق 2 -، 3 - سان.



تىكلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاسىيا مۇھاجىرلىرى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىكى نازۇك پىسخىك بىلىملەرنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلدى. ئۇلۇغۋار تارىخىي پۇرسەتلەرنى داۋاملىق قولدىن بېرىپ قويۇش، ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرنى كېچىكىپ چۈشىنىش، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئوڭايلا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكار ئورنىنى بېرىپ قويۇش، ئەقلىي ھۆكۈمگە قارىغاندا ھېسسىي تەسىراتقا بەكرەك تايىنىش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى دەڭسىيەلمەسلىك، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ۋە مىللىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىزدەش ھوقۇقىدىن ئاڭسىز ھالدا ۋاز كېچىش، مىللىي ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى يوقىتىش، ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئالدىن كۆرەرلىك بولماسلىق... مانا بۇ دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ئۆز كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ ئۆگەنگەن بىر بىچارە خەلقنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ياشاش دىئالېكتىكىسى ئىدى! ئۇلار ئەنە شۇنداق كۆز بىلەن يېڭى دۇنيانى كۆزەتتى، ئەنە شۇنداق خىرە تۇيغۇ بىلەن ئاسىيا مۇھاجىرلىرىنى چۈشەندى، ئەنە شۇنداق غاپىل روھ بىلەن ئۆركەشلەپ تۇرغان دەۋر ئېقىمىنى كۈتۈۋالدى. خەيرىيەت، مۇشۇنداق بىر خەلق مۇشۇنداق بىر تارىخىي تراگېدىيە ئىچىدە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. شۇڭا، چوقان ۋەلىخانوف ئېچىنىش بىلەن مۇنداق دەپ يازدى: «بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق - زومبۇلۇق ھەم ئادەلەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھۇرۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىسىلا، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى

ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى»[1].

## 2. ئۇيغۇرلار بىلەن رۇسلارنىڭ دىئالوگى

رۇسىيىلىك مۇتەپەككۇر بېردىيايېف (Бердяев) ئۆزىنىڭ «رۇس روھى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «رۇس دېگەن نېمە؟ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسلار مەڭگۈ يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىر. رۇسلار زىددىيەتلىك، قوش بىسلىق، مۇرەككەپ مىللەت. رۇس روھىنى ھەرقانداق بىر تەلىمات بىلەنمۇ تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. رۇسىيە دۇنيادىكى ئەڭ بيۇكراتلاشقان دۆلەت. رۇسىيىدە ھەرقانداق بىر نەرسە سىياسىينىڭ قۇرالىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا رۇس خەلقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قۇرالنى، يەنى رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەرقانداق بىر تارىخ پەلسەپىسى، مەيلى ئۇ سلاۋيانچە ياكى غەربىي ياۋروپاچە بولسۇن، مۇنداق بىر قىيىن مەسىلىنى يېشىپ بېرەلىشى ناتايىن: نېمە ئۈچۈن دۆلەت ئۇقۇمى ئەڭ كەمچىل بىر مىللەت مۇشۇنداق زور ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت ئاپپاراتىنى قۇرۇپ چىقالىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئەڭ ھۆكۈمەتسىز بىر مىللەت مۇشۇنداق بيۇكرات ھۆكۈمرانلىققا بوي سۇنۇپ كەلدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن روھىي ئەركىنلىككە خۇشتار بىر مىللەت ئەركىن تۇرمۇشقا تەلپۈنمىدى؟ . . . بۇ سىرلارنى رۇس مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاياللىق ۋە ئەرلىك ئامىللارنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن ئىزدەش مۇمكىن. مۇشۇنداق قوش بىسلىق مۇرەككەپ خاراكتېر رۇس ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن»[2].

---

① چوقان ۋەلىخانوف: «ئالتەشەھەر خانىرلىرى».

② بېردىيايېف (رۇسىيە): «بېردىيايېف ئەسەرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ، 8 ـ بەتلەر.



دەرۋەقە، رۇسلار قانداق خەلق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى قانچىلىك، ئۇيغۇر جەمئىيىتى رۇسلارنى قانداق چۈشىنىپ كەلدى، رۇسلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىئالوگىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى نېمە؟ . . .

رۇسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ تارىخىي دىئالوگى رۇسلار باش كۆتۈرۈپ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنىڭ ئالدىدىلا باشلانغانىدى. رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى بېتىنى تەشكىل قىلغان «ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى» ناملىق ئېپوستا رۇسلار بىلەن ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربكە سۈرۈلۈۋاتقان كۆچمەن تۈركىي قوۋملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار تەسۋىرلەنگەن. پادىشاھ ئىۋان دەۋرى، بولۇپمۇ ئىمپېراتور پېتر دەۋرىدىن باشلاپلا رۇسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى تاتارلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق راۋاجلانغانىدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپ رۇسلار تەدرىجىي ھالدا ياۋرو ـ ئاسىياغا كېڭەيگەن چوڭ ھەربىي ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى خۇددى توسمىنى بۆسۈپ ئۆتكەن كەلكۈندەك ئۇرال تاغلىرىدىن يوپۇرۇلۇپ ئۆتۈپ سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىغا كىرىپ كەلدى. قازان، ئاستىراخان ۋە قازاق ـ قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ چەكلىك كۈچى رۇس قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. ئەسلىدىنلا ئۇلى تازا مۇستەھكەم بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توختاۋسىز جېدەل ـ ماجىرالارنى بېسىقتۇرۇشقىمۇ ماجالى يەتمەي گويا كۈچى كەتكەن دورىدەك بىر ئىمزدا تۇرۇپ قالغان قوقان، بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مۇنقەرز بولدى. شۇنداق قىلىپ رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى تولۇق ئىگىلەپ تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چەكتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، رۇسلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىۋاستە دىئالوگى باشلاندى.

رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئەۋەتكەن ھەربىي خادىملار، جۇغراپىيە ئالىملىرى، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى ۋە جەمئىيەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ئەمەلىيەتتە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا شىنجاڭ رايونىغا بولغان تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلاردىن سېمىنوف، پرژېۋالسكىي، چوقان ۋەلىخانوف، ئوستېن زاكېن، كروم – گىرژىمايلو، كوروپاتكىن قاتارلىقلارنىڭ بىۋاستە تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۇنجى تەسىراتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

مانا مۇشۇ تەسىراتلار ئاساسىدا رۇسلار ئەڭ ئالدى بىلەن يەتتەسۇ ۋە ئىلى رايونىغا بولغان تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. غۇلجا شەھىرى جۇڭگودىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىش كۆزنىكىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلار رۇس ۋە تاتارلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، يېڭى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرى ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى رۇسلارنىڭ ئىستېلاچىلىق يۈرۈشلىرىگە ئەگىشىپ بۇ يەرگە كىرىپ كەلدى. مانا بۇ ياۋروپالىشىشنى ئۆز ھاياتىدىكى رومانتىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى غايىسى قىلغان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرگەن تۇنجى سوۋغىسى ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق يالتىراق مەدەنىيەت سوۋغىسىنىڭ كەينىگە رۇسلار زادىلا ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان سىياسىي مەنپەئەتتىن ئىبارەت رەھىمسىز رېئاللىقمۇ يوشۇرۇنغانىدى. شۇڭا، رۇسلار ئىرقىي ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپائىد ھېسابلانسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا شەرق تىپىغا خاس سىياسىي



مۇستەبىتلىكىنى ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. رۇس خاراكتېرى ۋە رۇس روھىنى ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلغان مۇتەپەككۇر بېردىيايېف ئېيتقانىدەك: «رۇسىيە ئالاھىدە بىر دۆلەت، ئۇ دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق ئەلگە ئوخشىمايدۇ. رۇسلار تېخى ھەقىقىي يوسۇندا ياۋروپا ھاياتىغا كىرەلىگىنى يوق. خەلقئارا ۋە ياۋروپا چەمبىرىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈيۈك رۇسىيە يەنىلا يىراقتىكى روھىي كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشەلمىگەن چەت ھەم بېكىك ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان رۇسلارنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى تېخىچىلا ياۋروپا مەدەنىي ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولالمىدى. مەدەنىيەتلىك ياۋروپاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رۇسلار يەنىلا مۇئەييەن شەرق پۇرىقىغا ئىگە، كىشىگە يات ۋە يوچۇن تۇيۇلىدىغان، ياۋايى تەبىئىتى تامامەن تۈگىمىگەن سىرلىق تەسىرات بېرىدۇ... ياۋروپانىڭ ئالدىدا رۇسلار مەڭگۈ ئۆزلۈكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، ياۋروپاچە مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى قوغلىشىدىغان غەيرىي ياۋروپا ھادىسىسىدۇر، شۇنداقلا شەرقچە ھەم ئاسىياچە ھادىسىدۇر...»[1].

شۇ سەۋەبتىن رۇسلار دەسلەپتىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ قوش بىسلىق خاراكتېرىنى ئاشكارىلىغانىدى. رۇسلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئاسىيا مىللەتلىرىگە قالدۇرغان مۇرەككەپ ۋە كۆپ قىرلىق تەسىراتىنى ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ۋە ھېسسىي چۈشەنچىسى ئارقىلىق ھېس قىلغانىدى. چاررۇسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىشى، ئىلى خەلقىگە يۈرگۈزگەن سىياسىي ۋە ھەربىي مۇداخىلىسى، شۇنىڭدەك ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇ رايونىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈشى قاتارلىق بىر مۇنچىلىغان بىۋاستە تارىخىي كەچۈرمىشلەر جەريانىدا، رۇسلارغا بولغان دەسلەپكى

---

[1] بېردىيايېف (رۇسىيە): «بېردىيايېف ئەسەرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 -، 4 - بەتلەر.

تەسرات شەكىللەندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رۇسلارغا بولغان دەسلەپكى تەسراتىغا بىرخىل ئىپادىلەش تەس بولغان سەلبىي ھېسسىيات يوشۇرۇنغاندى. ئۇلار رۇسلارنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلىرى، ياۋروپاچە تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يېڭى مەدەنىيەت يالتىراقلىرىدىن ھەيران قالغانىدى، ئۇلارغا قىزىققانىدى ھەمدە ئەيمىنىش ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. لېكىن بۇنداق قىزىقىش ھېسسىياتى ئۇزاق ئۆتمەيلا سەلبىي تەسراتقا قاراپ يۈزلەندى. رۇسلارنىڭ قاتتىق قوللۇقى، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكى، زوراۋانلىقى بارغانسېرى بۇ يەردىكى خەلقلەرنى بىزارلىق تۇيغۇسىغا ئېلىپ باردى. ئەنگلىيە ئالىمى فرازېر «ئالتۇن شاخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئۆلكىلىرىدە، جۈملىدىن خېيلوڭجياڭ ۋە ئۇسسۇرى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق بىلەن ياشايدىغان ئېۋېنكىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئامالسىزلىقتىن ئۆزلىرى تۇتېم ھېسابلاپ چوقۇنىدىغان ئېيىقنى ئوۋلايدىغانلىقى ھەمدە ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ: «سېنى ئۆلتۈرگەن بىز ئەمەس، بەلكى ئورۇسلار؛ كاللاڭنى كەسكىنى بىزنىڭ پالتىمىز ئەمەس، بەلكى ئورۇسلارنىڭ پالتىسى؛ تېرەڭنى سويغىنى بىزنىڭ پىچىقىمىز ئەمەس، بەلكى ئورۇسلارنىڭ پىچىقى!...» دەپ ناخشا توۋلايدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ[1]. خۇددى ئېۋېنكىلارغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ رۇسلارغا بولغان دەسلەپكى سەلبىي تەسراتىنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن «كۆچ ـ كۆچ قوشىقى» دەل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رۇسلارغا بولغان شۇ خىل تەسراتىنى ئىپادە قىلدى:

① جامېس فرازېر (ئەنگلىيە): «ئالتۇن شاخ»، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 746 ـ بەت.



ئاق پاشا لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
پۇقرالارنى كۆچ ـ كۆچ دەپ،
قىلىچ بىرلە باش كەستى.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

خۇنخاي يولىدا تاللار،
شاخ ـ شاخىدا مارجانلار.
يوللاردا جاپا تارتىپ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

ئوقنى ئاتتى يۈرەككە،
كېلىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پاشانىڭ قىلىقى،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

يەركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
نىكولاي دېگەن باغرى تاش.

ئالمۇتاغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى ۋە

يەتتەسۇ رايونىدىكى رۇسلار بىلەن بولغان دەسلەپكى تەڭسىز سەرگۈزەشتىلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەتلەرنى قالدۇرغانىدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ قان - ياشلىق كۆچۈش تارىخىدا رۇسلارغا بولغان دەسلەپكى تەسىراتىنى يەكۈنلەپ چىققانىدى. غۇلجا شەھىرى بىلەن يەتتەسۇ رايونى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رۇس دۇنياسىنى كۆزىتىشتىكى تۈنجى كۆزنىكى بولغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ كۆزنەك ئارقىلىق ئېرىشكەن تاشقى تەسىراتى تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسىگە ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىگە كەلگەندە، رۇسلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بولغان سەزگۈرلۈكى بىۋاستە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئافغانىستاننى پاسىل قىلغان مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرى پامىر ئېگىزلىكىنى ئاسىيا ۋەزىيىتىدىكى «قىزىق نۇقتا»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە رۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيىنىڭ ئۇزاق ئاسىيادىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا دەۋر قىلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى قەدىمكى شەھەر — قەشقەر بۇ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەملىكە تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى. 1851 - يىلى رۇسىيە «ئىلى ۋە تارباغاتايدا ئەركىن سودا قىلىش نىزامنامىسى»نى ئىمزالاپ، ئالدى بىلەن ئىلى ۋە تارباغاتايدا كونسۇل تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 1860 - يىلى يەنە «جۇڭگو - رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىشتەك ئالاھىدە ھوقۇققا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن 1882 - يىلى 10 - ئايدا رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى رەسمىي تەسىس قىلىندى ۋە ئىش باشلىدى. بۇ ھال رۇسىيىنى بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان



ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەنپەئەت تالىشىش توقۇنۇشىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلدى. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي، 1890 - يىلى ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن كېئورگى ماكارتنېي (Geoge Macartny) نى ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەۋەتتى. ماكارتنېي قەشقەردە توپتوغرا 22 يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يەنى 1912 - يىلىغا بارغاندا، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى بولدى. 1913 - يىلى ئۇنىڭغا سېر ئۇنۋانى بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ يىراق غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى شەھەر قەشقەردە رۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيادىكى ئاز كەم 50 يىلغا سوزۇلغان مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى داۋام قىلدى.

رۇسىيە بۇ توقۇنۇش جەريانىدا ھامان ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. شۇڭلاشقا، رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بارلىق كۈچى بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ قەشقەرگە سىڭىپ كىرىشىنى ۋە تەسىر دائىرە پەيدا قىلىشىنى توستى. رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۈنجى باش كونسۇلى نىكولاي پېتروۋسكىي ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئۇزۇن مەزگىللىك ھاياتى داۋامىدا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇستەبىتلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى (كېيىنكى باش كونسۇلى) ماكارتنېيمۇ قەشقەردىكى مۇرەسسەسىز توقۇنۇشلار داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ھامان ساقلاپ كەلدى. خۇددى ئەنگلىيىلىك پېتر خوبكىرك «دېپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى — قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ناملىق كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە ئېيتقىنىدەك: «قەشقەر بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالدىنقى سەپ قورغىنى بولۇپ كەلدى. برىتانىيە ئاسىيادا سىياسىي ۋە

ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چاررۇسىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كىچىككىنە ئىمارىتى ئۈستىدە ئەنگلىيە بايرىقى ھامان لەپىلدەپ تۇردى. ماكارتنېينىڭ قەشقەردىكى ئاشكارا ۋەزىپىسى قەشقەر ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھىندىستانغا قاراشلىق ئەنگلىيىلىك پۇقرالارنى باشقۇرۇش بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جايلاردىكى سودىگەرلەر ياكى جازانىخورلار ئىدى. ئۇنىڭ ئاشكارا بولمىغان ۋەزىپىسى رۇسىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردىكى سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش ئىدى. ماكارتنېي قەشقەرگە بارغان چاغدا، ئۇ يەردە تۇرغىنىغا سەككىز يىل بولغان پېتروۋسكىي ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى. . .

ئوخشاشلا رۇسىيىلىكلەرمۇ قەشقەردىكى باش كونسۇلخانىسى ئارقىلىق بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ يەردىكى ھەرقانداق بىر ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇردى ھەمدە سان - پېتېربورگدىكى ئاخبارات ئورگانلىرىغا ئالاقىدار دوكلاتلارنى يوللاپ تۇردى. قەشقەر خىلۋەت، بېكىنمە ھالەتتىكى بىر چەت ياقا جاي، بۇ يەرنىڭ بوستانلىقتىن باشقا ۋاي دېگۈدەك يېرى بولمىسىمۇ، ئەمما «ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» مەزگىلىدە بەلكىم ئاخبارات يىغىشتىكى ئەڭ ئوبدان جاي بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيە - رۇسىيە تالىشىشلىرىدا قەشقەر بىتەرەپ دۆلەت جۇڭگو زېمىنىغا، شۇنداقلا ئاۋات سودا يولىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق تالىشىشلىرىدا ئالدىنقى سەپ بولۇپ كەلدى»①

① كاسىرىن ماكارتنېي (ئەنگلىيە) : «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 2 - 3 - بەتلەر.



دەرۋەقە، رۇسلار شىمالدا ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى كونسۇل خادىملىرى، سودا - تىجارەتچىلىرى ۋە ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى دەسلەپكى تەسىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قەشقەردىن ئىبارەت كۆزنەك ئارقىلىق بېكىك ھالەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۆزىنىڭ غالىبانە مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلدى. مەيلى چار رۇسىيە دەۋرىدە بولسۇن، ياكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بولسۇن، رۇسلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بەرگەن مۇرەككەپ تەسىراتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى چاررۇسىيىنىڭ ئىلى رايونىغا يۈرگۈزگەن مۇداخىلىسىنىڭ ئالدى - كەينىدىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە رۇسلارغا بولغان دەسلەپكى تەسىرات شەكىللىنىپ بولغانىدى. كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك رۇسلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى داۋامىدا بۇ خىل سەلبىي تەسىر ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئىزچىل كۆرسىتىپ كەلدى.

رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پرژېۋالسكىي ئۆزىنىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا لوپنۇردا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1860 - يىلى ئەتراپىدا تۆت نەپەر ئورۇس ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ لوپنۇر ئەتراپىغا كېلىدۇ. ئۇلار بۇ يەرنى ئايلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئىككىسى قەپقېلىپ، قالغان ئىككىسى قايتىپ كېتىدۇ. ئاردىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن 100 دىن ئارتۇق رۇس پۇقرالىرى بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ ۋە ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە رۇسىيە پروتېستانت دىنىدىكى چەكلىمىگە ئۇچرىغان كونا مەزھەپنىڭ مۇخلىسلىرى بولۇپ، ئەركىن ياشاش مۇھىتى ئىزدەپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار كونا لوپنۇر خارابىسى بىلەن

چارقىلىقتا يېقىن بىر جايدا ئۆي ـ جاي سېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ ھەمدە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇ يەرگە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئورۇسلار لوپنۇر ۋە چارقىلىقتىكى يەرلىك ئاھالىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر سېھىرگەر ئايالنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ ھەربىي قوشۇن ۋە قورال ـ ياراغ پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لوپنۇر ۋە چارقىلىقتىكى ساددا يەرلىك خەلق ئورۇسلارنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمما، ئۇلار ھېلىقى ئايال سېھىرگەرنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ ھەربىي قوشۇن پەيدا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئايال سېھىرگەر بولسا لاپ ئۇرۇپ: ‹ماڭا نىسبەتەن ھەربىي قوشۇن پەيدا قىلىش ئۇنچىلىك قىيىن ئىش ئەمەس، لېكىن يېكەن بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئۇنى سېھىرلەپ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، شۇغىنىسى چارقىلىقتا يېكەن يوق ئىكەن› دەپتۇ. ۋاھالەنكى، چارقىلىق خەلقى ئايال سېھىرگەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، لوپنۇر كۆلىگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ ھەمدە توپ ـ توپ يېكەنلەرنى ئالدۇرۇپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال سېھىرگەر ئامالسىز قېلىپ: ‹سېھىرگەرلىك كىتابىم يوقاپ كەتتى، كىتابتىكى مۇھىم مەزمۇنلار ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ› دەپتۇ. شۇندىلا يەرلىك خەلق ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ئورۇسلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئورۇسلار تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، تىرىپىرەن بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولماپتۇ...»[①].

---

① پرژېۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 139 ـ، 140 ـ بەتلەر.



بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، رۇسلارنىڭ XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قالدۇرغان بىنورمال تەسىراتلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقىدە رۇسلارغا بولغان بىرخىل ئىشەنمەسلىك ۋە سوغۇققانلىق خاھىشى شەكىللەنگەنىدى. گەرچە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك بېكىنمە مۇھىت تۇپەيلىدىن سىرتقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممىسىنىلا پەرقلەندۇرمەستىن «ئورۇس» دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە رۇسلار بىلەن «پەرەڭ» (باشقا ياۋروپالىقلارنى دېمەكچى) لەرنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋالدى ھەمدە ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز دەۋرىدە رايونىمىزغا كەلگەن ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. 1929 ـ يىلى قەشقەرگە تىل تەكشۈرۈشكە كەلگەن شۋېتسىيىلىك گۇننار ياررىڭ بۇ ھەقتە ئۆزخاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بۇ يەردە رۇسىيىلىكلەرنى چەتكە قېقىشتىن ئىبارەت ھېچكىممۇ ئاغزىدىن چىقىرالمايدىغان بىرخىل كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى... ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يۈز بەرگەن بىر قاتار مالىمانچىلىقلار تېخى يېقىنقى ئىشلار بولغاچقا، كىشىلەرنى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تىنچ دۇنيادا شۇنچە كۆپلىگەن پارچىلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، بەك ئېھتىياتچان ۋە دىلغۇل قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بولشېۋىكلار شۇ دەۋرلەردە زوراۋانلار دەپ قارىلاتتى. شۇ چاغدىكى گېزىت، رادىئو ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي خەۋەر بايان قىلىنىغانىدى. ئۇلار چەت، خىلۋەت ۋە يىپىق ھالەتتىكى قەشقەردە ‹قارشى ئېلىنمايدىغان كىشىلەر› ئىدى. كىشىلەر ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندا ھامان زورمۇزور كۈلۈپ قوياتتى، ئۇلار بىلەن

ھەقىقىي ئالاقە قىلمايتتى.»[1]

بولۇپمۇ، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى پېتروۋسكىي ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى 20 يىلغا يېقىن باش كونسۇللۇق ھاياتى داۋامىدا قاتتىق قوللۇقلۇقى، زوراۋانلىقى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. ئۇ بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنى كۆزگە ئىلمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىمۇ مەنسىتمەيتتى. ئۇ رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى قوغداش نامى بىلەن قەشقەردە تۇرۇۋاتقان 60 نەپەر كازاك سولداتقا تايىنىپ، خالىغانچە زوراۋانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان كۆرەڭلىكى ۋە باشباشتاقلىقى قەشقەر دائىرىلىرى بىلەن يەرلىك خەلقنى جاق تويغۇزغانىدى. شۇڭلاشقا قەشقەردىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرى «سىلىق - سىپايە ئەنگلىيە كونسۇلى ماكارتنېيدىن دائىم مەسلىھەت سوراپ، ئۇنى قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك رۇسىيە كونسۇلى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەشكە رازىكى، پېتروۋسكىيدەك ئەجنەبىي زوراۋان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشنى خالىمايتتى.»[2]

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىيارىمىزغا كېلىپ، بىرقانچە قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئالبېرت ۋون لېكوك ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدا تۇرۇشنى قارار قىلدىم. چۈنكى مەن رۇسچىنى بىلمەيمەن، رۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەينى چاغدا رۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قەشقەردىكى يامان تەسىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم، شۇڭلاشقا مەن رۇسىيە

① گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 121 -، 122 - بەتلەر.
② كاسىرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، پېتر خوبكىركنىڭ كىرىش سۆزىگە قاراڭ، 4 - بەت.



كونسۇلخانىسىغا بارمىدىم، قەشقەردە سېسىق نامى پۇر كەتكەن رۇسىيە باش كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشنى تېخىمۇ خالىمىدىم. پېتروۋسكىي ئىنتايىن قۇۋ ۋە سەزگۈر كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋالغانىدى. مېنىڭ قارىشىمچە شىنجاڭنىڭ تارىخى، بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك پىششىق بىلمەيتتى. بۇ يەرنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك مۆلچەرلىيەلمەيتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئۇندۇرۇۋالىدىغان ئەمەلىي پايدىسى ۋە ئاخباراتىمۇ ناھايىتى كۆپ بولاتتى. ئۇ ئىنتايىن تەكەببۇر ۋە مەنمەنچى ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى...»[1]

لېكوك يەنە رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى زوراۋانلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۈرۈمچىدىكى رۇسىيىلىكلەر جۇڭگولۇقلارغا ناھايىتى قوپاللىق ۋە زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق رۇسىيە كونسۇلى كوچىدىن ئۆتەر چېغىدا، ئۇنىڭ پەيتونىنىڭ ئالدى - كەينىدە يىگىرمىگە يېقىن كازاك ئەسكىرى ھەيۋە كۆرسىتىپ ماڭىدىكەن، ناۋادا كوچىدىكى كىشىلەر ئۇلارغا يول بوشىتىشقا ئۈلگۈرەلمىسە، كازاك ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرى بىلەن دۈمبىلىرىگە قامچا سېلىپ، خالىغانچە بوزەك قىلىدىكەن. كېيىن بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشتە مەن رۇس كونسۇلىغا ئۇلارنىڭ بۇنداق زوراۋانلىقىدىن نارازى ئىكەنلىكىمنى پۈرىتىپ ئۆتتۈم. لېكىن

① ئالبېرت ۋون لېكوك (گېرمانىيە): «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 108 - بەت.

ئۇ قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىغان هالدا، بۇ كىشىلەرگە بۇنىڭدىن باشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيمەن، دېدى.»①

1902 ـ يىلى ياپونىيىلىك راهىب ئوتانى ئۇيۇشتۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن ۋاتابى رۇسلارنىڭ قەشقەردىكى تەسىرى هەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ: «قەشقەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سىياسىي مەركەز ئىكەن. ئەنگلىيە بۇ يەردە سودا ئىشلىرى ۋاكالەتچىسى تۇرغۇزىدىكەن. رۇسىيىلىكلەر بۇ شەهەردە باش كونسۇلخانا تەسىس قىلغان بولۇپ، 60 تىن ئارتۇق كازاك ئاتلىق ئەسكىرى كونسۇلخانىنى قوغدايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردە يەنە رۇسىيە ـ مەنچىڭ بىرلەشمە بانكىسىنىڭ تارماق ئورگىنى بار ئىكەن، شەهەردە رۇسلار هەمدە رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەنجانلىقلار تىجارەت قىلىدىكەن. رۇسىيە كونسۇلخانىسى رۇسىيە مۇهاجىرلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن هەرقايسى شەهەر ـ بازارلاردا ئاقساقال تۇرغۇزىدىكەن، ئۇلار رۇسىيە كونسۇلىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش بېجىرىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هەتتا پاسپورتمۇ بېجىرەلەيدىكەن. بۇ يەردىكى ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا، قەشقەردىكى رۇسلارنىڭ شوۋىنىزم (چوڭ رۇسچىلىق) لىق خاهىشى ناهايىتى كۈچلۈك ئىكەن، مەسىلەن، هەر قېتىم رۇسىيە كونسۇلى بىلەن قەشقەر دوتيىي كۆرۈشىدىغان چاغدا، بىر مۇنچە كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرى تولۇق قوراللىنىپ، كونسۇلنىڭ كەينىدىن هەيۋە كۆرسىتىپ ماڭىدىكەن هەمدە يەرلىك خەلق بىلەن جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك كۆرۈنىدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوخشاش بىر سورۇندا، ئەنگلىيە ۋەكىلى پەقەت بىرلا ئاتلىق

① ئالبېرت ۋون لېكوك: يۇقىرىقى كىتاب، 37 ـ بەت.



مۇهاپىزەتچىسىنىڭ هەمراهلىقىدا دوتەي بىلەن كۆرۈشىدىكەن. دېمەك، مۇشۇنچىلىك ئىشلاردىمۇ تەبىئىي هالدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئوخشاشمىغان سىياسىي قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، رۇسلارنىڭ تەسىر كۈچى هەتتا جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ هوقۇق دائىرىسىگە قەدەر سىڭىپ كىرگەنىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەشقەر سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رۇسچىنى ياخشى سۆزلەيدىغان كىشى بولۇپ، رۇس كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن. بىر قېتىم دوتەي ئۇنى تاشقورغانغا يۆتكىمەكچى بولۇپتۇ. ئەگەر ئۇ تاشقورغانغا يۆتكەلسە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پۇل تاپالايدىغان پايدىلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئامال قىلىپ قەشقەردە قېلىپ قالماقچى بولۇپتۇ، ئەمما دوتەي بۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ. هېلىقى ئەمەلدار بۇ ئەهۋالنى رۇسىيە كونسۇلىغا ئېيتقانىكەن، كونسۇلنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن دوتەي جىم بولۇپتۇ...»①

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، رۇسىيىنىڭ ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئۆز دەۋرىدە ئۆزىنىڭ هوقۇق دائىرىسىدىن هالقىپ چىقىپ، يەرلىك خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ۋە هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ قول تىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم رۇسلار ۋە رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى باشقا خەلقلەر دىيارىمىزدا ئەركىن سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلىقى، يەرلىك هۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇرمايدىغانلىقتەك ئالاهىدە ئىمتىيازلاردىن بەهرىمەن بولغاچقا، يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. بۇنداق ئەهۋال خېلى ئۇزۇن زامانلار داۋام قىلغاندىن كېيىن،

① ۋاتابى (ياپونىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يىپەك يولىدا»، «يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 32 ـ بەت.

رۇسلارنىڭ خورىكىنى ۋە ئۆزىگە بولغان تەمەنناسىنى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋەتتى. ھەتتا 1912 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چار رۇسىيە ئوفىتسېرى بافلوف قوماندانلىقىدىكى بىر دىۋىزىيە (750 ئادەم) كازاك ئاتلىق ئەسكىرى قەشقەردە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى تېزلا قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە رۇسىيە كونسۇلخانىسىنى قوغداش باھانىسى بىلەن قەشقەردە ئىككى يىلغىچە تۇرۇپ قالدى. پەقەت 1914 ـ يىلى ياۋروپادا ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدىلا ئەنگلىيىنىڭ سان ـ پېتربۇرگدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇخاناننىڭ رۇسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە، چار رۇسىيە ئاندىن قەشقەردىن قوشۇن چېكىندۇردى. چىرىپ ھالىدىن كەتكەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئەجنەبىيلەرگە كۆپلەپ يول قويۇشى، ئۆز ئىچىدىكى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان زىددىيەتلەرنىمۇ ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، چېگرا رايونلاردىكى يات ئەللەر بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتىكى مۇھىم مەنپەئەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن چېگرا ھالقىپ دىيارىمىزغا كۆپ قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن پرژېۋالسكىدەك ئېكسپېدىتسىيىچىمۇ قىلچە تەپ تارتماستىن: «ناۋادا 1 تۈمەن 2 مىڭ كىشىلىك خىللانغان قوشۇنۇم بولىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ھەرقانداق سەرخىل ئارمىيىسىنىمۇ تارمار قىلىۋېتەلەيمەن!»[1] دەپ پو ئاتالايدىغان بولدى.

1917 ـ يىلىغا كەلگەندە رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ، يېڭى بىر تارىخىي دەۋر باشلاندى. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت

---

[1] گابرىل بونۋالىت (فرانسىيە): «ئادەمسىز چۆلدىكى تەۋەككۈلچىلىك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 40 ـ بەت.



ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك كۈچىنى چىقارغان يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا ئويلاپ باقمىغان قانلىق پاجىئەلەرمۇ ياغداشتى. 1918 ـ يىلى يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۇرتلاردا يۈز بەرگەن «ئاتۇ پاجىئەسى» دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تارمار قىلىنغان ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كېلىپ، يوشۇرۇن تۈردە تەتۈر تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇترىتىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان يەتتەسۇ رايونىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىشى ۋە زورلاپ تەشكىللىشى بىلەن، 1918 ـ يىلى فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قىزىل گۋاردىيىسى ئىگىلىگەن ئالمۇتا سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمما سېپىل ئىچىدىكى قىزىل ئارمىيە قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئىسيانىنى باستۇرىدۇ. قىزىل گۋاردىيە كوماندىرلىرىدىن ئىۋان مامۇتوف، مۇرايېۋ قاتارلىقلار مەسىلىگە ئىنتايىن خاتا ھالدا مىللەتچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، 1918 ـ يىلى ماي ئېيىدا ئۇيغۇرلارغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك جازا يۈرۈشى قوزغايدۇ. قىزىل گۋاردىيە ئالمۇتادىن غالجاتقىچە بولغان رايونلاردىكى ئۇيغۇر يېزا ـ قىشلاقلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئالمۇتا سېپىلى ۋەقەسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قارا ـ قويۇقلا قىرغىن قىلىدۇ. نەچچە ئون كۈن داۋام قىلغان بۇ چوڭ قىرغىنچىلىق داۋامىدا، قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرى تەخمىنەن 20 مىڭدەك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ، ھايات قالغانلىرى جان قايغۇسىدا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ

كېتىدۇ، بەزىلىرى چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىدۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قاتتىق سورۇلۇپ، ئۇزۇن يىللارغىچە ئېسىگە كېلەلمەيدۇ. 1918 ـ يىلى ئاۋغۇستتا يەتتەسۇ ئوبلاستىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، يېڭى ئەۋلاد ئۇيغۇر رەھبەرلەردىن ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار «ئاتۇ پاجىئەسى» نى قاتتىق ئەيىبلەپ، ناھەق قىرىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلارنى ئاقلاش، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ھەمدە ئىۋان مامۇتوف، مۇرايېف قاتارلىق جاللاتلارغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.①

شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللەرگىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى يېڭى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى داۋامىدا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزلەشتۈردى ۋە ئۇنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاكتىپ ئامىلىغا ئايلاندۇردى. ھالبۇكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىنجاڭدا ئەھۋال تامامەن باشقىچە ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، غەپلەتتە قالدۇرۇش سىياستىنى يۈرگۈزگەچكە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان دىئالوگى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن

---

① قاسىم خوجا: «ئاتۇ پاجىئەسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سانى؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان.



يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ كىرىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان چېگرا لىنىيىلىرىنى قاتتىق قامال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەڭ دىنىي سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئاۋام خەلقنى سوۋېت رۇسىيىسىدىن ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان كوممۇنىزم مەپكۇرىسىدىن ئەنسىرەيدىغان، ئۇنى يامان كۆرىدىغان قىلىشقا تىرىشتى.

پۈتكۈل 20 ـ يىللار (ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى) داۋامىدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەن چار پادىشاھنىڭ قالدۇق قىسىملىرى چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈپ، دىيارىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئاق گۋاردىيىچى ئارمىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ھەم ئاق ئورۇس ۋە كازاكلاردىن تەشكىللەنگەن قاچاق ئەسكەرلەر بىر تەرەپتىن، يەرلىك خەلققە ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم ۋە قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كەلسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېت رۇسىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەپكۇرىسى ھەققىدە تۈرلۈك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، خەلق ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە چېگرىنىڭ ئۇ يېقىدىكى رۇسىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن گۇمانسىراش، ۋەھىمە يېيىش ۋە خاتىرجەم بولالماسلىقتەك ئېغىر روھىي ھالەت داۋام قىلدى.

1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى شىنجاڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالى داغدۇغىلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى. جىن شۇرېننى غۇلىتىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغان مىلىتارىست شېڭ شىسەي بىر چاغلاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن دەككىسىنى يەپ، دىيارىمىزغا قېچىپ

كېلىپ جان ساقلىغان ئاق ئورۇسلارنى تەشكىللەپ، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇردى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى، 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ما جوڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە قامىلىپ قالغىنىدا، 1937 - يىلى مەھمۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا توزغىلاڭ كۆتۈرگىنىدە، «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىگە ياردەم بېرىمىز» دەپ تىنىمسىز شوئار توۋلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى باشقا بىر دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك هوقۇقى بىلەن قىلچە هېسابلاشماي، ماتورلاشقان قىزىل ئارمىيىسىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرۇش هېسابىغا، جاللات شېڭ شىسەينى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. دىيارىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس جاراهەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن رۇسلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن قىزىل ئارمىيىسى ئايروپىلان، تانكا ۋە برونوۋىك ماشىنىلارنىڭ هىمايىسىدە، شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغالغان مەهمۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن نەچچە مىڭلىغان دېهقان ياشلىرىنى رەهىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلدى. 1937 - يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاهىدە خادىملىرى ۋە ك گ ب نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى شېڭ شىسەيگە ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭ تەۋەسىدىكى هەر مىللەت يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرى، جامائەت ئەربابلىرى، باي سودىگەرلەر ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۆزلىرى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن بوهتانلار بىلەن قارىلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. . . مۇشۇنداق بىر قاتار پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقىمىز نۇرغۇن «ئىزىم»لارنى، ياللىراق ئىدىيىلەرنى بۇ يەرگە تارقىتىۋاتقان رۇس مونوپولىزمىدىن



گۇمانسىرايدىغان بولدى.

ۋاهالەنكى، كۆندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان دەۋر ئېقىمى رۇس مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنى بارغانسېرى قويۇقلاشتۇرۇپ باردى. چۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاشۇ تارىخىي دەۋردە ئۆزىنىڭ هازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم بېسىش يۆنىلىشىنى ۋە قايسى يولغا مېڭىش لازىملىقىنى بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ رۇس مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشماسلىقتىن باشقا تاللىشىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق، ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ئىپادە قىلالمىدى، ئۆزىنى ئۆزى يېتەكلەپ ماڭالمىدى، شۇڭا ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىپادىلەندى هەمدە باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە مەجبۇر بولدى. خۇددى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا قەشقەردە تۇرغان ئەنگلىيە باش كونسۇلىنىڭ خانىمى دىئاننا سىمپتوننىڭ ئۆز كىتابىدا ئېيتقىنىدەك: «ناهايىتى كۈچلۈك قوشنىسىنىڭ تەسىرىدە، ئۇلارنىڭ هېچقانچە تاللاش ئىمكانىيىتى يوق» ئىدى[1].

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ كىرىۋاتقان رۇس مەدەنىيىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بېكىك هالەتتىكى قوۋۇقىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ئۆز ئورىبىتىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى رۇس مەدەنىيىتىنىڭ زەربىسىدىن كېلىپ چىققان ئېنېرتسىيىسىنىڭ كۈچى بىلەن هازىرقى زامان ئېقىمىغا كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزىنى تەڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا يېڭىدىن - يېڭى خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىدە قوبۇل قىلىش بىلەن ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش

---

① دىئاننا سىمپتون (ئەنگلىيە) : «قەدىمىي ماكان — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 194 - بەت.

ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەت بۇزۇپ تاشلاندى.

خەيرىيەت، كۆز يېشى بىلەن ۋاقىتلىق تەسەللىي، پاجىئە بىلەن قورقۇنچ، يوقىتىش بىلەن ئېرىشىش گىرەلىشىپ كەتتى. رۇس مەدەنىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ يالتىراقلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، ئىلگىرىكى تەشۋىشلىرىنى بىراقلا ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى.

تۇنجى تۇركۇمدىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېتىپ باردى. غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە رۇس گىمنازىيىلىرى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىنىپ، يېڭى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت تەرغىباتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ماركىسزمنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر تىللىرىدىكى زامانىۋى مەتبەئەدە بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، بىرىنچى بەتلىرىگە ستالىن ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلىپ تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، مائارىپ تارماقلىرى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىكلەر، كىتاب - ژۇرناللار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» نامىدىكى نەشرىيات قۇردى. بۇ نەشرىيات شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەخسۇس ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىتابلارنى نەشر قىلدى.

دەرۋەقە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئەنە شۇنداق تۇرغۇزۇلدى. رۇس ئۇسلۇبىدىكى مائارىپ سىستېمىسى ئەنە شۇنداق بەرپا



قىلىندى. شىنجاڭدىكى قاينام - تاشقىنلىق «ستالىنىزم دەۋرى» ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلدى!

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلانغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقچە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە چوقۇنۇش قىزغىنلىقى تاكى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا مىللىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ھەددىدىن زىيادە بىر نۇقتىغا ئېغىش، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۆزگىگە مەھلىيا بولۇش ھەمدە بىر رامكىدىن چىقالماسلىق كېسىلى مىللىي تەپەككۇرنى مۇئەييەن دەرىجىدە قاتماللاشتۇرۇۋەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز يىللاپ بىز چوقۇنۇپ كەلگەن سوۋېتچە (تېخىمۇ توغرىسى ئورۇسچە) ئەندىزە «خاتا ئېتىقاد» ياكى «رېۋىزىيونىزم» بولۇپ چىقتى. بۇ ھال مىللىتىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىردە ئېلىپ بارغان ئۆزىنى ئىزدەش يولىدىكى يەنە بىر مەنىۋى تراگېدىيىسىنىڭ بىر دەۋرلىك كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن رۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت دىئالوگى جەريانىدا، ھەم بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، ھەم بىر - بىرىنى تارتىشىدىغان قوش بىسلىق، مۇرەككەپ ھالەت داۋام قىلدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى شەرقتىكى باشقا كۆپلىگەن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويۇش مۇساپىسىدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسى ئارقىلىق قوزغىتىلدى. رۇسلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنى، قانلىق ساۋاقلارنى ۋە تارىخىي تۈگۈنلەرنى قالدۇردى، شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كوممۇنىزم

ئىدېئولوگىيىسىنى، ماركسىزملىق ئىدىيىنى ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى بىلەن ھازىرقى زامان سانائىتىنى ئېلىپ كىردى.

## 3. پەرەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قالدۇرغان تەسىراتلىرى

«پەرەڭ» سۆزى خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ ئاغزاكى تىلىدا ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەنىدى. ئېھتىمال، بۇ سۆز پارس تىلىدىكى Ferangi سۆزىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ھەمدە دەسلەپ پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا فرانسىيىنى كۆرسىتىپ، كېيىنچە پۈتكۈل ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

XV ئەسىردىلا بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا «فەرەڭ» سۆزىنى تىلغا ئالغانىدى:

كىشى ئىبەردىكى ھەر مەر زۇبۇم،
فەرەڭ ئولسۇنۇ، رۇس يا شامۇ رۇم.
نەكىم بولسا مەئمۇرى چوبۇك خىيال،
يەنە داغى ئۇستادى نازۇك خىيال.
كى نەچچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتكارى،
تامام ئەتتىلەر سەددى ئىسكەندەرى.

ئېنىقكى، نەۋائى بۇ يەردە «فەرەڭ» سۆزى ئارقىلىق فرانسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەغرىب ئەللىرىنى



كۆرسەتكەنىدى.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ چەت ۋە ئەڭ بېكىك رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ سىرتقى دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ بارغانسېرى سۇسلىشىپ باردى. ھەتتا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا يەرگە باغلىنىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېقىنقى زامانلارغىچە كۆك كۆز، سېرىق چاچ كەلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى ھەرقانداق ئادەمنى قارا - قويۇقلا «ئورۇس» دەپ چۈشىنەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇچراشقان ۋە سودا - سېتىق قىلىشقا باشلىغان تۇنجى چەت ئەللىك كىشىلىرى — رۇسىيىلىكلەر ئىدى! ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئورۇسلار بىلەن «پەرەڭ» دەپ ئاتالغان باشقا ياۋروپالىقلارنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمىغانىدى. ياپونىيە، ئامېرىكا دېگەن ئەللەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (1902 - يىلى) دىيارىمىزغا قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە كەلگەن ياپونىيىلىك ۋاتابى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە ياپونىيە دېگەندەك دۆلەتلەرنىڭ نامىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەسلا بىلمەيدىكەن. ئۇلار جۇڭگولۇقلار (بۇ يەردە خەنزۇلارنى دېمەكچى) بىلەن رۇسىيىلىكلەردىن باشقا چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ‹پەرەڭ› دەپ ئاتايدىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ‹ئەجنەبىي› ياكى ‹چەت ئەللىك› دېگەنلىك بولىدىكەن. رۇسىيىلىكلەرنى ‹ئورۇس› دەپ ئاتايدىكەن، باشقا ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ‹پەرەڭ› دەپ ئاتايدىكەن. بۇ خۇددى ياپونىيىلىكلەرنىڭ يېقىنقى زامانلارغىچە چەت ئەللىكلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرمەيلا ھەممىسىنى ‹تاڭلىقلار› دەپ

ئاتىغىنىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.»①

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ۋە بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر ـ بازارلاردا خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇئەييەن ساندىكى ئەنجانلىقلار، ئافغانلار، ھىندىلار، كەشمىرلىكلەر، بۇخارالىقلار بار بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئىش ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ تۈنجى تۈركۈمدىكى ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ ئاجايىپ زور قىزغىنلىق بىلەن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ياۋروپالىقلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىدى. ياۋروپادىن كەلگەن ئەجنەبىيلەر بىلەن بولغان بىر مەزگىللىك دىئالوگدىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئورۇسلار بىلەن باشقا ياۋروپالىق پەرەڭلەرنى كەسكىن پەرقلەندۈرىدىغان كۆزقاراش شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئورۇسلاردىن باشقا بارلىق ياۋروپالىقلارنى «پەرەڭ» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتايدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، رۇسىيىلىكلەر بىلەن پەرەڭلەرنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ ئايرىلىدىغان بولدى. «پەرەڭ ياغلىق»، «داكا پەرەڭ» دېگەندەك ئاتالغۇلار تىلىمىزغا ئۆزلەشتى. ئاۋام خەلق ئورۇسلار بىلەن پەرەڭلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە پسىخىك خاراكتېرىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى ئايرىۋالالايدىغان ۋە ئۇلارغا ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

ۋاھالەنكى، ئۆز دەۋرىدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە

① ۋاتابې (ياپونىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يىپەك يولىدا»، «يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، 40 ـ بەت.



نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەرەڭلەرنىڭ تەسىراتى يەنىلا تۇتۇق، غۇۋا ۋە سىرلىق ھالەتتە ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن دەۋرلەردە، يەنى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ يىراق غەربىي قىسمىدىكى شىنجاڭ يەنىلا چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن كېلىش تەس بولغان، سىياسىي جەھەتتىكى سەزگۈر رايون ئىدى. بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ چەت ئەللىكلەر بىلەن، بولۇپمۇ پەرەڭلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. دۇنيا يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغان ئاشۇ زامانلاردا، ھايات ـ ماماتىنى دوغا تىكىپ تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن ساناقلىق ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەردىن باشقا، بۇ يەردە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا پەرەڭلەر بار ئىدى. يەنە كېلىپ، قەشقەر پەرەڭلەر ئەڭ كۆپ كېلىدىغان جاي بولسىمۇ، لېكىن ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ يەرنىڭ چەكلىمىلىكلىرىمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسى پېتىر خوبكىرك قەشقەر ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «قەشقەر ئاسىيانىڭ كىندىكى، جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق چېتىگە جايلاشقان چەت ـ ياقا چېگرا شەھىرى. بۇ جاي ئىلگىرى يەر شارىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئايىغى ئەڭ ئاز تەگكەن شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ رۇسىيە چېگرىسىغا يېقىن، سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر جاي بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مۇھىتى ناچار، چۆل بىر جايغا جايلاشقانلىقىدىن بولغان. چۈنكى، قەشقەر خۇددى بىر مەھبۇسقا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىلىك مۇھىت تەرىپىدىن قامال قىلىنغانىدى. . . تېلېگراما ۋە ئايرۇپىلان كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، توپىدىن قوپۇرۇلغان سېپىللار بىلەن ئورالغان قەشقەر دۇنيا بويىچە ئەڭ بېكىنمە ھالەتتىكى يەككە ـ يېگانە بىر جاي،

شۇنداقلا بىرىشمۇ ھەممىدىن قىيىن بىر شەھەر ئىدى.»①

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر، ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە، بىكىك ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن تارىم ئويمانلىقىغا جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلىرى، جۈملىدىن يەرلىك خەلققە بولغان مۇئامىلىنىسى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بۇ يەرگە كەلگەن ئورۇسلاردىن خېلىلا پەرقلىنەتتى. بولۇپمۇ ئۆكتەم ۋە مۇستەبىت رۇس كونسۇللىرى، ھەسسىلەپ جازانە ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە زوراۋانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كازاك ئەسكەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاندا ـ ساندا كېلىپ تۇرغان پەرەڭلەرنىڭ قالدۇرغان تەسىراتى خېلىلا ياخشى ئىدى. ئۇلار كۆچىنىڭ بارىچە يەرلىك ئاھالە بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆتۈشقا تىرىشقانىدى. شۇڭلاشقا ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر خەلقى سۋېن ھېدىننى ھۆرمەتلەپ «ھېدىن تۆرەم» دەپ ئاتىغان بولسا، 1929 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەن ياش گۇننار ياررىڭنى «ساھىب بالا» دەپ ئاتىغانىدى. بولۇپمۇ سۋېن ھېدىن بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ، جۈملىدىن كۆن چىققان بەگ، ئۆردەك، ئابدۇرېھىم، سادىق قاتارلىق يەرلىك كىشىلەرنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى ۋە سەممىمىي دوستلۇقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى قەدىمكى كەنتلەردە ئۇزاققىچە تارقىلىپ يۈرگەنىدى. سۋېن ھېدىنمۇ ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل»، «يىپەك يولى» ناملىق كىتابلىرىدا لوپنۇر خەلقى بىلەن بولغان ئۇنتۇلماس دوستلۇقىنى تىلغا ئالغانىدى.

«پەرەڭ» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان ئەجنەبىيلەر

① كاسپىرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسى»، كىرىش سۆز قىسمى، 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.



ئىچىدە ئاساسلىقى ئەنگلىيىلىكلەر، شۋېتسىيىلىكلەر، فرانسۇزلار، گېرمانلار، ئامېرىكىلىقلار، ئىتالىيىلىكلەر، ھونگىرلار ۋە گوللاندىيىلىكلەر بار ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانىسى بولغاچقا بۇ يەردە مۇقىم تۇرىدىغان باش كونسۇل، مۇئاۋىن كونسۇل ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن باشقا يەنە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئەنگلىيىلىكلەر خېلىلا بار ئىدى. شۇڭا قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئىنگلىزلارغا بولغان چۈشەنچىسى خېلى چوڭقۇر ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۋېتلارنىڭ تەسىرىمۇ زور ئىدى. شۋېتسىيە دىن جەمئىيىتى قەشقەردە 1892 ـ يىلىدىن باشلاپ، دىن تارقىتىش ئۆمىكى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خرىستىئان دىنى تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ يەنە يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تارماق ئۆمەكلىرى بار ئىدى. قەشقەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانغا قەدەر، يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن خرىستىئان دىنىنى تارقىتىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىۋى قۇرۇلمىسى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇردى. ئۇلار دوختۇرخانا قۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش، خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش مەقسىتى ئىشقا ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە قاراپ قەدەم تاشلاۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمىدى.

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرى

قەشقەردىن يەكەنگىچە بولغان جايلارغا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېرىقى تەرەپلىرىگە ئۆتەلمىدى. «شۇ ئارىدا ئۇلار خوتەندە دىن تارقىتىشنى پىلانلىدى. بۇ شەھەر گىلەم ئىشلەپ چىقىرىدىغانلىقى، شۇنداقلا يىپەك يولى جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان شەھەر بولۇشى بىلەن دۇنياغا داڭلىق ئىدى. ئەمما، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ خوتەندە دىن تارقىتىش پىلانلىرى ئىشقا ئاشمىدى. چۈنكى، بۇ جاي شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىغا نىسبەتەن خىزمەت ئىشلەش تەسكە چۈشىدىغان بىر جاي ئىدى.»[1] گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شىنجاڭغا ئالدىن كەلگەن شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچى خادىملىرىنىڭ شۇ يەردىكى خەلقلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى قوپال بولغانىدى. چۈنكى ئۇلار يەرلىك خەلقلەرنى روھىي مەڭگۈ دوزاخقا كىرىدىغانلار، خۇراپىي، كاللىسى ساختا ئېتىقاد بىلەن توشۇپ كەتكەنلەر، دەپ قارىغانىدى... ھالبۇكى، شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى كېيىنچە زامان ۋە ماكانىنىڭ تەلىپىگە بارا - بارا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغان. مەن ئۇلارنىڭ كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتىدىن قەشقەر، يەكەن ۋە يېڭىسارنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خرىستىيان دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىدىن ئەزەلدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئەمما، مۇھىت ئۇلارنى ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان. دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ جايدىكى ئاساسلىق ئەربابلار ۋە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تۆرە - ئاقساقاللار بىلەن ياخشى مۇناسىۋىتىنى ساقلاش مۇھىم ئىدى. بۇ يەردىكى

① ②گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 129 -، 143 - بەتلەر.



مەسىلە داۋاملىق تۈردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى.»[2] گۇننار ياررىڭ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن شۇ چاغدا دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ قەشقەردە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى بىلەتتىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ‹دىنىي ئوغرىلار› دەپ ھاقارەتلىنىپ كەلگەنلىكىدىنمۇ خەۋىرىم بار ئىدى. مەن يەنە بەزى ئۇيغۇرلار ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندا، ئائىلىسىدە پاجىئە يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئۇققانىدىم. مۇبادا ئۇلار دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىدىغان بولسا، جامائەتنىڭ ئۇلارنى بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئىسلام دىنىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ ‹ناسارا› (يەھۇدىي دىنىدىكىلەر بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ خرىستىيانلارنى ئاتىشى) غا ئېتىقاد قىلغۇچىلار كۆپ ھاللاردا دىنغا بولغان ئىنتىلىشى ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغان جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەر بولغاچقا، بۇنىڭ ئىنكاسى ئانچە گەۋدىلىك بولمايتتى... شۇڭا دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن يول راسلاش، كۆۋرۈك سېلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. مەن كۈندۈزلىرى كېسەللەرنىڭ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن بىر - بىرىنى قىستاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. يوقسۇللار ياكى بايلار بولۇشتىن قەتئىينەزەر، دوختۇرخانا ئۇلارنىڭ كېسىلىنى ئوخشاشلا داۋالاۋېرەتتى. كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەردىن ھېچكىم رەت قىلىنىشقا ئۇچرىمايتتى. يوقسۇللار ھەقسىز داۋالىناتتى، قول - ئىلكىدە بارلار پۇل تاپشۇراتتى. قەشقەردىكى شۋېتسىيە دوختۇرخانىسىنىڭ داڭقى يىراق - يىراقلارغا تارقالغانىدى.»[1] بولۇپمۇ شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى باسمىخانا قۇرۇش، تۈرلۈك كىتابلارنى بېسىش

① گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 129 -، 143 - بەتلەر.

يولى بىلەن شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى خېلى دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. گۇننار ياررىڭمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا باسمىخانىسى بار ئىدى. بۇ ئەينى چاغدا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر باسمىخانا ئىدى. مىڭ چاقىرىمدىن ئۇشۇق يولنى بېسىپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە بارغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى بىر باسمىخانىنى تاپقىلى بولاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ مۇساپىنى ئاتلىق ياكى جۇڭگو پوچتا ھارۋىسىغا چۈشۈپ ماڭغاندا ئىككى ئايدەك ۋاقىتتا ئاران بېسىپ بولغىلى بولاتتى. ئۇ چاغلاردا باشقا قاتناش قورالى يوق ئىدى. قەشقەردىكى بۇ باسمىخانىدا كىتاب بېسىلىپلا قالماستىن، كەلگۈسى ئۈچۈن يەر تۈزۈلۈشىنى ئۆلچەش خادىملىرىمۇ تەربىيىلىنەتتى. بۇ باسمىخانا ئۇيغۇرچە كىتابلارنىمۇ باساتتى. قەشقەردە چىققان ‹يېڭى ھايات› گېزىتىمۇ مۇشۇ باسمىخانىدا بېسىلغانىدى. شۇ چاغلاردا دىن تارقىتىش ئۆمىكى ھەتتا تېخى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق قەغەز پۇلىنىمۇ بېسىپ بەرگەنىدى. بۇ باسمىخانىدا يەنە ‹ئىنجىل› نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن باشقا، يەنە شىنجاڭدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە كالېندارمۇ بېسىلغانىدى. بۇ باسمىخانىدا بېسىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان مەكتەپلەرگە كېرەكلىك دەرسلىكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەنلەر، ماتېماتىكا ۋە ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش قائىدىسى قاتارلىق ماتېرىياللار، شۇنداقلا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت دەرسلىكلەرمۇ بار ئىدى...»[1] گۇننار ياررىڭ 1930 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېڭىسارىدىكى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان بىر مەكتەپتىكى تەسىراتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «دىن

① گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 129 ـ، 143 ـ بەتلەر.



تارقىتىش ئۆمىكى ئاچقان مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار شۋېتسىيىنىڭ ‹دۇنيا بەك گۈزەل› دېگەن ناخشىسىنى ئۇيغۇرچە ئوقۇدى. قەدىمىي ۋە تونۇشلۇق بۇ ناخشا يىراقتىكى تېرەكلىك ۋە خام كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر ئەتراپىدا ياڭرىماقتا ئىدى. شۇ چاغدا شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى شۋېتسىيىنىڭ نۇرغۇن دىنىي ناخشىلىرىنى ۋە مۇقەددەس ناخشىلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى.»[1]

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ئۆزىنىڭ مۇددەت قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا قەشقەر ياشلىرى مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قارشى نامايىش قىلىپ، خىرىستىئان دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرى شىنجاڭدا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇ نۇقتىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلدى: «شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتى 1910 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئېلان قىلغان ئاسىيا، ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ھەققىدىكى كىتابچىدا شىنجاڭ تىلغا ئېلىنىپ، ‹شىنجاڭ قىيىنچىلىقتا قالغان جاي. ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە ئىچىدە ئېتىقادىنى خىرىستىئان دىنىغا ئۆزگەرتكەنلەر يوق دېيەرلىك. بۇ يەردە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاش بولدى. مۇنداق پائالىيەت ھەر يىلى كۆپىيىپ باردى› دېيىلگەنىدى.»[2]

شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ

①② گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 129 ـ، 143 ـ بەتلەر.

بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ئارخېئولوگلار ۋە تىل تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى. داڭلىق ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن بىلەن شۋېتسىيىنىڭ نۇرغۇن ئەللەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان گۇننار ئالفېرد ياررىڭ دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە-چىلىرىمۇ دىيارىمىزدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل بىللە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىغا ئورتاقلاشتى. بولۇپمۇ گېرمانىيىلىك گرۈنۋېدېل، لېكوك، تېئودور بارتۇس قاتارلىقلارنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قالدۇرغان تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر بولدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش ۋە قېدىرىش داۋامىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بارغان دىئالوگلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پەرەڭلەر بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا شۇ دەۋرلەردە يەنە مەلۇم ساندىكى فرانسىيىلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار، گوللاندىيىلىكلەر، ئىتالىيىلىكلەر، ھونگېرىيىلىكلەر ۋە ياپونىيىلىكلەر ھەرخىل سالاھىيەت بىلەن دىيارىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن بولغان چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈردى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەجنەبىيلەر تەسىراتى قانداق شەكىللەندى، ئۇزۇن مەزگىللىك بېكىك مۇھىتتا دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملەردىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇرلار «پەرەڭ» نامى بىلەن ئاتالغان ياۋروپالىقلارنى قانداق



چۈشەندى، ئۇلار ئەجنەبىيلەر بىلەن بولغان دىئالوگ داۋامىدا قانداق ئىنكاسلارنى قايتۇردى!؟...

بىرىنچى، ئەينى چاغدا بېكىك ھالەتتە تۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى «پەرەڭ» نامى بىلەن ئاتالغان ياۋروپالىق ئەجنەبىيلەرنى بارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئەتراپقا تارقىتىدىغان غەلىتە كاللىسى بار كىشىلەر دەپ بىلگەنىدى. چۈنكى شۇ دەۋرلەردە سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا يېڭىچە ئىختىرالارنىڭ كۆپىنچىسىنى رۇسلاردىن باشقا «پەرەڭ» نامى بىلەن ئاتالغان ياۋروپالىقلار ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇيغۇرلار پەرەڭلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئاجايىپ زور قىزىقىش بىلەن قارىغانىدى، شۇنداقلا خېلى كۆپلىگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى پەرەڭلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ تېخنىكىلىق نەرسىلىرىنى مەلۇم سېھىرنىڭ نەتىجىسى دەپ بىلگەنىدى. ئۇلار ھەتتا دىيارىمىزغا كەلگەن ئەجنەبىيلەرنىمۇ ئاجايىپ غەلىتە نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان سېھىرگەرلەر دەپ چۈشەنگەنىدى. سۋېن ھېدىن لوپنۇرغا بارغىنىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى بولغان بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى مەغرۇر قىياپەتتە قويىنىدىن بىر يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇ سائەتنى دادىسى كۈن چىققانبەگكە 1876 - يىلى لوپنۇرغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيىلىك پرژېۋالسكىينىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ سائەتنىڭ پۈتكۈل ئائىلە ۋە پۈتكۈل لوپنۇردىكى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇم بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندا قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان گېرمانىيىلىك لېكوك مۇنداق بىر قىزىقارلىق ۋەقەنى خاتىرىلەپ قالدۇرىدۇ: «بىر كۈنى لۈكچۈن ۋاڭ بىزنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن ئۇيغۇر يىگىتى بولۇپ، چىرايىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنقى

توخرىلارنىڭ روشەن ئىرقىي ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نەسەپ جەھەتتىن تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بولغان ئىمىن خوجىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى ئىكەن. ۋاڭ ئوردىدا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. زىياپەتتىن كېيىن، ۋاڭنىڭ خاس مېھمانخانىسىدا بەزمە باشلاندى. ئىككى ئايال ناخشىچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئاجايىپ يېقىملىق ناخشا ئېيتتى، ئۇلارنىڭ ھۆسن - جامالى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ناخشىلىرىدىكى يېقىملىق مۇڭمۇ ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. مەن ئەرەبلەرنىڭ دىماق ئاھاڭىدا ئېيتقان ناخشىلىرى بىلەن خەنزۇلارنىڭ چىقىراق ئاۋاز بىلەن ئېيتقان چاڭشىلىرىنى ئەسلا ياقتۇرمايتتىم. ئەمما، بۇ يەردە ئاڭلىغان بۇ ناخشىلار ئۇلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

زىياپەتتىن كېيىن، مەن ۋاڭدىن ھېلىقى ناخشىچىلارنىڭ بىز تۇرۇۋاتقان قاراخوجىغا بېرىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم ھەمدە ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى پاتىفونغا ئېلىۋالماقچى بولدۇم.

بىز قاراخوجىغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لۈكچۈن ۋاڭ ھېلىقى ناخشىچىلارنى بىزنىڭ قېشىمىزغا ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدۇق ھەمدە سورۇن تەييارلىدۇق. بىز پاتىفوننى تەق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىكرافوننى ئۇلارغا توغرىلاپ قويدۇق. ئۇلار دەسلەپ بۇلارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سەل ھودۇقتى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەيپىياتىنى تەڭشەپ ناخشىسىنى باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى تولۇق ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار خۇشال ھالدا قايتىپ كېتىشتى.

ئەمما، بۇ ئىش ماڭا خېلى ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە ھەرقانداق بىر يېڭى خەۋەر كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سۈرئەت بىلەن تارقىلىدىكەن. پۈتكۈل تۇرپانلىقلار لۈكچۈن



ۋاڭنىڭ ئايال ناخشىچىلىرىنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئىككى ئەجنەبىينىڭ سېھىر ئىشلىتىپ، غەلىتە بىر ساندۇققا قاچىلىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەردىن لەرزىگە كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ تۇرالغۇمىزغا كېلىپ سېھىرلىك «نەغمە ساندۇقى»دىن ھېلىقى ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى قايتا ئاڭلاپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. بىزمۇ پاتىفوننى قويۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇردۇق. ئەمما، بىزنى ئاۋارە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى ۋە ۋاقتىمىزنى بىكار قىلىۋەتتى.

بىر كۈنى يەنە بىر توپ جامائەت ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. مەن ئۇلاردىن يېشى چوڭراق ئۇچەيلەننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم ۋە چاي تۇتتۇم، ئاندىن:

— بۇرادەرلەر، سىلەر بىلەمسىلەر؟ بۇ دۇنيادا ئىككى خىل سېھىر بار، بىرى، ئاق سېھىر؛ يەنە بىرى، قارا سېھىر. ئاق سېھىرنى پەقەت ئاللا ئىشلىتىدۇ. قارا سېھىرنى بولسا شەيتان ئىشلىتىدۇ، — دېدىم. ئۇلار بىردەك:

— شۇنداق، ئەپەندىم، بىز بىلىمىز! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىلەرگە ئەسكەرتىپ قوياي، ئاللا بىز گېرمانىيىلىكلەرگە سىلەردىن كۆپرەك ئەقىل - پاراسەت بەرگەن، شۇڭا بىزنىڭ بۇ ئىككى سېھىردىن ھەرقاندىقىنى ئىشلىتىشىمىزگە رۇخسەت قىلىنغان، ئەمما سىلەر پەقەت ئاق سېھىرنىلا ئىشلىتەلەيسىلەر. ناۋادا سىلەر قارا سېھىرنى ئىشلەتسەڭلەر ئاللا سىلەرنى جازالايدۇ، ھەتتا مال - مۈلكىڭلاردىنمۇ مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ناخشا قاچىلانغان بۇ نەغمە ساندۇققا قارا سېھىر ئىشلىتىلگەن. ساندۇقتا بىر كىچىك جىن بار بولۇپ، ئۇ ناخشىچىلار ئېيتقان ناخشىلارنى بىر - بىرلەپ يادلىۋالىدۇ، ئاندىن بىز تەلەپ قىلساق قايتا ئېيتىپ بېرىدۇ. ھازىر بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا چىقىپ

ئېيتىڭلار، ئەگەر بۇ ئىشقا پەرۋا قىلمىساڭلار، ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، بىز ئۈچۈن بەربىر! — دېدىم مەن.

ئۇلار توۋا دېيىشىپ ساقاللىرىنى سىلاشتى، ئاندىن كەسكىن بىر قىياپەتتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى ۋە بۇ ئەھۋالنى جامائەتكە ئېيتقىلى چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە قايتىپ كىردى:

— ئەپەندىم! سىز بىزنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ھېكايە توقۇپسىز. بۇ نەرسىنىڭ ئىچىدە جىن يوقكەن. ئۇ سىلەر گېرمانىيىلىكلەر ياساپ چىققان بىرخىل ماشىنىكەن، شۇڭا بىز يەنىلا ئاڭلاپ قايتساق دەيمىز!

مەن ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن ناھايىتى ھەيران قالدىم، بۇ جاۋابنىڭ ئۆزى بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ ئەقىللىقلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇلارغا ھېلىقى ئاياللارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى قايتا قويۇپ بەردىم، ئۇلار ناخشىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ باشلىرىنى يېنىك لىڭشىتماقتا ئىدى...»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەرەڭلەرنىڭ يېڭى تېخنىكىسىغا بولغان قىزىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانىدى.

ئۇلار گەرچە بۇ نەرسىلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى ۋە ئىلمىي ئاساسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن يېڭىلىقلارغا ئىنتىلەتتى، پەرەڭلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ يېڭىلىقلىرىدىن ھەيران قالاتتى، ئۇلارنىڭ ياۋروپانىڭ يېڭىلىقلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى بىلەن پەرەڭلەرگە بولغان تەسىراتى گىرەلىشىپ كېتەتتى. ئۇزاق مەزگىللىك بىكىنمە تۇرمۇشنىڭ ۋە تەپەككۇر قاششاقلىقىنىڭ شۇنداقلا، روھىي نامراتلىقنىڭ كاساپىتى

① ئالبېرت ۋون لېكوك (گېرمانىيە): «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 56 -، 58 - بەتلەر.



تۇپەيلىدىن ئۇلار ھەتتا پەرەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىش داۋامىدا بەزى كۈلكىلىك كومېدىيىلەرنىمۇ ئوينىغانىدى. ئۇزۇن مۇددەت دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىش، سۇلالىلەر ئالماشسىمۇ تۇرمۇش ئۆزگەرمەسلىك، ئۆز چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقالماسلىقتەك بىرخىل مۇھىت ئۇلارنىڭ ئويغاق ياۋروپا بىلەن بولغان ئارىلىقىنى بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردا ھەتتا پەرەڭلەرنى ئالاھىدە سېھىرگەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر دەپ چۈشەنگەنىدى. قەشقەردە ئۇزۇن يىل تۇرغان كونسۇل خانىمى كاسېرىن ماكارتنېي قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق كۈلكىلىك ئىشلارنى يازىدۇ: «شۇ چاغلاردا ئەنجانلىق بىر يىگىت قەشقەر كوچىلىرىدا تۇنجى قېتىم ۋېلسىپىت مىندى. كوچىدىكى كىشىلەر شۇئان ئۇنىڭغا ‹شەيتان ھارۋا› دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. كېيىن بىرى موتسىكلىت ئەكەلدى. ئەمما بۇ نۆۋەت يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا سەت ۋە يامان ئىسىم تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەك قورقۇنچلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئادەملەر ۋە ئاتلار قورقاتتى...»[1] 1929 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن شۋېتسىيىلىك گۇننار ياررىڭمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئومۇمەن ئېيتقاندا، شۇ چاغلاردا قەشقەرلىكلەر تېخى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدى. چۈشىنەلمىگەن تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى shaitan، يەنى جىن - شەيتان بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە دەپ قارايتتى. بىر قېتىم بىر خەنزۇ قەشقەرگە ۋېلسىپىت ئېلىپ كەلگەنىكەن، شۇ يەردىكىلەر ئۇنى كۆرۈپلا ‹شەيتان ھارۋىسى› دەپ ئاتىشىپتۇ. ۋاھالەنكى، كىتاب ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنى سەييارە ساتىدىغان سودىگەر روزى ئاخۇن مەن ئېلىپ بارغان

① كاسېرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسى»، 231 -، 233 - بەتلەر.

پىلاستىنكىلارنى تونجى قېتىم ئاڭلىغان چېغىدا، ھەيرانلىق ئىلكىدە ‹شەيتان نەغمىسى› دەپ ئاتىغانىدى.»[1] ماكارتنېي خانىم قەشقەردە كۈن تۇتۇلغان چاغدىكى قىزىقارلىق ئەھۋاللار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەن قەشقەردە كۈننىڭ تۇتۇلغىنىنى ئىككى قېتىم كۆردۈم. بىرىنچى قېتىم چۈش مەھەلدە تۇتۇلدى. كۈن تۇتۇلۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال مەن «ۋېتىمك يىللىق مەجمۇئەسى» دىن ئوقۇغىنىمغا ئاساسەن، ئاشخانىدىكى يەرلىك خىزمەتكارلارغا، ئەتە سائەت ئوندا كۈن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، جاھانغا نۇر چاچمايدۇ، بىز پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇقتا قالىمىز، دېدىم. ئۇلار مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئېرىم ئىككىمىزنىڭ كۈنگە قاراۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە بىزگە مەسخىرە بىلەن قارىدى ھەمدە بېگىم بىلەن خانىم ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، كۈن بارا ـ بارا يوقىلىپ، جاھان قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. بىز باققان ئىت ئادەمنى شۈركەندۈرگۈدەك ئېچىنىشلىق قاۋاپ كەتتى. كۈننىڭ ئەتراپىدا ئوت ئۇچقۇنىدەك نۇر چاچراپ تۇرسىمۇ، جىمى ئالەم سۈرۈن ۋە سىرلىق تۈس ئالدى. كېيىن كۈننىڭ ئەتراپىدىكى قارا سايە بارا ـ بارا يوقىلىپ، جىمى كائىنات ۋاللىدە يورىدى ۋە ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمدى. تولۇق كۈن تۇتۇلۇشنى ‹ئالدىن خەۋەر قىلىش› تەك كارامىتىم بىلەن قەشقەردە مېنىڭ نامىم چىقىپ كەتتى. ئويلايمەنكى، خىزمەتكارلار ۋە بۇ يەردىكى باشقا كىشىلەر مېنى چوقۇم قانداقتۇر بىر ھۈنەر ئىشلىتىپ بۇ كارامەتنى كۆرسەتتى، دەپ قالدى!»[2]

مانا بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە

① گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 119 ـ بەت.
② كاسېرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسى»، 231 ـ، 233 ـ بەتلەر.



غەبلەتتە قالغان مىللىتىمىزنىڭ پەرەڭلەر بىلەن بولغان دىئالوگى ئىدى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تېخنىكىلىق يېڭىلىقلىرى ئالدىدا تەئەججۇپ ئىلكىدە گاڭگىراپ تۇرغان، جاھاندىن بىخەۋەر قالغان بىر خەلقنىڭ كۈلكىلىك ئىنكاسى ئىدى! . . .

دەرھەقىقەت، بىزنىڭ خەلقىمىز پەرەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىلىقلىرىنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەنىدى.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى پەرەڭلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇلارنى كېسەل داۋالىيالايدىغان ئۇستا تىۋىپ، ھەممىگە قادىر دوختۇر دەپ چۈشەنگەنىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى پەرەڭلەر تەسىراتى خىمىيىۋى دورىلار ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان غەرب تېبابىتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، دىيارىمىزغا ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتور، ئانتروپولوگ، ئۆسۈملۈكشۇناس، زوئولوگ، جۇغراپىيىشۇناس، گېئولوگ، تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى ۋە مۇخبىر قاتارلىق سالاھىيەتلەر بىلەن كەلگەن پەرەڭلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدە كېسەل داۋالىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار مەيلى دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى بولسۇن، ياكى بولمىسۇن، بارغانلا يېرىدە توپ ـ توپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۇلاردىن خىمىيىۋى دورا تەلەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆز دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ئاۋام خەلقنىڭ تەن سالامەتلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. سۇدىكى يود ماددىسىنىڭ كەملىكى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، شەخسىي تازىلىق بىلەن مۇھىت تازىلىقىنىڭ ناچارلىقى كۆپلىگەن شەھەر ۋە يېزا ـ

بازارلاردا ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى. بولۇپمۇ، شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆز كېسەللىكلىرى، پوقاق، تاز بولۇپ قېلىش، جىنسىي كېسەللىكلەر، كېزىك، ھەرخىل مېيىپ بولۇش ۋە تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىق كېسەللىكلەر خېلىلا ئېغىر ئىدى. بوۋاقلار ۋە بالىلار كۆپ ھاللاردا يۇقىرىقى كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كېتەتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالاتتى. يەرلىك تېۋىپلارنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرى ناھايىتى ئىپتىدائىي ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دورىلىرى بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەس ئىدى. شۇڭا، دەسلەپ بۇ يەرگە كەلگەن پەرەڭلەرنىڭ خىمىيۋى دورىلىرى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلىرى يەرلىك كىشىلەرنىڭ كېسەللىرىگە خېلى ئۈنۈم بەردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرخىل سالاھىيەتتىكى ئەجنەبىيلەر كېلىشى بىلەنلا يەرلىك خەلق كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا سەلدەك ئاقىدىغان بولدى. خۇددى گۇننار ياررىڭ تەكىتلەپ ئۆتكىنىدەك، شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەر يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، دوختۇرخانا ئېچىش ۋاستىسى بىلەن خرىستىئان دىنى تارقىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى.
ماكارتنېي خانىم قەشقەر ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بۇ يەردە بالىلارنىڭ تىرىك قېلىشى ۋە چوڭ بولۇشى ماڭا بىر مۆجىزە بىلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بۇ يەرنىڭ ئادىتىدە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىر قانچە ئايغىچە يۇيۇشقا بولمايدىكەن؛ بەزىدە بۇ بوۋاقلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى قاسماق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمەن. ياز كۈنلىرى ئۇلارغا چىۋىن ئولىشىپ كېتىدۇ، گايىلىرىنىڭ كۆزى ئاغرىغان، گايىلىرىنىڭ بەدەنلىرىگە جاراھەت چىقىپ كەتكەن. مېنىڭچە، ئانا ـ بالىلارنىڭ ئىچىدە ماسلىشالىغانلىرى ھايات قالىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ دەلىلى شۇ



بولسا كېرەك.»[1] ماكارتنېي خانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پوقاق قەشقەردە ناھايىتى ئومۇمىي ئەھۋال ئىدى. بولۇپمۇ، يەكەن شەھىرىدە تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ ئىككى جايدا گېلىدىن قورسىقىغىچە قاتمۇ قات پوقىقى بار ئادەملەرنى دائىم كۆرگىلى بولاتتى. بۇ يەردىكى خەنزۇلار پەقەت خام سۇ ئىچمەيتتى. سۇنى تازا ۋاراقشىتىپ قايىنىتىپ، چاي دەملەپ ئىچەتتى. شۇڭا، خەنزۇلاردا پوقاق يوق ئىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، كىشىلەرنى بۇ كېسەلگە گىرىپتا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەب، مۇشۇ يەرنىڭ سۈيى بولسا كېرەك. قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بىزدەك ياۋروپالىقلار سۇنى داۋاملىق قايىنىتىپ ئىچكەچكىمىكىن بۇ كېسەلنى يولۇقتۇرۇۋالمىدۇق.»[2] بۇ ئەھۋالنى يەنە ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ۋاتابىمۇ ئۆز خاتىرىسىدە تەپسىلىي-يازغانىدى: «يەكەندە بىرخىل يەرلىك كېسەل بار بولۇپ، ئادەمنىڭ بويىنىدىن ئىككى دانە پوقاق تۆۋەنگە خالتىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسىم يەرلىكلەردە بۇخىل كېسەل بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىگە روشەن تەسىرى بولمىسىمۇ، لېكىن يۇرۇش - تۇرۇشقا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدىكەن. بۇ كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ياۋروپالىقلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق خۇلاسە چىقىرالماپتۇ. ئېھتىمال بۇ يەرنىڭ سۈيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك... ئادەتتە بۇ يەرنىڭ خەلقى كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن كىشىلەرنى كۆرسىلا دوختۇر دەپ بىلىدىكەن، شۇڭا بىز بۇ يەرگە كېلىشىمىزگىلا تەرەپ ـ تەرەپلەردىن يىغىلغان كىشىلەر بىزدىن غەربچە دورا تەلەپ قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىلى يەتتە ـ سەككىز يىل بولغان بىمارلارمۇ

① كاسېرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، 139 ـ، 106 ـ بەتلەر.
② كاسېرىن ماكارتنېي: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، 139 ـ، 106 ـ بەتلەر.

زەمبىللەردە يېتىپ كۆرۈنگىلى كەلگەنىدى. بىز پەقەت ئۇلارغا رىندەن قاتارلىق تەييار دورىلارنىلا بېرەلىدۇق. ئۇلار ئادەتتە غەربچە دورىلارنى يەپ باقمىغاچقىمۇ ياكى روھىي جەھەتتىكى تەسەللىي تۈپەيلىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولدى. دەسلەپ بىز ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى ئۇلارغا ئايىماي بەردۇق. لېكىن، ئۇلار داۋاملىق تەلەپ قىلىۋەرگەچكە، يېنىمىزدا بار دورىلارنى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئىشلىتىدىغان بولدۇق...»①

ئالبېرت ۋون لېكوك ئۆزىنىڭ تۇرپاندىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرپانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىزنىڭ كۆلبىمىز يىراق - يېقىن يېزىلاردىن كەلگەن بىمارلار بىلەن تولدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلار كۆپىنچە شامال دارىش، بەزگەك قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانىكەن. دەسلەپ بىز ئۇلارنى پېنىسىلىن، ئاسپىرىن قاتارلىق دورىلار بىلەن داۋالىدۇق، بۇلار ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم بەردى ۋە يەرلىك بىمارلارغا بىر مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى سۇسلاشقا باشلىدى. ھەتتا بەزى ئېغىر كېسەللەرگە تاقابىل تۇرالمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، بىز ئۇلارنى ئامالىمىزنىڭ بارىچە داۋالاشقا تىرىشتۇق، ئامال قىلالمىغانلىرىمىزنى تەسەللىي بېرىپ قايتۇردۇق.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئالدىراپ ھويلىدىن سىرتقا چىقىشىمغا، ئىشىك ئالدىدا ئۇنسىز يىغلاپ تۇرغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نېمە ئىش بولدى، نېمىشقا بۇ يەردە يىغلاپ تۇرىسىز؟

① ۋاتابې(ياپونىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىسمىي يىپەك يولىدا»، «يىپەك يولى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، 33 ـ، 37 ـ بەتلەر.



— ئەپەندىم، مېنىڭ راستىنلا بەش سوم پۇلۇم يوق، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ. مەن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— نېمە، كىم بەش سوم پۇل دەيدۇ؟

— سىز تېخى بىلمەمسىز، ئەپەندىم، — دېدى ئايال يىغلىغان پېتى، — بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىمارلاردىن بەش سومدىن پۇل ئېلىپ، ئاندىن ھويلىغا كىرگۈزۈۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. ئۆزۈمنى باسالماستىن ئۆي ئىگىسى ساۋۇتنى بىر قامچا سالدىم. بۇ مېنىڭ بۇ يەردىكى يەرلىك كىشىلەرنى تۇنجى قېتىم ۋە پەقەت بىرلا قېتىم ئۇرۇشۇم ئىدى. مەن ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ، لۈكچۈن ۋاڭغا ئېيتىپ جازالىتىمەن دەپ ۋارقىرىدىم. شۇ كۈنى كەچلىكى ئۇخلاي دەپ تۇرسام ھوجرامغا ئۇنىڭ قېرى ئانىسى، ئايالى ۋە قىزى كىرىپ، يىغلىغان پېتى ساۋۇتنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. مەن بۇ ھىيلىگەر ئەبلەخنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇنداق قىلىق قىلماسلىقىنى شەرت قىلىپ ئۇنى كەچۈردۇم.»①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى پەرەڭلەرنى كېسەل داۋالاش تېخنىكىسىغا ئىگە ئالاھىدە كىشىلەر، يېرىم دوختۇر سالاھىيىتىگە ئىگە شەخسلەر دەپ بىلگەنىدى. بۇ ھال ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە تېخنىكا بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز ئېچىنىشلىق رېئاللىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى بىلىملىرى ۋە چۈشەنچىسى ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، غەرب دۇنياسىدىكى، بولۇپمۇ ياۋروپا ئەللىرىدىكى

① ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.

غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، مەدەنىيەتلىك دۇنيادا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار تاغ - داۋانلار ئېشىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، دىيارىمىزغا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئەجنەبىيلەرنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئەجنەبىيلەرنىڭ قۇملۇقلاردىكى خارابىلەردىن، كۆپۈرلۈق پۇراپ تۇرغان بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدىن، تىتىلىپ - سارغىيىپ كەتكەن قەدىمكى كىتابلاردىن زادى نېمىلەرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ۋە نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇلارنىڭ تۆگىلەرگە ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ساندۇق - ساندۇق «ئەسكى - تۈسكى» لىرىنىڭ زادى قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى، بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆز تۇپرىقىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى پۇل خەجلەپمۇ قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەجنەبىيلەرگە پۈتۈنلەي سىرلىق ۋە مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە مۇئامىلە قىلغانىدى. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئەجنەبىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پۈتۈنلەي پاسسىپ ئورۇندا تۇرغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلار خېلى ۋاقىتلارغىچە ئورۇسلار بىلەن پەرەڭلەرنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمىغانىدى ھەمدە كۆك كۆز، قاڭشارلىق، سېرىق چاچ ۋە گەۋدىلىك كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا «ئورۇس» دەپ ئاتىغانىدى. لېكوك تۇرپانغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنكاسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «يارغول خارابىسىدىن ئايرىلىپ 12 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، تۇرپان كوناشەھەرگە كەلدۇق. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەر بىزگە بىرخىل ھەيرانلىق، قىزىقىش ئىچىدە قاراشقا باشلىدى. ئاياللار بىلەن باللار يولنىڭ ئىككى



چېتىگە ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە قىستىلىپ چىقىپ، ھاياجان، قورقۇنچ ئىلكىدە: ‹ئورۇس، ئورۇس، ئورۇسلار كەلدى!› دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەردىكى ئەنسىز كەيپىيات پەسكويغا چۈشتى. ئۇلار بىزنىڭ ئورۇس ئەمەس، بەلكى گېرمانىيىلىك ئىكەنلىكىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى. چۈنكى بۇ يەردە رۇسلارنىڭ زوراۋانلىقى ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ، سالاھىيىتىمىزنىڭ ئېنىق بولۇشى بىزگە پايدىلىق ئىدى.»① گۇننار ياررىڭ ئەپەندىمۇ 1930 - يىلى ئاتۇشقا بارغان چاغدىكى ئاتۇشلۇقلارنىڭ بىر ئەجنەبىيگە بولغان ئىنكاسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بازاردىكى چېغىمىزدىلا كىشىلەر مېنىڭدەك بىر چەت ئەللىكنى بايقىۋېلىشتى، خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بىر توپ باللار ھەممە يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ: ‹بىر ئورۇس كەپتۇ!› دەپ جار سېلىشتى. ھەش - پەش دېگۈچىلا ساراي قورۇسى زادى نېمە گەپتۇ دېگەننى ئۇققىلى كەلگەن كىشىلەر توپى بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇلار ئاشۇ ئورۇسنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلار ئىدى.»②

دېمەك، دىيارىمىزغا ھەرخىل سالاھىيەتلەر بىلەن دەسلەپ كەلگەن پەرەڭلەر ئەنە شۇنداق تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇرلار ئۇلارغا نىسبەتەن بىرخىل مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلغانىدى. شۇنداقلا قارشى تەرەپنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەي تۇرۇپ مۇناسىۋەت قىلىشقانىدى. شۇ چاغلاردا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى ئەڭ يىراق بولغاندىمۇ ئەرەب ئەللىرى بىلەن ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ نېرىقى يېقىغا ئۆتەلمەيتتى. شۇڭلاشقا

① ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 42 - بەت.

② گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 180 - بەت.

ياۋروپادىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەر، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ھەمدە شەرق ئەللىرىدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ زىلزىلىسى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىشىكنى ئېتىۋېلىش، نادانلىقتا قالدۇرۇشتەك فېئوداللىق تۈزۈمىمۇ بۇ يەرنىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان ئارىلىقىنى بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مۇشۇنداق بېكىك مۇھىتتا ئۆز چەمبىرىكىدىن چىقالماي، ئۇزۇنغىچە بىرخىل ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ دولقۇنلىرىدا ئۆز قوۋۇقىنى قىيا ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن تۈرلۈك سالاھىيەتلەر بىلەن كۆپلىگەن چەت ئەللىك تەۋەككۈلچىلەر تارىم ئويمانلىقىغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيىلىك پرژېۋالسكىي (1870 — 1873 - يىللار؛ 1876 — 1878 - يىللار؛ 1879 — 1880 - يىللار؛ 1883 — 1885 - يىللار)، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (1890 — 1891 - يىللار؛ 1894 — 1895 - يىللار؛ 1899 — 1901 - يىللار؛ 1906 — 1907 - يىللار؛



1927 — 1930 - يىللار؛ 1934 — 1935 - يىللار)، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەين (1901 - يىل؛ 1906 - يىل؛ 1913 - يىل)، گېرمانىيىلىك لېكوك ۋە گرۈنۋېدېل (1902 — 1903 - يىللار؛ 1904 — 1905 - يىللار؛ 1905 — 1907 - يىللار؛ 1913 — 1914 - يىللار)، فرانسىيىلىك پېللىئوت (1906 — 1909 - يىللار) ھەمدە ياپونىيىلىك ئوتانى (1902 — 1903 - يىللار) قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان مول سەمەرىلىك ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى داۋامىدا، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى كۆزەتتى. يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بولۇپمۇ Swen Hedin، Albert von Lecoq، Nikolay Purzhiwalski، Catheren Macartny، Gunnar Yarring، Aurel Stein، Otani Count، Tochibana، Watabe، Francis Younghusband، Gabriel Bonvalot قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى داۋامىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن نۇرغۇن كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇلارغا يالللىنىپ، دەشت - باياۋانلاردا يول باشلىغۇچى بولدى. مۇشۇ جەرياندا، ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەسىراتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدە، ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ۋە تەكشۈرۈش دوكلادلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە

تەپسىلىي توختالدى.

بۇگۇنكى كۇندە بۇ ئەسەرلەر بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە رول ئوينىماقتا. ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم سەھىپىلىرىگە شاھىد بولدى، شۇنداقلا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېز سىزمىسىنى سىزىپ چىقتى. مۇشۇ تېز سىزمىغا ئاساسەن، ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن بايان قىلىش مۇمكىن:

## 1. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى شەرق جەمئىيىتى

دىيارىمىزغا كەلگەن مۇتلەق كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار تارىم ئويمانلىقىدىكى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان، گويا توختام سۇدەك بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ كەلگەن» شەرقتىكى بىر پىنھان كۆزنەك، دەپ تەسۋىرلىگەنىدى.

دەرۋەقە، ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىشتىن ئىلگىرى، بۇ جاي ياۋروپالىقلار ئۈچۈن كېلىش ئەڭ تەس بولغان، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئايىغى ئەڭ ئاز تەگكەن، بېكىك بىر رايون ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى قۇم بارخانلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ياتسىمۇ، لېكىن يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ



يەرنىڭ ئىلگىرىكى قايناق مەنزىرىسى ئەبەدىي يوقالغانىدى. بوستانلىقلاردىكى شەھەر ـ بازارلار ۋە يېزا ـ قىشلاقلار ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان قالاق ھالەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىپ، ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي فورماتسىيىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەتراپتىكى ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان ناھايىتى سۇس ھالەتتىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىدىن باشقا، ئۆزلىرىنى تۇيتىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماڭىدىغان سىرتقى ئۈچۈر ۋە ئېنېرتسىيىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ھال تارىم ئويمانلىقىدا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر ئىزدا ئۆزاققىچە توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇ چاغدىكى ھەرقانداق بىر شەھەر — مەيلى قەشقەر، مەيلى خوتەن، مەيلى يەكەن، مەيلى تۇرپان بولمىسۇن، ھەممىسىدە بىرخىل تۇرغۇن ھالەت داۋام قىلماقتا ئىدى. گۇننار ياررىڭ 1929 ـ يىلىدىكى قەشقەرنىڭ شەھەر مەنزىرىسى كەيپىياتىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەنىدى: «1929 ـ يىلى قەشقەرگە كېلىپ خۇددى ھازىرقى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگە — ‹مىڭ بىر كېچە›نى فىلىمغا ئېلىش ئۈچۈن راسلىغان كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردە يا ئاپتوموبىل، يا موتسىكلىت يوق ئىدى. ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ، تارچۇق كوچىلارنى يورۇتىدىغان ئېلېكتر چىراغلار يوق ئىدى. قەشقەردە گېزىت يوق ئىدى، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق ئىدى. مىرزا كاتىپلار چازە قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قولىيازمىلارنى ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن رەتلىك كۆچۈرەتتى. ھەممىلا يەردە لىق سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ـ چايشاپلارنى دۈمبىسىگە ئارتىپ سۇ توشۇۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بوياقچى ئۇستاملار يىپلارنى ئىششتە ئىشلىتىدىغان بادىرلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە تىزىۋاتاتتى. تارچۇق

كوچىلاردا ھەر مىللەت كىشىلىرى مېڭىپ يۈرەتتى. بايلار ۋە ئېسىلزادىلەر چىرايلىق گۈللۈك يوپۇق ـ شالچا سېلىنىپ، ئىگەرلەنگەن پوزۇر ئاتلارغا مىنىپ، مىغىلداپ تۇرغان كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ يۈرەتتى. قول ـ ئىلكىدە پۇل ـ مېلى ئانچە جىق ئەمەسلەر ئېشەككە مىنەتتى. ھالبۇكى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى بولغان كەمبەغەللەر پىيادە ماڭاتتى...»① گۇننار ياررىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ. ئىلگىرى ئافغانىستاندا شۇنداق جەمئىيەت خېلى ئۇزاق مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق جەمئىيەت ھازىرقى زاماننىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا ئۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان بەربات بولۇپ كەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى قەشقەر ھەققىدە كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئەسەر يازىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. ئۇ يەردىكى بازارلارنى، ئاشۇ بازارلارنى دەۋر قىلىپ شەكىللەنگەن تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدىغان ئادەم چىقمىغانىدى.»②

قەشقەردە 17 يىل تۇرغان ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمى ماكارتنېي خانىم ئۆز خاتىرىسىگە قەشقەر تەسىراتلىرىنى مۇنداق دەپ يازغانىدى: «قەشقەرگە يېڭى بارغان چېغىمدا، بازاردا چەت ئەل ماللىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنتايىن بايلارلا ئېسىل كىيىنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا توقۇلغان قىل ماتادىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ چاغلاردا رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كۈندىلىك بۇيۇملار تېپىلمايتتى. قەنتمۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كونا قېلىپىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، كوچىلىرى، بازارلىرى ۋە

① گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 110 ـ، 111 ـ، 113 ـ بەتلەر.
② گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 110 ـ، 113 ـ بەتلەر.



ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ كونا پېتى تۇرغانلىقىنى ئويلىسا، ئادەمگە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كىيىنىشى، يېمەك ـ ئىچمىكى، تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئەجدادلىرىنىڭكىدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى. بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىكى ساياھەت شەكلىمىزمۇ ماركوپولونىڭ XIII ئەسىردە قۇبلاي خاننىڭ ئوردىسىغا كەلگۈچە بۇ جايلاردىن ئۆتكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ...»①

مانا بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى يۇرتىمىزنىڭ، تېخىمۇ توغرىراقى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىغا ئىگە قەشقەرنىڭ تېز سىزمىسى ئىدى، بۇ تېز سىزمىغا ياۋروپالىقلارنىڭ سىرلىق شەرق ھەققىدىكى غايىبانە تەسىراتلىرىمۇ سىڭگەنىدى.

## 2. ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتى

يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىپ، يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى گەرچە دۇنيادىكى تاشلاندۇق رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بۇ رايوننىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇھىملىقىنى قايتىدىن تونۇتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئاسىيانىڭ دەشت ـ باياۋانلىرىغا ئورالغان بۇ رايون بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەرنىڭ جەننىتىگە ئايلاندى. بۇ يەرنىڭ مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئىقلىم ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئىرقىي تەركىبى، شۇنىڭدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان فولكلور مەدەنىيىتى غەرب تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ

① ماكارتنېي كاسېرىن: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، 82 ـ بەت.

دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى ئوخشىمىغان ئەللەردىن كەلگەن كۆپلىگەن ئارخېئولوگلار، گېئولوگلار، تاغقا چىققۇچىلار، ئانتروپولوگلار، ئاخبارات توپلىغۇچىلار، تىلشۇناسلار، سەيياھلار، بايلىق ئىزدىگۈچىلەر، دىپلوماتىيە خادىملىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدىكى بۇ سىرلىق ماكان بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ شەرقتىكى جەننىتىگە ئايلاندى. چارروسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن باشقا، يەنە بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش جېڭىدىمۇ يەتكۈچە قورساق سوقۇشتۇردى. سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەين ۋە ئالبېرت ۋون لېكوك قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان مول سەمەرىلىك ئېكسپېدىتسىيىسى داۋامىدا نام چىقاردى ھەمدە دۇنيادىكى كاتتا شەخسلەر قاتارىدا تونۇلدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان جەريان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ جەرياندا قەلبىدە تەۋەككۇلچىلىكنىڭ يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر توپ ئەجنەبىيلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان كۆرۈۋاتقان شىرىن چۈشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا كەڭ كۆلەملىك قېزىش ئېلىپ باردى. بۇنداق قېزىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. شۇڭلاشقا، تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مەزگىللىك ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى ئەمەلىيەتتە ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇيغۇر



جەمئىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانى بولدى.

## 3. ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆرگەزمىخانىسى

دىيارىمىزغا كېلىپ تۇرلۇك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى — بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىرقى ۋە ئېتنىك تەركىبى بولغانىدى. چۈنكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئېتنىك تۈركۈمدە ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشىمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئالامەتلىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە ۋۇجۇدىدا تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كافكاز ئىرقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن باشقا، يەنە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭمۇ ئىرقىي ئالامەتلىرى ساقلانغانىدى. قەشقەر ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمى ماكارتنېي كاسېرىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە چىراي - شەكلى خىلمۇ خىل. ياۋروپالىقلارغا خاس ئالاھىدە بەلگىلەر ئاز - تولا ئۇچرايدۇ. ئەر - ئاياللار قاۋۇل، بەستلىك، كېلىشكەن، چىرايلىق بولۇپ، چىرايىدىن بىرخىل ئېسىل سۈپەتلىكى چىقىپ تۇراتتى. قىرغىزلارنىڭ يۈزى ياپىلاق، مەڭزى قىپقىزىل ئىكەن. ياندىن قاراشقا ئافغانلارنىڭ يۈز كۆپتى سوزۇق ۋە ئېنىق كۆرۈنەتتى. يەنە ھىندى دىنىدىكى ۋە ئىسلام دىنىدىكى ھىندىستانلىقلارمۇ، خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. بەزىدە ئالتۇن چاچلىق، دېڭىز سۈيىدەك زەڭگەر كۆزلۈكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇلار ئېھتىمال ئارىيان قېنىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن. قەشقەردە كىشىلەر قەشقەرلىكلەرنىڭ زادى قايسى ئىرققا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاسانلىقچە

دەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئوخشىمىغان ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كىرىشى بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قېنى خېلىلا شالغۇتلاشقان. بۇ يەردىكى قىز - چوكانلار ناھايىتى چىرايلىق، جەزبىلىك، بەزى ئوغۇل باللىرىمۇ بەك كېلىشكەن. بولۇپمۇ ئورا كۆزرەك كەلگەن 12 ياشلاردىكى ئوغۇل - قىزلار ناھايىتى گۈزەل. ئۇلار دوخاۋا، چىت رەختلەردىن كىيىم، يارىشىملىق تۇماق، دوپپىلارنى كىيسە، ئىتالىيانلارغا ياكى ئىسپانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.»①

ئالبېرت ۋون لېكوك تۇرپان رايونىدىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا يەرلىك خەلقنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ: «شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بىرخىل ئارىلاشما ھالەتتىكى شالغۇت ئىرققا مەنسۇپ بولۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى كىشىلەرنىڭ كۆزى قوڭۇر، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆپكۆك بولۇپ، ناۋادا ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىم - كېچىكىنى كىيىپ، ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئايلانسا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ غەيرىي ياۋروپالىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايدۇ.»② پرژېۋالسكىي خوتەن بوستانلىقى بىلەن كېرىيە بوستانلىقىدىكى ۋە قۇرۇم تاغلىرى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: «... بۇ خەلقلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بوستانلىقلار ۋە تاغلىق رايونلاردا ياشايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماچىنلىقلار دەپمۇ ئاتايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان ماچىنلىقلارنىڭ

① ماكارتنېي كاسېرىن: «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»، 76 -، 77 - بەتلەر.
② ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 26 -، 27 - بەتلەر.



ئىرقىي ساپلىقى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ، بوستانلىق ۋە شەھەرلەردىكى ئاھالىلەر نىسبەتەن سىلىق - سىپايە كېلىدىكەن. ساپ ماچىنلىقلار موڭغۇل ئىرقى بىلەن ئارىيان ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان شالغۇت تۈركۈم بولۇپ، ئارىيانلارنىڭ تەركىبى ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدىكەن. بوستانلىق ۋە شەھەرلەردە ياشايدىغان ماچىنلىقلاردا باشقا نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ تەسىرى بولغاچقا، سىرتقى قىياپىتى ئۇنچىلىك گەۋدىلىك ئەمەسكەن...»① 1886 - يىلىدىن 1894 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك ياڭخازبەند قۇمۇلدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى: «مەن جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدىن يولغا چىقىپ، 2 مىڭ 4 يۈز كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، غەربىي دىيارنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتتۈم، ھەمدە يېڭى تىپتىكى ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىشىلەرنى ئۇچرىتىشقا باشلىدىم. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بويى نىسبەتەن ئېگىزرەك، بەدەن قۇرۇلمىسى موڭغۇللاردەك كۈچلۈك ئىكەن. يۈز تۈزۈلۈشى يۇملاقراق بولۇپ، موڭغۇللارغا سېلىشتۇرغاندا سەل سوزۇنچاق كېلىدىكەن ۋە راۋۇرۇس كۆرۈنىدىكەن. بىراق قەشقەر ۋە يەكەنلىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سالاپىتى سۇسراق، پەم - پاراسىتى ۋە سەزگۈرلۈكى تۆۋەنرەك، ھەمدە تۈز كېلىدىكەن... قۇمۇلنىڭ مۇرغاي دېگەن يېرىدە مەن يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەقى - تۇرقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلار يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ، پۇتىنى بوغىدىغان خەنزۇ ئاياللىرىغىمۇ، ياڭاق سۆڭىكى بورتۇپ چىققان مانجۇ ئاياللىرىغىمۇ، شۇنىڭدەك يۈزى يوغان كېلىدىغان، ئەقلى -

① پرژېۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 199 -، 200 - بەتلەر.

هوشى قاشاڭراق موڭغۇل قىزلىرىغىمۇ زادىلا ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى چىرايلىق ۋە چېچەن كېلىدىكەن. گرېتسىيىلىك ياكى ئىسپانىيىلىك ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئۇنچىلىك قارامتۇل دېگىلى بولمايدىكەن. ئوماق رۇخسارى، قاپقارا قوي كۆزلىرى خۇددى رەسىملەردىكى پەرىزاتلاردەك ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. يارىشىملىق كىيىم كىيىپ، ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇۋالىدىكەن ۋە بېشىغا قىزغۇچ دوپپا كىيىۋالىدىكەن. بۇنداق ياسانغاندا ئۇلار تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرۈنىدىكەن...»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەجنەبىيلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئوخشىمىغان ئىرقىي ۋە ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ چوڭ تۈگمىنىدە يۇغۇرۇلۇپ چىققان، تېخىچە تاكامۇللىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ ئېتنىك بىرلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئارىيانلارنىڭ، سىكىف ـ ساكلارنىڭ، هۇنلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ، تۇخرىلارنىڭ، پارسلارنىڭ شۇنداقلا موڭغۇللوئىدلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتىكى خۇرۇچلىرى بار ئىدى. ئۇلار ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى ئىرقنىڭ — ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش پاسىلىدا شەكىللەنگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسى ۋە چىراي شەكلىدە هەر ئىككى ئىرقنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلاتتى. هەتتا ياۋروپا ئىرقىغا خاس ئالامەتلەر خېلىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىمۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق سودا نىسبەتەن

---

[1] ياڭخازبەند (ئەنگلىيە): «پامىردىكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 96 ـ، 97 ـ بەتلەر.



جانلانغان شەھەرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئاسىيا مۇهاجىرلىرى (ئەنجانلىقلار، بۇخارالىقلار، ئافغانلار، تاجىكلار، كەشمىرلىكلەر ۋە هىندىلار) نىڭ جىددىي رەۋىشتە يۇغۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتاتتى. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەرىيىنىڭ يەرلىك ئاهالىسى تەخمىنەن 600 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسىيا مۇهاجىرلىرى بىلەن شالغۇتلار (ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىشىشىدىن شەكىللەنگەن ئارىلاش قانلىقلار) 145 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ سان ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەر ئومۇمىي ئاهالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن.[1] شۇڭلاشقا، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى تاچىبانا ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنى كۆرۈپ: «قەشقەرگە يىغىلغان مىللەتلەر ۋە ئوخشىمىغان ئىرقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىشىلەر ناهايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەر بەئەينى بىر ئىرقلار بازىرىغا ئوخشايدىكەن. دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە جۇڭگولۇقلار، رۇسىيىلىكلەر، ئەنگلىيىلىكلەر ۋە هەرقايسى ئەللەردىن كەلگەنلەر بار ئىكەن. رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئىچىدە رۇسلاردىن باشقا يەنە سەمەرقەنتلىكلەر، ئەنجانلىقلار ۋە تاشكەنتلىكلەر بار ئىكەن. جۇڭگولۇقلار بىلەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان مىللەتتىكى كىشىلەر بار ئىكەن. ئوخشاش بولمىغان ئېتنىك تۈركۈمدىكى نۇرغۇن ئاهالىلەر بۇ يەرگە توپلىشىپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىرقلار مۇزېيىنى هاسىل قىلغانىكەن.»[2]

---

[1] چوقان ۋەلىخانوف (رۇسىيە): «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 2 ـ، 3 ـ سانلار.
[2] «تاچىبانانىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 54 ـ بەت.

## 4 . ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بەختسىز كەچۈرمىشى ۋە سانسىزلىغان رىيازەتلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەنىۋى ئېنېرگىيىسىدىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىنىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ بىچارە ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. نۇرغۇن ئەجنەبىيلەر بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن گويا ئۆزلىرىنى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقانىدى. شۇنداق، بۇ يەردە زامانىۋى تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى، ماشىنىلاشقان قاتناش قوراللىرىمۇ يوق ئىدى، پۈتكۈل مىللەتنى تەربىيىلەيدىغان مائارىپ سىستېمىسى ۋە مەدەنىي كەيپىيات تېخىمۇ يوق ئىدى! بۇ يەردە پەقەت ئايىغى بېسىقمايدىغان جېدەل ـ يېغىلىقلار، ئوقۇپ تۈگىمەيدىغان تۈۋۋا ـ ئىستىغپارلار، دەۋر ئۆزگەرسىمۇ قېلىپى ئۆزگەرمەيدىغان ئىجتىمائىي رامكىلار، ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان نادانلىقلار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. . .

مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە، ئويغاق ياۋروپا بىلەن غەپلەتتە قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى دىئالوگى باشلاندى.

بىر توپ ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۆز تارىخى ۋە مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن قىلچىمۇ ھەقدارلىق تۇيغۇسى بولمىغان، ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغان، ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ ياشايدىغان بۇ چېچىلاڭغۇ مىللەتنى سىرتتىن كۆزىتىشكە



كىرىشتى. . .

1887 ـ يىلى دىيارىمىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەنگلىيىلىك ياڭخازبەند يەكەندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «يەكەن مېنىڭ بۇ قېتىملىق شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى بازار، شۇنداقلا مەن ئەڭ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى. شۇڭا، مەن بۇ جاي ھەققىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم. . . بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىككە تايىنىپ، بىرخىل تىنچ ۋە توختام سۈدەك ئۆزگەرمەس تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. قاتمۇ قات تاغلارنىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك توسۇق ئۇلارنى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان رەھىمسىز رىقابەتتىن چەتتە قالدۇرۇپتۇ. سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىلىك ئۇچراپ كەتمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يېغىلىقلار، ئىنقىلابلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭ ئويۇنى ھېسابلىناتتى. بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرسى ئولتۇرۇش، سۇلالىلەر ئالمىشىش دېگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار بىرخىل پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم تەبىئىي ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: بۇنداق مىللەت رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئېلىپساتارلار خالاس. يەر تېرىش ۋە ئۇششاق ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا، ئۇلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا قامالغان،

سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنمەيدۇ، قاششاق، ھاياتىي كۈچى يوق. ئۇلار پەقەت بۇ يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ، ئۆز روزغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا بولمىسۇن، كۈن كەچۈرۈش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى قوزغىتالمايدۇ، ئۇلارنى سەگىتەلمەيدۇ...»[1]

ئالبېرت ۋون لېكوكمۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردە مائارىپ ئۇقۇمى ئىنتايىن سۇس، ئەگەر بار دېيىلسە ھەجلەپ ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، خالاس. لېكىن، ھەممە كىشى دېگۇدەك بىرقىسىم ھېسابلاش بىلىملىرىنى بىلىدۇ. پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونىدا بىرەرمۇ باسمىخانا ياكى مەتبەئە ئەسلىھەلىرى يوق. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كاللىسى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئەگەردە ئۇلارغا ياخشى بولغان تەربىيىلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلسە، چوقۇم چوڭ نەتىجىلەر يارىتالايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى دەل بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراتقىلى بولىدىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك ھەمدە ئالدامچىلىقتۇر...»[2] لېكوك يەنە تۇرپاندىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز تۇرپانغا كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى يۇرت كاتتىلىرى بىزنى دائىم يوقلاپ تۇردى. بىر كۈنى بىز چۈشكەن ئۆيگە قازى، ئاخۇن ۋە بىرقانچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى كەلدى. بىز ئۇلارنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدۇق. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار گەپ تەشتى:

— تەقسىر، ئىككىلىرى يىراق ئەللەردىن بىزنىڭ

---

[1] ياڭخازبەند: «پامىردىكى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، 138 ـ، 139 ـ بەتلەر.
[2] ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 28 ـ، 64 ـ، 65 ـ بەتلەر.



يۇرتىمىزغا مۇساپىر بولۇپ كېلىشىپتىلا، شۇڭا بۇ يۇرتتا بۇنداق بويتاق يېتى يۈرۈشسىلە قاملاشماس، ئەڭ ياخشىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، باشلىرىنى ئوڭشىۋېلىشسىلا، بىز مۇشۇ ۋەجىدىن كەلدۇق.

— بىز ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان، ئائىلىمىز بار، — دېدۇق ھەيرانلىق ئىچىدە.

— ئۇنىسى بىزگە مەلۇم، ئەپەندىم، بىراق ئىككىلىرىنىڭ مەزلۇملىرى بۇ يەردىن ناھايىتى يىراقتا قالدى، ئەر كىشى سەپەرگە چىقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن خوتۇنسىز يۈرسە شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭمۇ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە قايتا نىكاھلانماقلىرى بەرھەقتۇر. ئەگەر خالىسىلا قازى غوجام بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ قىزلىرىنى ئەمىرلىرىگە ئېلىشسىلا، — دېيىشتى ئۇلار ساقاللىرىنى سىلىشىپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇق ھەمدە نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدۇق. يۇرت كاتتىلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغان ھالدا رەت قىلغىلى بولار ـ ھە!؟

مەن ئالدى بىلەن ئۇلارغا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈردۈم، ئاندىن مۇنداق دېدىم:

— ھۆرمەتلىك ئاقساقاللار، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بۇ يەردە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئامباللىرى بار. ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمىزنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. باش ئەلچى بولسا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بېرلىندىكى گېرمانىيە پادىشاھىغا يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا، بىر ئەركەكنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشى بەلگىلەنگەن. ناۋادا گېرمانىيە پادىشاھى بىزنىڭ بۇ يەردە يەنە

خوتۇن ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قالسا، سىلەر دەپ بېقىڭلار، بىزنى قانداق جازاغا تارتىشى مۇمكىن؟

— ياق، بىلمەيمىز، تەقسىر! — دېيىشتى ئۇلار ساقاللىرىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ.

— ئەمىسە، مەن دەپ بېرەي، ھەربىرىمىزنى يوغان كالتەك بىلەن 25 قېتىم ئۇرىدۇ!

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئاتالمىش ‹جازا› سىدىن چۆچۈپ كېتىشتى ۋە ناھايىتى ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېتىپ قېلىشتى.»①

گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ 1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەردىكى ئوردام مازىرىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «. . . بىز مەيىگە ئولتۇرۇپ دۈشەنبە دېگەن كىچىك بازارغا كەلدۇق. ئاندىن بازارنى پىيادە ئايلاندۇق. كىشىلەر بىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇشتى. ئىلگىرى بىر كىمنىڭ Ferangis (فەرەڭ يەنى ياۋروپالىق) نى كۆرگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. بىر توپ كىشىلەر ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ دەڭگىچە باردى. ئۇلار دەڭگە كىرگەندىن كېيىن، توختاپ بىزنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىمىزنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەتىسى بىزنى ئىككى خەنزۇ يوقلاپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز، ئۆزى ئاۋاق بولۇپ، بەئەينى ئىسكىلىتتەكلا ئىدى. بىرلا كۆزى بار، قۇلىقىمۇ پاڭ ئىدى. ئۇنىڭ قىياپىتى ئادەمنىڭ ئېسىدىن ئاسانلىقچە چىقمايتتى. ئۇلار ئىككىسى گۆرۈخانا خوجايىنلىرى ئىكەن. بىز قونالغۇدىن يولغا چىقىپ ئىككىنچى كۈنى ئۆتەڭگە بارغاندا، كىشىلەرنىڭ ھېلىقى ئاۋاق ئىسكىلىتنى ‹پادىشاھ› دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلدۇق. چۈنكى ئۇ گۆرۈخانا ئېچىپ بىر قانچە يىلدا ناھايىتى كۆپ مال

① ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 28 ـ، 64 ـ، 65 ـ بەتلەر.



دۇنيا يىغىۋالغانىكەن. . . بىز ئىككىنچى كۈنى ئاچچىق دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ دۈشەنبىدىكىگە ئوخشاش بىزنى كۆرگىلى دەڭگە يىغىلدى. بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ياۋروپالىقلارنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىساق:

— كىچىكىمدە بىر پەرەڭنى كۆرگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلاردىن بىرەيلەن.

مەن ئوقۇغان كىتابىمغا ئاساسەن، ئاشۇ ياۋروپالىقنى ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ئاۋرېل ستەين بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ئۇ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ھەمراھىم تورېنكۇست ئۇلاردىن بۇ يەردە يەنە كىملەر بارلىقىنى سورىغاندا، ئۇلاردىن بىرى:

— پەقەت بىرلا خەنزۇ بار، — دەپ جاۋاب بەردى. تورېنكۇست يەنە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار گۆرۈخانا خوجايىنى، دەپ جاۋاب بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن گەپ جازانە بېرىش ۋە ئۆسۈم ـ پايدا ئېلىشقا يۆتكەلدى. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىدە جازانخورلۇق قەتئىي مەنئىي قىلىناتتى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ بەلگىلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىكەن. لېكىن، كىشىلەر دائىم قەرز ئېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان گۆرۈخانا خوجايىنلىرىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ يەردىكى جازانخورلار ھەممىلا يەردە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يا خەنزۇلار، يا ھىندىلار ئىدى. ئۇلار قىلچە يول قويماستىن جازانخورلۇق قىلىپ پايدا ئالاتتى. مەن دەڭدىكىلەرگە قاراپ:

— بىز بىر ئىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدۇق، ئۇ بولسىمۇ سىلەر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ھاجەتمەن بولغاندا بىر ـ بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايدىكەنسىلەر، — دېدىم. كىشىلەر توپى ئىچىدىكى يۈرەكلىك بىرى يۇقىرى ئاۋازدا:

— گۆرۈخانىنىڭ خەنزۇ خوجايىنى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر

مۇسۇلمانغا بىر گەزچە كېلىدىغان قوتاز قۇيرۇقىنى بېرىشىنىمۇ خالىمايدۇ! دېگەنىدى، — دېدى. ئۇلاردىن قانچىلىك جازانە تۆلەيدىغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ھېلىقى ئادەم يەنە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ بىر تونغا سەككىز تەڭگە بېرىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن 12 پۇل تۆلەيمىز. مۇبادا ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتسە، گۆرۈگە قويغان تۆت تونىنى قايتۇرۇۋالالمايمىز. گۆرۈخانا خوجايىنى تونىنى سېتىۋېتىدۇ!

مەن شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ دۇشەنبىدىكى ھېلىقى ئاۋاق، بىر كۆزلۈك ئادەمنى ‹پادىشاھ› دەپ ئاتىشىنىڭ قىلچىلىكمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدىم...»[1]

مانا بۇ ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كىشىنى تولىمۇ ئۆكۈندۈرىدىغان رېئاللىقى ئىدى. ئۇلار دۇنيانى چۈشەنمەيتتى، ئۆزىنىمۇ چۈشەنمەيتتى، دوستىنىمۇ بىلمەيتتى، دۈشمىنىنىمۇ بىلمەيتتى. دۇنيا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇرلاردىن بولسا تامامەن بىخەۋەر ئىدى. چەكلىك بوستانلىقلاردىكى چەكلىك يەرلەرگە باغلىنىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆزگەرمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار ئۇلارنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن مىللەت، دەپ بىلگەنىدى.

## 5. تەئەججۇپ ۋە ھەيرانلىقتا قالغان كىشىلەر

دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىش، سىرتقى ئەللەر بىلەن ئالاقە

[1] گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 156 ـ، 157 ـ بەتلەر.



قىلماسلىق، تەنھا ۋە بىكىنمە مۇھىتتا ياشاش كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى بوغۇپ قويىدۇ. پۈتكۈل مىللەتنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدىكى نېگىرلار، ئاۋستىرالىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى يەرلىك مىللەتلەر ھەمدە ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىندىئانلار دەسلەپ ئاق تەنلىكلەرنى كۆرگەن ۋاقتىدا، قاتتىق ھەيران قالغان، ھەتتا ئاق تەنلىكلەرنى قانداقتۇر بىر يامان روھنىڭ تەسىرىدە ئاق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان. ئاق تەنلىكلەر بىلەن بېرىش كېلىش قىلىشتىن قاچقان، ئۆزلىرىگىمۇ بۇنداق خەتەرلىك تېرە كېسەللىكىنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن قورققان.

ياپونىيىلىكلەر، ھىندىچىنلىقلار ۋە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى ئاھالىلىرىمۇ دەسلەپ ياۋروپالىقلارنى كۆرگەن چېغىدا، كۆك كۆز، سېرىق چاچ، تۈكلۈك كەلگەن بۇ «غەلىتە تەلەتلىك» كىشىلەرنى ئوكياننىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن ياۋايى، بەدەۋى قوۋم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان.

مانا بۇ ئۆزۈن مەزگىل شەرقچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان، غەرب ھەققىدە ئەڭ ئاددىي ساۋاتقىمۇ ئىگە بولمىغان شەرق مىللەتلىرىنىڭ ياۋروپالىقلار ھەققىدىكى تۇنجى كۈلكىلىك چۈشەنچىسى ئىدى!

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، دەسلەپكى قەدەمدە ئەجنەبىيلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ ياۋروپالىق ئاشۇ «يات، يوچۇن ۋە غەلىتە» كىشىلەرگە بولغان ھەيرانلىقىنى، كۈچلۈك تەئەججۇپىنى ئىپادىلىدى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئورۇس ياكى پەرەڭلەرنى ئۇچراتقىنىدا، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان، قىزىقىپ قارىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە تەڭ بارغان. ماكارتنىيى خانىم XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ ئەجنەبىيلەرگە

بولغان ئىنكاسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «مەن كونا شەھەر كوچىلىرىنى بىرىنچى قېتىم پىيادە ئارىلىغان چاغدا كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇمايمەن. . . ئەتراپىمىزغا توپ – توپ ئادەملەر ئولاشتى؛ ئاياللار ۋە بالىلار مېنىڭ كىيىممنى تۇتۇپ بېقىشتى ۋە ماڭا قىزىقىسىنىش نەزىرى بىلەن قاراشتى، بىردەمدىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنى شۇنداق زىچ ئورىۋالدىكى، بىر قەدەممۇ ماڭالماي قالدۇق. ئۇلار بىزگە دۈشمەنلىك قىلمايتتى، پەقەت قىزىقاتتى.

شۇ قېتىمقى بازار ئايلىنىشتىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن يەنە بىر قېتىم بازار ئايلاندىم. ئەلۋەتتە، مەن قەشقەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىدىغان ۋاقىتقىچە، بازارنى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىدىغان، كىشىلەر ئارقامغا ئانچە كىرىۋالمايدىغان بولدى. سەۋەبى ئۇلار ئۇنىڭغىچە چەت ئەللىكلەرنى خېلى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانىدى ۋە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى بىز ئېتىز ئارىلاپ سەيلە قىلىۋاتقاندا، ئىككى ئەر كىشى ئارقىمىزغا كىرىۋالدى ۋە مېنىڭ كىملىكىمنى قىياس قىلىپ سۆزلىشىپ كېتىشتى: بىرى، ئۇ بېلىنى باغلىۋاپتۇ، ئايال ئەمەس، دېسە؛ يەنە بىرى، بەلكىم ئۇ ئەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شىمى كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن چېچىمۇ يوق تۇرىدۇ، دېدى. ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ ساقىلى يوق ئىكەن، ئايال كىشىدەك قىلىدۇ دېگەن يەرگە كېلىشتى. دېمەك، ئۇلار مېنىڭ كىيىنىشىمدىن قايمۇقۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى بىر كەپىسىز بالا يۈگۈرگەن پېتى ئالدىمغا ئۆتۈپ ماڭا خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئاندى: ‹مايمۇنغا ئوخشايدىكەن! ›، دەپلا قېچىپ كەتتى.»①

① كاسىرىن ماكارتنىي: «قەشقەرنى ئەسلىيمەن»، 83 –، 84 – بەتلەر.



گۇننار ياررىڭمۇ ئۆزىنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە، 1930 – يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشقا بارغان چاغدىكى ئەھۋاللىرىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ئاتۇشلۇقلاردەك بىر نەرسىگە بەك قىزىقىدىغان كىشىلەرنى زادىلا ئۇچراتمىغانمەن. ئۇلار مەن چۈشكەن ھوجرىنىڭ ئىشىكىدىكى يوچۇقتىن مېنى ماراشتى، بەزىلىرى تېخى ئۆگزىگە يامىشىپ چىقىپ، مېنىڭ زادى قانداق بىر ئادەملىكىمنى تۈڭلۈكتىن كۆرمەكچى بولۇشتى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاشۇنداق قوزغاش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەچكە، مەن خىزمەتكارىم روزى ئاخۇننىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ ھوجرىدىكى ئوچاقتا ئوت يېقىپ، مىس چۆگۈندە چاي قاينىتىۋاتاتتى. بۇ ئىشتىن ئەتراپتىكىلەر شۇ زاماتلا تېخىمۇ ھەيران بولۇشتى. يېڭىدىن كەلگەن بۇ ئورۇس رامزان تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ قائىدىنى ئەيمەنمەستىن بۇزۇپ تاشلىغانىدى. بۇ سارايىنىڭ بېقىنىدا ئېگىز بىر ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لىڭشىپ تۇرىدىغان ياغاچ پەلەمپەينىڭ يۇقىرىسىدا — ئۆينىڭ سىرتىدا ھاجەتخانا بار ئىدى. مەن شۇ كۈنى خېلى كەچ كىرگەندە ئۇ يەرگە چىقتىم. قارىسام ئىككى تەرەپتە ۋە پەستە مېنى كۆزىتىپ تۇرغانلار بار ئىكەن. ئاتۇشلۇقلارنىڭ بىر نەرسىدىن ھەيران بولۇشى قەشقەردە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئۇچراتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەيران بولۇشلاردىن ئېشىپ چۈشكەنىدى. مەن 1978 – يىلى 9 – ئايدا ئۈرۈمچىدىكى بىر تۇرلۇك ماللار ماگازىنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان چېغىمدا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ چەت ئەللىكلەرگە بولغان قىزىقىشى يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. شۇ قېتىم قەشقەردىكى بىر كىتابخانىدىمۇ ئەھۋال ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بولدى. ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. بۇنىڭ ئەڭ ئاددىي جاۋابى بۇ رايوننىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ

شۇنچىۋالا ئۇزۇۋېتىلگەنلىكى ئىدى. بىراق مۇشۇ جاۋابلا كۇپايە قىلارمۇ؟ . . . »[1]

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىكتىن شەكىللەنگەن غەيرىي نورمال پسىخىكىسى شۇنىڭدەك كىچىككىنە ئىشلاردىن ھەيران بولىدىغان، تەئەججۇپلىنىدىغان روھىي ھالىتى ئەجنەبىيلەرگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

## 6. ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە ئۆزلۈك ئېڭى يوق مىللەت

ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە زامان چۈشەنچىسىگە بولغان كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن يۈز يىل ئاۋۋالقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ۋاقىت ئۇقۇمىغا بولغان پەرۋاسىزلىق ئەجنەبىيلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ گويا كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەك خىرامان يۈرىدىغانلىقىنى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك بىرخىل زېرىكەرلىك ھايات رىتىمىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. ئۇلار يەنە بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ئۇقۇمى بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە تارىختا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭمۇ كەملىكىنى تەكىتلىگەنىدى. چۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇ زامانلارغا قەدەر ۋاقىت ئارقىلىق تارىخنى ھېسابلاش، ۋاقىت ئارقىلىق زامان ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلەش ئەنئەنىسى ئومۇملاشمىغانىدى.

① گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، 180 ـ، 181 ـ بەتلەر.



بىرىم ئەسىر مۇقەددەم يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەرگە نىسبەتەنمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەردە ناھايىتى ئېنىق بولغان ۋاقىت چۈشەنچىسى يوق ئىدى، بەلكى «جىگدە پىششىقىدا»، «خامان تەپكەندە»، «چېچەك كېسىلى تارقالغان يىللاردا»، «تۆڭگان كەلگەندە» دېگەندەك مەۋھۇم ئۇقۇم ئارقىلىق تارىخنى بايان قىلىشقا كۆنۈككەنىدى. شۇڭلاشقا ئۆز دەۋرىدە ھېچكىم ستەيىن، سۋېن ھېدىن، لېكوك، ئوتانى قاتارلىقلارنىڭ بۇ يەردىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا ئېنىق يىلنامىسى بىلەن جاۋاب بېرەلمىگەنىدى.

ئۇلار ئوخشاشلا ئۆزىگە ۋە ئۆز مەدەنىيەت تارىخىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىمۇ يوقاتقانىدى. بىر توپ ئەجنەبىيلەرنىڭ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ئۈچۈن خارابىلەرنى قازىدىغانلىقىنى، ئىسلىشىپ كەتكەن ھەرخىل يېزىقتىكى قوليازمىلارنى توپلايدىغانلىقىنى ھەمدە ساندۇق ـ ساندۇق «ئەسكى ـ تۈسكى»لەرنى تۆگىلەرگە ئارتىپ يىراقتىكى ئەللەرگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى. ناچار مۇھىت، بۇرۇقتۇرما كەيپىيات، ئۆزگەرمەس تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ھايات ئىنتىلىشلىرىگە بولغان قىزىقىشلىرىنى سۇسلاشتۇرىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلار مىللىي ئاڭدىن، قارشىلىق تۇيغۇسىدىن، ھۆكۈم قىلىش كۈچىدىن، يىراقنى كۆرەرلىكتىن، مىللىي پايدا ـ زىياننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانىدى. خۇددى ماكارتنېي خانىم ئېيتقاندەك: «بۇ ئادەملەرنىڭ قولىقى يۇمشاق، باشقۇرۇش ئاسان، ئۇلارنىڭ بىرەر يامان ئىللەتلىرى يوق، ياخشى، ئالاھىدە تەرەپلىرىمۇ يوق» ئىدى.[1] بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا، ئۆز ئالدىغا قارار قىلالماي، سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ چىقىرىپ

① كاسىرىن ماكارتنېي: «قەشقەردىكى ئەسلىمىلەر»، 67 ـ بەت.

بەرگەن ھۆكۈمگە ئىشىنەتتى. ياپونىيىلىك سەيياھ تاچىبانا ئۆز دەۋرىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «قەشقەردىن خوتەنگە بېرىش سەپىرىمىزدە بىر تاغلىق كەنتتىن ئۆتتۇق. بىز چۈشكەن قونالغۇغا بىر ئۇيغۇر دېھقان ھال ـ دەرت ئېيتىپ كەلدى ھەمدە بىر پارچە ئەرزنامىنى سۇندى. بۇ ئەسلىدە يەر تالىشىش ماجىراسى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگونىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ئاللىقاچان ھۆكۈم چىقىرىپ بولغان ئىش ئىكەن. لېكىن، ھېلىقى دېھقان بۇ ھۆكۈمگە رازى بولماي بىزنىڭ قايتىدىن ھۆكۈم قىلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇ. بۇ گەرچە ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئىتىگە ياردىمى بولىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ كېلىپ ئۇلارنى باشقۇرۇشى بىلەن پەرۋايى پەلەككەن. تارىختىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداقكەن.»① تاچىبانا يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى ساددا ۋە ياۋاش ئىكەن، كىم كېلىپ باشقۇرسا كارى يوقكەن. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئىنقىلاب پارتلىغاندا (بۇ يەردە شىنخەي ئىنقىلابىنى دېمەكچى — ئا)، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتە، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنە بىر تەرەپتە تۇردى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بۇ قېتىمقى ئىنقىلابقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى ئۆزلىرىمۇ بىلەلمىگەنىدى. قايسى تەرەپ غەلىبە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تىنچلىق ئورنىتىلسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ئۇلار پەقەت شۇنىلا ئۈمىد قىلاتتى.»②

مانا بۇ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قىياپىتى ئىدى.

① تاچىبانا: «تاچىبانانىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 129 ـ، 133 ـ بەتلەر.
② تاچىبانا: «تاچىبانانىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 129 ـ، 133 ـ بەتلەر.



شۇڭا قەشقەردە تۇرغان يەنە بىر ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ خانىمى دىئانا سىمپتون ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچىگە كەلگەنىدى: «ئۇيغۇرلار پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ياشايدىكەن، ئىبادەت قىلىدىكەن، سودا قىلىدىكەن، ساياھەتكە چىقىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن. شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى، ئادەتتىكى ئۇيغۇرلار ھازىر غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردە كىشىلەر ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان سىياسىي ئەركىنلىككە ئىنتىلمەيدىكەن.»① دىئانا خانىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ھۆرۈن، چېچىلاڭغۇ، ئەمما تىنچ، ئىناق ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇشۇنداق ياشاپ كەلگەنىكەن، ھازىرمۇ شۇنداق ياشاۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلاردا ئېسكىمۇسلاردەك جاسارەت ۋە قەيسەرلىك يوق؛ پەردانلاردەك ئۇرۇشخۇمار خاراكتېرمۇ يوق؛ تىبەتلىكلەردەك جۇشقۇنلۇق ۋە تېتىكلىك؛ كەشمىرلىكلەردەك قولى گۈل، چېۋەرلىكتىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھەرقانداق بىر جايدىكى ئاددىي ـ ساددا كىشىلەرگە ئوخشاشلا دوستانە، مېھماندوست. ئۇلار ئاددىيسى بىرەر لەتىپىدىنمۇ سىز بىلەن تەڭ بەھرىلىنىشنى خالايتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ يالقاۋلىقى جانغا تېگەتتى. قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلگە ياقمايتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويمىسىڭىزلا، ئۇلار شۇنچىلىك جەلپكار، ئاقكۆڭۈل ئادەملەر ئىدى.»②

## 7. بوستانلىق خەلقى ۋە قۇملۇق پېسخىكىسى

ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەرەب ـ ئىسلام تارىخچىسى فىلىپ

①② دىئانا سىمپتون: «قەدىمىي ماكان»، 196 ـ، 197 ـ، 206 ـ بەتلەر.

ھىتتى ئۆزىنىڭ «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى سۇغىرىپ تۇرۇش قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرقانچە يۈز يىللىق ئىچكى مەنىۋى جۇغلانمىسى مۇئەييەن غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغان ھامان، گويا تۇيۇقسىزلا ئويغانغاندەك ھەممە يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تاشلايدۇ. . . »[1] دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان تارىم ئويمانلىقى بەئەينى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن بىر چوڭقۇر ئارالغا ئوخشايدۇ. بۇ چوڭقۇرلۇقتا مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق جەزىرە — تەكلىماكان قۇملۇقى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن پەسىللىك دەريا - تاراملار ئەنە ئاشۇ زور قۇملۇققا قاراپ تىۋىشسىز ئاقىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆپلىگەن قەدىمكى مىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇغۇرۇپ، شانلىق بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقى مانا مۇشۇ قۇرغاق زېمىندا ئىككى قولىغا تايىنىپ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەلمىساقتىن بۇيان، بوستانلىق بىلەن قۇملۇقلارنىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى ھەمدە دىئالېكتىك قانۇنىيىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قۇم ئاستىغا غەرق بولغان سانسىزلىغان شەھەرلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە تەبىئەتنى قانداق پەيلەشنى، قۇملۇقلارنى قانداق ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنى، سۇ مەنبەلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۈستىدىن ئۇچار قۇشلار، تېگىدىن ئادەمىزات ۋە چاھار پايلار ئۆتەلمەيدىغان بۇ جەزىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتىنى، ئانا يۇرتى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپرىقى قىلىپ كەلگەنىدى.

① فىلىپ ھىتتى(ئامېرىكا): «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 31 - بەت.



تارىم ئويمانلىقىدىكى شانلىق مەدەنىيەتتىن، بىپايان چۆل - جەزىرىلەردىكى كىمخاپتەك بوستانلىقلاردىن ھەيران قالغان ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن بولغان دەسلەپكى دىئالوگى داۋامىدا، ۋۇجۇدىغا نۇرغۇن مەنىۋى باكتېرىيىلەرنى يۇقتۇرۇپ كەلگەن بۇ مىللەتنىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن خەلقلەردە تېپىلمايدىغان ئېسىل خىسلەتلەرگە ھەم يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئەجنەبىيلەر ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك چۈشەنچىدە بولغانىدى. تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى خىلۋەت ھاياتقا كۆنۈككەن بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىمۇ، يېتەرلىك پۇرسەت، ياخشى شارائىت تۇغۇلغان ھامان بىراقلا چاقنايدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭلاشقا چوقان ۋەلىخانوف ئۆز خاتىرىسىدە، بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس - تۈگىمەس بەختسىزلىكلەر بۇ يەردە بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. لېكىن، بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نېسىپ بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر ئۇلارغا يېتەرلىك ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىلسە، بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى، دەپ يازىدۇ. ئالبېرت ۋون لېكوكمۇ ئۆز خاتىرىسىدە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ رايوندىكى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان دەريا - تاراملار بولۇپ، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىغا ئۆمۈچۈك توردەك يېيىلغان. ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىشچان يەرلىك خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ پەم - پاراسىتىگە تايىنىپ، سانسىزلىغان پەۋقۇلئاددە سۇغىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس

زېمىننى گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرغان.»① لېكوك يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ھېچقانداق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىتتىمۇ، يەرلەرنىڭ قانچىلىك سۇ ئىچىدىغانلىقىنى، سۇ سىڭىش مىقدارىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەلەيدىكەن ھەمدە قولىدىكى كەتمىنى بىلەن ئەقىللىق كاللىسىغا تايىنىپ چەكلىك سۇ مىقدارىدىن تولۇق پايدىلىنالايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراستى نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئۇلار مۇشۇ جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، يەر ئاستى سۈيىنى قانداق قىلىپ يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىدىغان ئالاھىدە سۇغىرىش سىستېمىسى — كارىزنى كەشپ قىلغانىدى.»②

ئەجنەبىي تەۋەككۇلچىلەر يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تاشمايىل ئەندىزىنى بايقىغانىدى. بۇ پىسخىك ئەندىزىدە يەنە ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، مېھماندوستلۇق، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە كۈلكە ـ چاقچاققا بولغان ھېرىسمەنلىك، ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا بولغان ئالاھىدە ئىشتىياقىنىمۇ ھېس قىلغانىدى. قول ـ ئىلكىدىكى بارى يوق تەئەللۇقاتىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا سۇنىدىغان، ئەتىنى ئويلىمايدىغان، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ بىلگەنىدى. شۇڭلاشقا گۇننار ياررىڭنىڭ: «مېنىڭ سېغىنىدىغىنىم قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ئاشۇ سېھرىي كۈچى ۋە مېنى قەدىناس دەپ بىلىدىغان ئاشۇ ئۇيغۇرلاردۇر» دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. سۋېن ھېدىننىڭ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە لوپنۇردىكى ئاشۇ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق دوستلىرىنى — ئۆردەك، سادىق، خۇداقۇل، ئابدۇرېھىم

① ② ئالبېرت ۋون لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 23 ـ، 40 ـ بەتلەر.



قاتارلىقلارنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىشى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك!

## ئاخىرقى سۆز

قەدىرلىك كىتابخان!

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى چەت ئەللەر بىلەن، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان دىئالوگىنىڭ كىچىككىنە بىر سەھىپىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇم. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىدىن باشلانغان بۇ ئۇزاق دىئالوگ تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ تېمىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقە تارىخىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. لۇشۇن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە جۇڭگولۇقلارنى قەستەن ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن ئەجنەبىيلەرگە نەزەر ـ گۈزىرىنى سالمىغانىدى، ئەكسىچە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنى يۈز ـ خاتىرە قىلماي ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان چەت ئەللىك يازغۇچىلارغا يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇزۇندىن بۇيان بىز غەربلىكلەرگە باھا بېرىشتە ئۇلارنىڭ بىزگە قانداق «دوستانە» مۇئامىلىدە بولغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىتىمىزگە قانداق گۈزەل باھالارنى بەرگەنلىكىگىلا قاراپ كەلدۇق. مەن مەزكۇر ئەسىرىمدە ئەنە ئاشۇ كونا رامكىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان تەنقىدىي تەسىراتلىرىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشتىم. بۇ رەھىمسىزلىكىم ۋە تەنتەكلىكىم مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن.

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى

## 1. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر كۆتۈرۈلگەن ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئىچكى ئاسىيانى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دولقۇنى داۋامىدا يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، ئۇلارنىڭ تەكلىماكان چۆلىنى بەئەينى ئاتەش دوزاخقا ئوخشىتىپ، ئۇنى ئاسىيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق چۆل دەپ قارىغانلىقىنى بىلىمىز. دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سوزۇلۇپ ياتقان تەكلىماكان قۇملۇقى ھەقىقەتەنمۇ ئىچكى ئاسىيادىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھالاكەت دېڭىزىدۇر. ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە ماشىنىغا چۈشۈپ تەكلىماكاننى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇق تاشيولىدا ماشىنىمىز ئۆزىمىزنى خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت دېڭىزىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز... سائەت-سائەتلەپ ماشىنىمىز تۈگىمەيدىغان بۇ بارخانلار دۇنياسى ئادەمنى فىزىئولوگىيىلىك قاغجىراشتىن ھالقىتىپ، ھەتتا خىياللىرىڭىزنى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىڭىزنىمۇ قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، سەھەردە بارخانلار ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى قوغلاپ ماشىنىمىز، كەچقۇرۇن قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويغاندا، سىزمۇ قۇملۇق تاشيولىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى تۇنجى بوستانلىق — نىيە ناھىيىسىگە يېتىپ بارىسىز. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېشىل ئارال سىزنىڭ بىر



كۆڭلۈك سەپەر ھارغىنلىقىڭىزنى ئاللىقاياقلارغا يوق قىلىۋېتىدۇ...

شۇنداق، تەكلىماكان بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى غايەت زور جەزىرە، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە تالاي بوستانلىقلارنى ۋە ئاۋات شەھەرلەرنى يۇتۇپ كەتتى. ئەمما ھارماس خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ بۇ يەردە كۆپلىگەن بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ كەلدى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خوتەن دىيارىغا قەدەم باسسىڭىز، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رەھىمسىز تەبىئەت بىلەن قانداق كۆرەش قىلىپ، قۇملار ئۇچۇپ تۇرغان بۇ دەشت-باياۋاندا دۇنياغا مەشھۇر بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. تارىختىن بۇيان بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمىغان بۇ تىنىمسىز كۆرەش جەريانىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى پەقەت كۈچلۈك يېشىللىق ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدىلا ئىككى قولىغا تايىنىپ قەدىمكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى بۈگۈنگە ئۇلىغاندى. نىيە بوستانلىقىدىن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق غەربكە ماڭساق، قۇم بارخانلىرى بىلەن شالاڭ چۆل ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ تۇرغان بوز رەڭ دالا ئۆزئارا كېسىشكەن بۇ بەلۋاغدا بىز يەنە كېرىيە، چىرا، لوپ، خوتەن ۋە قاراقاش قاتارلىق چوڭ تىپتىكى بوستانلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بۇ بوستانلىقلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھەتتا خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن جۇڭگودىكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغانلىقى سىزنى تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ.

يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان، دېڭىز-ئوكيانلاردىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان، قۇم-بورانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر

ۋاقىت خالىي بولالمايدىغان، كىلىماتى ناچار، ئىقلىمى ئاجايىپ قۇرغاق بۇ پىنهان چوڭقۇرلۇقتا قانداق قىلىپ دۇنياغا مەشهۇر بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىلدى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىچكى بىردەكلىك هاسىل قىلىشتەك ئۇلۇغۋار روهىي كەچۈرمىشلىرى سىڭگەنىدى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىرى رەهىمسىز تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىنى پەپىلىمەيدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى هەر ۋاقىت پەپىلەپ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. ئۇلار قۇملۇق، بوستانلىق ۋە يىراقتىكى تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىماققا ئايرىم دۇنيادەك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى جەهەتتىن بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان كۆرۈنمەس دىئالېكتىكىلىق بىرلىكنىمۇ خېلى بۇرۇنلا هېس قىلغانىدى. ئۇلار يەنە بۇ زېمىننىڭ يارىلىشىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇق هالىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى، زېمىندىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ هاۋا، سۇ، تۇپراق ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىرنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خۇددى جىبران خېلىل جىبران ئېيتقاندەك:
«زېمىن نەپەسلەنسە ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقى، زېمىن نەپەستىن توختىسا ئادەملەرنىڭمۇ گۇمران بولىدىغانلىقى» دەك قانۇنىيەتنى ئوبدان بىلەتتى. . . شۇڭلاشقا باشقىلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق جەزىرە هېسابلانغان، ئۈستىدىن ئۇچار قانات، ئاستىدىن چاهار پايلارنىڭ ئۆتمىكى تەس بولغان بۇ چۆل ئۇلار ئۈچۈن بۈيۈك ئانا ياكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئىدى!

مانا مۇشۇ يەردە — تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان ئىچكى ئاسىيانىڭ پىنهان چوڭقۇرلۇقىدا قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلدى. مەشرىق بىلەن مەغرىبنى تۇتاشتۇرغان



مەشهۇر يىپەك يولىنىڭ قوۋۇقى ئېچىلدى. خوتەن قەغىزى كەشىپ قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى يېڭى دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بوستانلىق مۇهىتىدا يېتىلدۈرگەن ئۆزگىچە هېس - تۇيغۇلىرىنى، هۆللۈككە تەشنا گۈزەللىك قاراشلىرىنى، قۇرغاق ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىقىپ چەكسىز بوشلۇقتا سىڭىپ كەتكەن غايىۋى پىكىرلىرىنى هارماس قوللىرى بىلەن بىر يىپ، بىر يىپتىن ئىشلەپ چىققان يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلما مەهسۇلاتلىرىغا سىڭدۈرۈپ تاشلىدى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ رەڭدار جۇلاسى، خىلمۇ خىل نۇسخىسى، قەلبلەرنى گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تويۇندۇرغۇچى سېھرىي كۈچى بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا خەلقلىرىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن خوتەن گىلىمى بىلەن يەرلىك ئەتلىسى ئۆزىدە بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ مول ئىچكى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈردى. گىلەم بىلەن ئەتلەسنىڭ هەربىر سىزىقى، گۈل نۇسخىسى ۋە رەڭ تۈزۈلۈشىگە دىيارىمىزنىڭ قارلىق تاغلىرى، مىڭلىغان دەريا - تارامىلىرى، بىپايان قۇملۇقلىرى ۋە يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلىرى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن كۆپ قىرلىق مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك مۇهىت تەسۋىرى ئىپادە قىلىندى. ئۇلار دۇنيانى يەككە رەڭ، تاق يۆنىلىش ۋە بىر مەركەزچىلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى هەم شەرق تېرىمچىلىرىغىمۇ، هەم غەرب تەۋەككۈلچىلىرىگىمۇ ئوخشاشمايدىغان سىممېترىك تۇيغۇ ۋە كېسىشمە نۇقتىدىن كۆزىتىشنى ياقتۇراتتى. ئۇلارنىڭ غايىۋى ئىدېئالى، گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسى مەڭگۈ كېسىشمەيدىغان پاراللېل سىزىقتا ئەمەس، بەلكى كۆپ يۆنىلىشتىن چىقىپ ئورتاق بىر نۇقتىدا قوشۇلۇشتا ئاندىن ئەۋجىگە يېتەتتى.

پايانسىز قۇملۇققا نىسبەتەن بوستانلىق ماكان جەهەتتىن ناهايىتى چەكلىك دائىرە ئىدى. هالبۇكى، ئۇلار مۇشۇ چەكلىك

دائىرە ئىچىدە ياشاپ يىراقتىكى چەكسىز غايىۋى مەنزىرىلەرنى خىيال قىلىشقا كۆنۈككەنىدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرى ماناسقا ئوخشاش كۆك تۇلۇمدىن، گۆر ئوغلىغا ئوخشاش گۆردىن، بۆكۈخانغا ئوخشاش دەرەخ كاۋىكىدىن تۇغۇلاتتى. ئەمما، قىسىلغان دائىرىدىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان بۇ قەھرىمانلار قىرانلىق مەزگىلىگە يەتكەن ھامان چەكلىك بوستانلىقلاردىن ھالقىپ چىقىپ يىراقلارغا يۈرۈش قىلىشقا، دۇنيانى قۇچاقلاشقا ئاتلىناتتى. سۇر رەڭ قۇملۇقلار ئارىسىدىكى يېشىل مەرۋايىتتەك بوستانلىقلارنى ئوراپ تۇرغان زەڭگەر رەڭ كۆكتە ھامان رىۋايەتلەردىكى سۇمۇرغ قۇشى پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى. كۇجۇم مەھەللىلەرنىڭ تومۇز ئايلىرىدىكى دىمىق تۈنلىرىدە يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن چاپچىپ تۇرغان شاش ئارغىماقلارنىڭ كىشنەشلىرى توختىماي ئاڭلىناتتى. ئۇلار مۇشۇ بوستانلىقلاردا توغۇلغان قەلبى ئوتلۇق يىگىتلەرنى يىراق - يىراقلاردىكى گۈزەل مەشۇقلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىشكە تەييار تۇراتتى. . .

تەكلىماكاننىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا بىر رىۋايەت ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكىدە پەيدا بولغان مىڭلىغان بوستانلىقلارمۇ رىۋايەت ئىدى. بوستانلىقلاردىكى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرمۇ ئەلمىساقتىن بۇيان رىۋايەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۇچۇن بارخانلارنىڭ كەينىدىن بەزى - بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ۋە داقا - دۇمباقلارنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى تۈنۈگۈنكى بىر ئاۋات شەھەر ياكى بىر كۇجۇم مەھەللە بىر كېچىدىلا قۇم ئاستىغا غەرق بولاتتى - دە، ئۇنىڭ ئورنىغا بۈگۈن يېڭى بىر بوستانلىق بىنا بولاتتى. شۇڭلاشقا چەرچەن خەلقى ئارىسىدا ھېلىھەم تارقىلىپ يۈرگەن



«تاتىراڭدىن ئۆگزىگە چىققان خوراز يەكەندە يەرگە چۈشىدۇ»① دېگەن رىۋايەت ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى — خىيالىي چۈشلىرىمۇ ھەم رېئال دۇنياسىمۇ رىۋايەت - قىسسىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

بوستانلىقلاردىكى چەكلىك دائىرە بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى چەكلەپ قويالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىپەك توقۇلما ۋە گىلەملىرىگە ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرگەن قاناتلىق پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچار ئاتلىرىغا مىنىپ دۇنيانى ساياھەت قىلدى. ھىمالايا تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سىرلىق ھىندى تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتى 2000 يىل ئاۋۋاللا بۇ يەردە گۈللىنىشكە ئېرىشتى. «بەشنامە» دىكى دېداكتىك مەسەللەر پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ خۇرۇچلىرى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن «كەلىلە ۋە دېمنە» نامى بىلەن بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا ئالقىشقا ئېرىشتى. «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرى ئۇلارنىڭ چاڭقاق ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىجادىيەت ئىلھامىنىمۇ تىنىمسىز غىدىقلىدى.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر ۋاپات بولۇپ يۈز يىل ئۆتمەيلا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە شەخسكە ئايلاندۇردى. مەھمۇد قەشقەرىدەك بۈيۈك تىلشۇناسمۇ ئۇيغۇر، چىگىل قاتارلىق مىللەت - قەبىلە ناملىرى بىلەن دىيارىمىزدىكى بىرمۇنچىلىغان يەر - جاي ناملىرىنى ئىسكەندەر زولقەرنەين بىلەن باغلىق بولغان رىۋايەتلەرگە تۇتاشتۇردى. ئەڭ دەسلەپ «ئىنجىل» قىسسىلىرىدىن باشلانغان «ئەسھابۇل كەھف»

① بۇ رىۋايەت چەرچەن خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. تاتىراڭ چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا بولۇپ، قەدىمكى زاماندا بۇ يەردىن تاكى يەكەنگىچە تۇتاش بوستانلىق ۋە مەھەللىلەر بولغان دېگەن رىۋايەت بار. ئەمەلىيەتتىمۇ نىيەدىكى ئەندىر خارابىلىرىمۇ بۇ يېزا بىلەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ.

ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدىن تەدرىجىي شەرققە تارقىلىپ «قۇرئان» قىسسىلىرىدە تېخىمۇ بېيىپ، دىيارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنى غەربىي ئاسىيادىن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇيۇققا يۆتكەلدى، تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ھايات چېغىدا تەڭرىتېغىنىڭ بۇ يېقىغا ئەسلا ئۆتۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارس ئەدەبىياتىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۇنىڭ دۇلدۇلغا مىنگەن غايىۋى سىماسى تارىم بويلىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈردى.

قىسقىسى، بۇ يەر ئىچكى ئاسىيادىكى بىر پىنھان چوڭقۇرلۇق بولۇشقا قارىماي، يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ھەر قايسى ئەللەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خورۇچلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئۇلارنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئۇلار مانا مۇشۇ سۇر رەڭ بارخانلار ئوراپ تۇرغان بوستانلىقلاردا تۇرۇپ سىرتقى دۇنياغا ھارماي تەلپۈندى. سىرتتىن كەلگەن يېڭى ئۇچۇرلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا چۆكتۈرۈلگەن بىر خىل دۈملەنمە ھالەتتىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىدا يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغۇچى گۈزەل ھېكايىلەر ۋە مۇھەببەت قىسسىلىرى ئەۋج ئالدى. خوتەن مۇشكى بىلەن خوتەن گۈزەللىرىنىڭ نامى يىپەك يولىنى بويلاپ يىراق ئەللەرگىچە تارقالدى. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خوتەن نامى چىن، ماچىن، تۈركىي چىن دېگەنناملار بىلەن بىللە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى چەكسىز كەڭ ئېچىۋەتتى. شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى ئاجايىپ گۈزەل تېما موتىفلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا ئۆزلىشىپ، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى بىر گەۋدىلىنىشنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ



بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆز قەھرىمانلىرىنىمۇ يىراقتىكى غايىۋى ئەللەرگە سەپەر قىلغۇزدى ھەمدە سەپەر رىيازەتلىرى ئار-قىلىق ئۇلارنى قىرانلىق سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزدى.

فەرھاد رىۋايەتلەردىكى ساكلارنىڭ قەھرىمانى ئىدى، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى پروتوتىپى قۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر قەيسەر دېۋىگە تەتبىقلانغانىدى. نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، نەۋائى سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان خوتەن بوستانلىقىنى فەرھادنىڭ ۋەتىنى قىلىپ تاللىۋالدى. شاھزادە فەرھاد خوتەن بوستانلىقىدا تۇرۇپ جاھاننامە ئەينىكى ئارقىلىق گۈزەل ئەرمەن مەلىكىسى شېرىننى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولىدۇ. ئاشىق فەرھاد شۇنداق قىلىپ ئۆز ۋەتىنىدىن — خوتەن بوستانلىقىدىن ھالقىپ چىقتى ۋە ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ۋەتىنى بولغان يونانغا قاراپ يول ئالدى. يولدىكى ئۈچ چوڭ توسالغۇنى يېڭىپ ئۆتۈپ جىسمانىي كامالىلىققا يەتكەندىن كېيىن، يۇناندىكى بىر غاردا بۈيۈك ئالىم سوقرات بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەقلىي تاكامۇللۇققا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا فەرھاد شېرىنغا مۇھەببەت قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ھازىرلىدى. ئۇ ئاخىر ئارمەنىستانغا باردى. قانال قېزىپ تاغقا سۇ باشلاشتەك ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تاماملىدى، ئۇ ئەسلىدە شېرىن بىلەن قوشۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن تراگېدىيە ئاخىر يۈز بەردى، ئۇ شېرىننىڭ ۋەتىنىدە يىراق خوتەنگە ئۇچقان شاماللارغا پىچىرلاپ جان بەردى. . .

مانا بۇ نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى خوتەن شاھزادىسىنىڭ سۆيگۈ قىسسىسى، بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ غايىۋى تەلپۈنۈشى ئىدى. ئۇلار قاتمۇقات قۇملار بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان چەكلىك دائىرىدىكى بوستانلىقلاردا چۈش بىلەن رېئاللىق، غايە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى گىرەلەشمە مۇھىتتا ياشاشقا كۆنۈككەنىدى. ئۇلار ئۇچقۇپ تۇرغان چەكسىز

ھېس ـ ھاياجانىنىمۇ ھەم يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان تراگېدىك مەنزىرىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن ئالاھىدە ئېستېتىك ئەندىزىسى ئىدى. . .

ۋاھالەنكى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز خىرىسى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا، كەيپىياتىغا ۋە مەنىۋى تىندۇرمىسىغا سىڭىپ كەتكەن رىۋايەتلىك ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى. ئەلمىساقتىن بۇيان تەبىئەت بىلەن بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن جىددىي ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

خوتەن قەغىزى بىلەن يەرلىك يىپەك توقۇلمىچىلىقى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مەشھۇر بولغا ئىككى چوڭ قول سانائەت تۈرى ئىدى. بۇ مەھسۇلاتلارنى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر خوتەن كوچىلىرىدا ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئەپسۇس، ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە خوتەننىڭ بۇ ئىككى ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ بازاردىن سىقىپ چىقىرىلغانلىقىنى، زاۋۇتلاردا توپ ـ توپى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ئاستا ـ ئاستا ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

تارىختىن قېپقالغان ھېچبىر ماتېرىيالدا، ھەتتا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ خوتەن رايونىدا توپا يېغىش ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرىنى ئۇچراتقان ئەمەسمىز. ھازىر ھايات بوۋايلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندىمۇ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرىلا خوتەن بوستانلىقىدا توپا يېغىش ھادىسىسى ئىنتايىن ئاز ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن رايونىغا قاتتىق ئاپەت بولغان توپا يېغىش ھادىسىسى بۇ يەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى تەبىئەت بىلەن بولغان ئىچكى مۇۋازىنىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى



ئاشكارىلاپ قويىدى.

دەرۋەقە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ يەردە ياشىغۇچى ئىنسانلارنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتىنىمۇ خېلى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان كۆنۈككەن تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئېكولوگىيە بىلەن بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىچكى بىرلىكنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاپئاق قارلىق چوققىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن پەسىللىك دەريا ـ تارامىلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى، قاغجىراپ تۇرغان تەكلىماكاننى قانداق سۇغىرىشنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار يەنە سۇسىز بوزلاردىكى كۆك ياتاقلارنىڭ ھۆل كۆتەكلىرىگە قوغۇن، تاۋۇز تېرىشنى ۋە چاك ـ چاك يېرىلغان چۆنەكلەردىن شېكەر تەملىك مېۋىلەرنى ئېلىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئەزەلدىن تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىپ باققان ئەمەس ئىدى. بەلكى تەبىئەتنى پەپىلەپ، سىلاپ، ئۇنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەنىدى، ئۇلار گەرچە ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان پايانسىز قۇملۇقلار ئارىسىدىكى چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى يېتىم، تەنھا ھېس قىلمىغانىدى، بەلكى ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، بارخانلارنىڭ ھەمراھى، سانجاق ـ سانجاق قۇملارنىڭ دانچىسى دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئۇلار سىرتتىن قارىماققا خىلۋەت، پىنھان ۋە زېرىكەرلىك كۆرۈنىدىغان بوستانلىق تۇرمۇشىنى ئاجايىپ رەڭدار ئىچكى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتقانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ھەر تەرەپلەردىن كېلىدىغان تۆگە كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇلار ئۆز

مۇقام كۈيلىرى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا، رىۋايەتلىرى بىلەن رېئاللىقنى بېزەشكە، يېشىللىق تۈيغۇسى بىلەن قۇرغاق مۇھىتنى ھۆلدەشكە كۆنۈككەنىدى. ئۇلار ئېتىقادىنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ يادروسى ھېسابلايتتى. ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ۋە ئىخلاسمەنلىك ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئادەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئۇلاردىكى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇنداق ئىخلاسمەنلىك تۈيغۇسى تارىختا بەزىبىر مەنىۋى پاجىئەلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شاھ مەشرەپ يەكەندىن خوتەنگە بارماقچى بولۇپ يولغا چىققىنىدا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن خەلقى «بىر ئەۋلىيا كېلەرمىش . . .» دەپ مەشرەپنىڭ يولىغا باش قويغان. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن شاھ مەشرەپ قاتتىق غەزەپ بىلەن: «ئېھ، ئازغۇن بەندىلەر، بىر ئاللانى قويۇپ مەندەك بىر بەندىگە باش قويۇپ چوقۇنۇشقا قايسى ئېتىقادىڭلار يول قويىدى! ؟» دېگىنىچە ئەڭ ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خوتەنگە قاراپ سىيگەنمىش. . .

شۇنداق، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئەقىدە قىزغىنلىقى بەزىدە ئۇلارنىڭ روھ تارىخىدىكى ئاچچىق تراگېدىيىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى، ئۇلاردا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ تېبابىتى قۇرۇق يىڭنە بىلەن قايىنىتىلغان دورىلارنى ئاساس قىلغان يىراق شەرق تېبابىتىگىمۇ، نوقۇل فىزىئولوگىيىلىك داۋالاش بىلەن خىمىيىۋى دورىلارنى ئاساس قىلغان غەرب تېبابىتىگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇلار تېبابەتنى تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئىچكى ئورگانىك بىرلىكىدە، تېخىمۇ توغرىسى روھ بىلەن تەننىڭ، مىزاج بىلەن خىلتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا كۆزەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز تېبابىتىگە ئىشىنەتتى. روھنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە



تېخىمۇ ئىشىنەتتى. ئاجايىپ نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى بوستانلىق ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئەپسۇسكى، XX ئەسىر ھەممە نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى. تەكلىماكاندىكى تەبىئىي فولكلور مۇزېيى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قاچانلاردىندۇر بۇيان بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشى غايىب بولدى. كېرىيىگە تەۋە دەريا بويى يېزىسى ئەسلىدە تەكلىماكاندىكى غايىۋى ئارال ئىدى. قەدىمكى كېرىيىلىكلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن مۇستەسنا قالغان بۇ غايىۋى ئارالدا 400 يىللىق رىۋايەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇلار ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىمغا كۆمۈلگەن تىندۇرما مەدەنىيىتىنى ئۆز رىتىمى بىلەن ساقلاپ كەلگەنىدى. تۇيۇقسىز بىر كۈنى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئادەملىرى بۇ ئارالنى بايقاپ قالدى. ئۇلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، چىشلىرىنى بىلەپ بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل باكتېرىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى، شۇنداق قىلىپ ئون يىل ئۆتمەيلا بۇ يەرنىڭ 400 يىللىق رىۋايەتلىك ھاياتى غايىب بولدى. خۇددى گارسىيە ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى ماكېندو بازىرى بۇ ئالەمدىن ئەبەدىي غايىب بولغاندەك، دەريا بويىنىڭ ئۆتمۈشىمۇ تەكلىماكان باغرىدىن مەڭگۈ غايىب بولدى. . .

بوستانلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئۆزىگە خاس تاللىشى ئىدى، بۇ خىل تاللاشقا بۇ يەرنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات يولى ئاساس قىلىنغانىدى، بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بويان تەبىئەت بىلەن ياتلىشىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت يولىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىغا: «زېمىننى سۆيۈڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئانىمىز!» دەپ تۇۋلىغانىدى. مانا بۈگۈن بىز ئاشۇ زېمىننى

دەسسەپ تۇرۇپ ئەجدادلار قالدۇرغان قەدىمكى مەدەنىيەت مۇزېيىنىڭ ئاستا - ئاستا خاراب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، كۈندىن كۈنگە قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان تارىم ئويمانلىقى پىچىرلىماقتا:

— ئېھ، ئادەملەر، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!

## 2. شەرق رىۋايەتلىرىگە كۆمۈلگەن دىيار

تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى سېھرىي كۆچى گۈپۈلدەپ تۇرغان بۇ قەدىمكى دىيار ئەسىرلەر بويى ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلەر قاينىمى ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن ھەيدىلىپ زېمىنغا دەسسىگەن ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن قۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىمۇ شەرق ۋە غەربتىكى ئىنسان تۇركۈملىرى ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىدى. مىلادىيە سىگنالى چېلىنىشتىن قانچە - قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا يىراق شەرق تېرىمچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانلىرىنى يىراقتىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىغا تەلپۈندۈردى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يىراقتىكى بۇ سىرلىق تاغ تىزمىسىنى زېمىننىڭ ئومۇرتقىسى، ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ كەلدى ھەمدە ئاشۇ خىل ئۆز مەركەزچىلىك تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە يىراق شەرق ئۇسلۇبىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە - يىلنامىلەر سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلار «كۇا فۇنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، «شى ۋاڭمۇنىڭ تەڭرىكۆلدە تۇرۇشى»، «خۇاڭدىنىڭ يۈينى ئەسىرگە ئېلىشى»، «چاڭ ئېنىڭ دورا ئوغرىلىشى» قاتارلىق بىر تۈركۈم فانتازىيىلىك تۈسى قويۇق بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە قۇرۇم تاغلىرىنى ھەدەپ ئىلاھلاشتۇردى. يىراقتىكى قۇرۇم تاغلىرىدا گۈزەل قەسىرلەر،



ئاجايىپ سارايلار، كۆركەم باغۇ ئىرەملەر ۋە كىشىنىڭ قەلبىنى لال قىلىدىغان مەنزىرىلەر بارمىش دەپ قاراشتى. ھەتتا ئۇلار قۇرۇم تاغلىرىدا ھەر خىل غەيرىي قۇۋۋەت ئۆسۈملۈكلىرى، خۇش پۇراق تەبىئىي كۆللىرى ۋە مۇزلۇقلار ئارىسىدا قىش - ياز ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان سىرلىق بۇلاقلىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ياسىغىلى بولارمىش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆز قەھرىمانلىرىدىن خۇاڭدىنى ئۇچار ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىش ئۈچۈن قۇرۇم تاغلىرىغا يولغا سالىدۇ. غەربىي بۇزرۇكۋار ئانا (شىۋاڭمۇ) قۇرۇم تاغلىرىدىكى تەڭرىكۆلدە ماكان تۇتىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، يىراق شەرق تۈزلەڭلىكلىرىدىكى تېرىمچىلار ئارىسىدا «قۇرۇم ئەپسانىلىرى» ھادىسىسى يۈز بەردى. قۇرۇم تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى سىرلىق بوستانلىق ئۈدۈن ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قاشتېشىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي جۇلاسى قوشۇلۇپ يىراق شەرقنى ھەيرەتتە قالدۇردى. ھەتتا بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئوكياندىكى ياپونىيە ئاراللىرىغىچە يېتىپ باردى.

يىراق شەرق ئەپسانىلىرى بەخش ئەتكەن قۇرۇم تاغلىرى ھەققىدىكى ھېكايە مۆتىفلىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ كىرىپ كەلدى. شائىر چۈي يۈەنئۆزىنىڭ «جۇدالىق زارى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

قېقنۇس قۇشى ھارۋامدۇر،
ئەجدىھانى ئات قىلدىم.
شامال بويلاپ سەيلىگە،
پەلەك ئۆزرە يول سالدىم.

ئەتىگەندە ساڭۇۋدىن،
چىققان ئىدىم سەپەرگە.
قۇرۇم تېغىدا تىك تۇرۇپ،
يىراققا نەزەر سالدىم. . .

تارىخچى سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2500 چاقىرىم بولۇپ، ئۇ قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى توسۇپ تۇرىدۇ، تاغنىڭ ئۈستىدە شەربەت بۇلىقى ۋە قاشتېشى كۆلى بار» دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر لى بەي، دۇ فۇلاردىن تارتىپ تاكى چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بىر قىسىم مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ غەربتىكى قۇرۇم تاغلىرى بىلەن ئۇدۇن ئېلى ھەققىدىكى بايانلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدى [1] . . .

بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپى دېڭىزى ئەتراپىدىكى بىپايان يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان ئارىيانلارنىڭ زور تىپتىكى كۆچۈش ۋەقەلىرى قەدىمكى ئاسىيا تارىخىدا غايەت زور داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. توران تۈزلەڭلىكىنىڭ سوغۇق تۈنلىرىدە تۈنجى بولۇپ ئاتنى كۆندۈرگەن ئورا كۆز، قاڭشارلىق، بۇرۇت ـ ساقاللىق بۇ تەمبەل كىشىلەر مەركىزىي ئاسىيادىن ھەر تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقتى. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىككىگە بۆلۈندى ـ دە، غەربىي بۆلىكى ئىرانغا، جەنۇبىي بۆلىكى ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى.

[1] «گۆھەر زېمىن خوتەن»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 344 ـ بەت.



ئارىيان ـ سىكتاي (سىكىف ـ ساك) قوۋملىرىنىڭ يەنە بىر بۆلىكى تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا يەرلەشتى. ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، قۇياشقا تېۋىنىدىغان بۇ ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن تاكى قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى كەڭسۇ داللىرىغىچە يېتىپ باردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. مىلادىيە V ئەسىردىن ئىتىبارەن، تۈركلەر (قەدىمكى خوتەن ساك تېكىستلىرىدا Druggu دەپ يېزىلغان) نىڭ خوتەن رايونىغا بولغان تەسىرى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلىشىپ باردى [1] . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، IX — X ئەسىرلەر ئەتراپىدا خوتەن رايونىدا تۈركىي ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى خوتەن ساك مەدەنىيىتى قاتلىمى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆپ قاتلاملىق جەنۇبىي تارىم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

دەرۋەقە، خوتەن بوستانلىقى ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىغا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ رەڭگارەڭ خۇرچىلىرىنى سىڭدۈرۈپ تاشلىدى. بىز ئۇنىڭ سىرتىدىن قارىماققا جىمجىت، بۇرۇقتۇم كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچكى دۇنياسى ئويغاق ھالەتتىكى بوستانلىق گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى؛ تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ تۇرغان يېرىم گەۋدىسى ئىچىدە قەدىمكى مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «خوتەن ناھايىتى

[1] خ. ۋ. بەيلى: «خوتەن ساك تېكىستلىرى»، 1961 ـ يىلى لوندون، ئېنگلىزچە نەشرى، 4 ـ توم، كىرىش سۆز قىسمى.

ئۇزاق يىللىق ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ھايات سەھنىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بىلەن قىياتاش سىزمىلىرى بىزگە ھەر خىل تارىخىي قاتلامدىكى يىراق ھايات مېلودىيىسىنىڭ غوۋا ئىنفورماتسىيىلىرىنى داۋاملىق يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. ئاندىرسىننىڭ چۆچەكلىرىدىكى يېرىم بەدىنى بېلىق بولۇپ قالغان ساھىبجامال قىزدەك يېرىم گەۋدىسى قۇم دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ماكاننىڭ يىراق تارىخى داۋاملىق ئايدىڭلىشىشنى كۈتمەكتە» ①.

بۈگۈنكى كۈندە رىۋايەت تۈسىنى تېخىچە يوقاتمىغان بۇ تەنھا ھالەتتىكى بوستانلىقلار گەۋدىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆزەتسەك، ئۇلارنىڭ تىنىپ كەتكەن ئىچكى ئېقىنىدىن يىراق ئۆتمۈش بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بىر چەكسىز ھالەتنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئۇلار مۇشۇ چەكلىك بوستانلىقلاردا ياشاپ، چەكسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، قۇرغاق ۋە قاغجىرىغان مۇھىتنى ھەر ۋاقىت گۈزەل فانتازىيە بىلەن نەمدەشكە، كىچىك ۋە تار دائىرىدىكى ئىمكانىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇراق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا كۆنۈككەنىدى.

ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە ئورتاق بولغان قان تىپى، قان ھۆجەيرىسى ۋە قان توقۇلمىلىرى بولۇشتىن سىرت، يەنە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ساكلىرىنىڭ ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس قان ھۆجەيرىلىرى ساقلانغانىدى. شۇڭىمۇ شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ «خوتەن ئاھۇلىرى»، «خوتەن زىبالىرى»، «خوتەن سەنەملىرى» ۋە «خوتەن گۈزەللىرى» قاتارلىق قېلىپلاشقان ئىبارىلەرنى ئۆز شېئىرلىرىدا تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئېلىپ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل، 4 ـ سان.



بېرىلغان ئانتروپولوگىيە ۋە ئىرقشۇناسلىققا ئائىت تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسى ۋە باش سۆڭەكلىرىدە سېرىق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىگە ئوخشاشمىغان ھالدا، روشەن ھالدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ـ كافكاز ـ ئافغان تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقى ئېنىقلانغان. بۇ ھال بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدىكى كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ھالىتىنى يەنىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

ھىندى ـ ساك تىلى تەتقىقاتچىلىرى خوتەن رايونىنى بىر دەۋر قەدىمكى ئۆلگەن تىل ـ يېزىقلارنىڭ سىرلىق ماكانى دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە خوتەن دىئالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى بېيىتقان، راۋاجلاندۇرغان مۇھىم بىر شېۋە رايونى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۆلگەن تىللارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان رايوندۇر. «تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىر قانچە خىل دىن ۋە بىر قانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىر قانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭمۇ ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى مەلۇم... خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئارىلىشىش قاتلىمى يۈز بەرگەن جايلارنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن دىئالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ ئىزلىرى دېيىشكە بولىدۇ» ①.

ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن بوستانلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەر ـ جاي ناملىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر توپونومىيە ئىلمى ئۈچۈن يەنىمۇ يېشىلمىگەن سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. خوتەن رايونىدا باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى يەر ناملىرى

① مىرسۇلتان ئوسمانوف: «خوتەن دىئالېكتىكىنىڭ ئاق ھون قاتلىمى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىل، 4 ـ سان.

بىلەن ئورتاقلىقى بولغان خېلى بىر قىسىم خاس ناملاردىن تاشقىرى، تۈركولوگىيە ئىلمىغا تايىنىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان زور بىر تۈركۈم يەر - جاي ناملىرى ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە «a»، «o»، «u»، «i» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلىشىدىغان خاس يەر ناملىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، خوتەن رايونىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئېتنىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن «a» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر - جاي ناملىرىدىن گۇما، نىيا، چىرا، بۇيا، ناۋا، جىيا، زاۋا، توخۇلا، كۇيا، گۇلاخما، ياۋا، پىشنا، مۇكۇيلا، پىيالما، رۇكىيا، مۇغاللا، چۇناقلا، تاقايلا، پۇكا، كامپا، يىلۋا، بۇدا، زىۋا، سوپلا، چورۇقلا، كېتىكلا، توساللا، سامپۇلا، دۇۋا، چۇدا، كۇلا، لاڭقا، پايكا، چوكلا، سوما، پۇخۇندا، دۇۋۇلا، كاسا، چاقما، ساۋا، پوسكا، چوتلا، گۇرا، گولا، سولۋا، گاپا، شىينا، سالجا، خادا، ئويلا، ساڭا، گىجا، كۇۋا، جالا، ھاڭگىيا قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق يەر نامى ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھاڭگىي، زاڭگۇي، لاسگۇي، گادۇي، كۇسۇي قاتارلىق «uy-» بوغۇمى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر ناملىرى بىلەن دامىكۇ، سانجۇ، لاڭرۇ قاتارلىق «u» سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان يەر - جاي ناملىرى خېلىلا سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ھال خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە قاتلىمىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

خوتەن بوستانلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قۇرۇم تاغلىرى رىۋايەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىمۇ قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جەننىتى بولۇپ كەلگەنىدى. قۇرۇم تاغلىرىنىڭ خوتەن تەۋەسىدىكى بۆلىكىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىپار كېيىك ئۆزىنىڭ كىندىكىدە ساقلايدىغان خۇش پۇراق ئىپارى بىلەن شەرق ئەللىرىگە مەشھۇر ئىدى. ئىپار



كېيىك بۇگۇنكى كۈندە تىبەت بۆكىنى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئەينى چاغدا يىپەك يولىنىڭ تىنىمسىز ئۇچۇرلىرى خۇددى قاشتېشىغا ئوخشاشلا خوتەننىڭ ئىپار كېيىكىنىمۇ سېھرىي تۈسى قويۇق بولغان رىۋايەتلىك تىمىغا ئايلاندۇردى. قانچىلىغان شەرق شائىرلىرى «خوتەن مۇشكى» ھەققىدە تالاي مىسرالارنى يازدى. «خوتەن مۇشكى» ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا «لەئلى بەدەخشان» (بەدەخشاننىڭ قىزىل ياقۇتى) كەبى يارنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەيدىغان ھەممىگە تونۇشلۇق سىمۋولغا ئايلاندى. ھافىز شىرازى:

ياغدى ئېتەكلەردىن گۈلاپ، ھەيران ئىرۇرمەنكى سەبا،
ئۆتكەن يولۇڭ تۇپراقلىرى قىلما نىچۈن مۇشكى خوتەن.

دەپ يازسا، ئاتايى ئۆز غەزەللىرىدە:

كۆزۈمكى سۆيدى يۈزۈڭنى مىڭ ئېتىقادى بىلە،
كۆرەر بۇ مۇشكى خوتەننى ساچىڭ ساۋادى بىلەن.

دەپ خىتاب قىلدى. بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ:

تۈركىي خوتەن، ياپتى چۇ زىبا جەمال،
مۇشكى فىشانا بولدى نەسمى شامال.

دەپ يازدى. نەۋائى يەنە ئۆزىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمىنىڭ كۆپلىگەن مىسرالىرىدا، «خەمسە» تەركىبىدىكى «فەرھاد - شېرىن»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلىرىدا «خوتەن تېمىسى»غا زور ھۆرمەت ۋە تەڭداشسىز ئىپتىخار بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتەن

تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قوياشقا، جەننەتتىن ئۈستۈن راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ - دالىلار ۋە ئىپار كېيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ»[1].

شۇنداق قىلىپ، خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر يىپەك يولى بويلاپ يىراق - يىراقلارغا تارقالدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىمۇ بۇ يەرگە شەرق ۋە غەربتىكى ئەللەرنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى توشۇپ تۇردى. بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى بۇ يەرنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئوچىقىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ سەنئەت تۇيغۇلىرىنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئۆركەشلەپ تۇرغان بۇ ماھىر رەسساملار تۇرلۇك - تۈمەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى بىلەن يۇڭ توقۇلمىلارغا ئاجايىپ كۆركەم سۈرەتلەرنى چۈشۈردى. خوتەن رەسساملىرىدىن ۋىسارا پۇچىنا بىلەن ۋىسارا ئىراسانگانىڭ شۆھرىتى شەرقتىكى كۆپلىگەن بۇددىزم ئەللىرىگە تارقالدى. ھەيكەلتىراشلار ماھىر قوللىرىغا تايىنىپ ئۆزلىرى ياسىغان ئادەم ھەيكەللىرىگە خوتەن كىشىلىرىنىڭ پورترېتى ۋە روھىي دۇنياسىنى نەقىشلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يەنە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىدىكى قويۇق رومانتىكا بىلەن گرېك سەنئىتىدىكى گارمونىك تۇيغۇنىمۇ جىپسىلاشتۇردى.

تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى، قۇرۇم تاغلىرى ئېتىكىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىق تېخى ئۆزىنىڭ رىۋايەتلىك تارىخىدىن

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» — بۇلاق ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 4 - سان.



ئادا - جۇدا بولالمىدى. ئۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقى كۆمۈپ تۇرغان يېرىم گەۋدىسى ئىچىدىكى قايناق ئۆتمۈشى ھېلىھەم دۇنيا خەلقىنى قىزىقتۇرماقتا. شۇنداق، خوتەن — ئۇزاق ئاسىيا باياۋانلىرىدىكى تېخى ئاخىرلاشمىغان بىر گۈزەل رىۋايەت! خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغىنىدەك: «ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار ھېكمەت دىيارى. خوتەن ئۆز بېشىدىن ئەڭ دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. خوتەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەنلا ئىپادىلەپ تاماملىغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى زامان يېڭى ئەدەبىياتى قەلەمكەشلىرىمۇ بۇ گۈزەل ماكان ھەققىدە كۆپلەپ ئەمگەك سىڭدۇرۇشتى. ئەمما، خوتەن — ئەبەدىيلىك، پۈتمەس - تۈگىمەس ئۇلۇغۋار تېماتىكا!»[1].

## 3. دەريا بويى: قەدىمكى مەدەنىيەت ئارىلىنىڭ بايقىلىشى ۋە بەربات بولۇشى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كېرىيە بوستانلىقىدا ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتى بىلەن بوستانلىقلار سىغىمچانلىقى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئاھالىلەر يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەپ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىن باشلىنىپ كېرىيە بوستانلىقى ئارقىلىق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ تىنىماي ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسى بۇ قۇرغاق ماكاننىڭ كىلىماتىنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ تۇراتتى.

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 4 - سان.

كېرىيە بوستانلىقى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلار بىلەن قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشى ئىدى. كېرىيىلىكلەر ئەلمىساقتىن بۇيان يىراقتىكى قارلىق تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان دەريا سۈيىنى قەدىرلەپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكاننىڭ بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى، بوستانلىقلار بىلەن قۇملۇقلارنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا دەريا سۈيىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى.

ئىمكانىيەت بولسىلا بوستانلىق بەرپا قىلىش ۋە يېڭى ھاياتلىق مۇھىتى يارىتىش قۇملۇق خەلقىنىڭ دائىملىق ئارزۇسى ئىدى. بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى ئاھالىلەرنىڭ نىسبىتىنى سىغدۇرالمىغان ھامان ئۇلار سىرتقا قاراپ ئاقاتتى ۋە دەريا - تاراملارنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ يېڭى بوستانلىقلارنى ئىزدەيتتى. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يۇلتۇزلاردەك تارالغان چوڭ - كىچىك بوستانلىقلار مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانىدى.

بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن بىر توپ كېرىيىلىكلەر مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ دەريا يۆنىلىشى بويىچە تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېڭى بوستانلىق تېپىشتەك بۈيۈك ئىستەك لاۋۇلداپ تۇراتتى. ئۇلار تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بوستانلىق — جاي كەنتىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دەريا يۆنىلىشىنى يىتتۇرۇپ قويۇشتى. بىر خىلدا لۆمشۈپ ئاقىدىغان كېرىيە دەرياسى بۇ يەرگە كەلگەندە ئەتراپقا تارىلىپ، چەكسىز قۇم باغرىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەمدى نە دەريا، نە توغراق - يۇلغۇن، نە ئۇچار قۇشلار كۆرۈنمەيتتى. بىپايان قۇملۇق، بىر - بىرىگە مىڭگىشىپ كەتكەن بارخانلار ۋە يالتىراپ تۇرغان قوياش نۇرىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.



سۇ مەنبەسىدىن ئايرىلىشتەك بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىچكى خاتىرجەمسىزلىك سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يولدىن توختاپ قالمىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ قورقۇنچلۇق سەپەرگە ئاللىقاچان تەۋەككۇل قىلغانىدى. ھامان بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا غايىۋى بوستانلىق كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىغاندەك، يېپيېڭى بىر ھاياتلىق ماكانىغا قايتا ئېرىشىدىغاندەك بىر گۈزەل تۇيغۇ ئۇلارنى ئالغا ئۈندەيتتى.

ئۇلار توختىماي ئالغا قاراپ مېڭىشتى، غايەت زور قۇم دېڭىزىنى كېچىپ، بارخانلارنى ئاتلىدى، قەدىمكى خوتەنلىكلەرگە خاس جاھىللىق ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشتەك روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. تەجرىبىلىك ئاقساقاللىرى بىلەن ماھىر پادىچىلىرىنىڭ قۇمغا سىڭىپ كەتكەن دەريا سۈيى ھامان بىر جايدىن سىرغىپ چىقىدۇ، دېگەن قىياسلىرىغا شەكسىز ئىشەندى. شۇنچىلىك ماڭسىمۇ قۇملۇق تۈگىمىدى، ئەكسىچە ئادەملەرنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەشكە باشلىدى. ئۇلار ھاردى، چارچىدى، ئۇسسىدى، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى، نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقالمىدى.

تونۇر ئوتىدەك ئاپتاپ، قۇرغاق ھاۋا، سۇررەڭ قۇملۇق، پايانسىز چۆل ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىنلا خورىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي جەھەتتىمۇ سولدۇردى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغانىدى. ئەجەبا، ئۇلارنىڭ قىياسى خاتا بولۇپ قالغانمىدۇ، قۇمغا سىڭىپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ سۈيى زادى نەگە كەتتى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە سۈلۈق كۆلچەكلەر، پايانسىز توغراقلىقلار، كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇقلار بارمىش دېگەن رىۋايەتلىرى قۇرۇق گەپمىدۇ!؟...

ئۇلار — كېرىيىلىك ماھىر چارۋىچىلار تۇنجى قېتىم

ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق تاللىشىدىن گۇمانلاندى، بىر ئۆمۈر قۇملۇق تۇرمۇشىدىن جۇغلىغان تەجرىبىلىرىدىن شۇبھىلەندى. بۇ پايانسىز قۇملۇق ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگىچە تۇتۇشۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ھەزرىتى مۇسامۇ ئىسرائىل قوۋمىنى باشلاپ كەنئان چۆللۈكىدىن چىقىپ پەلەستىنگە يېتىپ بارالىغانغۇ!؟ تەڭرى ئۇلارغىمۇ بىر چىقىش يولى بەرمەسمۇ؟

سوئاللار چەكسىز، جاۋابلار ئازابلىق ئىدى. ئۇلار رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئەڭ قاتتىق سىناقلىرىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە — يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش بارخانلار ئۈستىگە باش قويغان، زېمىن شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن بىر دەقىقىدە — ئۈمىد تۇغۇلدى! بىر قۇش غاقىلدىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئالدى تەرەپتىكى بارخانلار كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— سۇ، بوستانلىق، ھاياتلىق!!!

نىمجان بولۇپ قۇم دۆۋىلىرىگە يېقىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ پوت ـ قوللىرىغا جان كىردى. ئۇلار ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ھېلىقى قۇش ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كەلدى. تومۇرلىرىدا قانلىرى قايتا ئۇرغىدى، قەلبىدىكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى تاراپ كەتتى. شۇنداق، ئۇچار قۇش سۇدىن، بوستانلىقتىن، ھاياتلىقتىن نىشان بەرمەكتە! قۇش ئۇچۇپ كەتكەن يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسىلا ئۇلار چوقۇم ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ...

ئۇلار قانچىلىك ماڭغانلىقىنى بىلمىدى، گاھ يۈگۈردى، گاھ ئۆمىلىدى، گاھ دومىلىدى... ئاخىر دېگەندەك يىراقتىن ياپيېشىل بوستانلىق كۆرۈندى!

بۇ جاي تەكلىماكاندىكى بىر سىرلىق مۆجىزە ئىدى. كېرىيە دەرياسى قۇملۇققا سىڭىپ، يەر تېگىدە نەچچە يۈز چاقىرىم



سىرغىپ ئاققاندىن كېيىن، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدا يەر يۈزىگە چىققانىدى. بۇ يەردىكى كۆللەردە، ساسلىقلاردا ۋە تەبىئىي بۇلاقلاردا تىنماي سىرغىپ تۇرغان سۇلار بۈك ـ باراقسان يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغانىدى. توغراقلىقلار نەچچە ئون كىلومېتىر دائىرىگە سوزۇلاتتى. كۆز يەتكۈسىز يۇلغۇنلار بىر خىلدا قىزىرىپ تۇراتتى. كىچىك كۆلچەكلەردە بېلىقلار تىنىمسىز پىلتىڭلايتتى. توغراقلىقلاردا تۈرلۈك ئۇچار قۇشلار سايرىشاتتى، ئوتلاقلاردا كېيىك، جەرەن، ياۋا ئۆچكە ۋە توشقانلار توپ ـ توپى بىلەن خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرەتتى...

ئۇلار ھايات ـ ماماتلىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر تەكلىماكان قوينىدىكى بۇ يېشىل ئارالنى بايقاشتى، مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەر ئاخىرلاشتى. بۇ يەردىكى تىنچ، پىنھان ۋە خاتىرجەم ھايات ئۇلارغا قۇچاق ئاچتى. ئۇلار بۇ يەرگە «دەريا بويى» دەپ نام بەردى. ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ۋەتىنىنى قۇرۇشقا باشلىدى، تەكلىماكاندىكى بۇ سىرلىق ۋەتەندە قەدىمكى خوتەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئۆلگىلىرى ناھايىتى تېزلا يىلتىز تارتتى. تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ماھىر ئاشۇ پادىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچان ئەۋلادلىرى بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان ھاياتلىق چەمبىرىكى قۇرۇپ چىقتى. زور كۈچ بىلەن مال ـ چارۋىلارنى كۆپەيتتى، توغراقلارنى كېسىپ يېڭى ئۆيلەرنى سالدى. قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بوستانلىقنى قانداق ئاسراشنى، تەبىئىي مۇھىتقا قانداق ماسلىشىشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

پۈتۈن دۇنيا ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى جەننىتىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇلار تەكلىماكاندىكى بۇ تەنھا ۋەتەندە تۇرۇپ دۇنيانى ۋە ئالەمدىكى كىشىلەرنى ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكىنى

قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئىجتىمائىي بىرلىكتە ئىنساپ، ئىمان، ئەخلاق ۋە قېرىنداشلىق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى قىلىنغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكىدىكى ئاقساقاللىغا بويسۇناتتى، جەمەت ئاقساقاللىمۇ ئۆز جەمەتىدىكى ئەزالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش، ماددىي بايلىق يارىتىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىنمۇ بۈيۈك بۇرچ يوق ئىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇنقى كېرىيە خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ساددا ۋە ساپ قاراشلىرى ئارقىلىق راۋاجلاندۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي بىرلىكىدە بىر خىل ساپ ھالەتتىكى ئەخلاقىي مىزان ۋە شەرىئەت پرىنسىپلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار ئەزەلدىنلا ئوغرىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، زالىملىق، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار قىلمىشلارنى بىلمەيتتى. ئادەملەر ئارا ۋاپادارلىق، راستچىللىق، نومۇس، غۇرۇر ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئەڭ گۈزەل كىشىلىك پەزىلەت دەپ قارايتتى. زامانىۋى جەمئىيەتتىكى باش - ئاخىرى يوق زىددىيەتلەر، باش قېتىمچىلىقلار، ئادەملەر ئارا ساختا مۇناسىۋەتلەر بۇ يەردە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاددىي كەپىلەردە يېتىپ، ئاي دالىلاردا تۈنەپ، جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگىنى بىلەن ئۆزلىرىنى دائىم ئەركىن، خۇشال ۋە خاتىرجەم سېزەتتى. تەبىئىي ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى، خىمىيىۋى تەركىبى بولمىغان ئىشقارسىز مەھسۇلاتلارنى ئىستېمال قىلغاچقا، ئۇلار ناھايىتى ساغلام ۋە بەستلىك ئىدى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى. 100 ياشتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى گويا تۇغما تېۋىپلاردەك ئادەم بەدىنى ۋە روھى دۇنياسىنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن



بولغان ئىچكى بىرلىكىنى ئاجايىپ ئوبدان چۈشىنەتتى. كېلىماتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى، تەبىئەتنىڭ ھالىتى ۋە تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىزاج - خىلىتلىرىنى قانداق تەڭشەشنى، ئىچكى كېسەللىكلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ گارمونىك بىرلىكىنى قانداق ساقلاشنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئۇلارنىڭ جاپالىق پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا بۇ بوستانلىقتا سان - ساناقسىز مال - چارۋىلار توپى ھاسىل بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك مال - چارۋىسى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئەزەلدىن مال - چارۋىلىرىنى ساناپ كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. بۇ يەردە باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ھاشار، بۇيرۇق، جەرىمانە دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ھېچكىم ھېچنېمىگە مەجبۇرلىمايتتى، بەلكى ئۇلار ھەممە ئىشتا ئاڭلىق، مەسئۇلىيەتچان ئىدى. چوڭلار ھۆرمەتكە، كىچىكلەر ئىززەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۆڭلۈك جامائەتچىلىك ئېڭى مەۋجۇت ئىدى. ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قوياتتى.

ئۇلار زېمىنىنى سۆيەتتى، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلاتتى، سۇ مەنبەلىرىنى قەدىرلەيتتى. ھەربىر تامچە سۇنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ھەر بىر تۈپ توغراقنىڭ قانچىلىك قۇمنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇلار بۇ زېمىننىڭ يارىلىشىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئالەمدىكى جىمى شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغانلىقىنى، تاغ، دەريا، قۇملۇق، بوستانلىق ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، زېمىننىڭ

قوغدىغۇچىسى، بوستانلىقلارنىڭ خوجايىنى دەپ قارايتتى.

شۇنداق قىلىپ، كۆنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتمۈەردى. تەكلىماكان چۆلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بۇ تەنھا بوستانلىق جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۆز مۇقامى بويىچە كېتىۋەردى. بۇ يەردىكى ئادەملەرمۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلدى. دۇنيا ئۇلار ئۇچۇن 400 يىل بۇرۇن قانداق ھالەتتە بولسا، ھازىر شۇنداق ئىدى. چەكلىك دائىرىدىكى بوستانلىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىپايان قۇملۇق، ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان ئاسمان گۈمبىزى... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ دۇنياسى ئىدى.

400 يىلدىن بۇيان، دۇنيادا تالاي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىنسانىيەت يېڭى دېڭىز مەدەنىيىتى يارىتىپ، سانائەت دەۋرىگە كىرىپ كەلدى، ئامېرىكا قىتئەسى بايقالدى. مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاخىرلىشىپ، شەرقتىكى كۆپلىگەن ئەللەردە مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى غەلىبە قىلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى، ئىنسانىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاي شارىغا چىقتى... ۋاھالەنكى، تەكلىماكاندىكى بۇ تەنھا ئارالدا ياشاپ كەلگەن ئاشۇ كىشىلەر يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ھېچقايسىنى ئۇقمايتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆز ئەتراپىدىكى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان قانچىلىغان قىسمەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، بىر قانچىلىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ تەختكە چىقىپ، يەنە بىر قانچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ خوتەندىكى زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى، يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، دېگەن ناملاردىكى دەبدەبىلىك سىياسىي شوئارلانى ئۇقمايتتى...

ئۇلار — تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئاشۇ



ئاقكۆڭۈل كىشىلەر تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى خىلۋەت بوستانلىقتا يېقىنقى زاماننىڭ 400 يىلىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن تىندۇرما مەدەنىيىتىنى ئۆز رېتىمى بىلەن ساقلاپ كەلگەنىدى. بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ، تېخىمۇ توغرىسى خوتەن خەلقىنىڭ 400 يىلدىن بۇرۇنقى ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەقىدە - ئۇدۇملىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا، روھىي دۇنياسىدا زامانىۋى جەمئىيەتتىن ئەبەدىي تاپقىلى بولمايدىغان گۈزەل نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يىراق ئۆتمۈشكە تۇتىشىپ كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق، تىنىق ساماغا تاراپ كەتكەن بىر پاكلىق ھەمدە ھايات گۈزەللىكى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەن ساپلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي بىرلىكى، دىنىي قارىشى، تىل ئالاھىدىلىكى پىسخىك دۇنياسى قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تېخى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ يەردىن ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل روھ ئەۋرىشكىلىرىنى تاپقىلى بولاتتى.

قىسقىسى، بۇ جاي تەكلىماكاندىكى تەبىئىي فولكلور مۇزېيى ئىدى. بۇ يەرگە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراقلىرىمۇ، بازار ئىگىلىكىنىڭ پايدا ۋە مەنپەئەتنى قوغلىشىدىغان چۇقان - سۈرەنلىرىمۇ ، بۈگۈنكى ئادەملەرنىڭ زىددىيەتكە، رىقابەتكە تولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلىرىمۇ يېتىپ بارمىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىلۋەت جەننىتىدە تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ 400 يىل پىنھان ياشىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئارىلىدا تۇرۇپ پۈتۈن دۇنيانى ۋە ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. دۇنيانىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ياتلىشىپ كەتكەنلىكىنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلار دۇنيا غايەت زور

ئۆزگىرىشلەرگە تولغان يېقىنقى زامان تارىخىدا، تەكلىماكاندىكى «ئەسھابۇل كەھف»تە رىۋايەتلىك 400 يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى.

ئۇلار بۇ يەردە زادى قانچىلىك ياشىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. پەقەت ئېسىدە ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغان كېرىيە بوستانلىقى ھەققىدىكى غۇۋا خاتىرىلىرىلا ساقلىنىپ قالغانىدى، تۇيۇقسىز بىر كۈنى بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك تارىخى بۇزۇپ تاشلاندى. مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ئاشۇ ئادەملىرى بۇ ئارالنى ئاخىر بايقاپ قالدى. بۇ دەل XX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكى ئىدى!

شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى تەبىئىي ھاياتلىق ئارىلى — دەريا بويى ئاخىر «بايقالدى». مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرى شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، چىشلىرىنى بىلەپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى، دۇنيادا تېخى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان بۇنداق ياخشى جاينىڭ بارلىقىدىن ھەيران بولۇشتى.

دەريا بويىدىكى بۇ ساددا خەلقلەرمۇ 400 يىلدىن كېيىن كۆرگەن بۇ تۇنجى ئادەملەردىن چەكسىز ھاياجانلاندى. ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇشتى، دۇنيانىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇلار بۇ يېڭى مېھمانلارنى ئەڭ ياخشى نەرسىلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئادەملەرگە قانچىلىك تەشنا بولغانلىقىنى، ئادەملەرسىز بۇ دۇنيانىڭ جىمى گۈزەللىكىنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. . .

ئەپسۇسكى، بۇ يېڭى مېھمانلارنىڭ ئويلايدىغىنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالغان بۇ ساھىبخانلارنىڭ ئاجايىپ ساددىلىقىدىن، ئاق



كۆڭۈللۈكىدىن ئىچىدە كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ تەملىك كاۋاپلىرىنى، قېرىنغا قاچىلاپ قوقاستا پىشۇرغان ئالاھىدە گۆش تائاملىرىنى، ئۆزگىچە كۆمەچلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ تۇرۇپ ئۇلاردىن قانداق پايدىلارنى ئۈندۈرۈۋېلىشنىڭ چوتىنى سوقۇشماقتا ئىدى. . .

ئۇلار بۇ يەردە يەتكۈچە مېھمان بولۇشتى، يېدى، ئىچتى، خۇددى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا تۇنجى نۆۋەت يېتىپ بارغان «ماي گۈلى» ناملىق يەلكەنلىك كېمىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئاق كۆڭۈل ئىندىئانلارنىڭ نېمەتلىرىنى قانداق ئىشتىھا بىلەن يېگەن بولسا، ئۇلارمۇ دەريا بويىلىقلارنىڭ نەرسىلىرىنى شۇنداق ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى، ئەتراپقا تويماي بېقىشتى. بۇ يەرنىڭ ئوتلاقلىرىنى، كۆللىرىنى، توغراق ، يۇلغۇنلىرىنى، قوي پادىلىرىنى، ياۋايى ھايۋانلىرىنى، چىرايلىق قىزلىرىنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا گاراڭ بولۇشتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى، ھېلىقى تۇنجى مېھمانلار تېخىمۇ كۆپ مېھمانلارنى باشلاپ كېلىشتى. تۈركۈم - تۈركۈم يات ئادەملەر قاياقلاردىندۇر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ يەردىكى ئادەملەردىن بىر مۇنچە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش كېرەكلىكى» ھەققىدە ئۇلار زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلىشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يەرگە گۈركىرەپ ماشىنىلار يېتىپ كېلىشتى. تۆمۈر قالپاق كىيگەن بىر مۇنچىلىغان كىشىلەر نامەلۇم بىر سۈيۈقلۇقنى ئىزدەشكە كىرىشتى. بىر ئوچۇم كىشىلەر يېزىلىق ھۆكۈمەت، ئاشلىق پونكىتى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، رادىئو ئۇزېلى، سودا دۇكىنى دېگەندەك غەلىتە ناملار بىلەن ئاتالغان قۇرۇلۇشلارنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەزەلدىن پالتا تېگىپ باقمىغان توغراقلارنى كېسىشتى، ئوتلاقلارنى بۇزۇشتى، ئادەملەردىن

زادىلا ئۇركۇپ باقمىغان جەرەن ۋە توشقانلارنى قالايمىقان ئوۋلاشتى. «توشقان زەدىكى» دەپ ئاتالغان قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلەرنى بىر - بىرلەپ يۇلۇپ كېتىشتى. . .

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۈنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى. دەريا بويىدىكى بۇ قەدىمكى خەلق كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلار قانچە قىلىپمۇ بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى. ئۆزلىرى بىلەن سىرتقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ شۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى. ئۇلار ئەزەلدىن دەريا بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ساناپ باقمىغانىدى ھەم ساناپ بېقىشنىمۇ ئويلىمىغانىدى. ئەمما بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ 800 دىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشتى ھەمدە ھەربىر كىشىنىڭ رويخېتىنى تۇرغۇزدى، ئەمدى بۇ يەردە ئۇلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يىغىنلار، يىغىلىشلار، شوئار - چاقىرىقلار، بۇيرۇق - پەتىۋالار، ئالۋاڭ - ھاشارلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ خاتىرجەم، تىنچ ۋە دەخلىسىز تۇرمۇشى بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي بىرلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاستا - ئاستا خىرىسقا ئۇچرىدى. ئىلگىرى ئۇلارنى پۈتۈن دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغان 230 كىلومېترلىق چوڭ قۇملۇق ئەمدىلىكتە ھېچقانچە توسالغۇ بولۇپ قالالمىغانىدى.

تەكلىماكان قوينىدىكى بۇ سىرلىق بوستانلىق ئەنە شۇنداق بايقالدى، ھازىرقى زاماننىڭ مەدەنىيەتلىك ئادەملىرى بۇ تەنھا ئارالنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشىنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى. 400 يىل ئۆز ئالدىغا ياشاپ كەلگەن، دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ ئادەملەر ئەنە شۇ پىنھان كەچۈرمىشلەر بىلەن ھازىرقى زامانغا قايتىپ كەلدى.



ئارىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ توختاۋسىز قەدىمى دەريا بويىنىڭ قەدىمى ئەنئەنىلەرگە باي سېھرىي كۈچىنى خورىتىپ باردى، بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى بېكىك ھالەتتىكى قەدىمكى مەدەنىيەت چەمبىرىكىمۇ بارغانسېرى تارىيىپ باردى. ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇخىل زامانىۋى باكتېرىيىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. . .

شۇنداق، قويۇق رىۋايەتلەرگە پۈركەلگەن ئۆتمۈش غايىپ بولدى. خۇددى ئالەم كېمىسىنىڭ ئاي شارىغا قونۇشى ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئاي ھەققىدىكى گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقىتىۋەتكىنىدەك، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ دەريا بويىغا يوپۇرۇلۇپ بېرىشى ۋە بۇ يەرنى قايتا قۇرۇشىمۇ بۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ساياھىتىدىكى ئالاھىدە تارتىش كۈچىنى بەربات قىلدى. قەدىمكى پارلاق ئارىم مەدەنىيىتىنىڭ تەكلىماكاندىكى بۇ جانلىق كۆزنىكى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا ئەنە شۇنداق غايىپ بولدى. . .

ئەمدىلىكتە دەريا بويىدىكى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەكلىماكاندىكى جەننىتىنىڭ ئەبەدىي غايىپ بولغانلىقىنى، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىلگىرى كۆنۈككەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئادەم، دۇنيا، ھايات، ئەقىدە، ئەخلاق دېگەن ئۇقۇملارنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن گۇمانلاندى. شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاشۇ رەھىمسىز توقۇنۇشتا قانداق تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى باشقىدىن چۈشەندى.

دەريا بويى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتىدىن مەھرۇم

بولدى. تەكلىماكاندىكى تەبىئىي ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. 400 يىلدىن بۇيان قۇلۇپ سېلىنمىغان ئۆيلەرگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولدى. ئادەملەر بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئىش - ھەرىكەتتە ئېھتىياتچانلىق قىلىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە شەخسىي مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان بولۇشتى. 400 يىلدىن بېرى ئادەم دىدارىنى سېغىنىپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەملەردىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. سىرتتىن كەلگەن ئادەملەر ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاماكا، نەشە ، ھاراق ۋە باشقا غىدىقلىغۇچى ئېچىملىكلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى تەگمىگەن جايلار ئاز قالدى، ئۆسۈملۈكلەر، ئورمانلار، ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار، قوي - پادىلار خوراشقا باشلىدى. مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ تۇرمۇش رىقابىتى ۋە ئىچكى ۋەھىمىسى ئاستا - ئاستا بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى. . .

شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى بۇ مەدەنىيەت كۆزنىكى قانداق تۇيۇقسىز بايقالغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىزلا بەربات بولۇشقا باشلىدى. قەدىمكى كېرىيىلىكلەرنىڭ دەريا بويىدىكى 400 يىللىق رىۋايەتلىك ھاياتى مەڭگۈ بىر چۈش بولۇپ قالدى. تەكلىماكاندىكى قانچىلىغان بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەر قانداقلارچە قۇم دېڭىزى ئاستىدا قالدى؟ بوستانلىقلار كۆلىمى قانداق قىلىپ بارغانسېرى تارىيىپ كەتتى؟ دەريا سۇلىرى نېمە ئۈچۈن ئازىيىپ، كۆللەر قۇرۇپ كەتتى؟ كېلىمات نېمىشقا قۇرغاقلىشىپ نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق تەبىئىي توغراقلىقلار ۋەيران قىلىندى! ؟ . . . ئايتماتوف توغرا ئېيتىدۇ: بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيامەت ۋە ئېكولوگىيە تراگېدىيىلىرى دىنىي كىتابلاردا ئېيتىلغاندەك خۇدانىڭ غەزىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى



تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ! زېمىن ئەسلىدىنلا بىر خىل ئىچكى تەڭپۇڭلۇقتا يارىتىلغان، تەبىئەت ئەزەلدىنلا جىمى مەۋجۇداتلار بىلەن گارمونىك بىرلىك ھاسىل قىلغان، مانا مۇشۇ تەڭپۇڭلۇقنى مەدەنىيەت ئۇفۇقىنىڭ ئىگىسى بولغان ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن بۇزدى، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بىر كۆزنىكى بولغان دەريا بويىنىڭ بايقىلىشى ۋە ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى بىزگە يېڭىدىن يېڭى ۋەھىمىلەرنى ھېس قىلدۇرماقتا. شۇنداق، تارىم بىزنىڭ ئانىمىز، بىز بۇ مېھرىبان ئانىدىن تۇغۇلغان، ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئاق سۈت ئېمىپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ ھايات گۈزەللىكىنى ھېس قىلغان، ئۇنىڭ باغرىغا تىنىپ كەتكەن مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدىن ئوزۇق ئالغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ مېھرىبان ئانا زامان رىيازەتلىرىدىن چارچىدى، جىسمى خورىدى، چاچلىرىغا ئاق كىردى، ئىچكى ئېنېرگىيىسى خورىدى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ مۇشەققەتلەر چەكتى. ئۇ يېڭى ھاياتىي كۈچكە موھتاج! بىز ئۇنى پەرزەنتلىك مۇھەببىتىمىز بىلەن ئاسرايلى ۋە مەڭگۈ سۆيەيلى! . . .

## 4 . چۆكمە مەدەنىيەت ۋە قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»

قۇملۇقلاردىكى پايانسىزلىق بىلەن بوستانلىقلاردىكى چەكلىمىلىك ھامان كىشىلەردە بىر خىل قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىك كەيپىياتنى ھاسىل قىلىدۇ، تەكلىماكاننى چۆرىدەپ، بىر - بىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرغان بوستانلىقلار گويا بارخانلار ئارىسىغا مەڭگۈ بەنت قىلىۋېتىلگەندەك كىشىگە يېتىملىك، غېرىبلىق ۋە دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغانلىقتەك خامۇش ھېسسىياتنى بەخشەندە قىلىدۇ.

ۋاھالەنكى، بۇ يەردە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرى ئاشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدە ياشاپ، چەكسىز دۇنيانى خىيال قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ قۇرغاق كەيپىياتىنى رومانتىك ھېس - تۇيغۇلار بىلەن ھۆلدەشكە، زېرىكەرلىك ھايات چەمبىرىكىنى ئىلاھىي، سېھرىي ۋە غايىۋى مەزمۇنلار بىلەن كېڭەيتىشكە كۆنۈكۈپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۇچۇن يوللارنىڭ ئۇزاقلىقى، تۇرمۇشنىڭ بىر خىللىقى، قۇملۇقلارنىڭ جىمجىتلىقى ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇلارغا نىسبەتەن بىر تال قۇم دانىچىسىدا، سۇررەڭ قۇم بارخانلىرىدا، توپىلىق يوللاردا، جاھاننى مالىمان قىلىدىغان قۇم - بورانلىرىدا ۋە توغراقلارنىڭ قاغجىرىغان شاخلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس مەنە، ھاياتىي مەزمۇن بار، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇشى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ئوخشىماسلىقلار شەكىللەنگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ خانىمى بولۇپ تۇرغان دىئاننا سىمپتون ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشتىن بۇرۇن، مەندىكى قۇملۇق ئۇقۇمى كىشىلەردىكى ئادەت بولۇپ كەتكەن قاراشقا ئوخشاش ئىدى، كۆز يەتكۈسىز پايانسىز قۇملۇق، تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى نامايەن قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىرخىل (رومانتىك) كەيپىيات ئاتا قىلاتتى. ھەممىلا جاي بەئەينى بىر غايىبانە مەنزىرە، قۇملۇقتىكى قەبىلە باشلىقى، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر. . . مانا بۇلار قۇملۇقتىكى رومانتىك كەيپىياتنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. . . لېكىن مەن شىنجاڭدا باشقىچە بىر قۇملۇق مەنزىرىسىنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى قۇملۇق تېخىمۇ شەپقەتسىز، سۇرلۇك، تىمتاس، زېرىكەرلىك ئىدى، كۆل رەڭ شېغىل پۈتۈن يەر يۈزىنى قاپلىغانىدى. بەزىدە دەل - دەرەخ، گىياھ تۇسۇۋالغان تاشلارمۇ



ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ئۇپۇق سىزىقىغىچە يېيىلغاندەك كۆرۈنەتتى. يىراقتىن ئەينەكتەك يالتىرىغان مەنزىرىلەر كۆزگە چۈشەتتى، بۇ مەنزىرىلەر رومانلاردا تەسۋىرلەنگەن سەھرايى كەبىر چۆللۈكىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئەكس سايىسىغىمۇ، ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈپ، ئارقىدىنلا مەيۈسلەندۈرىدىغان خىيالىي مەنزىرىلەرگىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار، چەكسىز كەڭلىكى، ئۆلۈك ۋە زېرىكەرلىكىدىن باشقا، قۇملۇقتىكى جىمجىتلىق ۋە ئۈنىڭ كۆلىمى ئادەمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ھەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئىلھامنى قوزغايدۇ. . . »①

مانا مۇشۇنداق ناچار تەبىئىي مۇھىتتا، تىمتاس ۋە زېرىكەرلىك كەيپىياتتا ھەمدە «گويا بىر مەھبۇسقا ئوخشاش، ئۆز ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىۋى مۇھىت تەرىپىدىن قامال قىلىنغان»② — دۆلەتمە شارائىتتا مەشھۇر تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىلدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇم بورانلىرىنىڭ زەربىسى، دەريالارنىڭ ئۆز ئېقىنىنى يۆتكىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن مۇنبەت بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەرلەر قۇم ئاستىغا غەرق بولدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر گويا قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق بىلەن ئېلىشىشقا يارالغاندەكلا نەدە سۇ بولسا، شۇ يەرگە سۈرۈلۈپ يېڭى بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىپ كەلدى. تاغ، بوستانلىق ۋە قۇملۇقنىڭ گىرەلەشمە ھالەتتىكى بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان

① دىئاننا سىمپتون (ئەنگلىيە): «قەدىمىي ماكان — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 97 - بەت.
② كاسېرىن ماكارتنېي (ئەنگلىيە): «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، پېتېر خوبكىركنىڭ كىرىش سۆزى، 1 - بەت.

مۇناسىۋەتنى بۇ رايوننىڭ تارىختىن بۇيانقى مەڭگۈلۈك تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى ھاسىل قىلدى.

تالاي يىللار، ئاجايىپ قىسمەتلەر ئۆتۈپ كەتتى. تەكلىماكاندىكى قانچىلىغان قەدىمكى شەھەرلەر خارابىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ياكى يېرىم گەۋدىسىنى قۇم بېسىپ كەتتى. يېڭى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كەتكەن كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن قەدىمكى شەھەرلەردىكى تارىخىنى ۋە ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىشتى. تېخىمۇ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجدادلىرى ياشىغان ئاشۇ تاشلاندۇق خارابىلەرنى «قالماق شەھىرى» دەپ ئاتاشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇ جايلاردا ياشىغانلىقىنى، قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتى.

تەبىئەتنىڭ تىنىمسىز زەربىسى ۋە بوستانلىقلاردىكى ھاياتنىڭ چەكلىمىلىكى بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تارىخ تۇيغۇسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. قەدىمكى تارىخ بىلەن ئۇلارنىڭ بۈگۈنى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئۇزارغانسېرى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە بولغان ھەقدارلىق ھېسسىياتى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ X ئەسىردىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە، ئىلگىرىكى پارلاق بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن قاتتىق چەك - چېگرا ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى خارابىلەرگە ۋە ئۇنىڭغا دۆملەنگەن مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئۇلاردا بىر خىل ئىنكارچىلىق خاھىشى شەكىللىنىشكە باشلىدى. قۇم ئاستىدىكى ئاشۇ رەڭدارلىقى جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ياراتقانلىقىغا، يەنە كېلىپ ئاشۇ قەدىمكى مەدەنىيەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى



ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

زامان پاراۋۇزى توختىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋاقىت نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. بوستانلىقلاردىكى ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تىمتاس ۋە تىندۇرما ھايات ئۆز رىتىمى بويىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. ئەمدىلىكتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا تىنىپ كەتكەن قەدىمكى مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىدىن پەقەتلا كىشىنى ھەم جەلپ قىلىدىغان، ھەم ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە - رىۋايەتلەرلا قالغانىدى.

قۇملۇق خەلقلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمكى يوقالغان شەھەرلەر، ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان سىرلىق ساندۇقلار ۋە ئىشكىلىرى ئەپسۇن - جادۇ بىلەن ئېتىۋېتىلگەن خەزىنىلەر ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر مىسلىسىز تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، خۇددى ياۋروپالىق دېڭىز تەۋەككۈلچىلىرى شەرقتىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە خۇش پۇراق ماتېرىياللار بىلەن تولغان سىرلىق ئاراللار ھەققىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان رىۋايەتلەرگە ئىشىنىپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلانغىنىدەك، مەركىزىي ئاسىيادىكى پىنھان بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن بۇ ساددا كىشىلەرمۇ تاسادىپىي كېلىپ قالىدىغان سىرلىق ئامەتلەرگە ۋە دىنىي رىۋايەتلەردىكى «شىۋى قەدىر كېچىسى»گە شەكسىز ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغان سۇپرا، پادىشاھلىق تەختىنى ئاتا قىلالايدىغان سۇمۇرغ قۇش ۋە كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھۆر - پەرىلەر ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنىڭ كەڭ تۇردە ئەۋج ئالغانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئەجەپلىنەرلىك يېرى يوق ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار ۋە قەدىمكى يۇنان - رۇملۇقلار ئارىسىدا

تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر پادىشاھ، سىندىباد ساياھەتچى، ئەسھابۇل كەھف، ئەلى بابا ھەققىدىكى مەشھۇر رىۋايەتلەرنىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتى.

ھالبۇكى، تاسادىپىيلىق ئىچىدە ئامەتكە ئېرىشىش، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش ھەمدە تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پسىخىكىسى بوستانلىق خەلقىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي قاتلام — قۇملۇقتىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نى شەكىللەندۈردى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» — قۇمغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، چوڭ تىپتىكى قەبرىستانلىقلار ۋە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىرىنى تىمىسقىلاپ ئاختۇرۇپ بايلىققا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان «تەلەي سىنىغۇچىلار» گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار خەلق ئىچىدە «كېپەن ئوغرىلىرى» دېگەن قورقۇنچلۇق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىق پائالىيەتلىرى دەسلەپتە كونا قەبرىلەر ۋە خارابىلەرنى قېزىپ ئالتۇن - كۈمۈش ھەمدە پۇلغا يارىغۇدەك بۇيۇملارنى ئىزدەش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ئەمما XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ ياۋروپالىق تەۋەككۈلچىلەر، ئېكسپېدىتسىيىچى خادىملار ئارقا - ئارقىدىن تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جايدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەخسۇس ئاسارئەتىقە، قەدىمكى قولىيازمىلار، ھەر خىل تىللاردىكى ھۆججەتلەر، لاي پۈتۈكلەر ۋە نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ياۋروپادىكى ھەر قايسى مۇزېيلارغا يولغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ خوتەن بوستانلىقلىرىدا « ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› ، ‹كېپەن ئوغرىلىرى› ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە شەكىللىنىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ



قارا قولى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن ئىلگىرىلا كونا خارابىلارغا تېگىپ بولغانىدى».[1]

ئۇلار خوتەن بوستانلىقىدا ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇيۇشۇۋاتقان بىر پەيتتە، يەكەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تۇرپان بوستانلىقلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى جىددىي رەۋىشتە مەيدانغا چىقتى. چۈشىدىمۇ پۇل ۋە بايلىق چۈشەيدىغان بۇ تەۋەككۈلچىلەر ھاياتىنى دوغا تىكىپ قەبرىسىمۇ قەبرە، خارابىسىمۇ خارابە ئايلىنىپ يۈردى. قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرىنى بىر قانچە تەڭگىگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كۆك كۆز، سېرىق چاچ پەرەڭلەرنىڭ يولىغا كۆزلىرى تېشىلگۈچە قاراپ تۇرۇشتى. تۇيۇقسىز بىر كۈنى قاياقتىندۇر بىر ئەجنەبىي پەرەڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ئۇلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ «ئولجا»لىرىنى ئۇنىڭغا كۆز - كۆز قىلاتتى، چىڭقىلىپ تۇرۇپ باھا تالىشاتتى. ئاخىرىدا بىر قانچە تەڭگىگە ئېرىشكەندىن كېيىن «خۇداغا شۈكۈر، ئەسكى - تۈسكى، جۇلدۇر كېپەننى شاراقلاپ تۇرىدىغان تەڭگىگە ئالىدىغان ئەخمەق پەرەڭنى ئەجەپ بابلىدىم!» دېگىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم پىشقانلىرى ھەتتا ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تېپىلمىلارنى ئەرزان باھادا يىغقاندىن كېيىن، ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۇزاق دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ قەشقەرگە باراتتى ھەمدە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىغا سېتىپ بېرەتتى. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە، خوتەن ۋە يەكەن بوستانلىقىدىن

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 416 - بەت.

بىر قىسىم كەسپىي «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ ئۆز «ئولجا» لىرىنى ئات - ئېشەككە ئارتىپ، قارا قۇرۇمدىكى شەيدۇللا ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونىدىكى گىلگىت، سىرىناگار، خۇنزا قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى ئەنگلىيىلىك ئاسار - ئەتىقە سودىگەرلىرى بىلەن بىۋاستە سودىلاشقانلىقى مەلۇم.

ئاۋرېل ستەيىن ئۆزىنىڭ «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «‹گۆھەر ئىزدەش› دېگىنىمىز، ئىلگىرى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، ھازىر تاشلىنىپ قالغان جايلارغا بېرىپ، قىممەتلىك مېتاللارنى ئىزدەش ئىدى. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئالتۇن چايقاش، قاشتېشى قېزىش. . . قاتارلىقلار. ئامەت كېلىپ قالاردەپ ‹گۆھەر ئىزدەش› ئەمەلىي تىرىكچىلىك يولىنى تاپالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر ھەم باشقا جايلاردىن كەلگەن ياۋروپالىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ تەلىپى بىلەن يېرىم كەسپىلىشىپ كەتكەن بۇ ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› بەلگىلىك مۇددەتتە قەدىمكى خارابىلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئىزدەشنى پۇل تېپىشنىڭ ئىككىنچى كەسپى قىلىۋالغانىدى»[1]. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خوتەن بوستانلىقىدا تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، تەلەي سىناپ باقىدىغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكاندىكى مەدەنىيەت ئەتكەسچىلىكى ئەجنەبىيلەرنىڭ بىر قانچە تەۋەككۈلچىلىكتىن كېيىن ئىلگىرىلىگەن قىزىقتۇرۇشى بىلەن

---

① مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل نەشرى، 196 - بەت.



ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئادەملەر — قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى، ئۆز قوللىرى بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ، كېپەنلىرىنى بۇزدى. قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئاختۇرۇپ، قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ساتتى. قەدىمكى خارابىلەردىن يىغىۋېلىنغان زور مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۆلگەن تىللاردىكى ۋەسىقە ھۆججەتلەر توپ - توپى بىلەن رۇسىيىنىڭ پېتېربۇرگ شەھىرىگە، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، ھامبۇرگ شەھەرلىرىگە، ئەنگلىيىنىڭ لوندون، شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولىم قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى مۇزېيلارغا ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ياپونىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىمۇ بۇ قىممەتلىك «ئولجىلار» دىن قۇرۇق قىلىشنى خالىمىدى. ئامېرىكىلىق ۋالنا 1923 - يىلى تۇرپان بېزەكلىكتىكى 12 پارچە تام رەسىمىنى خىمىيىۋى ئېرىتمە بىلەن قومۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن: «20 يىلغا قالمايلا بۇ يەرنىڭ ھېچبىر كۆرگۈچىلىكى قالمايدۇ!» دېگەنىدى.

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئۆزلىرى يىغىۋالغان تۈرلۈك بۇيۇملارنى ئەجنەبىيلەرگە سېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن «گۆھەر يىغقۇچى» پەرەڭلەرگە يول باشلىغۇچى بولدى. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن، گرونۋېردىل، فون لېكوك، پېللىئوت ۋە ئوتانى قاتارلىقلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىگە ياللىنىپ، ئۆزلىرى بىلىدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەجنەبىيلەرنى باشلاپ باردى، ئۇلارنىڭ قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت جاۋاھىرلىرىنى كولاپ ئېلىپ كېتىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى، ئەجنەبىي پەرەڭلەرنىڭ نېمىلەرگە

قىزىقتۇرغانلىقىنى، قانداق نەرسىلەر پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى.

بۇنىڭ بىلەن «كېيىن ئوغرىلاش»نى كەسىپ قىلغان بۇ «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆز ئەجدادلىرى قالدۇرغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەرزىمەس تەڭگىلىرىگە تېگىشىشكە خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشتى. ئۇلار ئۆزلىرى سېتىۋاتقان ئاشۇ «ئەسكى - توسكى» لەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ قەيەرلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشۇ نەرسىلەرگە ھاجەتمەن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى. پۈتۈن دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان، مىللىي ئاڭ ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئازابلايتتى. ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىك، ئۆز ئۆتمۈشىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش، ئۆز قولى بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى كولاپ، كېيىنلىرىنى باشقىلارغا سېتىش ھەمدە تارىخقا، ئۆتمۈشكە، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن قىلچىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولماسلىق... مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسى ئىدى!

ستەين ئۆزىنىڭ خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ بىر مۇنچىلىغان يادىكارلىقلارنى يىغىۋالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خوتەندە تۇرۇپ قالغان قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈن ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى



دېگۈدەك يەرلىك دېھقانلار ۋە ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر› ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى پۇل، ساپال ھەيكەل ۋە باشقا قەدىمكى بۇيۇملارنى تەكشۈرۈشكە كەتتى. تاغارغا لىق قاچىلانغانلارنىڭ كۆپ قىسمى سۇنۇپ كەتكەن ساپال پارچىلىرى، مېتال پۇللار بولۇپ، ئۇلار يوتقان خارابىسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇرۇنقى يىغىپ ساقلانغان قەدىمكى بۇيۇملار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى داڭلىق بۇيۇملار بار ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى بىر چېنىقىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن كەسپىي ‹گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر›نىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، دەسلەپىدىلا كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىشىم كېرەك دەپ ھېس قىلغانىدىم. تەبىئىيكى، مەنمۇ ئاشۇ ناتونۇش يېزىقتا يېزىلغان ياكى ‹ئويما باسما› دىكى ‹قەدىمكى كىتاب› لارنى سۈرۈشتە قىلىشقا دىققەت قىلدىم. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەردىكى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنىڭ قولىدا خوتەندىن سېتىۋېلىنغان مۇنداق قەدىمكى كىتابلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى» .①

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قۇملۇقلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى. قانداق ۋاقىتلاردا قۇملۇقلاردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى، قانداق جاينى كولىسا نېمىلەر چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە ئالدىن سېزىش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ تەبىئىي ئىقتىدارغا تايىنىپ، باشقىلارغا دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك قىيىن تۇيۇلىدىغان قۇملۇقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالاتتى. چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرلەرگە قەدەم بېسىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا «گۆھەر

① مارك ئاۋرېل ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 198 - بەت.

ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ ئاياغ ئىزلىرى ھەر قايسى خارابىلەرگە بېرىپ ئۆلگۈرگەن ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بىر قۇر قىدىرىپ بولغانىدى. تەكلىماكانغا دەسلەپ قەدەم باسقان چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىدىن سۋېن ھېدىن، «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىق بايلىق ئىزدەش يۈرۈشلىرى بولمىغىنىدا، بەزى مۇھىم مەدەنىيەت ئىزلىرىنى بىر قەدەر ئەسلى قىياپىتى بىلەن ساقلىنىشلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نوقۇل ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقا بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەر دەپ بۇزۇپ ـ چاچىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بۇتلارنىڭ ئىچىدىن گۆھەر چىقىدۇ، دەپ بۇتلارنى چاقىدىغانلىقىنى يازىدۇ.[1] سېۋېن ھېدىن يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ قۇملۇقنىڭ ھاۋا رايىغا ناھايىتى سەزگۈر ئىكەنلىكىنى، كېرىيىنىڭ بۇراسان دېگەن يېرىدىكى بۇ كەسپىي «كېپەن ئوغرىلىرى» نىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان چوڭ بوراندىن كېيىنكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىش پەيتىنى زادى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[2]

خوتەن بوستانلىقىدىن باشقا، يەكەن، قەشقەر، كوچا، تۇرپان قاتارلىق يۇرتلاردىمۇ زور بىر تۈركۈم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تىنىمسىز تۈردىكى تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرلىق قىدىرىشلىرى ۋە «تەلەي سىناش» لىرى نەتىجىسىدە قەدىمكى خارابىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، سان ـ ساناقسىز يادىكارلىقلار ناتونۇش ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىلدى.

ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋەسۋەسىسى بۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قىزدۇرۇپ، ھەتتا ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى. ستەين بىرىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا

[1] [2] پېتېر خوپكرك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 89 ـ بەت.



تەكلىماكاندىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن ئاجايىپ نەپىس ياسالغان بىر مۇنچە بۇتلارنى بايقىغان بولۇپ، ئېلىپ كېتىشكە ئېغىر ھەم قولايسىز بولۇپ قايتىدىن قۇمغا كۆمۈپ قويىدۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خوتەنگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە ھېلىقى خارابىگە بېرىپ ئىلگىرى كۆمۈپ قويغان بۇتلارنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بايلىق تەمەسىدە ئەسەبىيلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بۇ بۇتلارنى ئاللىقاچان كولاپ چىقىرىپ، ئىچىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش بارمىكىن دەپ چېقىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. ستەين بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا شۇ يىللاردا يەنە ھەر قايسى بوستانلىقلاردا كونا خارابىلەرنى بۇزۇپ، ياغاچ ـ تاشلىرىنى ئىشلىتىش «ئوغۇت قىلىش» مەقسىتىدە كونا ئىمارەتلەرنى ئۆرۈش، توپىلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئىشلىرى خېلى ئەۋج ئالغانىدى. غەرب سەيياھلىرى يازغان بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپانلىق بىر دېھقاننىڭ كونا ئىدىقۇت خارابىسى توپىسىنى كەتمەندە چوقۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇ توپىنى چوقۇۋاتقانلىقى سورىغاندا ئۇنىڭ بۇ توپىنىڭ يەرگە ناھايىتى ياخشى ئوغۇت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى مەلۇم[1].

ھەتتا بەزى دېھقانلارنىڭ كونا خارابىلەرنى كولاپ توپىسىنى ئېلىش جەريانىدا ئۇچرىغان قەدىمكى قولىيازما ۋە ھۆججەتلەرنى ئاتالمىش موللىلارنىڭ «يامان بولىدۇ»، «دىنسىزلارنىڭ كۇپرىلىق يازمىلىرى» دېگەن پەتىۋالىرى بىلەن نابۇت قىلىۋەتكەنلىكى كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. گېرمانىيىلىك فون لېكوك ئۆزىنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىدا ساقلىنىۋاتقان گۆھەرلەر» ناملىق كىتابىدا تۇرپان ئاستانىلىق بىر دېھقاننىڭ ئىدىقۇت خارابىسىدىكى

[1] پېتېر خوپكرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 9 ـ بەت.

بىر تام ئارىسىدىن بىر هارۋا توشقۇدەك كونا قولىيازمىلارنى تېپىۋالغانلىقىنى، بىراق موللامىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، سۇغا ئاققۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى يازىدۇ.[1] بۇ دېھقانىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ قولىيازمىلارنىڭ سەھىپىلىرى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ھەر خىل رەڭدار رەسىملەر بىلەن بېزەلگەنىكەن. تۇرپان، كۇچا تاشكېمىرلىرىدە ئاتايىن سامانغا ئوت يېقىپ ئىسلاپ غەيرىي دىنىنىڭ تام رەسىملىرىنى قارايتىۋېتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن[2].

«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» كونا خارابىلەردىكى پۇلغا يارىغۇدەك مېتال بۇيۇملارنى، ساپال قاچىلار، لاي بۇتلار ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بىر قۇر سېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئەجنەبىيلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلارغا، كونا قولىيازمىلارغا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ كۆلەمدىكى كونا قولىيازمىلار ۋە قەدىمكى يازما ۋەسىقىلەرنى يىغىپ سېتىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بۇنداق قولىيازما ۋە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ساتقۇچى بېدىكلەر ھەممىلا يۇرتلاردا بار بولۇپ، خوتەندە ئىسلام ئاخۇن، نىياز موللام ۋە تۇردى ئاخۇنلار خېلىلا مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازما ياساپ سېتىشتەك قىلمىشلىرى يىراقتىكى ياۋروپالىقلارنىمۇ چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. كونا كىتاب ۋە قولىيازمىلار سودىسى ئەينى چاغدىكى چەت ئەللىكلەر كۆپ كېلىدىغان قەشقەردە خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. گۇننار ياررىڭ ئۆزىنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە 1929 ـ يىلى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم بارغان چېغىدا، بۇ شەھەردە كونا قولىيازمىلارنى ساتقۇچى بېدىكلەرنىڭ خېلىلا كۆپلۈكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ روزى ئاخۇن دەيدىغان بىر قولىيازما تىجارەتچىسى بىلەن تۇنجى قېتىملىق

① ② پېتېر خوبكرك، «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، 8 ـ، 199 ـ بەتلەر.



ئۇچرىشىشىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «روزى ئاخۇن بىر كۈنى بالىخانىدىكى ئۆيۈمگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›، دەپلا پەگادا ئولتۇرۇپ، دۈمبىسىدىكى خۇرجۇندىن ساتىدىغان نەرسىلىرىنى چىقاردى. ئۇ باشتا ماڭا نەپىس گۈللەر چېكىلگەن خوتەننىڭ مىس چۆگۈننى كۆرسەتتى. كەينىدىن قەشقەردە سوقۇلغان كۈمۈش زىرىنى تەڭلىدى. بۇ ئىككى نەرسىنى شۇ ئانلا ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ خۇرجۇندىن يەنە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىنىڭ مەلۇم يېرىدە ئىشلەنگەن كۇرۇشكا، سىر بېرىلگەن قاچا، بىر نەچچە كەشتە ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىقاردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ھازاغىچە سودىلىشىپ يۈرۈپ مىس چۆگۈن بىلەن كۈمۈش زېرىنى ئالدىم. قالغان نەرسىلەر ئۆزىگە قالدى. مانا بۇ روزى ئاخۇن بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىقنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا ئۆزئارا تونۇشۇشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. كېيىنچە بۇ خىل تونۇشۇش دوستلۇققا ئايلاندى. روزى ئاخۇن نېمىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا كىتاب ۋە قولىيازمىلارغا قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كېلەركى نۆۋەتتە ئەكىلىشكە لەۋزى قىلدى»[1].

ئومۇمەن ئېيتقاندا، قەدىمكى قولىيازما ۋە ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قاتلىمى خوتەن بوستانلىقىدا باشقا ھەر قانداق رايونلارغا قارىغاندىمۇ خېلىلا كەسىپلەشكەنىدى. ئىسلام ئاخۇننى مەركەز قىلغان «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» گۇرۇھى ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتاب ۋە قەدىمكى قولىيازمىلارغا بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، تۇنجى تۈركۈمدىكى «ئولجا» لىرىنى بىۋاسىتە قەشقەرگە ئاپىرىپ سېتىپ خېلىلا پايدىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسى

① گۇننار ياررىڭ (شۋېتسىيە): «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى، 146 ـ بەت.

تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئاللىقاچان ئاياغلىرى تېگىپ بولغان قەدىمكى خارابىلەردىن قىممەتلىك يازما ۋەسىقىلەرنى ئىزدەپ تېپىش تولىمۇ مۇشكۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى «ئۇلجا» لارغا داۋاملىق ئېرىشىش ئۈچۈن چۆل - جەزىرىلەردە ئاي - ئايلاپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا، باشقىلار بېرىپ باقمىغان يېڭى خارابىلارنى ئىزدەپ تېپىشقا توغرا كېلەتتى.

خاراكتېرى خوتەن كىشىلىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان قۇۋلۇق - شۇملۇقتا خېلى يېتىلگەن ئىسلام ئاخۇن چۆل - جەزىرىلەردىكى هاياتنى دوغا تىكىپ «گۆھەر ئىزدەش» جاپاسىنى قايتا تارتىشنى خالىمىدى. خۇددى ستەيىن ئېيتقاندەك: «بۇنداق زېرىكىشلىك قۇم بارخانلىرىنى ئاختۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ناهايىتى جاپالىق، شۇنداقلا قەدىمكى نەرسىلەرنى تېپىش ئۈمىدىمۇ ناهايىتى ئاز ئىدى. بۇ ئىسلام ئاخۇندەك ئەقىللىق ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدىمكى كىتابلارنى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ چىققان»[1].

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام ئاخۇن ئىبراھىم موللا باشچىلىقىدىكى بىر قانچە شېرىكلىرى بىلەن ساختا قوليازمىلارنى ياساشقا رەسمىي كىرىشكەن. ئىبراھىم موللا رۇسچىنى ئازراق بىلگەچكە رۇسىيىلىك «قەدىمىي كىتاب» ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا، ئىسلام ئاخۇن ئاساسلىقى ئەنگلىيىدىن كەلگەن كىشىلەرنى ۋە باشقا يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان.[2].

ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياسىشى بىلەن پۈتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى «قەدىمكى كىتابلار» 1895 - يىلىدىن باشلاپ،

---

[1] مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 450 - بەت.
[2] مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 445 - بەت.



ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا سېتىلغان. بولۇپمۇ 1895 - ، 1898 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى ئاتاقلىق «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ئىسلام ئاخۇندىن سېتىۋېلىنغان[1]. خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن بۇ ساختا قوليازمىلار ھەتتا كالكوتتا، لوندون، پارىژ ۋە سان - پېتېربۇرگ مۇزېيلىرىغىچە يەتكۈزۈلگەن. ستەيىن ئىككىنچى قېتىم خوتەنگە كەلگىنىدە ئىسلام ئاخۇننى تۇتۇپ سوراق قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، دەسلەپتە ياسالغان ساختا قوليازمىلار دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىۋېلىنغان ھەقىقىي قوليازمىلارنىڭ پارچە بەتلىرىدىكى ئۇلاپ يېزىلغان براخمى يېزىقى نۇسخىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان. گەرچە بۇ ساختىپەزلەر باشتىن - ئاخىر ئۆزلىرى بىلىدىغان بىرەر يېزىقتا مەزمۇنلىرى باغلىنىشىدىغان بىرەر كىتابنىمۇ ياسىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپكى ساختاماللىرى ناهايىتى نەپىس، ياخشى ياسىلىپ، بىر مەزگىل ياۋروپا ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئالداپ كېتەلىگەن. . . بۇ مەھسۇلاتلار قەشقەردە ناهايىتى يۇقىرى باهادا سېتىلىپلا قالماي، بەلكى لاداق بىلەن كەشمىردىمۇ ناهايىتى يۇقىرى باهادا سېتىلغان. بۇ ساختا مال ياسىغۇچىلار ئۈچۈن زور رىغبەت بولغان. ئىسلام ئاخۇن ئۆزلىرى ياسىغان كىتابلارنىڭ ناهايىتى يۇقىرى باهادا سېتىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بىرەر ياۋروپالىقنىڭ بۇ يېزىقنى بىلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى ناهايىتى ئاسانلا بايقىۋالغان. شۇڭا، ئۇلار قەدىمكى ۋەسىقىلەردىكى ھەقىقىي خەت نۇسخىلىرىنى ئۈنچىلىك ئىنچىكە

---

[1] مارك ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 450 - بەت.

دورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ـ دە، ئۆزى خالىغانچە ‹ناتونۇش يېزىق› لاردىكى ھۆججەتلەرنى ياساۋەرگەن»[1].

ستەيننىڭ ئىسلام ئاخۇننى سوراق قىلغان خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ساختا قولىيازمىلارنى قولدا ياسىغاندا ئىش ئۇنۇمى ناھايىتى ئاستا بولغان. شۇڭلاشقا ئىسلام ئاخۇن كىچىك تىپتىكى زاۋۇت قۇرۇپ، ياغاچ تاختىلارغا خەت ئويۇش ئارقىلىق كۆپ مىقداردىكى خوتەن قەغىزىگە ھەر خىل خەتلەرنى باسقان، ئۇلار ئاندىن خەت بېسىلغان قەغەزلەرنى توغراق يىلىمى بىلەن سېرىق ياكى سۇس قوڭۇر رەڭگە بويىغان. بويالغان قەغەزلەرنى ئوتقا قاقلاپ ئىسلاش ئارقىلىق ئالاھىدە قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرغان. بەزى قەغەزلەر ئوتقا قاقلاپ ئىسلاش جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن چۆرىلىرى كۆيۈپمۇ كەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەييار بولغان قەغەزلەرنى يىپ ياكى شوينا بىلەن تىكىپ تۇپلىگەن. ئەمما تۇپلەش تېخنىكىسى جەھەتتىن ھازىرقى زامان كىتابچىلىقىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا خېلىلا چاندۇرۇپ قويغان.

ئىسلام ئاخۇننىڭ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالالىغۇدەك بۇ ھىيلىگەر كاللىسى ياۋروپالىق يىغىپ ساقلىغۇچىلارنى ۋە قەدىمكى ئۆلگەن تىللاردىكى قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنى بىر مەھەل تازا كولدۇرلاتتى. ھەتتا بەزى مەشھۇر ئالىملار تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى خوتەن بازىرىدا تۇزۇك خەت ساۋاتىمۇ يوق بىر كىشى تەرىپىدىن ياسالغان ساختا قولىيازمىلاردىكى «ناتونۇش خەت» لەرنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن قانچە يىللىغان ۋاقتىنى زايا قىلدى. ئەنگلىيىلىك پېتىر خوبكىرك ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا كىتابلىرى ھەققىدە غەزەبلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپ يازدى: ماكارتنېي (ئەنگلىيىنىڭ

① مارك ئاۋرېل ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 451 ـ بەت.



ئۈز دەۋرىدىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى) بىلەن پېتروۋسكىي (چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى) غا بىرلا ۋاقىتتا قەدىمكى ھۆججەتلەرنى بېرىپ تۇرغان يەرلىك ئاساسلىق ھۆججەت ساتقۇچى ئىسلام ئاخۇن دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتقان سۈركىلىشلەردىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ باشتا بەرگەنلىرى ھەقىقىي بۇيۇم ئىدى. ئەمما كېيىنچە، ئۇ بۇ ئىككىيلەنگە ‹ئۆزى قاتتىق مېڭە ئىشلىتىپ ياساپ چىققان› قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي بېرىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە كىرىپ بۇ نەرسىلەرنى ئىزدىمەيدىغان بولدى. ئاقىۋەت ئاۋرېل ستەين ئىسلام ئاخۇننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ستەين بۇ ئادەم تەمىنلىگەن ھۆججەتلەردىن گۇمانلىنىپ، بىر قىلتاق قۇردى ـ دە، بۇ ھۆججەت ساتقۇچى بېدىككە قەدىمكى ھۆججەتلەرنى ياساپ چىقىش جەريانىنى تولۇق ئىقرار قىلدۇردى. ئىسلام ئاخۇن ياساپ چىققان ھۆججەتلەر بىلەن پېتروۋسكىينى ئالدىغان. بۇ بەلكىم ماكارتنېيغا ئازراق تەسەللىي بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئىسلام ئاخۇن ئەنگلىيىلىك نام ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى بىر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى سىر رۇدلۇف خورنلنى كولدۇرلاتقانىدى. چۈنكى ئۇ ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساختا ھۆججەت ياسىغۇچى ياساپ چىققان ‹يېزىق› نى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىكاردىن بىكارغا بەش يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلغان ئىدى.»[1]

① كاسېرىن ماكارتنېي (ئەنگلىيە): «قەشقەرنى ئەسلەيمەن — دىپلوماتىيە ئەمەلدارى خانىمىنىڭ ئەسلىمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، پېتىر خوبكىركنىڭ كىرىش سۆزى، 8 ـ بەت.

شۇنداق قىلىپ، ئاۋرېل ستەين 1901 ـ يىلى خوتەندىكى «گۆھەر ئىزدەش» دولقۇنى تازا ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە ئىسلام ئاخۇننىڭ ساختا قولىيازمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ ئىش «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ پائالىيەتلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. ستەين ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىنكى ئىسلام ئاخۇننىڭ بىچارە ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «ئۇز ۇنغا سوزۇلغان سۆھبەت داۋامىدا مەن ئىسلام ئاخۇننىڭ يەرلىكلەر ئارىسىدا ئەڭ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم. ئىسلام ئاخۇن ھىيلىگەر ھەم خىيالپەرەس ئادەم بولۇپ، ئادەتتىكى خوتەن كىشىلىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن بولۇپ، چىرايىدىن ۋە كۆزلىرىدىن زېرەك، قۇۋ ھەمدە ئاچ كۆزلۇكى چىقىپ تۇراتتى. بىر قاراشتا ئۇ كەشمىرلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. . . مۇبادا ئۇ ماڭا ئوخشاش بىر قانچە ئايدىن كېيىن ئۆزى ياساپ چىققان تارشا پۈتۈكلەرنىڭ ياۋروپادىكى ھەر قايسى چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ماراكەش مۇقاۋىسىدەك مۇقاۋا بىلەن كۆركەم تاشلىنىپ، ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىدى، بەلكىم ئۆزىدىن تېخىمۇ بەكرەك پەخىرلەنگەن بولاتتى. . . مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: ‹سەن بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسەن، خوتەندەك بۇنداق ئەخمەقلەر دىياردا ياشىماسلىقىڭ كېرەك ئىدى›، دېگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە راستىنلا چىنپۈتۈپ قالغان چېغى، مەن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا مېنىڭ ئۆزىنى بىرگە ياۋروپاغا ئا چىقىپ كېتىشىمنى ئۆتۈندى. بىراق مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم»[①].

مانا بۇ «گۆھەر ئىزدەش» ، «ئامىتى كېلىپ بىراقلا بېيىپ كېتىش» ۋەسۋەسىسىدە كاللىسى قىزىپ ئەسەبىيلەشكەن بىر

① مارك ئاۋرېل ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، 455 ـ، 456 ـ بەتلەر.



خىيالپەرەسنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئىسلام ئاخۇننىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋىتىدىن كېيىن خوتەن بوستانلىقىدىكى «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ پائالىيەتلىرى خېلىلا پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئامېرىكىلىق لاندون ۋالنانىڭ ئېيتقىنىدەك ئاردىن 20 — 30 يىل ئۆتمەيلا بىر مەھەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى دولقۇنى ئۆتۈپ كەتتى. رۇسلار بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەر رايونىدىكى كۈچ سىنىششى ئاخىرلاشتى. ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ يوللىرىمۇ ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» نىڭ بازىرى بارغانسېرى كاساتلاشتى. قايتا ـ قايتا ئاختۇرۇلۇپ، كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمىسى قالمىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىمۇ مەھسۇلاتسىز ئېتىزدەك چۆلدەرەپ قالدى.

ھالبۇكى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي كۈچ سوپىتىدە يېرىم كەسىپلەشكەن «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» قوشۇنى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا يەنىلا غەيرىي رەسمىي ھالەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا قەدىمكى خارابىلەرنى ئەرۋاھلاردەك ئايلىنىپ چىقاتتى. بەزىدە يىغىش ـ سېتىش ئوبيېكتىنى خەلق ئىچىگە قارىتىپ، كونا گىلەم، تەۋەررۇك قاچا ـ قۇچا، قەدىمكى قولىيازما ـ ھۆججەتلەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغاتتى ۋە پۇرسەت تېپىپ يۇقىرى باھادا سېتىشقا ئۇرۇناتتى. بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان، بەزىدە ئاشكارا بەزىدە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدىغان، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى «يونۇپ يېيىش» ھادىسىسى تارىم ئويمانلىقىغا چۆكتۈرۈلگەن قەدىمىي مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنى زور دەرىجىدە خانىۋەيران قىلدى. نۇرغۇن زامانلار ئۆتۈپ تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئۆز ئۆتمۈشىنى سېتىپ يېيىشكە ئۆگەنگەن بۇ بىپەرۋا

كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قايتا ئويلاشقا مەجبۇر قىلغان چاغدا، ئۇلار ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تولدۇرۇۋالغۇسىز كۆپ نەرسىلەرنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

## 5. كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى

بۇ يەر ئەزەلدىنلا بىر سىرلىق ماكان بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ شانلىق سەھىپىلىرى يارىتىلغانىدى. ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سانسىزلىغان ئېقىنلار تارىم دەرياسىغا يىغىلاتتى. يىرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ لۆمۈلدەپ ـ لىقشىپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى بولسا ئەڭ ئاخىرى سىرلىق لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى.

تىنىمسىز ئورۇن يۆتكەپ، داۋاملىق كۆچۈپ تۇرىدىغان لوپنۇر كۆلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە ئالاھىدە بىر جۇغراپىيىلىك رايوننى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ رايون بۈگۈنكى كۈندە سۇ مەنبەسىنىڭ كەملىكى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ ئازلىقى، ئىقلىمىنىڭ قۇرغاقلىقى، بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكى ۋە ئادەم ئايىغىنىڭ ئاز تەگكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنمەكتە. ۋاھالەنكى، قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ رايون تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق كارتىنىسىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ يەرنىڭ ئىقلىم شارائىتى ھازىرقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. كۇمۇش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، مول سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلاتتى ـ دە، لوپنۇر كۆلىنى غايەت زور سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى كۆز يەتكۈسىز توغراقلىقلار، يىراقتىن



قىزىرىپ كۆرۈنىدىغان يۇلغۇنلۇقلار, شۇنىڭدەك لوپنۇر كۆلىنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز قومۇشلۇقلار بۇ يەردىكى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ جەننىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك پائالىيەت ماكانى ئىدى.

مانا مۇشۇ يەردە، مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى نەمدەپ تۇرغان مۇشۇ ماكاندا، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق بىر قىسمى يارىتىلدى. ھەممىگە مەشھۇر بولغان كروران دۆلىتى دۇنياغا كەلدى. كروران شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇ ئەلدە قەدىمكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تىنىمسىز ئۇچۇرلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قويۇق ۋە بەستلىك كەلگەن قەدىمكى كرورانلىقلار چەكلىك بوستانلىقلار بىلەن چەكسىز قۇملۇقلارنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشىدە، پەسىللىك دەريا ـ ئېقىنلار بىلەن يىراقتىكى قارلىق تاغلارنىڭ ئۇلانما مۇناسىۋىتىدە، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى پىشامشان، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق قەدىمكى ئەللەرنىڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرىمۇ كرورانلىقلارنى مول بولغان سىرتقى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ مول سۇ زاپىسى قەدىمكى كروران ئېلىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى. تارىم، كۆنچى، چەرچەن، مىرەن دەريالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ تاراملىرى ئۇ زامانلاردا قۇملۇقلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. شۇڭا، بۇ ۋادىدا كروران مەركىزىي شەھىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن بوستانلىقلار بار ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ زىچلىقىمۇ خېلىلا يۇقىرى ئىدى. تېرىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك شەكىللىرى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانىدى. ئالتۇن كولدۇرمىلىرىنى ياڭرىتىپ، يىراقتىكى

ئۇپۇق چەمبىرىكى ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى ئاستا ـ ئاستا كروران شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشقاندا، تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ سۈتتەك ئاپئاق نۇرىنى ئۇزاقلاردىكى قۇم بارخانلىرىغا سەپكىنىدە، لوپنۇر كۆلىدىكى قويۇق قومۇشلار ئارىسىدىن ئۇزۇپ ئۆتكەن تەنها قېيىقتا بېلىقچى بوۋاينىڭ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك ناخشىسى ئاڭلانغىنىدا، تەكلىماكاننىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بۇ قەدىمكى بوستانلىقلار ھايات گۈزەللىكىگە ئەسىر بولاتتى...

ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى، لوپنۇر كۆلى نۇرغۇن قېتىملار ئورۇن يۆتكىدى، دەريا ـ تاراملار ئېقىنلىرىنى ئۆزگەرتتى، ئىلگىرىكى ئاۋات بوستانلىقلار قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەر سۇ مەنبەلىرىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى. كروران شەھىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تاشلىنىپ قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. كرورانلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يادىدا پەقەت بۇ غايىۋى شەھەر ھەققىدىكى غۇۋا ئەسلىمىلەرلا ساقلىنىپ قالدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ سىرە ـ شىرە ئەسلىمىلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىممۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ۋاقىت تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە نىسبەتەن بىرخىل چەكسىزلىك ئىدى. بۇ يەردە كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى، يىللار ئەسىرلەرنى قوغلاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدە دەريالارنىڭ ئېقىن يۆتكىشى، كونا بوستانلىقلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ كۆچۈشى دائىملىق ھادىسە ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ھەقىقىي رېئاللىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بەلكى رىۋايەتلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ يەرنىڭ رېئاللىقىنى ئەسىرلەر بويى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن سېھىرلىك رىۋايەتلەر



يوشۇرۇپ كەلگەندى. رىۋايەت — ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى، تارىخى، ئەسلىمىسى، بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئىدى.

ئەنە ئاشۇ رىۋايەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلاردا بىرلەپ ـ ئىككىلەپ يەنە ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كىچىك تىپتىكى بوستانلىقلار ئاستا ـ ئاستا بەرپا قىلىندى. لوپنۇر كۆلى گەرچە بۇرۇنقىدەك ھالىتىگە قايتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇن يۆتكەش جەريانىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەندى. تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، چەرچەن، مىرەن، چارقىلىق دەريالىرىنىڭ ھاۋزىلىرىدا، لوپنۇرنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى قايتىدىن ئىپادىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ بۇ تاشلاندۇق ماكانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى ھەقىقىي ئەسلىيەلمەيتتى، بەلكى رىۋايەتلىك بىر خاتىرىنىڭ ئۇزۇك ـ ئۇزۇك كۆرۈنۈشلىرىنى رىۋايەتلىك ھايات رىتىمى ئىچىدە ئېسىگە ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ رىۋايەتلىك ھايات تارىخى قايتا باشلاندى.

قەدىمكى كرورانلىقلارنىڭ قاياقلارغىدۇر چېچىلىپ ـ توزۇپ كەتكەن ئەۋلادلىرى ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە قايتىدىن جەم بولۇشتى. ئاشۇ ئۇزاق جەرياندا، ئۇلار قانچىلىغان مىللەتلەر ۋە ئېتنىك تۈركۈملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي خۇسۇسىيەتنى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس قان تىپىنى ھاسىل قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ قان ھۆجەيرىلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ساقلاپ قالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كروران ۋە لوپنۇر مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك ۋارىسچانلىق ۋە ھەقدارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار لوپنۇر رايونىغا ھەمدە

تارىم ۋە كۆنچى دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى جەننىتىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولدى. ئەمما، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىنىڭ ئىقلىمى قەدىمكى دەۋرلەردىن خېلىلا ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر رايونىغا ئېقىپ بارىدىغان سۇ مىقدارى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن خېلىلا ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكى بارغانسېرى تارىيىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لوپنۇرلۇقلار بۇ يەردىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېكىك ۋە جاھاندىن خالىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ھاياتلىق مۇساپىسى بىلەن پاراللېل ھالدا، ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چارقىلىق، مىرەن ۋە چەرچەن بوستانلىقلىرىدىمۇ بىر خىل تۇرغۇن ھايات داۋاملاشماقتا ئىدى. دەرۋەقە، بۇ يەردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئاللىقاچان قۇم ئاستىغا غەرق بولغان بولۇپ، ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خارابىسى ئۈستىگە يېڭى ھاياتلىق ماكانى بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇنداقتا، بۇ رايوندىكى يېڭى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى قۇرۇپ چىققۇچىلار زادى كىملەر؟ ئۇلار قەيەردىن پەيدا بولدى؟ ئۇلارنىڭ لوپنۇرلۇقلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ . . .

بۇ يەردە تارىخ رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا گەپنى قەدىمكى كرورانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىك ئۆتمۈشىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. كروران ئېلى خاراب بولغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر تەرەپ - تەرەپلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ، مىرەن، چارقىلىق ۋە چەرچەن تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى. ھالبۇكى، بۇ يەرلەردىمۇ دەريا - ئېقىنلار قانچە قېتىملار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كونا - يېڭى



بوستانلىقلار قانچە قېتىملار ئالمىشىپ، ئاھالىلەر تىنىمسىز كۆچۈپ يۈردى. ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر توختاپ قالمىدى. بولۇپمۇ ناچار شارائىت ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ گاھ ئۇلغىيىپ، گاھ ئازىيىشى سەۋەبىدىن بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىمۇ ناھايىتى ئاستا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى بۇ كەڭ رايون ئەڭ قاقاس، ئاھالىلەر ئەڭ شالاڭ ھەمدە بىرىش ئەڭ تەس بولغان تاشلاندۇق ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

تارىخ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك جىمجىتلىق بۇزۇپ تاشلاندى. بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ھايات رىتىمى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. خوتەن بوستانلىقلىرىدا، تېخىمۇ ئېنىقراقى، كېرىيە بوستانلىقىدا نوپۇسنىڭ پارتلىشى ئاھالىلەرنى يېڭى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. كېرىيىلىك بىر توپ ماھىر ئوۋچىلار ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنى بويلاپ داۋاملىق كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، جەزىرىلەر ئاتلاپ ئاخىر ئالتۇن تاغدىن ئېقىپ كەلگەن بىر ئەزىم دەريا ۋادىسىدىكى بوستانلىققا كېلىپ قالدى. بۇ جاي دەل چەرچەن دەرياسى ۋە چەرچەن بوستانلىقى ئىدى!

بۇ يېڭى بوستانلىقتا ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇلار قەدىمكى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بىر قانچىلىغان ئەللەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. قەدىمكى ئۇدۇن ۋە كېرىيە ئەللىرىدىن ھاياتلىق ئىمكانىيىتى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ بوستانلىقتا ياشاپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، زامان رىيازەتلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك

بۇزۇلۇش تۈپەيلىدىن بۇ جاينىڭ خوتەن بوستانلىقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. خەيرىيەت، كېرىيىلىك ئوۋچىلار بۇ جاينى قايتىدىن بايقىدى، خوتەن رايونى بىلەن چەرچەن بوستانلىقىنىڭ ئالاقە يولى ئاخىرى تۇتاشتۇرۇلدى.

كېرىيىلىك ئوۋچىلار قەلبىگە گۈزەل ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتى ھەمدە كۈنچىقىش تەرەپتىكى يېڭى بوستانلىقنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن تۇنجى تۈركۈمدىكى كېرىيە ئاھالىلىرى ئۆي ماكانلىرىدىن خوشلىشىپ يىراق سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار قانچە ئايلار جاپالىق سەپەر قىلىپ ئاخىر چەرچەن بوستانلىقىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە بۇ يەرنىڭ ئۇزۇن زامانلار بىر ئىزدا توختاپ قالغان تۇرغۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ يەرگە نۇرغۇن كېرىيىلىكلەر كۆچۈپ كەلدى، ئاھالىلەرنىڭ سانىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ باردى، بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالە (قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار — كرورانلىقلار بىلەن پىشامشانلىقلار-نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن؟) لەر بىلەن كېرىيىلىك كۆچمەنلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، يېڭى چەرچەنلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. ۋاھالەنكى، بۇنداق قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا كېرىيىلىكلەر ئېلىپ كەلگەن خوتەن دىئالېكتى ۋە خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى بىلەن خاراكتېرلەندى. ئەمما، قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتىنىڭ سۇس ھالەتتىكى خۇرۇچلىرىمۇ ساقلىنىپ قالىۋەردى.

چەرچەن بوستانلىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆرجىكىدىكى ئۇنتۇلغان رايونلارغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي كېرىيىلىك ئوۋچىلار يەنىمۇ شەرققە قاراپ مېڭىپ تۇيۇقسىز چاقىلىق بوستانلىقىنى بايقاپ قالدۇ ۋە بۇ يەردە ياشاش ئىمكانىيىتىنىڭ كەڭلىكىنى



ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چەرچەن بوستانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن كېرىيىلىكلەرنىڭ بىر قىسمى چاقىلىققا سۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن پرژىۋالسكىي XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇر رايونىغا بىر قانچە قېتىم ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ ھەمدە چاقىلىق، چەرچەن ۋە خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «لوپنۇرغا سەپەر» ناملىق ئەسىرىدە چاقىلىق ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چاقىلىق بىر كەنت بولۇپ، قىشلاق دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇيغۇر تىلىدا قىشلاق ‹قىشلىق يايلاق› دېگەنلىكنى بىلدۈرىدىكەن. مەن 1876 - يىلى بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەنىدىم. بۇ كەنت چاقىلىق دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، دەريا سۈيى ئانچە يىراق بولمىغان ئالتۇن تاغدىن ئېقىپ كېلىپ، ئاخىر چەرچەن دەرياسىغا قوشۇلاتتى. چاقىلىق كەنتى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم كېرىيىلىك كۆچمەنلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانىكەن. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، شۇ زامانلاردا بىر توپ كېرىيىلىك ئوۋچىلار چەرچەندىن چىڭخەينىڭ گاس دېگەن يېرىگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغان. ئۇلار قايتىشىدا ئالتۇن تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇيۇقسىزلا بۇ جايغا كېلىپ قالغان ھەمدە بۇ يەردىكى ئۆرۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى شەھەر سېپىللىرىنى، قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرىنى، يار يار ھارۋىلارنىڭ يوغان چاقلىرىنى ۋە يىپ ئىگىرىدىغان چاقلارنى كۆرگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ‹چاقىلىق› (‹چاقلىق›) دەپ ئاتىغان. ئۇ زامانلاردا بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر بولمىغان، پەقەت چەرچەنگە بارغاندىلا ئاندىن ئاھالىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر گويا تەنھا ئارالدا ياشاۋاتقاندەك ئۆز ئەتراپىدىكى ئۇزاق چۆل - جەزىرىلەر تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ،

ئىپتىدائىي ھالەتتىكى بېكىك ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.»[1]

چاقىلىقنىڭ بايقىلىشى مۇشۇ ئەتراپتىكى لوپ، مىرەن، ئارغان قاتارلىق يۇرتلارنىڭ قايتىدىن بىنا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەسلىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بۇ يەردىكى ئاز ساندىكى يەرلىك ئاھالە ناھايىتى تېزلا كېرىيىلىك كۆچمەنلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنداقلا كېرىيىلىكلەرنىڭ نىسبەتەن ئىلغار بولغان دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، كىچىك دائىرىدىكى تېرىم ئىگىلىكىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي گىرۋىكىدىكى كەڭ كەتكەن ئۈچ بۇرجەك رايون ئۇزۇن مەزگىللىك جىمجىتلىقتىن كېيىن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر رايونى، جۈملىدىن ئابدال، ئويدۆڭ، قارا قۇرچىن، دۆڭقوتان قاتارلىق چوڭراق كەنتلەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئادىتى، ئىگىلىك شەكلى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، يەنە خوتەن رايونىدىن چىقىش يولى ئىزدەپ كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىراق بولغان تېرىم مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. شۇڭلاشقا پۈتكۈل لوپنۇر رايونى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چەرچەن، چاقىلىق بوستانلىقلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن مەدەنىيىتىنى قەدىمكى لوپنۇر مەدەنىيىتى بىلەن خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك قوشۇلمىسى دېيىشكە بولاتتى. ئەمما لوپنۇر رايونىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا، بولۇپمۇ چەرچەن، چاقىلىق دەريالىرى بويلىرىدا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

① نىكولاي پرژېۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 160 - بەت.



قەدىمكى لوپنۇر ۋە كروران مەدەنىيىتىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە يېڭى ھاياتلىق چەمبىرىكى قۇرۇلۇپ چىقىلدى. يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بۇ تىمتاس ماكانغا ھېچقانچە يېڭىلىقلار ئېلىپ كېلەلمىدى. بىر خىل دۇملەنمە ھالەتتىكى تۇرغۇن كەيپىيات ئۇزۇلۇكسىز داۋاملاشتى. پۈتۈن دۇنيا گويا قەدىمكى كروران ئېلىنىڭ خاراب بولۇشىغا ئەگىشىپ بۇ جاينى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كەتكەندەك، بۇ رايوننىڭ جاھان ئۆزگىرىشلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتەك بىر خىل زېرىكەرلىك، غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى قەدىمكى دۇنيا ئۈچۈر بەلبېغىنىڭ ئوتتۇرا قانىلىنى چۆلدەرىتىپ قويدى. قەدىمكى لوپنۇر ۋادىسىدىكى كروران دۆلىتى خارابلاشقاندىن كېيىن، مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ بۇ يەر ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ باردى. ھەتتا داۋاملىق ئورۇن يۆتكەپ، دەريا يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەپ كەلگەن لوپنۇر كۆلىمۇ ئاستا - ئاستا سىرتقى دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى ياۋروپالىقلار لوپنۇر رايونىغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنگە قەدەر، دۇنيا خەرىتىسىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى بەلگىلەنمىگەنىدى. ھەتتا شۇ چاغدىكى جۇڭگو خەرىتىلىرىدىمۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق ئىدى. دۇنيا جۇغراپىيىسى لوپنۇر رايونىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئىدى.

رۇس شەرقشۇناسى نىكولاي پرژېۋالسكىي (1839 — 1888)نىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇر رايونىغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسى دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى سىرلىق

لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تۇنجى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. پرژېۋالسكىي ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، تارىم دەرياسى، لوپنۇر كۆلى ۋە ئالتۇن تېغى ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ئەڭ سۇس بولغان جۇغراپىيىلىك رايون دەپ قارالغانىدى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىم دەرياسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناھايىتى غۇۋا ئىدى، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆپلىگەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ تارىم دەرياسىغا جۇغلىنىپ، ئەڭ ئاخىر لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا ئىگە ئەمەس ئىدى. جۇڭگولۇقلار سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە ھەمدە ياۋروپالىقلارنىڭ مۇشۇ ئاساستا سىزغان جۇڭگو خەرىتىسىدە، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ لوپنۇر كۆلىگە ئېقىپ كىرىدىغان جايى ھەققىدىكى خەرىتىلىك تەسۋىرىدە ناھايىتى چوڭ خاتالىقلار مەۋجۇت ئىدى. لوپنۇر كۆلىدىن باشقا يەنە ئالتۇن تاغنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىمۇ خېلى چوڭ ئېنىقسىزلىق بار ئىدى. تارىختىن بۇيان، قانچىلىغان تۆگە كارۋانلىرى ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ تاغ تىزمىسى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرى ۋە يازما ئۇچۇرلىرى كەمچىل ئىدى. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي ھالىتى، كېلىماتى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، تۇپراق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ھېچكىم تېخى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشتۇق، شۇنداقلا ۋېنىتسىيىلىك سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن بۇ رايوننى دەسسىگەن تۇنجى ياۋروپالىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، سىرلىق لوپنۇر كۆلىگە،



تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ تاكى خوتەن بوستانلىقلىرىغىچە بولغان جايلارغا قەدەم باستۇق. بۇ دەل 1876 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1877 - يىلنىڭ باھار پەسلىگىچە بولغان مەزگىل بولۇپ، ئاسىياغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىم ئىدى.»①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن ئىلگىرى، ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ جاي ھەققىدىكى چۈشەنچىسى پەقەت ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن لوپ شەھىرى توغرىسىدىكى غەلىتە رىۋايەتلەر ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مۇجمەل بايانلار بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. شۇڭلاشقا پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى يېڭى مەلۇماتلىرى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا قەدەر دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر لوپنۇر كۆلى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن، مۇشۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرمۇ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، بۇ جايدا مىڭ نەچچە يىللاردىن بۇيان ھاياتلىق ئۆچكەن، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇرغا قىلغان سەپىرى يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ بىرخىل خاتا تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. پرژېۋالسكىي بۇ رايونغا كېلىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا بۇ يەردە بىرقانچىلىغان ئاھالىلەر كەنتلىرى قايتا شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. لوپنۇر كۆلى ئۆز ھاۋزىسىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى زۆرۈر بولغان ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنىدى.

پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ياۋروپادا بىر مەيدان كەسكىن بەس - مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، مەيلى ياۋروپالىقلار

① نىكولاي پرژېۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 116 - بەت.

بولسۇن، ياكى جۇڭگولۇقلار بولسۇن، لوپنۇر كۆلىگە نىسبەتەن بىرخىل سىرلىق تۇيغۇدا بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنداق، لوپنۇر كۆلى ئەزەلدىنلا بىر يېشىلمەس سىر ئىدى! پرژېۋالسكىينىڭ بۇ تۈگۈننى يېشىشكە ئۇرۇنۇشى تەبىئىي ھالدا جۇغراپىيە ئالىملىرى ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ياۋروپا جۇغراپىيە ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەرباب، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى فېردىناند ۋون رىچخوۋېن (1833 — 1905) ئۆزىنىڭ پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى بايقىشىغا بولغان گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگو يىلنامىلىرى ۋە خەرىتىلىرىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، تارىم دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا دەپ كۆرسىتىلگەن، ئەمما پرژېۋالسكىي لوپنۇر كۆلى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا دەيدۇ، بۇ تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لوپنۇر كۆلى ئىزچىل ھالدا كىشىلەر تەرىپىدىن تۇزلۇق سۇ كۆلى دەپ قارالغان، لېكىن پرژېۋالسكىي ئۇنى تاتلىق سۇلۇق كۆل دەپ جاكارلىدى، بۇ تەرىپىمۇ ئىشىنەرلىك ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. ھالبۇكى، بۇ ھەقتە قانچىلىك بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلمىسۇن، پرژېۋالسكىينىڭ ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ھەقىقەتەنمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدا دېھقانچىلىقنىڭ نىسبەتەن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، لوپنۇر كۆلىگە ئېقىپ بارىدىغان سۇ مىقدارىمۇ تەدرىجىي ئازايغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى لوپنۇر كۆلى بىلەن يېقىنقى زاماندىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنىدا خېلى چوڭ ئارىلىق ھاسىل بولغان بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۆز ئېقىنىنى يۆتكىشى بىلەن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريا - تارامىلار ئازايغانىدى. شۇڭلاشقا پرژېۋالسكىي لوپنۇر



ۋادىسىغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن ۋاقىتلاردا، لوپنۇر كۆلى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئورنىدىن خېلىلا يۆتكەلگەن بولۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا توغرا كېلەتتى. ئەمما، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، تارىم دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى تەدرىجىي ئازىيىپ، لوپنۇر كۆلىگە بارمايلا قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان.

پرژېۋالسكىي ئۆز خاتىرىسىدە، لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازىيىۋاتقانلىقى، كۆلنىڭ دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما لوپنۇر كۆلىنىڭ ھازىرقى قۇرۇغان ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شۇ چاغدىكى لوپنۇر كۆلى يەنىلا تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى ھېسابلىناتتى. پرژېۋالسكىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. كۆلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 20 كىلومېتىر كېلىدىكەن. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى لوپنۇر كۆلىدە ئاخىرلىشىدىكەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا چەكسىز كەتكەن شورتاڭ ساھىل بولۇپ، ئۇ يەر كۆز يەتكۈسىز قۇمۇشلۇق بىلەن قاپلانغانىكەن. . . پۈتكۈل لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ يۈزى خېلىلا تېيىز بولۇپ، ئادەتتىكى چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا ئىكەن، بەزى جايلىرىنىڭ ئىككى مېتىر، ئايرىم جايلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەتتا بەش مېتىرمۇ كېلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئازىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش بولدى. چۈنكى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇيۇلىدىغان سۇ زاپىسى كۆرۈنەرلىك ئازىيىۋېتىپتۇ. لوپنۇر كۆلىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ

مەزگىلسىز ھالدا كۆپىيىدىغانلىقى ۋە ئازىيىدىغانلىقى توغرىسىدا يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدىكى ياشانغان كىشىلەرمۇ گۇۋاھلىق بېرىشتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، لوپنۇر كۆلى ئاستا - ئاستا ۋە تىنىمسىز رەۋىشتە تارىيىۋېتىپتۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. بىز بۇ نۇقتىنى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى گويا قىسماققا ئوخشايدىغان پايانسىز شورتاڭلىقنىڭ بارغانسېرى كۆل يۈزىنى تارايتىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.»①

پرژىۋالسكي ۋاپات بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1889 - يىلى 9 - ئايدا، فرانسىيىلىك گابرىېل بونۋالوت (1853 — 1933) بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ، لوپنۇر رايونىغا تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ. ئەمما، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى پرژىۋالسكي كۆرگەن چاغدىكىدىن خېلىلا ناچارلىشىشقا باشلىغانىدى. بونۋالوت ئۆز خاتىرىسىگە ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تەقدىرى تامامەن تارىم دەرياسى بىلەن باغلانغان بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ تەدرىجىي ئازىيىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىمۇ بارغانسېرى تارىيىۋېتىپتۇ. ئادەملەر بۇ يەردىن ئايرىلىشى بىلەنلا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەنتلەر غايىپ بولىدىكەن، مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى قومۇشلۇقلار ئىگىلەيدىكەن، قومۇشلۇقلارمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان سۇ مىقدارىنىڭ كېمىيىشى بىلەن ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاقما قۇملار شىددەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ بارلىق شەھەر خارابىلىرىنى، كەنتلەرنىڭ ئىزلىرىنى، ياغاچتىن ياسالغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى،

① نىكولاي پرژىۋالسكي: «لوپنۇرغا سەپەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 118 -، 119 - بەتلەر.



قۇرۇغان قومۇشلۇقلارنى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىنى كۆمۈپ تاشلايدىكەن. ھېچقانداق بىر كۈچ ئاقما قۇملارنىڭ زەربىسىنى توسۇپ قالالمايدىكەن. رەھىمسىز قۇملۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتكۈل لوپنۇر رايونىغا شىددەت بىلەن بېسىپ كىرىپ، ئىنسانلارنى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى كۆلنى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلارمۇ!؟ ۋاقىتنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان لوپنۇر كۆلى ئۆز ۋاقتىدا پرژىۋالسكي كۆرگەن لوپنۇر كۆلى بىلەن تامامەن ئوخشىماي قالغانىدى. كۆل سۈيى بارغانسېرى ئازلاپ، كۆلنىڭ دائىرىسىمۇ تارىيىشقا باشلىغانىدى. يەرلىك ئاھالىلەر ھەسرەت بىلەن: دەريا سۈيى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىۋاتىدۇ، كۆلمۇ بارغانسېرى تارىيىۋاتىدۇ، شورتاڭلىقلار ۋە قومۇشلۇقلارنىڭ دائىرىسى چوڭىيىۋاتىدۇ! . . . دەپ دەرت تۆكۈشمەكتە ئىدى.»①

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن (1865 — 1952)، ياپونىيىلىك ئوتانى (1876 — 1948) قاتارلىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەكشۈرۈش - قىدىرىش ئەترەتلىرىنى باشلاپ، پرژىۋالسكىينىڭ ئىزىدىن لوپنۇر رايونىغا كەلدى. داڭلىق جۇغراپىيە ئالىمى رىچخوۋېننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان سۋېن ھېدىن ئۆز قەلبىگە لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرىنى ئېچىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئۇزاققا سوزۇلغان بەس - مۇنازىرىگە خاتىمە بېرىش ئارزۇسىنى پۈككەنىدى. دېگەندەك سۋېن ھېدىن لوپنۇر كۆلى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقاردى: لوپنۇر كۆلى تەخمىنەن 1600 يىلنى دەۋر قىلىپ ئورۇن يۆتكىگەن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بىر كۆچمە كۆل، خالاس!

① گابرىېل بونۋالوت (فرانسىيە): «ئادەمسىز جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 99 -، 100 - بەتلەر.

لوپنۇرلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكچان ئەۋلادلىرى تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز كۈرەش ئىچىدە تارىخنىڭ ئۇزۇن تۇنلىرىنى هازىرقى زامانغا ئۇلىدى. مۇقەددەس لوپنۇر كۆلى بەخش ئەتكەن هاياتلىق ئىمكانىيىتىدىن ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە پايدىلاندى. بۇ يەردىكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن «جەننەت»نى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە جاپالىق ئىزدەندى. ۋاهالەنكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقان ئېكولوگىيە كرىزىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدەك تراگېدىك تەقدىرىنى خېلى بۇرۇنلا بەلگىلەپ قويغانىدى.

شۇنداق، لوپنۇرلۇقلارنىڭ قەدىمكى لوپنۇر ۋادىسىدىكى جەننىتى بەربات بولدى. ئۇلار هەرقانچە قىلىپمۇ بۇ رېئاللىقنى كەينىگە قايتۇرالمىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىگە دۆملەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەت لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى بىلەن تەڭ قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئەمما، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ئاداققىچە داۋاملاشقان كۈرەشلىرى ۋە قايتماس روهى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك دىئالوگىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بىر بۆلىكىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار تىرىشتى، تىرماشتى. . . لوپنۇر كۆلى ۋە ئۇنىڭ باغرىدىكى هاياتلىق چەمبىرىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئەمما، كۈنساناپ زورىيىۋاتقان ئاقما قۇملارنىڭ زەربىسىنى توسۇپ قېلىشقا، بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان لوپنۇر كۆلىنىڭ تىنىقىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى. رەهىمسىز تەبىئەت ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى قىساسىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك بۇ يەردىكى ئادەملەرگە قىلچىمۇ رەهىم قىلمىدى.

تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، لوپنۇر



كۆلىنىڭ تەدرىجىي تارىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي بىرلىكلىرىمۇ پارچىلىنىشقا باشلىدى. پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇرلۇقلار هەققىدىكى ئېتنوگرافىيىلىك خاتىرىلىرى بىزگە تېخى ئۆزىنى تامامەن ئېچىۋەتمىگەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۈزەل ئەخلاقىي تۈزۈلمىنى، تەبىئەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ساپ هالەتتىكى جىمجىت هايات رىتىمىنى، شۇنداقلا زامانىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشىدىن مۇستەسنا قەدىمكى ئۆدۈم - ئەنئەنىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى چاغدىكى لوپنۇرلۇقلار تەبىئىي مۇهىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاستا - ئاستا تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارغا يۆتكىلىۋاتاتتى. چۈنكى لوپنۇر رايونى بارغانسېرى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتىدىن يىراقلىشىۋاتاتتى. پرژېۋالسكىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ چاغدىكى لوپنۇر رايونىدا، يەنى قارا قۇرچىن دېگەن مەمۇرىي بىرلىككە تەۋە بولغان لوپنۇر كۆلى بويىدىكى 11 كەنتتە جەمئىي 70 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس 300 كىشىدىن ئاشىدىكەن. ئەنە ئاشۇ 300 كىشى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

دەرۋەقە، بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئۆتمۈشتە، لوپنۇر رايونىدىكى ئاهالىلەر نوپۇسى هازىرقىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە جەمئىي 550 تۇتۇن ئائىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاهالە لوپنۇر كۆلىدە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئەمما، 20 يىل ئىلگىرى بۇ رايوندا ئېغىر ۋابا تارقىلىپ، ئاهالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن، هايات قالغانلىرى يىراق جايلارغا قېچىپ بېرىپ جان ساقلىغان. شۇنىڭ بىلەن لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئاهالىلەر نۇقتىلىرى تەدرىجىي ئازىيىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن

ئېقىنىدىكى كەنتلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاساسىمۇ شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى.

لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ چىراي ـ شەكلى ۋە بەدەن تۈزۈلۈشىدە ئوخشاشمىغان ئىرقلارنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدا موڭغۇللوئىدلارنىڭ قان تەركىبلىرى بار ئىدى، مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئارىيان ئىرقىنىڭ سۇس ھالەتتىكى يۈز شەكلى ساقلانغان بولۇپ، ساپ ئارىيان ئىرقىدىنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. لوپنۇر ۋادىسىدا ئەسلىدىن ياشاپ كەلگەن لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بوستانلىقلاردىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ، كېيىنكى لوپنۇرلۇقلارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا لوپنۇرلۇقلار بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىدە روشەن ھالدىكى شالغۇت تىپنىڭ ئالامەتلىرى مەۋجۇت ئىدى.①

ئۇلار قىيىن شارائىتتا، جاپالىق تۇرمۇشتا، ماددىي بۇيۇملارنىڭ كەملىكىگە كۆنۈك ئىدى. رەھىمسىز تەبىئەتلا ئەمەس، بەلكى مۇشەققەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئۇلارنى قاتتىق تاۋلىغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى، چىڭ بەدەنلىرى قۇياش نۇرى بىلەن كۆل يۈزىدىن كېلىدىغان ئاچچىق شامالدا قارايغانىدى. داۋاملىق قېيىق بىلەن ھەپىلەشكەچكىمۇ ئۇلارنىڭ كۆكرەك، مۈرىلىرى كەڭ، بىلەكلىرى كۈچلۈك ئىدى. لوپنۇر ماتاسىدىن تىكىلگەن ئاددىي كىيىملىرى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا تەبىئەت بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بىرخىل ئىچكى

① نىكولاي پرژىۋالسكىي «لوپنۇرغا سەپەر»، 123 ـ بەت.



چوڭقۇرلۇق، يىراق ئۆتمۈشكە سوزۇلغان مەنىۋى كەڭلىك زاھىر بولۇپ تۇراتتى.

كۆل، قومۇش، قېيىق، قارماق، ساتما ۋە بېلىق پۇرىقى. . . مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھايات مەئىشىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار دىماقنى يارغۇدەك ئاچچىق بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنياغا تۇغۇلاتتى، يەنە ئاشۇ بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن، تىنىقلىرىدىن بېلىق پۇرىقى كېلەتتى، كەنت ـ مەھەللىلەردىن، كۆل بويىدىن، ھەتتا پۈتكۈل لوپنۇر رايونىدىن خام بېلىقنىڭ گۇپۇلدەپ تۇرغان پۇرىقى كېلەتتى. شۇنداق، ئۇلار بېلىقچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بېلىق گۆشىدىن، قىلتىرىقىدىن، مېيىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ياخشى بىلەتتى. بېلىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلار قومۇشتىن ياسالغان ساتمىلاردا ئولتۇراتتى. ياغاچ ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغانلىقتىن ھەممە نەرسىلەرنى قومۇشتىن ياسايتتى. قومۇش ساتمىلاردىن تەركىب تاپقان غوجەمەك مەھەللىلەر لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى تەبىئەتتىن ئالاتتى. تىنىمسىزلىق، قانائەتچانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق ۋە راستچىللىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غورىگۇل، ئاددىي ـ ساددا ۋە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئاۋۇندۇرۇشنى، زېرىكەرلىك ھايات رىتىمىنى قانداق بېزەشنى، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى قانداق ھېس قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى.

قېيىق، تور، قارماق ۋە بېلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەئەللۇقاتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن زىيادە

مال - مۈلكى بولمايتتى. قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندا، يىگىت تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن بىر قېيىق، تور ۋە مەلۇم مىقداردا بېلىق تەييارلايتتى، بۇ قىز - يىگىتنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆيىنىڭ مال - مۈلكى ھېسابلىناتتى. بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئۆزى يەنە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ھېسابلىناتتى. بىرەر كىشى قازا قىلسا ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ - تاراپ بولغاندىن كېيىن، قېيىققا سېلىپ ئۈستىنى يەنە بىر قېيىق بىلەن دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىپ قوياتتى. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى دەپنە قىلاتتى. ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن قارماق، تور قاتارلىق تەۋەرۈك بۇيۇملىرىنى مېيىت بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلاتتى.①

گەرچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ساغلام، تەمبەل ۋە كېسەللەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. بۇ يەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتى. 100 ياشتىن ئارتقانلارمۇ ئەمگەك قىلالايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى چېچەك، كۆز كېسەللىكلىرى، قىيىن تۇغۇت ۋە باشقا ۋابا كېسەللىكلىرى ئىدى. غەربنىڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان خىمىيۋى دورىلىرى بولمىغان شارائىتتا چېچەككە ئوخشاش تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى.

لوپنۇرلۇقلار تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تەبىئەتتىن ئالاتتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ قىممەت نەرسىلىرىنى ئۆيدە ساقلىمايتتى، بەلكى ئوت ئاپەتتىن ۋە باشقا كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقىلار بىلمەيدىغان بىر جايىنى كولاپ مەخپىي ساقلايتتى. ھەممە ئائىلىنىڭ پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان مەخپىي جايلىرى بولاتتى. پرژىۋالسكىي لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى كۈنچىققانبەگكە سوۋغا سۈپىتىدە بىر

① نىكولاي پرژىۋالسكىي «لوپنۇرغا سەپەر»، 262 -، 263 - بەتلەر.



يانچۇق سائىتى بىلەن ستېرېئولۇق ئەينەك تەقدىم قىلغىنىدا، كۈنچىققانبەگنىڭ تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى ھەمدە ئۆزى يالغۇز قېيىققا چۈشۈپ بۇ نەرسىلەرنى تارىم دەرياسى بويىدىكى باشقىلار بىلمەيدىغان بىر جايغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

لوپنۇر رايونىدا شۇ چاغقا قەدەر ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك چوڭراق جىنايى قىلمىشلار ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغانىدى، ئوغرىلىق ۋە جېدەل - ماجىرا ئىشلىرىمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى. كىشىلەر ئىناق، ئۆم ۋە تىنچ ياشاپ كەلگەنىدى. پرژىۋالسكىي بۇنداق بىر ۋەقەنى ئۆز خاتىرىسىگە يازىدۇ: «لوپنۇرلۇقلار بىز بىلەن تولىمۇ ئىناق ۋە دوستانە بېرىش - كېلىش قىلدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ياش يىگىت بىزنىڭ چېدىر تىكىدىغان زەنجىرىمىزنى ئوغرىلىۋاتقاندا، كازاك قاراۋۇللىرىمىز تەرىپىدىن نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالدى. بۇ ئىش كۈنچىققانبەگ بىلەن كەنتتىكىلەرنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. كۈنچىققانبەگ دەرھال يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ، بۇ ۋەقەنى جىددىي مۇزاكىرە قىلدى، نەتىجىدە گۇناھكارغا بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىش قارار قىلىندى. بىز ئارىغا كىرىپ جازانىڭ ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتۇق. ئۇلار شۇندىلا يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىپ، گۇناھكارنى دەررىگە تارتىشنى ۋە يىراققا سۈرگۈن قىلىشنى قارار قىلدى».①

لوپنۇرلۇقلار ناھايىتى كۈچلۈك ئىجتىمائىي بىرلىككە ئۇيۇشقان بولۇپ، بۇ بىرلىكتە يۇرت ئاقساقىلى ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدار ھېسابلىناتتى. كۈنچىققانبەگ شۇ ۋاقىتتىكى لوپنۇر رايونىنىڭ يۇرت ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بىر

① نىكولاي پرژىۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، 145 - بەت.

تەرەپ قىلالىتتى. ئۆز دەۋرىدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ كۈنچىققانبەگنىڭ لوپنۇردىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانىدى. پرژېۋالسكىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كۈنچىققانبەگ ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، 1885 - يىلى 73 ياشقا كىرگەنىكەن. ئەمما ئۇ ناھايىتى ساغلام بولۇپ، ئۆز پۇقرالىرىغا خۇددى ئاتا بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدىكەن. قولىدا بار نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھاجەتمەنلەردىن ئايىمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ گەرچە ئاقساقال بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. كۈنچىققانبەگ شەھەر تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، يامۇلنىڭ تۈرلۈك ئالۋاڭلىرىدىن تولىمۇ باش قېتىمچىلىق ھېس قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ھاياتىدا كورلىغا ئۈچ قېتىم، چاقىلىققا بىر قېتىملا بارغانىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا جايلارغا ئەزەلدىن بېرىپ باقماپتۇ. پرژېۋالسكىي خاتىرىسىدە ئۆز دەۋرىدىكى لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا كۈنچىققانبەگكە بېغىشلانغان بىر گۈزەل داستاننىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە داستاندىن ئارىيەلەر كەلتۈرىدۇ.①

لوپنۇردا شۇ چاغلارغا نىسبەتەن ئابدال كەنتى ئەڭ باي ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭرەك جاي ھېسابلىناتتى. بۇ يەرگە خوتەن بوستانلىقلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن، نىسبەتەن ئىلغار بولغان تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىدىن خەۋەردار ئاھالىلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە يەرلىك لوپنۇرلۇقلارمۇ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. پرژېۋالسكىي ھەتتا ئابدال كەنتىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۆمۈريول، تېلېگراف، ھاۋا شارى دېگەندەك يېڭىلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئابدال كەنتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇغداي ئۇنى ۋە قوي گۆشىدىن

① نىكولاي پرژېۋالسكىي: «لوپنۇرغا سەپەر»، 137 - ، 138 - بەتلەر.



قىلىنغان تاماقلارنى يېيىشكە تەدرىجىي ئادەتلەنگەنلىكىنى، قاراقۇرچىن، ئويدۆڭ قاتارلىق كەنتلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ يەنىلا بېلىقنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىدىغانلىقىنى، قوي گۆشى ۋە ئۇنىڭدىن قىلىنغان تاماقلارنى يېسە كۆڭلى ئاينىيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لوپنۇرلۇقلار يەنىلا بېلىقچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىكى قىلغانىدى. شۇڭلاشقا دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، ئۆزىنى تېخى ئېچىۋەتمىگەن بۇ خىلۋەت جەمئىيەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەسىرلەر بويى قۇمغا بەخشەندە بولۇپ كەلگەن ئانتىك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنمەس روھ چەشمىلىرى ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، لوپنۇر ۋادىسىدىكى ھاياتلىق چەمبىرىكى ئېغىر تىنىقلار ئىچىدە XX ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. لوپنۇر كۆلىنىڭ كۈنساناپ تارىيىشى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىشى نەتىجىسىدە بۇ يەردىكى ئاھالىلەر تەدرىجىي ھالدا ھاياتلىق ئىمكانىيىتى ئىزدەپ، ئەسلىدىكى لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى ئىككى يۆنىلىشكە — غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەرگە سىلجىشقا مەجبۇر بولدى. غەربىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا ئولتۇراقلاشتى ھەمدە ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلدى. غەربىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار چاقىلىق، مىرەن، ئارغان، ۋاششەررى قاتارلىق يۇرتلاردىكى تېرىم ئاھالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا سۈرۈلگەن لوپنۇرلۇقلار شارائىتىنىڭ قىستىشى ۋە بۇ يەردىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ تەسىرىدە ئاستا - ئاستا تېرىم ئىگىلىكىگە كۆچكەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى مەزگىللەرگىچىلا

كىچىك دائىرىدىكى بىلىقچىلىق ئىگىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇڭا، بۈگۈنكى لوپنۇر دىئالېكتىدا بېلىقچىلىققا ئائىت سۆزلەر باشقا دىئالېكت ـ شېۋىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئۇچرايدۇ.

پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر سەپىرىدىن 20 يىل كېيىن، يەنى 1896 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يەنە بىر مەشھۇر ئەجنەبىي تەۋەككۇلچى، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ، قېيىق بىلەن لوپنۇر رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئابدال كەنتىگە يېتىپ بارىدۇ. سۋېن ھېدىن ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن پرژېۋالسكىينىڭ لوپنۇر خاتىرىلىرىنى قانچە قېتىملار ئوقۇغان ھەم ئۆزى رۇسچىدىن شۋېتچىگە تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، قېيىق ئابدال كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە چەكسىز ھاياجانغا چۆمىدۇ. گويا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى بارغان بىر تونۇش جايغا باشقىدىن قايتىپ كەلگەندەك ئىللىق تۇيغۇ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. ئابدال كەنتىدىكى ھەممە كىشى — ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى قىرغاقتا كېلىپ سۋېن ھېدىننى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. سۋېن ھېدىنمۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن كۈنچىققانبەگنى يىراقتىنلا تونۇۋالىدۇ. سۋېن ھېدىننىڭ بۇ يەرگە كېلىشى لوپنۇرلۇقلار ئۈچۈن پرژېۋالسكىيدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ۋەقە ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلار ئۆز دەۋرىدە پرژېۋالسكىينى «چوڭ تۆرەم» دەپ ئاتىغان بولسا، سۋېن ھېدىننى «ھېدىن تۆرەم» دەپ ئاتايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى سۋېن ھېدىننىڭ ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقنى پرژېۋالسكىيغا قارىغاندا خېلىلا قىسقارتقانىدى.

سۋېن ھېدىن لوپنۇر رايونىدا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىنمۇ كۆپرەك تەسىراتلارغا ئېرىشىدۇ. «كروراننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى»،



لوپنۇر ۋادىسىنىڭ تىرىك تارىخچىسى بولغان كۈنچىققانبەگ سۋېن ھېدىننى ھەيران قالدۇرىدۇ. كۈنچىققانبەگ پۈتكۈل لوپنۇر رايونىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ يېگانە گۇۋاھچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئابدال كەنتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئۆيلۈك لوپنۇرلۇقلارنىڭمۇ روھىي تۈۋرۈكى ئىدى. لوپنۇر رايونىنىڭ بىر ئەسىردىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرىنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك بىلمەيتتى. كۈنچىققانبەگ بولغانلىقى ئۈچۈن سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇرغا قىلغان تۇنجى سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپالىق بۇ مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋە لوپنۇرلۇقلار بىلەن بولغان 40 يىللىق تارىخىي رىشتىسى باغلىنىدۇ.

1899 ـ يىلى، يەنى XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا سۋېن ھېدىن ئىككىنچى قېتىم لوپنۇر ۋادىسىغا قەدەم باسىدۇ ۋە لوپنۇر كۆلى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كۈنچىققانبەگ ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. دەل شۇ يىلى، يەنى كۈنچىققانبەگ ئالەمدىن ئۆتكەن مىلادىيە 1898 ـ يىلى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھاياتلىق چىرىغى ئۆچىدۇ. لوپنۇر ۋادىسىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى بولغان ئابدال كەنتى قۇم ـ بورانلارنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا ۋەيران بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتە ئائىلىلىك يەرلىك لوپنۇرلۇقلار كەنتنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۈنچىققانبەگنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلالىغان ئوغلى توختىئاخۇن سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە يول باشلىغۇچى بولىدۇ.

سۋېن ھېدىننىڭ لوپنۇر ۋادىسىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا، تارىختىكى ھەقىقىي لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەسلىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە بۇ سىرلىق كۆلنىڭ بۇنىڭدىن 1600 يىل ئىلگىرى سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، يېڭى لوپنۇر كۆلىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قايتىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، شۇنداقلا «لوپنۇر كۆلى مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمە كۆل» دېگەن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە ئۇزۇن مەزگىل بەس - مۇنازىرە قوزغىغان لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار ئاخىرلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، سۋېن ھېدىننىڭ بۇ قېتىمقى بۈيۈك بايقىشىنىڭ ئارقىسىغا قەدىمكى كىرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۈچ نەپەر لوپنۇرلۇق يول باشلىغۇچىنىڭ تەڭداشسىز تۆھپىلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇلار كۈنچىقانبەگنىڭ ئوغلى توختىئاخۇن، ئۆردەك ۋە ئابدۇرېھىم قاتارلىق لوپنۇرلۇق يولباشلىغۇچىلار ئىدى. بولۇپمۇ، ئۆردەك بىلەن سۋېن ھېدىننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرقى تىپىك لوپنۇرلۇقلارنىڭ بىرى بولغان ئۆردەك ئېكسپېدىتسىيە داۋامىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە يىتتىرىپ قويغان تۆمۈر گۈرجەكنى تېپىپ كېلىمەن دەپ قارىيىپ ياتقان بىر شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ. بۇ دەل تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىدا ئون نەچچە ئەسىرلەپ ئۇخلىغان قەدىمكى كىروران شەھىرى ئىدى! قەدىمكى كىروران شەھىرىنىڭ قايتا بايقىلىشى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۆردەك — لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان قۇملۇقتىكى بۇ يول باشلىغۇچى ئاشۇ قەدىمكى شەھەرنى بايقىغان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە



بىر تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ زىلزىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى.

سۋېن ھېدىن بۇ قېتىمقى تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيىسىنى مول نەتىجىلەر بىلەن تاماملاپ، قەشقەردە ئاخىرقى قېتىم ئۆردەك بىلەن كۆڭلى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىدۇ ۋە ياۋروپاغا قايتىدۇ. ئۆردەكنىڭ قەدىمكى كىروران شەھەر خارابىسىنى بايقىشى سۋېن ھېدىنغا ئويلاپ باقمىغان شان - شەرەپلەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بىراقلا ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكى چولپانغا ئايلىنىدۇ.

1928 - يىلى سۋېن ھېدىن ئۈچىنچى قېتىم چوڭ بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇ تۇرپاندا لوپنۇرلۇق سودىگەر توختىئاخۇندىن كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇرۇق دەريا ئىزىغا سۇ كەلگەنلىكىنى ۋە قۇم دەرياسى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدىكى قەدىمكى قۇرۇق ئېقىننىڭ ئورنىغا يېڭى دەريانىڭ پەيدا بولۇشى لوپنۇر كۆلىنىڭ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى! سۋېن ھېدىن دەرھال لوپنۇر ۋادىسىغا ئاتلانماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ياۋروپاغا قايتىش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى لوپنۇر ۋادىسىغا بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى ياۋروپاغا قايتىدۇ.

1934 - يىلى سۋېن ھېدىن تۆتىنچى قېتىم، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم لوپنۇرغا سەپەر قىلىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانىدى. سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ 70 ياشقا

يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىملىق سەپىرىدە ئاللىقاچان قېرىپ بوۋاي بولۇپ قالغان ئۆردەك يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدۇ! سۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ «كۆچمە كۆل» ناملىق كىتابىدا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا باش قويدى، دەريا يۈزىدىن قايتقان قىزغۇچ نۇرلار قومغاق ساھىلدىكى توغراق ۋە چاتقاللارنىڭ ياپراقلىرىدا ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پالاق ئۇرۇۋاتقان سادىق تۇيۇقسىز توۋلىۋەتتى:

— ئۆردەك كەلدى!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياۋا ئۆردەكنىڭ قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرمەكچى بولدۇم. ئەمما، كۆز ئالدىمدا ياۋا ئۆردەك ئەمەس، بەلكى قىرغاقتا ئىككى ئاتلىق كىشى ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئايرىلغىلى 30 نەچچە يىل بولغان لوپنۇرلۇق دوستۇم ئۆردەكنى تونۇدۇم. توۋا، ئۇ راستىنلا ئۆردەك ئىدى! ئۇنىڭ چاچ ساقاللىرى ئاقىرىپ، بوي بەستى مۈكچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ساغلام ۋە تېمەن ئىدى.

مەن قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەشنى بۇيرۇدۇم. ئۆردەك ئاتتىن چۈشۈپ، كېمىگە چىقتى ۋە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان پېتى مېنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى ياش، تەمبەل ئۆردەك ئەمدىلىكتە قېرىغانىدى. يىللار ئۇنىڭ قاتاڭغۇر جىسمىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئىزلىرىنى سالغانىدى. يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن بولۇپ، ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۈستىگە كونىراپ رەڭگى ئۆڭگەن چاپان كىيگەن، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلىغان، بېشىغا تېرە مالخاي كىيگەن ئۆردەك ماڭا ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى لوپنۇرلۇقلارنى ئەسلەتتى.

— ئۆردەك، بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇن بىز خوشلاشقاندىن كېيىن، سەن كۈنلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ؟



— ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلغان كۈندىن باشلاپ، ماڭا خۇدايىم رىزقىمنى بېرىپ كەلدى. يامان ئەمەس كۈن ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ئۆزلىرىنى قايتا كۆرەرمەن دېگەن خىيالدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدىم.

— بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى قانداق ئۇقتۇڭ؟

— بىر ئاينىڭ ئالدىدا يېڭى كۆل تەرەپتىن كەلگەن بىرسى ماڭا ئۆزلىرىنىڭ كورلىغا كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدىدىم. 32 يىل ئىلگىرى بىز قەشقەردە ئايرىلىدىغان چاغدا، ئۆزلىرى ماڭا ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقان ئىدىلە، مەن ئۆزلىرىنى كۈتتۈم، ساقلىدىم، لېكىن قايتىپ كەلمىدىلە، ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. بۈگۈن دىدار كۆرۈشتۇق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئاخىر ئەمىن تاپتى!

ئۆردەك 1899 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ، يېڭى كۆلدىن چەرچەن تاتىراڭغىچە بولغان تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىگە قاتناشقانىدى. 1900 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆردەك تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، توساتتىن قەدىمكى كروران شەھەر خارابىسىنى بايقىغانىدى ۋە مېنى ئويلاپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى، 1901 - يىلى تىبەت ئېگىزلىكىدىكى لاساغا قىلغان سەپىرىمگىمۇ يول باشلاپ ماڭغانىدى. تىبەت ئېگىزلىكىدىكى بىر بورانلىق كېچىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئۆردەكنىڭ چېدىرىمغا ئۇسۇپ كىرىپ، مېنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ ‹بىر ئادەم كەلدى› دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

مەن 1901 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەردە يول باشلىغۇچۇم ئۆردەك بىلەن خوشلاشقانىدىم. ئۇ مېنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ھاياتىمدىكى ئەڭ سادىق

بۇرادىرىم ئىدى.

مانا بۇگۈن قېيىقچى سادىقنىڭ ‹ئۆردەك كەلدى› دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئالدىمدا ماڭا قاراپ تۇرغان كونا ھەمراھىم ئۆردەكنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ بىر زامانلاردا تىبەت ئېگىزلىكىدە قولىقىمغا ھۇدۇقۇش ئىچىدە پىچىرلىغان ‹بىر ئادەم كەلدى› دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. يىللار بىزنى قېرىتقانىدى. بىز ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتۇق.

ئۆردەكنىڭ قېشىدىكى يەنە بىر ئاتلىق يىگىت ئۇنىڭ ئوغلى سادىق ئىكەن. بىز قەشقەردە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆردەك لوپنۇرغا قايتىپ كېلىپ توي قىپتۇ. يېڭىكۆلنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چارا دېگەن جايدا قومۇش ساتما تىكىپ، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا تايىنىپ ياشاپ كەپتۇ.»[1]

سۋېن ھېدىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆردەك بۇ قېتىم يەنە بىزنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىزگە قوشۇلدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرى بىرمۇنچە شەھەر خارابىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بىز قىزىقىپ دەرھال ئۆردەكنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندۇق. لېكىن، شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى نامەلۇم شەھەر خارابىسىنى تاپالمىدۇق. ئۆردەك يەنە نۇرغۇن خارابىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتىيۇ، ئەمما زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بىز شۇ چاغدىلا ئۆردەكنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ بىرخىل خاتا تۇيغۇ ۋە بىنورماللىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئۆردەك راستتىنلا قېرىغانىدى! ئۇنىڭ 1900 ـ يىلىدىكى جاسارىتى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. خاتىرىسى خېلىلا چېكىنگەن بولۇپ، خىيالىي تۇيغۇ بىلەن رېئاللىقنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىدىغان

① سۋېن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ، 20 ـ بەتلەر.



بولۇپ قالغانىدى.

مەن شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتىم، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى قايتا كۆرمىدىم. كېيىن بىگماندىن ئاڭلىسام ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپتۇ. مەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندە، ئۆردەكمۇ ئەترەتتىن ئايرىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ تىكەنلىكتىكى بىر بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ئۇن ـ گۈرۈچ لازىملىقىنى، پۇلىنى كېيىن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بەگ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىرمۇنچە ئۇن ـ گۈرۈچ بېرىپتۇ. لېكىن، ئۆردەك بۇ نەرسىلەرنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە بەرمەي ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ھېلىقى بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆردەكنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىپتۇ.

بىچارە ئۆردەك! ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشمىگەن بولسام ياخشى بولاركەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قېتىم ماڭا بەرگەن تەسىراتى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمىدى، بۇنى پەقەت بىزنىڭ دوستلۇقىمىز جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر كېلىشمەسلىك دېيىشكىلا بولاتتى، خالاس. مەن مۇشۇ ئىش تۈپەيلى 1900 ـ يىلىدىكى تەكلىماكاندا ئۆردەكنىڭ ماڭا قالدۇرغان گۈزەل خاتىرىلىرىنى ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن! . . .»[1]

شۇنىڭدىن بۇيان، سىرلىق لوپنۇر ۋادىسىغا ئەجنەبىي تەۋەككۈلچىلەر قايتا كەلمىدى. بىر مەھەل قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ تىنچسىز سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ بۇ دولقۇننى

① سۋېن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 52 ـ، 54 ـ بەتلەر.

توسۇپ قويدى.

لوپنۇر كۆلى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. لوپنۇرلۇقلارمۇ ئانا كۆلىنىڭ تەدرىجىي قۇرۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، تارىم ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى ۋە تېرىم ئېگىلىكىنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

ئەمدىلىكتە لوپنۇر كۆلى ۋە بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن قەدىمكى لوپنۇرلۇقلار رىۋايەتكە ئايلاندى. ئابدال، قاراقۇرچىن قاتارلىق سىرلىق كەنتلەر، قومۇش ساتمىلار، دىماققا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بېلىق پۇراقلىرى ھەم رىۋايەتكە ئايلاندى. كۇنچىققانبەگ، توختىئاخۇن ۋە ئۆردەك قاتارلىق ۋۇجۇدى تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى لوپنۇرلۇقلارمۇ رىۋايەتكە ئايلاندى. . .

لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بۇ يەردىكى ئىنسانلارنى چۆچۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارە - تەدبىرلەر ئۇزاققىچە ئەمەلىيلەشمىدى. تارىم دەرياسىنى بويلاپ، ھەسسىلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتقان بوز يەرلەر بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تىنىقىنى بارغانسېرى سۇسلاشتۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنى لوپنۇر كۆلى تۇرماق، كېيىن بىنا بولغان تىكەنلىك يېزىسىنىڭ نېرىقى يېقىنغىچىمۇ ئېقىپ بارالمايدىغان بولدى.

يەر ئىسلاھاتى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، بوز ئېچىش دولقۇنلىرى داۋامىدا، تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇرغىچە ئېقىپ بارىدىغان بۆلىكى ۋە مۇشۇ ئەتراپتىكى پايانسىز توغراقلىق ئاستا - ئاستا ۋەيران بولدى. قۇم بورانلىرى يىلدىن - يىلغا كۈچىيىپ بوستانلىقلارغا بېسىپ كىردى ۋە كىشىلەرنى



بارغانسېرى ئويمانلىقنىڭ گىرۋىكىگە سۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلدى. 1980- يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دولقۇنلىرى بۇ يەرگە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەسسەسىز ئېقىمىنى ئېلىپ كىردى. لوپنۇرلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەسىرلەر بويى تارقىلىپ كەلگەن بېلىق پۇرىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ھالدا، ئۆز ئۆتمۈشىگە ئەلۋىدا دېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇلار لوپنۇر كۆلى ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن تەبىئىي ھاياتنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ، قومۇش ساتمىلاردا چۈشىگەن كروران چۈشىنى مەڭگۈ ئەسلىيەلمەيدۇ. خۇددى سۋېن ھېدىن لوپنۇردىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان خاتىرىسىدە يازغىنىدەك: «ئەمدى بۇ يەردە كارۋانلار قايتا كۆرۈنمەيدۇ. قاتار تىزىلىپ بارخانلار ئۈستىدە ماڭىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قولدۇرما سادالىرىمۇ ياڭرىمايدۇ. پوچتا ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىق يولۇچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. ئىلگىرىكى ھەممە كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ غايىپ بولىدۇ. شۇنداق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سۈر - ھەيۋىسى بىلەن ماشىنا، تېخنىكىلارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ يەردىن تارىخنىڭ سېھرىي كۈچىنى ۋە شېئىرىي تۈيغۇسىنى كەلمەسكە ئېلىپ كېتىدۇ! . . .»[1]

مانا بۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرلىق تەزكىرىسى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ھېكايىسى، كۆچمە كۆلنىڭ رىۋايىتى. . . بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تارىملىقلار مانا مۇشۇ كۆزنەكتىن ئۆزىنى تونۇيدۇ ھەمدە كېلەچەكنىڭ شولىسىنى كۆرىدۇ!

[1] سۋېن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 122 - بەت.

# نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى*

— ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رېنېسسانسلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات

## 1. شەرققە قايتىش

**بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر نەۋائى ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى خاتىرىلىنىش ئالدىدا تۇرغان دەقىقىلەردە ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدىن قاناتلانغان خىياللىرىمىز بىزنى شەرققە قايتۇرۇپ كەلدى!**

بۇنىڭدىن بەش ئەسىر مۇقەددەم، يەنى مىلادىيە ھېسابى بويىچە يېڭى بىر ئەسىر باشلانغان يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى بۈيۈك شائىر نەۋائى بىر توپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىرات شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئاستراباد يۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ. يىراقتىن داقا ـ دۇمباقلار ساداسى ياڭراپ سۇلتانىنىڭ مەپىسى كۆرۈنۈشى بىلەن نەۋائى ئالدىراش ئاتتىن چۈشىدۇ يۇ، بېشى قېيىپ، پۇت ـ قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شائىر ئالدىغا بىر قانچە قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلىدۇ، شۇ يىقىلغىنىچە سۆزدىن قالىدۇ ۋە

* بۇ ماقالە ئەلىشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلدى.



قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ ھەمدە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھىمايىسىدە ھىرات شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ دەل ھىجرىيە 906 ـ يىلى 12 ـ جۇمادىيەل ئاخىر، يەنى مىلادىيە ھېسابى بويىچە 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىدى.

ھىرات شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى.

پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شائىرى ۋە سۆيۈملۈك ئوغلىدىن ئايرىلدى.

نەۋائىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە باشتىن ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان تارىخچى خاندەمىر قاتتىق قايغۇ ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «مەھشەر كۈنى غەۋغاسى ۋە توپىلىڭى پۈتۈن يەر يۈزىنى چۇلغاپ ئالدى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا ـ زارى، كاتتايۇ كىچىكلەرنىڭ فەريادۇ فىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇشمۇ تۇشتىن ئۇل ھەززەت (نەۋائى) خانىدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپ، نالەيۇ زار ۋە يىغىغا چۈشتى. پەيغەمبەر سۈننىتىگە مۇۋاپىق مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىشتى. زەپەر قۇچقۇچى ساھىبقىران، ئابرويلۇق ئەمىرلەر، ئىسلام مەشايىخلىرى، بۈيۈك سەئىدلەر، ئالىم ۋە فازىللار ۋە جىمى خەلق رەھمەت ئىگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىيابانغا قاراپ يول ئالدى... شۇ پەيتتە ھاۋا جەۋھىرى شاھۇ گەداغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى، بەلكى روھۇ رەيھان بۇلۇتلىرى ئۆز تامچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتى ئۈستىگە تۆكتى. ھىرات ھېيتگاھىدا جىنازا نامىزى ئوقۇلدى. كېيىن ئەلىشىرنىڭ ئۆزى سالغان مەسجىتى جامە يېنىدىكى، ئىلگىرى شۇ ھادىسە ئۈچۈن ياساپ قويۇلغان گۇمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ دەپنە قىلىندى. ‹ئەي تۇپراق،

باغرىڭدا نېمە بارلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ ، — ئاشۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ قەبرە تۆپىسىدە تۈنەپ چىقتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. . . سۇلتان ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇ ئەھلى دىللار باشلىقى (ئەلىشىر) نىڭ ئۆيىدە ماتەم تۈتۈپ ئولتۇردى. . . »[1]

نەۋائى ئاران 60 يىللا ياشىدى، ئەمما ئۇ ئاجايىپ زور بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. نەۋائىنىڭ ۋاپاتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا بۈيۈك بىر دەۋرنىڭ — شەرق ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ — ئاستا - ئاستا ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زاماندىشى ۋە ئۇستازى بولغان بۈيۈك پارس - تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ئەدەبىي ۋە پەلسەپىۋى مىراسلىرى بىلەن بىللە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ XV ئەسىردىكى ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلدى.

نەۋائى ئاجايىپ داۋالغۇپ تۇرغان بىر تارىخىي دەۋردە ياشىدى. بۇ ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئاخىرلاشقان، شەرقتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چىڭگىز ئىستېلاچىلىرى بىلەن غەربتە قۇتراۋاتقان ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى باغداد خەلىپىلىرىنى زەئىپلەشتۈرگەن، مەدەنىيەت مەركەزلىرى غەربىي ئاسىيادىن خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈلگەن دەۋر ئىدى. ۋاھالەنكى، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نىسبىي مۇقىملىقنىڭ ئورنىتىلىشى مۇسۇلمان شەرقىدە ئاخىرقى بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ

---

[1] خاندەمىر (1475 — 1534): «مۇكەرىمۇل ئەخلاق» - بۆرىباي ئەھمەدۇۋ تۈزگەن: «نەۋائى زاماندىشلىرىنىڭ خاتىرىسىدە» ناملىق توپلام، تاشكەنت، 1985 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 108 -، 109 - بەتلەر.



پەردىسىنى ئاچتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆتۈرۈلگەن ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئۇلۇغبېگ دەۋرىدىكى سەمەرقەنت ( XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى) بىلەن ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدىكى ھىرات ( XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى) نى مەركەز قىلىپ راۋاجلاندى. بۇ دەل ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىتالىيە شەھەرلىرىدە ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرلەر ئىدى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىر مەھەل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى. ئۇ ياۋروپا ئويغىنىشىدەك ئىزچىللىقتا ۋە دەۋر بۆلگۈچ تەپەككۇر ئىنقىلابىغا ئايلىنالمىدى ھەمدە ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، سەمەرقەنتتە ئۇلۇغبېگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ھىراتتا جامى ۋە نەۋائىلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى، شۇنداقلا كامالىددىن بېھزاد قاتارلىق مەشھۇر رەسساملارنىڭ ھىراتتىن كېتىشى بىلەن بۇ يەردە بىر مەھەل گۈللەپ ياشنىغان ئەدەبىي ئويغىنىش مەنزىرىسى ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

ئارىدىن 500 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى گۈللىنىش ھالىتىنى زادىلا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ زىلزىلىسى يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى شەرق زاۋاللىقىنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن چاغدا، ياۋروپادا كەسكىن پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى. ئاخىرقى

مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە ياپونىيە ئالىمى خاندا تورو مۇنداق دەپ يازدى: «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلىرى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈشۈۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە توختاپ قېلىپ ئالغا باسماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە ـ يېگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى». [1]

نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش ھادىسىسى مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ پارلاق سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ھالبۇكى، بۇ دەۋر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تېخى ئىلىم ساھەسىدە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تۈپ مەزمۇنى، ماھىيىتى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى ھەققىدە ئەتراپلىق سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ھال بىزگە نەۋائى دەۋرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى ھېس قىلدۇردى.

بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر نەۋائى ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى خاتىرىلىنىش ئالدىدا تۇرغان دەقىقىلەردە ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدىن قاناتلانغان خىياللىرىمىز بىزنى شەرققە قايتۇرۇپ كەلدى!

كۆز ئالدىمىزدا سەمەرقەنت بىلەن ھىراتنىڭ ئەينى چاغدىكى گۈللەنگەن مەنزىرىسى ۋە شەرقچە مەزمۇنغا باي مەدەنىي ھاياتى

---

(1) خاندا تورو (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 187 ـ، 188 ـ بەتلەر.



نامايان بولدى. شۇنداق، ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىقلىمى ئىللىق، مەنزىرىسى گۈزەل دۆلەت ئىتالىيىدە ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرى بىخلىنىۋاتقان چاغدا، ئەمىر تېمۇر ئىستېلاھ قىلغان كۆپلىگەن ئەللەردىكى ئالىم ـ ئۆلىما ۋە ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئۇزاق ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى قەدىمكى شەھەر — سەمەرقەنتكە توپلىنىۋاتاتتى؛ ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى فىلورېنسىيە، گىنويا، مىلان، پىسا، ۋېنېتسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە سودا ـ سانائەت راۋاجلىنىپ، يېڭىچە مەدەنىي ھايات گۈللەپ ياشناشقا باشلىغان دەۋرلەردە، سەمەرقەنت، ھىرات قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى؛ ئىتالىيىدە مىدىچى (midici) جەمەتىدىن چىققان ھۆكۈمرانلار فىلورېنسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە كۆپلىگەن ئالىم ۋە سەنئەتكارلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يار ـ يۆلەكتە بولغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمىر تېمۇر نەسلىدىن بولغان شاھرۇھ، ئۇلۇغبېگ، ھۈسەيىن بايقارا ۋە زوھورىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىق پادىشاھلار سەمەرقەنت، ھىرات، دېھلى ۋە ئاگرا قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىلىرىگە ھامىيلىق قىلغانىدى؛ ئىتالىيىدە دانتې (Dante)، پېتراركا (Petrarca)، بوككاچچىئو (Boccaccio) قاتارلىق بۈيۈك ئەدىبلەر ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى پەردىسىنى قايرىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا نەۋائى، جامى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلار پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ئالتۇن دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى؛ ئىتالىيىدە مىكېلانجېلو (Michelangelo)، رافائېل (Rafael)، تىتىئان (Titian)، لېئوناردو داۋىنچى (Leonardo da vinci) قاتارلىق سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان قىممىتىگە بولغان چەكسىز ئىزدىنىشى ئىپادىلەنگەن

ھەيكەل ۋە ماي بوياق رەسىملىرى ئارقىلىق ياۋروپا سەنئىتىدە يېڭى دەۋر ئاچقان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كامالىددىن بېھزاد، مەۋلانە مىرەك نەققاش، شاھ مۇزەپپەر، شەيخزادە مەھمۇد، قاسىم ئەلى چېھرىكەش، دەرۋىش مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد مۆمىن قاتارلىق بىر تۈركۈم رەسسام ۋە نەققاشلار شەرق مىنىياتۇرا سەنئىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى؛ ياۋروپادا كوپېرنىك (Kopernic)، برۇنو (Bruno)، گالىلېي (Galilei) قاتارلىق ماتېماتىك ۋە ئاسترونۇملار ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلمىي كۆزىتىش ئارقىلىق «يەر مەركەز تەلىماتى»نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، غايەت زور ئاسترونومىيىلىك بايقاشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن چاغدا، ئۇلۇغبېگنىڭ سەمەرقەنت قېشىدىكى رەسەتخانىسىدا كائىناتتىكى 1008 يۇلتۇزنىڭ ھالىتى ۋە ھەرىكىتى تەتقىق قىلىنىپ، شەرق ئاسترونومىيىسىدىكى مەشھۇر ئەسەر «زىجى جەدىدى كورەگانى» (يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل) يېزىلىپ چىققانىدى؛ ئىتالىيىدە مەشھۇر ئىستراتېگىيىچى نىككولو ماكياۋىللى (Niccolo Machiavelli) نىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كېلىپ، ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل سىياسىئونلىرىنىڭ زوررۇر ئوقۇشلۇقىغا ئايلانغان چاغدا، شەرقتە نىزامۇل مۇلكنىڭ «سىياسەتنامە»سى، ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە ئۇرۇش تەجرىبىلىرى جەملەنگەن «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، شۇنداقلا زوھورىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرى بارلىققا كېلىپ، شەرق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىي دەستۇرى سۈپىتىدە رول ئوينىدى؛ ياۋروپادا كامپانىلانىڭ «قۇياش شەھىرى»، توماس مورنىڭ «ئوتوپىيە» ناملىق ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىپ، غەرب خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشلانغان «غايىۋى جەمئىيەت»



ئىدېئالى نىزامى گەنجىۋىنىڭ «خەمسە»سى ئارقىلىق نەۋائىي دەۋرىگە يېتىپ كەلدى ھەمدە شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇرى نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر سىپىلىدا ئىپادىلەندى. . .

دەرۋەقە، بۇنداق سېلىشتۇرمىلار سان ـ ساناقسىز ئىدى. نەۋائىي دەۋرى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى بىلەن پاراللېللىق ھاسىل قىلغانىدى. خۇددى نەۋائىشۇناسلاردىن ئىززەت سۇلتان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «نەۋائىي — ئۆز پائالىيىتى ۋە ئىجادى بىلەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئامىتى بەلەن كەلدى. ئۇ ياۋروپا تارىخىدا «رېنېسسانس» (ئويغىنىش) دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋرگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر دەۋرنى ماۋەرائۇننەھر (ئوتتۇرا ئاسىيا) ۋە خۇراسان خەلقلىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان زاماندا ياشىدى ھەمدە ئۆزى ھەم شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يارقىن ۋەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى».①

ئەپسۇسكى، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ پارلاق نەتىجىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئەكسساداسى يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

## 2. پەرغەلەرنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ ياقۇتى

### ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى ئىتالىيىدە

① ئىززەت سۇلتان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «نەۋائىي ۋە زامانىمىز» — «نەۋائىي ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلام، تاشكەنت، 1968 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 39 ـ بەت.

**پارلىدى. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە بازار ئىگىلىكى تەدرىجىي بىخلىنىپ چىقتى. سودا - سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ياۋروپانى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى، ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاخىرقى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە مۇئەييەن ئاساس ياراتتى.**

ياۋروپادا تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمىتىدىن كېيىن، XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى شەھەرلەردە يېڭىچە بىر مەدەنىي كەيپىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئىتالىيە ھەقىقەتەنمۇ جەنۇبىي ياۋروپادىكى جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە دۆلەت ئىدى. خۇددى ئۆتۈككە ئوخشايدىغان بۇ يېرىم ئارالنىڭ ئۈچ تەرىپى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇراتتى. شىمالىي قىسمى قىش - ياز قار - مۇز قاپلاپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئالپىس تاغلىرى ئارقىلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئىللىق ئىقلىمى، قوياش نۇرى پارلاپ تۇرغان دېڭىز ساھىللىرى، ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ - ئېدىرلىرى، سەنئەت ۋە رومانتىكىغا تويۇنغان شەھەرلىرى، شۇنداقلا قەدىمكى پارلاق مەدەنىيەتنى ئەسلىتىدىغان خارابىلىرى ھەر قانداق كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى قاناتلاندۇراتتى. . .

شۇنداق، بۇ يەردە دۇنياغا مەشھۇر رۇم ئىمپېرىيىسى مەيدانغا كەلگەن، يۇنان مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالغان پارلاق رۇم



مەدەنىيىتى بەرپا بولغان، دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بۇ يەردە ئورنىتىلغان، ئىمپېراتور قەيسەر، گۈزەل خانىش كلوپاترا ۋە سەركەردە ئانتونىئو، ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن، سىسېرو، لۇكرېتىئۇس، ئاۋگۇستىن، ۋىرگىل قاتارلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىنى بۇ يەردە يازغان. . .

ئەپسۇس، قەدىمكى رۇم دەۋرىنىڭ ئالەمشۇمۇل شان - شەۋكىتى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ۋە خرىستىئان چېركاۋ پەلسەپىسى پۈتكۈل ياۋروپانى مىڭ يىللارغا يېقىن غەبلەت ئۇيقۇسىغا ئەسىر قىلدى. ئارىدىن ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر نۇرلۇق سەھەردە يېڭى دەۋرنىڭ گۈدۈك ساداسى يەنە بۇ يەردە ياڭرىدى.

دەسلەپ ئىتالىيىدىن باشلىنىپ، كېيىنچە پۈتكۈل ياۋروپاغا كېڭەيگەن ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا ۋېنېتسىيە، فلورېنسىيە، مىلان، رۇم (رىم) ۋە ناپلېس قاتارلىق چوڭراق بەش شەھەر دۆلىتىدىن باشقا، يەنە بىر قانچىلىغان ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە نىسبەتەن چوڭراق ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە فېدېراتسىيە دۆلەتلىرى ئىدى. 1454 - يىلى ئىتالىيىدىكى ھەر قايسى فېدېراتسىيەلەر ئوتتۇرىسىدا لوت شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، تاكى XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا بىر خىل تىنچ ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈردى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ياۋروپادىكى بىر قانچە كۈچلۈك ئەللەر ئىتالىيىدىكى ئۇششاق فېدېراتسىيەلەرگە توختاۋسىز مۇداخىلە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما

بۇ شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى بىكار قىلىۋېتەلمىدى. بۇ ھال ھەر قايسى شەھەر فېدېراتسىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت رىقابىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ پورت شەھىرى بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دېڭىز سودىسىنى خېلى دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغانىدى. بولۇپمۇ ۋېنېتسىيە بىلەن فلورېنسىيە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە ياۋروپا دېڭىز سودىسى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندى. ئەزەلدىنلا سەنئەت روھىغا باي ئىتالىيانلار يېڭىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن فلورېنسىيىدە گۇمانىزم ئېقىمىنىڭ تۇنجى مەشئىلىنى ياقتى.

شۇنداق قىلىپ، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى ئىتالىيىدە پارلىدى. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە يېڭى تىپتىكى بازار ئىگىلىكى تەدرىجىي بىخلىنىپ چىقتى. سودا ـ سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ياۋروپانى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئىتالىيىدىكى كۆپلىگەن شەھەر فېدېراتسىيىلىرى، جۈملىدىن ۋېنېتسىيە، گېنويا ۋە فلورېنسىيە قاتارلىق شەھەرلەر سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن قەدىمكى رۇمنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ياقلىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھدىنامە شەكلىدىكى فېدېراتسىيە بىرلىكىگە ئۇيۇشقانىدى. بۇ ھال يېقىنقى زامان ياۋروپاسىدا دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئېڭىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۈرتكە بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىگە بولغان مىسلىسىز قىزىقىشنى قوزغىغانىدى. پېتراركا (Petrarca) 1337 ـ يىلى تۇنجى قېتىم رۇم شەھىرىنى



زىيارەت قىلغان چېغىدا، قەدىمكى مەدەنىيەت خارابىلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىزلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنى سۈپەتلەشكە يېتەرلىك سۆز تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى دەپ قارالغان پېتراركىنىڭ تارىخ قارىشى تۈپتىن ئۆزگىرىدۇ. ئۇ قەدىمكى رۇم جۇمھۇرىيىتى بىلەن رۇم ئىمپېرىيىسى ۋەكىللىك قىلغان پارلاق دەۋر بىلەن خرىستىئان چېركاۋ پەلسەپىسى رۇمغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئوتتۇرىسىدىكى روشەن مەدەنىيەت سېلىشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ھەمدە «قەدىمكىگە قايتىش»، «تەبىئەتكە قايتىش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قەدىمكى دۇنياغا بولغان قىزىقىش نېمە ئۈچۈن ئىتالىيىدە ئەڭ ئاۋۋال باشلىنىپ، بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىغا ئومۇملىشىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئەنگلىيە ئالىمى ئالان بۇللوك (Alan Bullock) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇنى ئىككى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرى، قەدىمكى زامان تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىتالىيىدىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك تۇپراقتا يۈز بەرگەن. قاراڭ، رۇم شەھىرىدىكى ھەيۋەتلىك مەيدان، گېلادىئاتورلار كولۇبى ۋە ئاممىۋى مۇنچىخانىنىڭ خارابە ئىزلىرى ئۆز دەۋرىدىكى رۇم مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى ئۈنسىز نامايان قىلىپ تۇرماقتا. . . يەنە بىرى، XIV ئەسىردىن كېيىنكى ئىتالىيە شەھەرلىرىدە سودا ـ سانائەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، مەدەنىي ھاياتنىڭ يېڭىچە مەنزىرىسىنى ياراتتى ھەمدە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى قايرىدى».[1]

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە تامامەن ئوخشاشمىغان

① ئالان بۇللوك (ئەنگلىيە): «غەربتە گۇمانىزم ئەنئەنىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1997 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 ـ بەت.

هالدا ئالاهىدە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا مەيدانغا كەلدى.

ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئاسىيادا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاخىرقى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە ئاساس ياراتتى.

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىرلىككە كېلىشى نەتىجىسىدە يۈز بەردى. خەلىپىلىكنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، تەخمىنەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ داغدۇغىلىق شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى. خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىدە دەمەشق، قاھىرە، ئىسكەندىرىيە، باغداد، بەسرە، تەسۋىن، بۇخارا، ئىسپاھان، سەمەرقەنت، غەزنە قاتارلىق نەچچە ئونلىغان مەدەنىيەت ئوچاقلىرى مەيدانغا كەلدى. باغداد، كوردوۋا قاتارلىق ئىككى چوڭ مەدەنىيەت مەركىزىدە جاھانغا مەشھۇر ئىككى بۈيۈك تەرجىمە مەكتىپى دۇنياغا كەلدى. «ئۈنىڭ بىرى، قەدىمكى گرېك - يۇنان ئالىملىرى ياراتقان كلاسسىك ئىلىم - پەن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان، شەرھلەيدىغان ۋە كۆچۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باغداد تەرجىمە مەكتىپى؛ ئىككىنچىسى، ئەرەب تىلىدا يارىتىلغان باي ئىلمىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ياۋروپا تىللىرى ( ئاساسلىقى لاتىن تىلى) غا تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان تولدا - كوردوۋا (بۇ شەھەرلەر ئىسپانىيىدە) تەرجىمە مەكتىپى. ھەر ئىككى تەرجىمە مەكتىپى جاھان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا مىسلى



كۆرۈلمىگەن بۈيۈك روللارنى ئوينىدى» .[1]

خەلىپىلىك تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان «يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى» (مىلادىيە 750 — 850) ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنى بۈيۈك بىر دەۋرگە — شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. باغدادنى مەركەز قىلغان شەرق دۇنياسىدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشى يۈز بەردى. قەدىمكى ئىبرانىي - مىسىر مەدەنىيىتى، يۇنان - رۇم مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ئوزۇق ئالغان ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى مۇشۇ دەۋردىكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئەل كىندى، ئەل فارابى، ئەلى تەبەرى، ئەل رازى، ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇ ئاببباس ئەھمەد فەرغانى، ئۆمەر ھەييام، مۇھەممەد خارەزمى، غەززالى، فىردەۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، جالالىددىن رۇمى، ناسىر خىسراۋ، ئىبن رۇشىد قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالىم - پەيلاسوپلار شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلدى. شەرق ئويغىنىش دەۋرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان ئاكادېمىك ن. پ. كونراد بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئويغىنىش دەۋرى يالغۇز ئىتالىيە خەلقىنىڭ تارىخىغىلا مەنسۇپ بولمىسا كېرەك ياكى باشقىچە ئېيتقاندا ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىي ھاياتىنىڭ ‹خۇسۇسىي ھالىتى› بولمىسا كېرەك. . . ئويغىنىش دەۋرى شەرقتە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر بىلەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە بولغان مەخسۇس تارىخىي دەۋرنى، يەنى فېئودالىزم دەۋرىنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگو تارىخىدا VIII — XV

① شەرىپىددىن ئۆمەر: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىل 1 - سان، 154 - بەت.

ئەسىرلەرنى، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي - غەربىي ھىندىستان تارىخىدا IX — XIII ئەسىرلەرنى، ياۋروپا تارىخىدا XIV — XVI ئەسىرلەرنى مۇشۇنداق دەۋر دەپ ھېسابلاش مۇمكىن». ①

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە چىڭگىز ئىستېلاچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا قىلغان شىددەتلىك يۈرۈشلىرى بىلەن خرىستىئان ياۋروپاسىدىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ شەرققە قىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلدى. بولۇپمۇ X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، خەلىپىلىك تەۋەسىدە بىر قانچىلىغان ئۇششاق بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەدرىجىي ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلى تەۋرەشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئۆز دەۋرىدىكى باغدات، دەمەشق قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردىن تەدرىجىي شەرققە سۈرۈلۈپ، سامانىيلار، سالجۇقىيلار ۋە قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە يۆتكەلدى. قاراقىتانلار بىلەن موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىنى ئىستېلاھ قىلىشى مۇسۇلمان شەرقىدە بىرىنچى قېتىملىق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

خەلىپىلىكنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دۇنياسىدا كۆرۈلگەن بىر مەھەللىك چۈشكۈنلۈكتىن كېيىن، XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا شەرق ئويغىنىشىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى يېتىپ كەلدى. مىلادىيە 1369 - يىلى تۈركلەشكەن چىڭگىز نەسلىدىن كېلىپ چىققان تېمۇر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە باش

① ن. پ. كونراد (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «غەرب ۋە شەرق»، مۇسكوۋا «پەن» نەشرىياتى، 1966 - يىل، رۇسچە نەشرى، 507 - بەت.



كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ 1405 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە ئوتراردا قازا قىلغانغا قەدەر بولغان 36 يىل جەريانىدا، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستان، كافكاز، كىچىك ئاسىيا، دەمەشق قاتارلىق جايلارنى ئىستېلاھ قىلىپ، شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىدىن تاكى سۈرىيىگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ناھايىتى كاتتا ئىمپېرىيە «تېمۇرىيلەر دۆلىتى»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەمىر تېمۇر ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى داۋامىدا ئىشغال قىلىنغان مەملىكەتلەردىن كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىما، ھۈنەرۋەن - كاسىپ ۋە يېتىشكەن بىلىم ئىگىلىرىنى سەمەرقەنتكە يالاپ ئەكەلدى. قارام قىلىنغان ئەللەرنىڭ خەزىنىلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تۈرلۈك بايلىقلارنى سەمەرقەنتتىكى ئوردا خەزىنىسىگە توپلىدى. ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي كرىزىسنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سەمەرقەنت دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل شەھەرگە ئايلاندى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت، سودا مەركىزى بولۇپ قالدى.

ئىتالىيە شەھەرلىرىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ناھايىتى كۆپ ھامىيلىق قىلغان مېدىچى جەمەتىگە سېلىشتۇرغاندا، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىدا ئوينىغان سىياسىي رولى تېخىمۇ زور ئىدى. تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 150 يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىقى داۋامىدا تۈركىي - پارس مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ جەھەتلەردە ھامىيلىق قىلدى. ماركس ئەمىر تېمۇرنىڭ ھاياتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى

سەلتەنىتىگە شۇنداق دۆلەت تۈزۈمى ۋە قانۇنلىرىنى بېكىتتىكى، بۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاتار (موڭغۇل) باسمىچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ۋەھشىيلىكلەر ۋە ياۋايىلارچە ۋەيرانچىلىقلاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى».[1]

تارىخچىلارنىڭ ئەمىر تېمۇرنى يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخس دەپ قارىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. خۇددى خانىدا تورو ئېيتقاندەك: «چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە تېمۇر ئۆزىنىڭ تۇغما باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىيەت ئويغىنىشى ھەرىكىتىگىمۇ يول ئاچتى. ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تېخنىك ـ ھۈنەرۋەنلەرنى توپلاپ سەمەرقەنتكە خان سارىيى، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى سالدۇردى، قانال قازدۇردى. شۇ ئارقىلىق بۇ شەھەرنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى ۋەيراچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، دىنىي جەھەتتىكى يېڭى سۇلۇك ـ تەرىقەتچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تۈركىي ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى مۇشۇ دەۋردىن باشلاندى».[2] شۇڭلاشقا تارىخچىلارنىڭ «چىڭگىزخان بۇزغان، تېمۇر تۈزگەن»[3] دېگەن باھاسى خېلىلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن بۇ تېررىتورىيىدە تۈركىي ـ موڭغۇل ۋە ئىران ـ ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىي ھايات ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى

① كارل ماركس: «خرونولوگىيىلىك يىلنامىلار»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئارخىپلىرى»، موسكۋا، 1939 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 6 ـ توم، 184 ـ بەت.
② ③ خانىدا تورو: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 178 ـ، 179 ـ، 182 ـ بەتلەر.



كۆتۈردى. خۇددى ئامېرىكا ئالىمى گاۋىن ھامبلى ئېيتقاندەك: «مەدەنىيەت ساھەسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆھپىسى تەڭداشسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىدى. ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىرات، مەشھەد، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر بىلەن ئىسلام مەدرىسلىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن رەسسام ۋە خەتتاتلارنى ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا ھەممىگە مەشھۇر بولغان پارس ئۇسلۇبىدىكى مىنىياتۇرا رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلار دۇنياغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ھېچقانداق بىر سۇلالە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ مىراسلارنى قالدۇرالمىدى».[1] تېمۇر ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلىمگە ھامىيلىق قىلغۇچى ئەۋلادلىرى — شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ئۇلۇغبېگ، ھۈسەيىن بايقارا ۋە زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىچە مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم سىياسىي روللارنى ئوينىدى. شۇڭلاشقا، «تارىخچىلارنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك جەمەت دەپ مەدھىيىلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك».[2]

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىلى بولغان ئەلىشىر نەۋائىمۇ «تېمۇرنى ناھايىتى ئىجابىي باھالىغانىدى، نەۋائى ئۈچۈن ئۇ ‹جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى بۈيۈك

① گاۋىن ھامبلى (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى»، سودا نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 208 ـ بەت.
② كوجىما جۇيىچى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 284 ـ بەت.

پادشاھ، — تەخت ئىگىسى — تېمۇر كۆرەگان ئىدى. ‹تېمۇربېگ نەسلىدىن› دېگەن ئىبارە نەۋائى تىلىدا ئۆز زامانىدىشى ئۈچۈن ئەڭ كاتتا ماختاش سۆزى ئىدى. . . نەۋائىنىڭ پىكرىچە تېمۇر ۋە تېمۇرىيلەرنىڭ، يەنى مەھەللىۋى ـ يەرلىك تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىگە چىقىشى ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقانىدى»[1].

شۇنداق قىلىپ، تېمۇرىيلەر سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئەلىشىر نەۋائى ئىجادىدا ئىپادىلەندى. بۇ دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تېمۇرىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى ( IX — XIII ئەسىرلەر ) نىڭ ئەمەلىي تەسىرى ئاساسلىق مەنبە بولغانىدى. خۇددى ئۆزبېك ئالىملىرىدىن مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ تەكىتلىگەندەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەۋائى ئەسىرىنى پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەم IX ئەسىردىن باشلانغان ئومۇمىي رېنېسسانس (ئويغىنىش) دەۋرىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولاتتى. بۇ رېنېسسانس ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، كېيىنچە خەلىپىلىكنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە مىللىي فېئودال دۆلەتلەرنىڭ تەشكىل تېپىشى بىلەن ھەرقايسى رايون ۋە تۈرلۈك مەملىكەتلەردە داۋام قىلدى»[2].

---

[1] ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، تاشكەنت، 1969 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 23 ـ بەت.
[2] مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ: «نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ غايىۋى مەنبەلىرىنى ئۆگىنىش ھەققىدە» — «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلامغا قاراڭ. تاشكەنت، 1968 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 148 ـ بەت.



شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى ( IX — XIII ئەسىرلەر ) دە يارىتىلغان مول ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەتىجىلىرى تېمۇرىيلەر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا مەنبە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە XIV — XV ئەسىرلەردە ئىتالىيىدىن باشلانغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

## 3. غەربتە فلورېنسىيە ۋە رۇم، شەرقتە سەمەرقەنت ۋە ھىرات

شەھەر ھاياتىنىڭ گۈللىنىشى ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تۈپ بەلگىسى بولۇپ قالدى. «غايىۋى شەھەر» پرىنسىپى ۋە «خىيالىي جەمئىيەت» ئۇتوپىيىسى مۇشۇ دەۋر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ھېسابلاندى. سودا ـ سانائەت، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ پارتلىشى مەركىزىي شەھەرلەرنى گۇمانىزم ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەرنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى. ئىتالىيىدە فلورېنسىيە، گېنويا، ۋېنتسىيە، مىلان، نابلېس قاتارلىق شەھەرلەر يېڭىچە مەدەنىي كەيپىياتقا چۆمۈلگەن چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەمەرقەنت بىلەن ھىرات يېپەك يولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غايىۋى شەھەرگە ئايلاندى.

شەھەر — مەدەنىيەتنىڭ بالىياتقۇسى. ئەرەب تىلىدىن كېلىپ چىققان «مەدەنىي»، «مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇلار ئەڭ دەسلەپ «شەھەرلىشىش» مەنىسىدىن كېلىدىغان. ئىنسانىيەتنىڭ

ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلىرى شەھەرلەردە يارىتىلغان. مەيلى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى بولسۇن ياكى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى بولسۇن ھەممىسى شەھەر ھاياتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئۆزىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغان. شۇڭىمۇ ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان پېتېر بۆركې (Peter Burke) «شەھەرلەر بولمىغان بولسا، ئەدەبىي ئويغىنىشمۇ بولمىغان بولاتتى»[①] دەيدۇ.

XIV — XV ئەسىرلەردە ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا سودا ـ سانائەتنىڭ كۈنسايىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ھاياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. فېلورېنسىيە، گېنويا، ۋېنېتسىيە قاتارلىق شەھەرلەر ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇرتقىسىغا ئايلاندى. مىلادىيە 1300 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئىتالىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى 23 شەھەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭدىن ئاران ئارتقان بولسا، XV ئەسىرگە كەلگەندە ۋېنېتسىيە، مىلان، نابلېس قاتارلىق ئۈچ شەھەرنىڭ نوپۇسى 100 مىڭغا، فىلورېنسىيە ۋە بولونىيە شەھەرلىرىنىڭ نوپۇسى 50 مىڭدىن 60مىڭغىچە يېتىپ باردى.[②] بولۇپمۇ، فىلورېنسىيە ۋە ۋېنېتسىيە قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئاپتونومىيىدىن بەھرىمەن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىدە ئەركىن ھاياتقا ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە بولغان بىرخىل قىزغىنلىقنى ئىپادە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا ـ سانائەت جەھەتتىكى ئەركىن رىقابەت ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ قانات يېيىشى شەھەر ئاھالىسى ئىچىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەركىنلىك تەلىپىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ بېرىۋاتاتتى.

ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قەدىمىي شەھەر رىم

① ئالان بۇللوك: «غەربتە گۇمانىزم ئەنئەنىسى»، 16 ـ بەت.
② ئالان بۇللوك: «غەربتە گۇمانىزم ئەنئەنىسى»، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.



گەرچە ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش ئورگىنى ۋە پاپانىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىتالىيىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە بىخ سۇرۇۋاتقان ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى بۇ يەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. مىسلىسىز زور مەمۇرىي ۋە دىنىي ھوقۇققا ئىگە رىم پاپاسى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي نىزاملىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئىتالىيە رېنېسسانسىنىڭ بەزى تەلەپلىرىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇ ھال ئىتالىيە ئويغىنىشىنىڭ بۆشۈكى بولغان فىلورېنسىيىدە روشەن ئىپادىلەندى.

ئۆز دەۋرىدىكى فىلورېنسىيە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلىتى ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر پۇقراسى يېڭى دەۋر ئېلىپ كەلگەن مەدەنىي ھاياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىنتىلىشلىرىنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە بىرلەشتۈرگەنىدى. فىلورېنسىيىگە ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەشھۇر مېدىچى جەمەتىدىن كوسىمو مېدىچى (Cosimo de Medici) ۋە لورېنزو مېدىچى (Lorenzo de Medici)لار بۇ دەۋردىكى فىلورېنسىيىنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ناھايىتى زور ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ دەۋرلەردە فىلورېنسىيە ھۆكۈمىتىگە باش كاتىپ بولغان سالۇتاتى (Coluccio Salutati, 1331 — 1406)، لېئوناردو برونى (Leonardo Bruni، 1369 — 1444) قاتارلىق شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ مەشھۇر گۇمانىزمچىلاردىن ئىدى. شۇڭلاشقا فىلورېنسىيىدە دۆلەت بىلەن مەدەنىيەت ئۇقۇمى بىر گەۋدە

قىلىنغانىدى. شەھەر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان مەنىۋى كۆزنىكى ئىدى. فىلورېنسىيە تىنچلىقتا، ئەركىنلىكتە ۋە سەنئەتكە تويۇنۇشنى ئىزدەيتتى. شەھەر خەلقى، مەيلى قول ھۈنەرۋەن، سودىگەر، بانكىر ۋە سەنئەتكار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى بىردەك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداپ، مۇستەبىتلىككە ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلايتتى. مانا بۇ نېمە ئۈچۈن ئىتالىيىدىكى كۆپلىگەن سەنئەتكار ۋە ئالىملارنىڭ بۇ شەھەرگە ئىنتىلگەنلىكى ۋە توپلانغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىدى.

ئىتالىيە ئالىمى ساندرا سۇئاتونى ( Sandra Suatoni ) ئۆزىنىڭ «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆز دەۋرىدىكى فىلورېنسىيە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئەركىنلىك ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنىڭ قىممىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى. ئۆزىنىڭ قەدىمكى رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىگە ۋە قەدىمكى رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلدى. شەھەر ئاھالىلىرى كۆپ تەرەپلەردىن ئورتاق مەنپەئەت زەنجىرىگە باغلانغاچقا، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتلەردە بىردەك تەشكىللىنىپ، ئۆز شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاشقا ھەر قاچان تەييار تۇراتتى. مۇشۇ ئورتاق نىشانغا يېتىش ئۈچۈن فىلورېنسىيە قەدىمكى رىم مەدەنىيىتىنىڭ روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئارىستوتېل ۋە پلاتوننىڭ ئەخلاقىي، سىياسىي تەلىماتلىرىنى قايتىدىن تەتقىق قىلدى. پلاتوننىڭ ‹جۇمھۇرىيەت ھەققىدە› دېگەن ئەسىرىدىن غايىۋى شەھەر بەرپا قىلىشنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوبۇل قىلدى. يەنە مۇشۇنداق مەقسەت ئۈچۈن، فىلورېنسىيە



سەنئەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلدى. بۇ دەۋرلەردىكى گۇمانىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، بىر شەھەرنىڭ شان - شۆھرىتى دەل مۇشۇ شەھەردە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھەيكەللىرى، ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر، گۈزەل سەنئەت ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر، شۇنىڭدەك راۋاجلانغان سودا - سانائەتنىڭ بار - يوقلۇقىدا گەۋدىلىنەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى غايىۋى شەھەر ئاھالىسىنىڭ گۈزەل پەزىلىتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ دەلىلى بولالايتتى...»[1].

گۇمانىزم روھىدىن قاناتلانغان گۈزەل غايىنىڭ تۈرتكىسىدە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، فىلورېنسىيىدە كۆپلىگەن ئاممىۋى پائالىيەت ئەسلىھەلىرى — چېركاۋ، تىياتىرخانا، قوڭغۇراقلىق مۇنار ۋە ھۆكۈمەت بىنالىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا سەنئەتكارلار بىلەن قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى زىچ ھەمكارلاشتى. ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلار ئۆزلىرىدە ئارخىتېكتورا پرىنسىپى بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىنى جىپسلاشتۇرۇپ، ياۋروپا قۇرۇلۇشلىرىغا خاس ستېرېئولۇق كۆرۈنۈش بىلەن گۇمانىزم ئېقىمىغا خاس تاشمايىل ئەندىزىنى ئىپادە قىلدى.

«بىر شەھەربىر چوڭ تىپتىكى تۇرالغۇ جايغا ئوخشايدۇ. بىر تۇرالغۇ جايمۇ بىر شەھەرگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىنى بىر جانلىقتا ئوخشاتساق، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورگانىزمىنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئۆزئارا بىر - بىرىگە باغلىنىشى ۋە بىردەك ماسلىشىشى كېرەك»[2]. مانا بۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى ئالبېرتى ( Leon Battista Alberti ) نىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى غايىسى ئىدى. ئۇ شەھەرنى

① ساندرا سۇئاتونى: «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.
② ساندرا سۇئاتونى: «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە»، 37 - بەت.

جانلىق ئورگانىزم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە شەھەر قۇرۇلۇشى خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ھەر قايسى بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ۋە گارمونىيىلىك بىرلىكنى ئىپادە قىلىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى ئادەم مەركەزچىلىكىدىن ئىبارەت گۇمانىزملىق روھنى ئىپادە قىلغانىدى. يەنە بىر مەشھۇر قۇرۇلۇش ئۇستىسى فرانسىسكو دې گىئورگىئو مالتىنى (Fransisco de Giorgio Maltini) مۇ مۇنداق دەپ قارايتتى: «شەھەر قۇرۇلمىسى ئەڭ مۇكەممەل، شەكلى ئەڭ گۈزەل بولغان ئادەم بەدىنىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم بەدىنىگە خاس بولغان بىر يۈرۈش، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ۋە ماسلىق نىسبىتىنى ۋە گارمونىك شەكلىنى ھازىرلىشى كېرەك»①.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى بىناكارلىق ئۇستىلىرى بىلەن سەنئەتكارلار قۇرۇلۇش ئىدىيىسى ۋە شەھەر بىناكارچىلىقى جەھەتتىلا كلاسسىك دەۋردىكى ۋىترووۋىئو (Vitrowio) ۋە پلاتونلارنىڭ ئادەم بەدىنى نەزەرىيىسىنى مۇھىم مەنبە قىلدى. ئۇلار بىردەك ئادەم بەدىنىنى خۇدا ياراتقان مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىللەرنىڭ ئۈلگىسى، شەھەر قىياپىتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى يارىتىشتا چوقۇم مۇشۇ ئۈلگىدىن ئۆگىنىش كېرەك، غايىۋى شەھەر بەرپا قىلىشتا ئۇنىڭ تاشقى شەكلىنى تەڭ نىسبەت بىلەن ئەركىنلىكنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان سىتېرېئولۇق سىستېمىغا ئىگە قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. مانا مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇ دەۋرلەردە سېلىنغان فىلورېنسىيىدىكى سان - مارىيە چېركاۋى، رۇم ۋاتىكانىدىكى ساينت - پېتېر چېركاۋى، بىر قىسىم ئاممىۋى پائالىيەت بىنالىرى، ھۆكۈمەت تۇرالغۇلىرى قاتارلىق

① ساندرا سۇئاتونى: «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادىمىيلىككىچە»، 37 - بەت.



قۇرۇلۇشلار ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ روھىنى ئىپادىلىدى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزمچىلارنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ئىدېئالى ناھايىتى زور دەرىجىدە شەھەر ھاياتىنى بىرلىك قىلغانىدى. بولۇپمۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە باشقا سىياسىي، ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇنىڭ مۇھاكىمە مەركىزىگە ئايلاندى. ئابېرتى، ئانتونىئو فىلارىتاي، فرانسىسكو مالتىنى ۋە لېئوناردو داۋىنچى قاتارلىق مەشھۇر قۇرۇلۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ غايىۋى شەھەر قۇرۇلۇشى مۇنداق ئۈچ ئاساسىي ئۆلچەمنى شەرت قىلاتتى؛ مۇھىت تازىلىقى، ئىچكى بىخەتەرلىك ۋە تاشقى مۇداپىئە سىستېمىسى.

شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە شەھەرلىرى شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىگە ئايلاندى. گۇمانىزمچىلار بەس - بەس بىلەن ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ۋە ئەقىل - ئىدراكنىڭ يەككە - يېگانە ھالەتتە ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىجتىمائىي كوللېكتىپ قوينىدا ئەمەلگە ئېشىشىنى، شەھەرلەرنىڭ ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىشنىڭ مەيدانىغا ئايلىنىشىنى تەشەببۇس قىلدى. لېئوناردو برونى كەسكىن ھالدا مۇنداق خىتاب قىلدى: «ئادەم ناھايىتى ئاجىز مەخلۇق، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسىي كۈچىگە تايىنىپلا ئۆزىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولۇقلىيالمايدۇ، بەلكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نېمىنىڭ ھەقىقىي شەھەر، نېمىنىڭ جۇمھۇرىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمۇ مۇھىم ئىش بولمىسا كېرەك...»①

مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا شەھەر ھاياتىنىڭ رولى ئېھتىمال مەيلى شەرقتە بولسۇن ياكى غەربتە بولسۇن، ئەدەبىي ئويغىنىش

① يېۋگېنىئو گارىن (ئىتالىيە): «ئىتالىيە گۇمانىزمى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 40 - بەت.

دەۋرىدىكىدەك بۇنچىلىك مۇھىم بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. بىر توپ گۇمانىزم غايىسىگە ئىگە قەلبى ئويغاق كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىتالىيە شەھەرلىرىنىڭ مەدەنىي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تاشلىدى. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچۇرلىرى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردىن ھالقىپ، ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى يېڭى دەۋرنىڭ رومانتىك كۈيىگە ئورالغان شەھەرلەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەر — سەنئەت، پەلسەپە، شېئىرىيەت ۋە ئىنسان پەنلىرىنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندى. شەھەر — ئارخېتېكتورا، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە باشقا تەبىئەت پەنلىرىنىڭ پارتلاش مەركىزى بولدى. شەھەر ھاياتىنىڭ گۈللىنىشى ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تۈپ بەلگىسى بولۇپ قالدى. «غايىۋى شەھەر» پرىنسىپى ۋە «خىيالىي جەمئىيەت ئوتوپىيىسى» مۇشۇ دەۋر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ھېسابلاندى. سودا - سانائەت، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى مەركىزىي شەھەرلەرنى گۇمانىزم ۋە دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، شەھەر ھاياتىنىڭ ياۋروپا تارىخىدىكى ئورنى كۈنسايىن ئېشىپ باردى. چوڭ شەھەرلەردىكى مەدەنىي كەيپىيات بىر تۈركۈم تالانت ئىگىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇلار ياراتقان مول مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئالەمشۇمۇل پىكىر تەلقىنلىرى كېيىنكى دەۋر ياۋروپاسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا زور تۈرتكە بولدى. پېتېر بۇركېنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 1420 - يىلدىن 1540 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىتالىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە يېتىلىق ياراتقان سەرخىللار — گۇمانىزمچىلار، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار،



مۇزىكانتلار، ئالىملار ۋە ئارخېتېكتورلاردىن جەمئىي 600 دىن ئارتۇق كىشى مەيدانغا كەلگەن.[1] بۇ ھال ئىتالىيىنى يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇردى. ئېنگېلس ئېيتقان «گىگانت شەخسلەرنىڭ گىگانت دەۋرى» بولغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلدى.

دەل شۇ دەۋرلەردە ئۇزاق ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى قەدىمكى شەھەر — سەمەرقەنت بىلەن ھىراتتا شەرق ئويغىنىش دەۋرىگە خاس مەدەنىي كەيپىيات جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەمىر تېمۇر ئۆز يۈرۈشلىرى داۋامىدا ھەر قايسى ئەللەردىن ئېلىپ كەلگەن مەشھۇر ئالىملار، سەنئەتكارلار ۋە ھۈنەرۋەن ئۇستىلار سەمەرقەنت ۋە ھىراتقا توپلاندى. قارام قىلىنغان رايونلاردىن يىغىۋېلىنغان سان - ساناقسىز مال - مۈلۈك ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەر سەمەرقەنت خەزىنىسىگە تولۇپ تاشتى. تەرەپ - تەرەپتىن كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ كېلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى، ھەر خىل ئىرقتىكى كۆچمەنلەر توپى، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى سەمەرقەنتكە سەلدەك ئاقتى. شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى سەمەرقەنت ۋە ھىراتتا پارلىدى. ئىتالىيىدە فلورېنسىيە، گېنويا، ۋېنېتسىيە، مىلان، نابلېس قاتارلىق شەھەرلەر يېڭىچە مەدەنىي كەيپىياتقا چۆمۈلگەن چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا سەمەرقەنت بىلەن ھىرات يىپەك يولىدىكى ئەڭ ئاخىرقى غايىۋى شەھەرگە ئايلاندى.

سەمەرقەنت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتكە ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلام شەرقىدە «دۇنيانىڭ كۆزنىكى، روھ بېغى، ئالەمنىڭ كىندىكى، ئىسلام ياقۇتى ۋە شەرق مەرۋايىتى»[2] قاتارلىق گۈزەل ناملىرى بار. ئۇ

① ئالان بۇللوك: «غەربتە گۇمانىزم ئەنئەنىسى»، 16 - بەت.
② «ئۆزبېكىستان — سەمەرقەنتكە بارىدىغان ئالتۇن يول»، شياڭگاڭ، ئودېسسا نەشرىياتى چەكلىك شىركىتى، 1999 - يىل، ئېنگلىزچە نەشرى، 149 - بەت.

ماۋەرائۇننەھر (Transoxiania) دىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن ھۆكۈمرانلارنىڭ، جۈملىدىن ئالېكساندىر ماكېدونىيسكى، دارا، چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تېمۇر قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك نىشانى بولغان. ئۆمۈر بويى سەمەرقەنتكە ھۆكۈمران بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما بۇ خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرىدە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ: «يەر يۈزىدە سەمەرقەنتتەك گۈزەل شەھەر ئاز، ئۇرنى بەشىنچى ئىقلىمدا، مېردىئان سىزىقى 99، يۇلتۇز بەلگىسى 56 گرادۇس ۋە مىنۇت، پاراللېل سىزىقى 30 گرادۇس ۋە مىنۇت. شەھىرى سەمەرقەنت، ۋىلايىتى ماۋەرائۇننەھر دېيىلىدۇ. بۇ يەرنى ھېچقانداق دۈشمەن قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ‹بەلدەئى مەھفۇز› (بىخەتەر شەھەر) دەپ ئاتالغان. سەمەرقەنت ئاھالىسى ئەمىر ۇلمۇئمىنىن ھەزرەتلىرى زامانىدا مۇسۇلمان بولغان. . . سەمەرقەنتنى ئىسكەندەر بىنا قىلغان. موغۇل ۋە تۈرك ئۇلۇسى ‹سېمىزكەنت› دەيدۇ. تېمۇربەگ بۇ يەرنى پايتەخت قىلغان. تېمۇربەگدىن بۇرۇن بۇ يەرنى تېمۇربەگدەك ئۇلۇغ پادىشاھ پايتەخت قىلىپ باققان ئەمەس. قورغىنىنى سېپىل ئۈستىدىن قەدەملەپ كۆرۈشنى بۇيرۇغانىدىم، ئون مىڭ ئالتە يۈز قەدەم چىقتى. خەلقى تامامەن سۈننىي بولۇپ، پاك مەزھەپلىك، شەرىئەتچىل، دىندار خەلقتۇر. . . »①

ئەمىر تېمۇر قۇرغان ئىمپېرىيە مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچىيىپ XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غەربتە تاكى سۈرىيە ۋە كىچىك ئاسىياغىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيىگە سوزۇلىدۇ. شەرقتە مەيدانغا كەلگەن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ خەۋەرلىرى ياۋروپا ئەللىرىنى ۋەھىمىگە سالىدۇ. قاتتىق چۆچۈگەن ئىسپانىيە پادىشاھى 1403 ـ يىلى ماي ئېيىدا كلاۋىيو (Kilaviyo) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە سەمەرقەنتكە ئەۋەتىدۇ. كلاۋىيو ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ مىڭبىر جاپالار بىلەن پايتەخت سەمەرقەنتكە كېلىدۇ ۋە ئەمىر تېمۇر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، سەمەرقەنتتە ئالتە ئاي تۇرىدۇ. ئۇ 1405 ـ يىلى ئاران ئىسپانىيىگە قايتىپ بارىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا يازغان ئەلچىلىك خاتىرىسىدە سەمەرقەنت ھەققىدە ئاجايىپ تەپسىلىي مەلۇماتلارنى قالدۇرىدۇ: «سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ باياشادلىقى ۋە ھەرخىل مەھسۇلاتلىرىنىڭ موللۇقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىكەن. شۇڭا ئۇ تۈركىي تىلىدا ‹سېمىزكەنت› دېيىلىپ، شۇ نامدىن تەدرىجىي ‹سەمەرقەنت› كە ئۆزگەرگەنىكەن. بۇ شەھەر يەنە قول ھۈنەر سانائىتى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىكەن. شەھەردە بىر قانچىلىغان يىپەك زاۋۇتلىرى بولۇپ، ھەرخىل رەڭدىكى يىپەك رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلىپ، باشقا شەھەرلەرگە توشۇلىدىكەن. تېمۇر سەمەرقەنتنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ۋە مۇھىم پايتەختكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سودىگەرلەرنى جەلپ قىلغان ۋە شەھەر سودىسىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ئۆزى ئىستېلاھ قىلغان شەھەرلەردىن ئەڭ ماھىر، ئەڭ ئىقتىدارلىق ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى بۇ يەرگە توپلىغانىكەن. ئۇ دەمەشقنى ئىستېلاھ قىلغان چاغدا بۇ يەردىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگەرلىرى، يىپەك ئۇستىلىرى، جەڭ هارۋىسى ياسىغۇچىلار، ئەينەك ۋە ساپال ياسىغۇچى ئۇستىلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەلگەنىكەن.

ئۇ تاللاپ كەلگەن ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى ھۈنەر ـ تېخنىكىدا كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر ئىدى. تېمۇر تۈركىيىنى بويسۇندۇرغان چاغدىمۇ بىر مۇنچىلىغان مېتال ئېرىتكۈچى، پۇل ياسىغۇچى،

① زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

مىسكەر، ئارخىتېكتور ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن. ھەرقايسى ئەل ۋە شەھەرلەردىن تاللاپ كېلىنگەن ئۇستىلار سەمەرقەنتكە توپلانغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئاجايىپ جانلىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تېمۇر دەۋرىدە سەمەرقەنتكە توپلانغان ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ سانى 150 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. سەمەرقەنت ئاھالىلىرى تەركىبىدە تۈركلەر، ئەرەبلەر ۋە پارسلار بار ئىدى. ئۇلار تۈرلۈك مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەنىدى. بۇ يەردە ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن باشقا يەنە ئەرمەنلەر، گرېكلار، خرىستىئان دىنىنىڭ ياكوبى ئېقىمىدىكىلەر، نىستورىي مەزھىپىدىكىلەر، زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ھىندىلار بار ئىدى.

شەھەر ئىچى ئاۋات سودا بازارلىرى بىلەن تولغانىدى. بۇ يەردىن دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن مەھسۇلاتلارنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. ئاق ئورۇس ۋە تاتار چېگرىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن كۆن - خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى، جۇڭگودىن كەلتۈرۈلگەن دۇنيادىكى ئەڭ نەپىس يىپەك رەختلەر بار ئىدى. بولۇپمۇ، خوتەن دىيارىدىن كەلتۈرۈلگەن قاشتېشى، كەھرىۋا، ئۈنچە - مارجان ۋە زىنەت بۇيۇملىرى ئالاھىدە بازارلىق بولۇپ، سەمەرقەنت بازارلىرىنى قاپلىغانىدى. خوتەن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ناھايىتى گۈزەل ۋە نەپىس بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق مەھسۇلاتنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ھىندىستانلىق سودىگەرلەر سەمەرقەنتتە مەخسۇس خۇشپۇراق ماتېرىياللارنى ساتاتتى. بۇنداق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىسكەندىرىيە بازارلىرىدىنمۇ تاپقىلى بولمايتتى...»①.

---

① كىلاۋىيو (ئىسپانىيە): «كلاۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، سودا نەشرىياتى، 1997 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 156 -، 157 - بەتلەر.



كلاۋىيونىڭ بايانلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىكى سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئەۋزەللىكى بىلەن شەرقتىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەر بولۇپ قالغانىدى. بۇ دەۋردە سەمەرقەنت شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو، ھىندىستان، ئەرەب - پارس ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى زور قوشۇلۇش قانىلى بولغانىدى. بۇنداق چوڭ تىپتىكى قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا سەمەرقەنتتە مەدەنىي ھاياتنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختىدە تەرەققىيات ۋە ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىش، ئىلىم - پەن ۋە تۈرلۈك ھۈنەر - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك، سودا ۋە ئىقتىسادىي پايدىنى قوغلىشىش، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى، ھوقۇقى ۋە مەنىۋى تاكامۇللۇقى ئۈچۈن ئىزدىنىش شەھەر ھاياتىنىڭ باش مىلودىيىسىگە ئايلانغانىدى.

تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋلەردە شەرق ئۇسلۇبىغا خاس چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، سەمەرقەنتنىڭ شەھەر قىياپىتىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تېمۇرنىڭ خان سارىيىدىن باشقا بىر مۇنچىلىغان، مەسچىت، مەدرىس، ھاممام، دوختۇرخانا، ئانسامبىل قاتارلىق ئابىدىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، فارابىچە «پەزىلەتلىك شەھەر» غايىسىنىڭ مەلۇم شارائىتلىرى ئورۇندالدى. ھەتتا ئۇلۇغبېگ دەۋرىدە سەمەرقەنتتە شەيخۇلئىسلام مەنسىپىنى ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار خوتۇن - قىزلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ۋە زىياپەت سورۇنلىرىغا ئىشتىراك ئېتىشىنى ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ ئەمەس دەپ قاراشقان. «ئۇلۇغبېگ زامانىدا شەيخۇلئىسلام مەنسىپىنى ھېسامىدىن دېگەن كىشى تۇتقان. بۇ

ئادەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى مەشھۇر بولغان ‹ھىدايە› ناملىق دىنىي - مىستىك ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، يۇقىرى مەلۇماتلىق شەخس ئىدى. ئۇ ئۇلۇغبېگنىڭ ناھايىتى يېقىن كىشىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. ھېسابسىز مەملىكەتتە ئالىي روھانىيلىق مەنسىپىنى ئىگىلىگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇلۇغبېگنىڭ ئەيش - ئىشرەت بەزمىلىرىگە ۋە زىياپەتلىرىگە قاتنىشىشىنى گۇناھ دەپ ھېسابلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەرخىل بەزمە ۋە زىياپەتلەر ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بارتولدنىڭ ‹ئۇلۇغبېگ ۋە ئۇنىڭ زامانى› دېگەن ئەسىرىدە قىزىق بىر ھېكايە كەلتۈرۈلىدۇ: كۈنلەردىن بىر كۈنى يېڭى ھامماملار قۇرۇلۇشى پۈتۈش شەرىپىگە شەيخۇلئىسلام زىياپەت بېرىپ، بۇ زىياپەتكە ناخشىچى خوتۇن - قىزلارنىمۇ چاقىرىدۇ. ئۇلۇغبېگ تەرىپىدىن مۆھتىسىپلىك خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن سەئىد ئاشۇق شەيخۇلئىسلامغا ئاچچىق كىنايە قىلىپ: ‹شەيخۇلئىسلام، ئەركەكلەرنىڭ خوتۇن - قىزلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشى ۋە ناخشا ئېيتىشى قايسى مەزھەپتە بار؟› دېگەن.»①

سەمەرقەنتتىكى تىنچ ۋە خاتىرجەملىككە تولغان، باي مەزمۇنغا ئىگە شەھەر ھاياتى ئەمىر تېمۇرنىڭ بىر يۈرۈش مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈملىرى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدى. قانۇن — ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزمچىلار تەسەۋۋۇر قىلغان «غايىۋى شەھەر»نىڭ تۈپ بەلگىسى ئىدى. ئەركىنلىككە، ئىنسان ھوقۇقىغا ۋە تىنچ - خاتىرجەملىككە تويۇنغان شەھەر ئۆزىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلاتتى. بىز كلاۋىيونىڭ سەمەرقەنت ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن تېمۇرىيلەر قانۇنىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، تاشكەنت، 1970 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، I توم، 376 - بەت.



ھېس قىلالايمىز: «سەمەرقەنت شەھىرىدە ئاھالە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نوپۇسنىڭ زىچلىق دەرىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ... ئەمما شەھەرنىڭ بىخەتەرلىك تۈزۈمى چىڭ، ئىچكى تەرتىپى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. تېخىمۇ كەسكىن يېرى شۇكى، شەھەر خەلقى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللىشىشقا، قوشنىلار ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا قىلىشىشقا ۋە بىر - بىرىنى خورلاشقا ئەسلا يول قويۇلمايدىكەن...»①. كلاۋىيو يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تېمۇر ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، قوشۇندا بىر مۇنچە قازى - سودىيىلەرنى بىللە ئېلىپ ماڭىدىكەن. قوشۇن ئىچىدە ۋەقە تۇغۇلغان ھامان ھەربىي سود ھۆكۈم ئېلان قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدىكەن. تېمۇرنىڭ خەلق ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار ۋە مەمۇرىي ئىشلار دېلولىرىنى ۋە ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تارماقلىرى ئېنىق ئايرىلغان، بىر بۆلەك قازى - سودىيىلەر مەخسۇس جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئىشلەيدىكەن. چەت ئەل ئەلچىلىرى، خەلق ئىچىدىكى بېرىش - كېلىش ئىشلىرى قاتارلىقلارغىمۇ مەخسۇس باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغانىكەن. شۇڭلاشقا تېمۇرىيلەر دۆلىتى تەۋەسىدە قانۇن - تۈزۈملەر مۇكەممەل، ئەدلىيە ئىشلىرى تەرتىپكە چۈشكەن. ھەر قايسى ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلغان ھالەتتە ئىكەن»②.

تېمۇرىيلەر دەۋرىدە سەمەرقەنتتىن باشقا ھىرات شەھىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئەگەر ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇلۇغبېگ دەۋرىدىكى سەمەرقەنت (XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر)نى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ مەركىزىي شەھىرى

① «كىلاۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 159 -، 160 - بەتلەر.

② «كىلاۋىيونىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، 159 -، 160 - بەتلەر.

دەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا نەۋائى ۋە ھۆسەيىن بايقارا دەۋرىدىكى ھىرات ( XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى)نى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ۋ. م. ژىرمۇنسكىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيا XV ئەسىردە، يەنى تېمۇرىيلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر راۋاجى جەھەتتىن ئىتالىيىدىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋە ماس كېلىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. . . دېسەك تارىخىي مۇبالىغە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلۇغبېگ زامانىدىكى سەمەرقەنت ( XV ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى) ۋە ئەلىشىر نەۋائى زامانىدىكى ھىرات ( XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى) كۆپ جەھەتلەردىن XIV ئەسىردىكى دەسلەپكى ئىتالىيە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ شەھەرلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ بوكاچچىئو ۋە پېتراركا دەۋرى، يەنى دەسلەپكى گۇمانىستلار ۋە رېنېسسانسنىڭ بىرىنچى رەسساملىرى دەۋرىدۇر. بۇ يەردە — سەمەرقەنت ۋە ھىراتتا يېڭى دۇنياۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىندى. پەلسەپىۋى ھۆر پىكىر ۋە ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە لەززەتلىنىش خاھىشى قانات يايدى. ئىلىم ۋە سەنئەت ئالىي مەقسەت بولۇپ قالدى. شەھەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى شارائىتىدا شەخسنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن كەسپكە، سېخقا باغلىنىپ قېلىشتىن ئازاد بولۇشى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي دۇنيا قارىشىنىڭ دوگماتىزمىدىن قۇتۇلۇشى رويابقا چىقتى. . . » .[1]

ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇشقا قارىماي، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ئاجايىپ گۈللىنىش

[1] ۋ. م. ژىرمۇنسكىي (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئەلىشىر نەۋائى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدا رېنېسسانس مەسىلىسى» — «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلامدا كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ. 39 ـ ، 40 ـ بەتلەر.



مەنزىرىسى ھاسىل قىلىنغانىدى. شۇنداقلا مەدەنىي مۇھىت ۋە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى جەھەتلەردىن سەمەرقەنت بىلەن بەسلەشكەنىدى. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقى ھەققىدە فرىدرىخ ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇ غەربىي ـ شىمالدا ئىران ئېگىزلىكى، كاسپى دېڭىزى ۋە سىر دەرياسى بىلەن شەرقتە ھىندى دەرياسى ئارىلىقىدىكى ھەممە جايلار ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك مەركەز ھېسابلىناتتى. كاسپى دېڭىزىدىن ھىندى دەرياسىغىچە، ئىران ئېگىزلىكىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە سوزۇلغان يوللارنىڭ ھەممىسى شۇ شەھەردە بىر ـ بىرى بىلەن كېسىشەتتى» [1] . مانا بۇ مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ھەمدە تېمۇرىيلەر دۆلىتى ئېلىپ كەلگەن تارىخىي پۇرسەت ھىراتنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ ئىككىنچى ئوچىقىغا ئايلاندۇردى. يىپەك يولى خارابلىشىشتىن سەل ئىلگىرىكى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان دۇنيا مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ھىراتتا ئۇچراشتى. شائىرلار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، رەسساملار، خەتتاتلار، مۇزىكانتلار ھىراتقا توپلاندى. سەنئەت بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئالىي مۇقامىغا ئايلاندى. خۇددى بابۇر ھىراتنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ھاياجان ئىلكىدە يازغىنىدەك: «رۇبئى مەسكۇندا( يەر يۈزىنىڭ ئادەملەر ياشايدىغان تۆتتىن بىرقىسمىدا)» ھىرىيدەك شەھەر يوق ئىدى. . . » [2]

ئۆز دەۋرىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى خۇددى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاشلا مۇئەييەن كەسپ، ھۈنەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئالغا ئىنتىلەتتى، رېئال تۇرمۇشنى، سەنئەتنى سۆيەتتى. «ئەھلى فەزلى بىنەزىر ئەلدىن خۇراسان، بەتەخسىس ھىرى شەھرى

[1] كارل ماركس، فرىدرىخ ئېنگېلس: «ئەسەرلەر» ، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، II توم، 1 ـ قىسىم 133 ـ ، 134 ـ بەتلەر.
[2] بابۇر: «بابۇرنامە» ، تاشكەنت، 1960 ـ يىلى نەشرى، 239 ـ ، 240 ـ بەتلەر.

مەملۇ ئىدى. ھەر كىشىنىڭكىم بىر ئىشقا مەشغۇللۇقى بار ئىدى. ھىممىتى ۋە غەرىزى ئۇل ئەردىكىم، ئۇل ئىشنى كامالغا يەتكۇزگەي...»[1].

ئەمىر تېمۇر ئۆز ئەۋلادلىرىغا بۈيۈك بىر ئىمپېرىيىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بىباھا بايلىق ـ ئىلىم ۋە ھۇنەر ئىگىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ئۇلۇغبېگ، ھۇسەيىن بايقارا، بابۇر قاتارلىقلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ساناقسىز بايلىقلىرى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، سەمەرقەنت، ھىرات، مەشھەد، دېھلى ۋە ئاگرا قاتارلىق شەھەرلەردە تېمۇرنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدىكى ھىرات ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى يۈكسەك تەرەققىياتى بىلەن ئىسلام شەرقىنىڭ ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. «ھىراتتا ئەدەبىيات، ئارخېتېكتورا، مىنىئاتورا، خەتتاتلىق، مۇزىكا، قىسقىسى، سەنئەتنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ئاجايىپ گۈللىنىشكە ئېرىشتىكى، بۇ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ ئەڭ نادىر سەھىپىلىرىنى تەشكىل قىلدى»[3].

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پۈتكۈل ھىرات شەھىرىدە بىرخىل قويۇق ئەدەبىي كەيپىيات ۋە سەنئەت سېزىمى ھۆكۈم سۈرگەن. ئوردىدا سۇلتاندىن تارتىپ، شەھەر كوچىلىرىدىكى ئاۋام خەلققىچە مۇشائىرە سورۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلىش، شېئىر يېزىشقا، شېئىر يادلاشقا مەپتۇن بولۇش ھالىتى شەكىللەنگەن. نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە زامانداشلىرىدىن 458 نەپەر ئەدىب،

[1] بابۇر: «بابۇرنامە»، تاشكەنت، 1960 ـ يىل نەشرى، 252 ـ بەت.
[3] «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت، 1977 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، II توم، 18 ـ بەت.



ئالىم ۋە شائىرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. نەۋائى بىلەن كۆپ قېتىم پۈت تېپىشكەن ھىرات شائىرلىرىدىن بىنائى بىلەن نەۋائى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق چاقچاق بىزنىڭ ھىراتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىي مۇھىتنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: «بىر شاھمات ئولتۇرۇشىدا ئەلىشىر بەگ پۇتىنى ئۇزاتقانىكەن، بىنائىنىڭ ساغرىسىغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئەلىشىر بەگ چاقچاق قىلىپ: ‹بۇ نېمە بالا، ھىراتتا پۇتۇڭنى ئۇزاتساڭلا، چوقۇم بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدىغان بولدى› دەپتۇ. بىنائى جاۋابەن: ‹ئەگەر يىغساڭ، يەنە بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدۇ› دەپتۇ»[1].

خۇددى ئىززەت سۇلتان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئەلىشىرنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگەن شەھىرى، دىيارى — ھىرات بولدى. نەۋائى تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھىرىي ھەققىدە ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئاتەشلىك خاتىرىلەرنى ئۆز قەلبىدە ساقلىدى. نەۋائىنىڭ پىكرىچە، يەر يۈزىنىڭ تۆتىنچى ئىقلىمىدا، ئەڭ ياخشى جايدىن ئورۇن ئالغان ھىرىينىڭ ‹تەلىيىگە، بەختىگە قۇياش رەھنامىلىق قىلار›، خۇددى ئاسمان يەتتە قەۋەتكە بۆلىنىپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە قۇياش تۇرغاندەك، يەر يۈزىمۇ يەتتە ئىقلىمغا بۆلىنىپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە خۇراسان تۇرىدۇ. ھىرىي بولسا خۇراساننىڭ جېنىدۇر»[2].

نەۋائى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا ھىرات ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ:

چۇ تۆرتىنچى ئىقلىم ئىدى مەۋقەئى،
بەس ئولدى قۇياش ساھىبى تەلىيى.
كەۋاكىبفەكىم يەتتە تەقسىم ئېرۇر،

[1] «بابۇرنامە»: مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 338 ـ بەت.
[2] ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 35 ـ بەت.

جاھان مۈلكى ھەم يەتتە ئىقلىم ئېرور.
ئاڭا كىم ۋەسەت مېھرى رەخشان كېلىپ،
مۆڭا لېك مۈلكى خۇراسان كېلىپ.
خۇراسان بەدەندۇر، ھىرى جان ئاڭا،
ھىرى جان، بەدەندۇر خۇراسان ئاڭا.

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھىرات نەۋائىينىڭ قەلبىدە، شەرقتىكى بۈيۈك شەھەر ھەم ئالەمنىڭ مەركىزى ئىدى. مانا مۇشۇ مەركەزدە شائىر دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىجاد كەپتىرى مۇشۇ يەردە قاناتلىنىپ، چىن دىيارىدىن خۇراسانغىچە بولغان تېررىتورىيىدە ياشايدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتتى. نەۋائىينىڭ يېتەكچىلىكىدە دەل مۇشۇ شەھەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. نەۋائىي پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان سەنئەت يۈكسەكلىكىنىڭ نۇر قانىتىدا ئۆزىنىڭ غەربتىكى مەسلەكداشلىرى — دانتې، پېتراركا، بوككاچچىئو ۋە شېكسپېرلار بىلەن ئۇچراشتى. فلورېنسىيە ۋە گېنويادا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىنى پارلاتقان رېنېسسانس قۇياشى ئوخشاشلا سەمەرقەنت بىلەن ھىرات شەھىرىنىمۇ يورۇتتى...

## 4. پىسادىكى قىيسىق مۇنار ۋە سەمەرقەنتتىكى رېگىستان

**ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە ئارخىتېكتورلىرى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنى قويۇق گۇمانىزملىق روھ بىلەن سۇغۇردى. تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدە شەرق ئۇسلۇبىغا خاس مىمارچىلىق سەنئىتى پارتلاپ، ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى.**



بىناكارلىق سەنئىتى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزمچىلارنىڭ يېڭىچە روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەيدىغان كۆزنىكى بولغانىدى. گۇمانىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنى بۆسۈپ چىقىپ، يېڭى ۋە ئەركىن دۇنيا بەرپا قىلىشتا، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق قىممىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇنداق گۈزەل غايىنىڭ رېئال نىشانى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى شەھەربىرلىكىدە ئىشقا ئاشاتتى. شەھەر تارىختىن بۇيانقى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ دائىرىدىكى رېئال فورمىسى ئىدى. بۇ فورمىنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجرالماس بىرلىكىدە ئىپادىلەنسە، تاشقى پوستى ماددا ھالىتىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ماكرولۇق كۆرۈنۈش بىرلىكىدە ھاسىل بولاتتى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە گۇمانىزمچىلىرى نېمە سەۋەبتىن «ئەسلىگە ۋە قەدىمكىگە قايتىش»تىن ئىبارەت كلاسسىزم شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقتى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، قەدىمكى يۇنان ۋە رۇم مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق روھى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. دەسلەپكى ئىتالىيە گۇمانىزمچىلىرى ئافىنا ۋە رۇم شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرى ئىچىدىن ئۆتمۈش كېپەنلىرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ياۋروپا روھىنى قايتا تېپىۋالدى! 1337 ـ يىلى باھاردا پېتراركا رۇم شەھىرىگە باردى. ئۇ قەدىمكى رۇم جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىن قېلىپ قالغان شەھەر خارابىسى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى. خىيال كەپتىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئۆتمۈشتىكى پارلاق رۇم دەۋرىگە كېتىپ قالدى. ئۇ

ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار دەقىقىدە رۇم خارابىسى ئىچىدىن ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆردى!

پېتراركىنىڭ ھاياجىنى كلاسسىزم ئېقىمىنى ئويغاتتى. بىر توپ گۇمانىزمچى ئارخىتېكتورلار تەرەپ - تەرەپتىن رۇمغا بېرىپ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. پارلاق رۇم دەۋرىدىن قېلىپ قالغان شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ لايىھىسى، تېخنىكىلىق پرىنسىپى، ئۇسلۇبى ۋە سىرتقى گۈزەللىك ئۇنۇمى قاتارلىق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن فىلورېنسىيە، گېنويا، ۋېنېتسىيە قاتارلىق بىر قىسىم شەھەر جۇمھۇرىيەتلىرىدە گۇمانىزم روھىغا باي يېڭىچە بىناكارلىق سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىر - بىرى بىلەن بولغان كەسكىن سىياسىي رىقابەتتە، ئۆز شەھەرلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە مەدەنىي مۇھىتىنى مۇھىم كوزىر قىلدى. بۇ ھال ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيىدە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە ئارخىتېكتورلىرى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنى قويۇق گۇمانىزم روھى بىلەن سۇغۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى لايىھىلىگەن كۆپلىگەن چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنى قەدىمكى يۇنان - رۇم سەنئىتى روھىغا ماسلاشتۇرۇپ، غەرب بىناكارلىقىنىڭ ئەركىن، سىممېترىك ۋە كۆپ قىرلىق ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قېلىپلاشقان بىناكارلىق سەنئىتىدىن خېلىلا پەرقلەندى. خۇددى تارىخشۇناس گارىن (Garin) ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر قۇرۇلۇشى قالايمىقان، تەرتىپسىز ھالەتنى ئىپادە قىلغان بولۇپ، تار ھەم ئەگرى - بۇگرى كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا



دۆۋە - دۆۋە كۆرۈمسىز بىنالار توپى قىستىلىپ تۇراتتى. گۇمانىزمچى ئارخىتېكتورلار بولسا ئۆلچەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى بويىچە شەھەر قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تەرتىپلىك، پىلانلىق ئىمارەتلەر توپىدىن شەكىللەنگەن يېڭى تىپتىكى شەھەرلەر قالايمىقان كونا شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى»[1].

ئالبېرتى، فىلارېتاي، مالتىنى ۋە داۋېنچى قاتارلىق مەشھۇر قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچى ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىزم روھىغا باي بىناكارلىق ئىدىيىسى بويىچە فىلورېنسىيە، گېنويا، پىسا، ۋېنېتسىيە ۋە رۇم شەھەرلىرىدە كۆپلىگەن مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىدى. برۇنېلىسچى (Filippo Brunelleschi) لايىھىلىگەن فىلورېنسىيىدىكى سان مارىئان چېركاۋى مۇشۇ دەۋر ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ قەدىمكى رۇم بىناكارلىقىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپ، فىزىكىلىق نۇر چۈشۈرۈش ۋە ماتېماتىكىلىق سىزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭىلىق روھىغا ئىگە بۇ زور قۇرۇلۇشنى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ھەيۋەتلىك چېركاۋ قۇرۇلۇشى ياۋروپا بىناكارلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىتالىيە بىناكارلىق سەنئىتىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن كىشى گېنويالىق لېئون باتتىسنا ئالبېرتى (Leon Battista Alberti) ئىدى. ئۇ ئۆزى قول سېلىپ بىر قانچىلىغان چېركاۋ ۋە ئىمارەتلەرنى لايىھىلىگەندىن باشقا بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ياۋروپا بىناكارلىق سەنئىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكلىدى. ئۇنىڭ «گۈزەل سەنئەت ھەققىدە» (1428)، «قەدىمكى رۇم بىناكارلىقى ھەققىدە بايان» (1445)، «بىناكارلىق پادىشاھى»

① ساندرا سوئاتونى: «رېنېسسانس: — ئىلاھىيلىقتىن ئادىمىيلىككىچە»، 38 - بەت.

(1472) قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپا قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە ئارخىتېكتورا سەنئىتى ئۆزىدە خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە گۇمانىزم روھىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىتالىيە يېرىم ئارىلىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ۋە تەبىئىي مۇھىتىنىڭ تەسىرىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرگەنىدى. مۇشۇ دەۋردە سېلىنغان كۆپلىگەن چىركاۋ، تىياتىرخانا ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك پىسادىكى قىيسىق مۇنار قۇرۇلۇشى ئۆزىدە غەرب بىناكارچىلىقىنىڭ ستېرېئولۇق سېزىمىغا، گارمونىيىلىك بىرلىككە، كۆپ قىرلىق شەكىلگە، ئوچۇق سىستېمىغا ئىگە خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن ئىپادە قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىتالىيە ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى غايىۋى تۇسى قويۇق بولغان سەيلىگاھقا ئايلاندى. سەنئەت ئىتالىيانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتتى. مەشھۇر سۇ ئۈستى شەھىرى ۋېنىتسىيە، ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان فىلورېنسىيە، پارلاق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى بولغان رۇم، رومانتىك تۇيغۇلارغا ئورالغان گېنويا. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇرغان بۇ يېرىم ئارال دۆلىتىنى يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندۇردى.

دەل مۇشۇ دەۋردە، XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە شەرق ئىسلام بىناكارچىلىقىنىڭ ئەڭ نادىر ئۆلگىلىرى بارلىققا كەلدى. بىر زامانلاردىكى باغداد، دەمەشق، ئىسكەندىرىيە ۋە كونيا



شەھەرلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل شان - شۆھرىتى ئەمدىلىكتە سەمەرقەنت ۋە ھىرات شەھەرلىرىگە يۆتكەلدى. تېمۇرىيلەر ھۆكۈمرانلىرى ئىستېلاھ قىلىنغان مەملىكەتلەردىن ئەڭ ماھىر ئۇستىلار ۋە مىمارلارنى ئۆز قېشىغا توپلاپ، سەمەرقەنت بىلەن ھىراتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقتى.

مەلۇمكى، بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىناكارلىق سەنئىتى ئەڭ ئالدى بىلەن مەسچىت، مەدرىس، خانىقا ۋە مەقبەرە قاتارلىق دىنىي پائالىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا يۇقىرى ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. شۇنداقلا ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ نەپىس ئۆلگىلىرىنى ياراتتى. ئېھتىمال، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ سۇرلۇك كۆرۈنۈشىگە سەنئەت گۈزەللىكى بېغىشلاش ئارقىلىق مەدەنىي كەيپىيات يارىتىش ھادىسىسى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى شەرق ۋە غەربنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسا كېرەك. چۈنكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە ئارخىتېكتورلىرى بىناكارلىق سەنئىتىدىكى گۇمانىزملىق روھنى ئەڭ دەسلەپ چېركاۋ ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيىتىنىڭ تۇرالغۇ بىنالىرى قۇرۇلۇشىدا مەركەزلىك ئىپادە قىلغان ئەمەسمىدى!؟

ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۇلۇغبېگ، ئەبۇ سەئىد زامانىدا سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ قىياپىتىدە يېڭىدىن - يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىپ، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى ئۇتۇقلىرى قولغا كەلدى. «بۇ دەۋردە ھەشەمەتلىك بىنالار قۇرۇش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. ئەمىر تېمۇر تەرىپىدىن ھەر قايسى شەھەر ۋە جايلاردا قۇرۇلغان تۇرلۇك بىنا - ئىمارەتلەر ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارمۇ ئۆز دەۋرلىرىدە مەسچىت، مەدرىس، خانىغا، رابات، مەقبەرىلەر قۇرۇشقا كاتتا ئېتىبار بەردى. بىناكارلىق ئەنئەنىسى شاھرۇھ ۋە ئۇلۇغبېگ

دەۋردە كەڭ ئەۋج ئالغان بولسا، ئەبۇ سەئىد ۋە سۇلتان ھۈسەيىن زامانىدا يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ دەۋردىكى بىنالار پۈختا ئويلاپ تۈزۈلگەن پىلان ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بىنالار، باغلار، گۈلزارلار يېگانە ئانسامبىلنى تەشكىل قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ جاينى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. . .»[1] . بابۇر سەمەرقەنتتە تۇرغان چاغلىرىدا بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن ھەيران قالىدۇ؛ «سەمەرقەنت شەھىرى ئىنتايىن رەتلىك شەھەر[2] — دەپ يازغانىدى بابۇر — سەمەرقەنتنىڭ شەھەر ۋە مەھەللىلىرىدە تېمۇربەگ بىلەن ئۇلۇغبېگ مىرزا سالدۇرغان ئىمارەت ۋە باغلار كۆپ. تېمۇربەگ سەمەرقەنت ئەركىدە تۆت قەۋەتلىك بىر چوڭ كۆشك (داچا) سالدۇرغان بولۇپ، كۆك ساراي دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنتايىن ئالىي ئىمارەتتۇر. يەنە ئاھەنىن دەرۋازىسىغا يېقىن قەلئەنىڭ ئىچىگە بىر جۈمە مەسچىتى سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تاشچىلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن تاشچىلار ئىشلىگەنىكەن، بۇمۇ ئىنتايىن ئالىي ئىمارەتتۇر. . .

تېمۇربەگنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان مىرزا سەمەرقەنتنىڭ تاش قورغىنىدا بىر مەدرىس سالدۇرغان بولۇپ، تېمۇربەگنىڭ قەبرىسى ۋە تېمۇربەگ ئەۋلادىدىن سەمەرقەنتتە پادىشاھ بولۇپ تۇرغانلىرىنىڭ قەبرىسى شۇ مەدرىستە، سەمەرقەنت قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغبېگ مىرزا سالدۇرغان مەدرىس ۋە خانىقا بار، خانىقانىڭ گۈمبىزى شۇنداق چوڭكى، مۇنداق چوڭ گۈمبەز دۇنيادا يوق بولسا كېرەك. بۇ مەدرىس بىلەن خانىقانىڭ يېنىغا مىرزا ھامامى ناملىق ياخشى بىر ھامام سالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ تاپىنىسى ھەر خىل تاشلاردىن ياسىلىپتۇ. خۇراسان ۋە سەمەرقەنتتە مۇنچىلىك بىر ھامامنىڭ

[1] «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى»، II توم، 16_ بەت.
[2] «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 92 ـ بەت.



بارلىقى مەلۇم ئەمەس. . .»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە شەرق ئۇسلۇبىغا خاس مىمارچىلىق سەنئىتى پارتلاپ، ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان. بولۇپمۇ مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان ھامام، ئىستىراھەت باغلىرى، كارۋان ـ ساراي، كۇتۇپخانا ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ئىشلەنگەن. بۇ نۇقتىدا تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى سەمەرقەنت بىلەن ھىرات فارابىچە «پەزىلەتلىك شەھەر» غايىسىگە خېلىلا يېقىنلاشقانىدى. فارابىنىڭ قارىشىچە، «بىر مۇكەممەل شەھەر ئادەم بەدىنىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئورگانىزمغا ئوخشايتتى.»[2] بۇنداق تەبىئىي ئورگانىزمدا ھەممە ئەزالار بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىق، گارمۇنىك ۋە ئىچكى باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە بولاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا بۇ شەھەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن غايىۋى شەھەر ئۆلچىمىگە يېتەتتى.

سەمەرقەنتتە بىنا قىلىنغان قۇرۇلۇشلار ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى رېگىستاندىكى مەدرىسلەردۇر. رېگىستاندىكى چوڭ مەيداننىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئۇلۇغبېگ مەدرىسى، تىللىيا ـ قارى مەدرىسى ۋە شىردار مەدرىسلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك بىنالىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام شەرقىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئەڭ نەپىس ئۇسلۇبلار گەۋدىلەنگەن. ياۋروپا سەيياھلىرىدىن گېئورگى كۇرزۇن (George Curzon) ئۆزىنىڭ 1899 ـ يىلى نەشر قىلغان «رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە بۇنداق

[1] «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.
[2] فىلىپ ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ كىتاب، 436 ـ بەت.

قۇرلارنى يازغانىدى: «سەمەرقەنتتىكى رېگىستان مەيدانى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغان كۈنىدىن تارتىپ ھازىرقى ئاستا - ئاستا كونىراۋاتقان ھالىتىگىچە يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك خەلق مەيدانى بولۇپ قالغۇسى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ھەم شەرقتىمۇ، ھەم ياۋروپادىمۇ ھېچقانداق بىر قۇرۇلۇش كۆلەم ۋە سەنئەت گۈزەللىكى جەھەتتە ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيدۇ»[①].

سەمەرقەنت شەھىرى ئۇلۇغبېگ زامانىدا ئۆز تەرەققىياتىنىڭ، بولۇپمۇ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتقانىدى. رېگىستاندىكى شىردار مەدرىسى قۇرۇلۇشى (گەرچە بۇ قۇرۇلۇش 1619 - يىلدىن 1636 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قايتىدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ) ئۆزىگە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. مەدرىسىنىڭ پەشتىقى ئۈستىگە ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرۈلگەن بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان شىر - يولۋاس ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان نۇر تۆكۈپ تۇرغان ئادەم باشلىق قۇياش . . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۇكسەك تەرەققىياتىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئادەم بېشى سۈرىتى ئىسلام سەنئىتىدىكى ئادەم ئوبرازىنى سىزىشنى چەكلەشتەك چەكلىمىنى بۆسۈپ تاشلىغان بولۇپ، كىشىگە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى زەردۇشتلۇق ئەقىدىسىنىڭ قۇياش سىمۋولىزمىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دەۋردە يەنە «يېڭى مونۇمېنتال بىنالار قۇرۇلدى، يىرىك ئارخىتېكتورلۇق ئانسامبۇللارنى، مەسىلەن، ‹شاھى زىندە›، ‹گۆرى مىر› قەبرىستانلىقلىرىنى يېڭى بىنالار بىلەن چىرايلىق قىلىپ بېزىدى. رېگىستاندا كاتتا خانىغا، مەسچىت پەيدا بولدى، رېگىستاننىڭ

① «ئۆزبېكىستان - سەمەرقەنتكە بارىدىغان ئالتۇن يول»، 156 - بەت.



جەنۇبىدا كاتتا ھاممام سېلىندى. . . »[①]

خۇددى سەمەرقەنت شەھىرىگە ئوخشاشلا ھىرات شەھىرىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شاھرۇھ مىرزا دەۋرىدە، بولۇپمۇ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا زامانىدا ھىرات شەھىرى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغلاردا ھىرات شەھىرىنىڭ كۆلىمى $4km^2$ — 3 كېلىدىغان بولۇپ، شەھەرنى مۇستەھكەم سېپىل ئوراپ تۇرغان ھەمدە مۇئەييەن ئارىلىقتا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 149 مۇنار سېلىنغان. شەھەر سېپىلىنىڭ تېگىگە چوڭقۇر ۋە كەڭ خەندەك قېزىلغان بولۇپ، خەندەك ئۈستىگە بەش جايدا تۆمۈردىن كۆتۈرمە كۆۋرۈك سېلىنغان. ئاھالىلەر مۇشۇ كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ، تۆمۈر دەرۋازىلار ئارقىلىق شەھەرگە كىرىپ - چىققان. شەھەرنىڭ مالىك، قىپچاق، ھۇش، فىرۇزئاباد ۋە ئىراق دەپ ئاتىلىدىغان بەش چوڭ دەرۋازىسى بولغان. شۇ دەۋرلەردە ھىراتتا ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنغان. شەھەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان. شەھەرنىڭ شەرقىي - شىمالىي بۆلىكىدە مۇسەل دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىنالار كومپلېكسى قۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈن ھىرات شەھىرىگە ئۆزگىچە تۈس بېغىشلىغان. بۇلاردىن بەزىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.[②]

ھىرات شەھىرى مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. نەۋائى بىر مەشھۇر شائىر، مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماستىن، يەنە تونۇلغان جامائەت ئەربابى ۋە كۆپلىگەن

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 376 - بەت.
② «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 399 - ، 400 - بەتلەر.

ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ مەبلەغ سالغۇچىسى ئىدى. نەۋائى 1487 ـ يىلى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سوغۇقلاشقانغا قەدەر، ئۆزىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكى ۋە ئورنىغا تايىنىپ كۆپلىگەن قۇرۇلۇشلارنى سالدۇردى. ھىراتتىكى ئاجايىپ سارايلار، مەسچىتلەر، مەدرىسلەر، مەقبەرىلەر بىلەن بىر قاتاردا، جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان بىرمۇنچىلىغان ئىنشائاتلار — ھاممام، كېسەلخانا، كۆۋرۈك ۋە رابات قاتارلىقلارمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ نامى بىلەن بىۋاستە باغلانغان.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىتالىيە شەھەرلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئاممىۋى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. بۇ ھال ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، «غايىۋى شەھەر» ئوتوپىيىسىنى ھازىرلىغان ھەر قانداق بىر مەدەنىيەتلىك شەھەردە كىشىلەرنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتقا، گۈزەل تىلغا، سىلىق ـ سىپايە يۇرۇش ـ تۇرۇشقا، يۇقىرى سەنئەت سېزىمىگە ۋە يېتەرلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا ئېرىشىشى زۆرۈر ئىدى. ئۆز دەۋرىدىكى ھىرات شەھىرىدە مانا مۇشۇنداق مەدەنىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. خۇددى بابۇر تەكىتلىگەندەك، ھەربىر كىشى بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئاخىرىغا يەتكۈزمىگىچە بولدى قىلمايتتى.

«ھىراتنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىنجىل قانىلى بويىدا ئەلىشىر نەۋائى تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان بىر گۇرۇپپا بىنالار شەھەردىكى بىنالارنىڭ ئاجايىپ كومپلېكسىنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ يەردە ئەلىشىر نەۋائى مەدرىس، خانىقا ۋە باشقا بىر يۈرۈش بىنالارنى سالدۇردى. بۇ بىنالارنىڭ ھەممىسى خالاسىيە ياكى ئىخلاسىيە دەپ ئاتالدى. خاندەمىر ئۆزىنىڭ



‹مۇكەرىمۇل ئەخلاق› ناملىق ئەسىرىدە، 70 يىل ئىچىدە، يەنى بىنالارنى قۇرۇپ پۈتتۈرۈش بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، بۇ بىنالاردا بىر نەچچە مىڭ كىشى ئىستىقامەت قىلىپ، پەن، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت يولىغا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىدى، دەپ يازىدۇ. خالاسىيە خانىقالىرىدا، — دەپ يازغانىدى خاندەمىر، — ھەر يىلى مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىستىقامەت قىلىپ، شۇ يەردە تاماقلىناتتى. خالاسىيە خانىقاسىدىن سەل نېرىراقتا شىفائىيە دېگەن ئىككىنچى بىر خانىقا بولۇپ، بۇ خانىقامۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نامى بىلەن باغلانغانىدى. بۇ خانىقادا ئاشۇ زاماننىڭ مەشھۇر ھەكىمى (تېۋىپى) غىياسىدىن مۇھەممەد رەھبەرلىكىدە مېدىتسىنا ئىلمى ئوقۇتۇلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھىراتتا تېمۇرىيلار پايتەختىنىڭ ئاھالىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان يىگىرمىگە يېقىن سۇ ئامبىرى ۋە ئون بەشكە يېقىن كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى شائىرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانىدى. ئەلىشىر ھاممامالارنى قۇرۇشقا زور مەبلەغلەر ئاجراتتى. ھىراتلىقلار ئازادە ھاممامالارغا بېرىپ، راھەتلىنىپ يۇيۇناتتى. بۇنداق ھاممامالار توققۇز جايغا سېلىنغانىدى. نەۋائى ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ھىرات مەسچىت جامەسىنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇردى». ①

شۇنداق قىلىپ، خۇددى ئىتالىيە شەھەرلىرىگە ئوخشاشلا سەمەرقەنت، ھىرات، بۇخارا ۋە مەشھەد قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىمۇ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت پارتلىشى يۈز بەردى. بىناكارلىق سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شەرق ئۇسلۇبىنى يوقاتمىغان ھالدا دۇنياۋى روھنى ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. شەھەر خەلقلىرى رېئال تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمان بولۇش، سەنئەتنى سۆيۈش، پەلسەپىۋى —

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 401 ـ بەت.

لوگىكىلىق تەپەككۇرغا ئىنتىلىش، ئىنسان قىممىتىنى ۋە ماھىيەتلىك كۆچىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىش خاھىشلىرىنى بارغانسېرى ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان بولدى. دەرۋەقە، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە بىنا قىلىنغان مەشھۇر قۇرۇلۇشلار زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلىپ، XV ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىدىن دالالەت بېرىپ تۇرماقتا.

## 5. لېئوناردو داۋىنچى ۋە كامالىددىن بېھزاد

**گۈزەل سەنئەت ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىشىنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈردى. داۋىنچى، مىكلانجېلو، رافائېل، برامانتې قاتارلىق بىر توپ ھارماس سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىيەت كۈچى بىلەن مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى. ماي بوياق رەسىم ۋە يالىڭاچ ھەيكەل ئىجادىيىتى ياۋروپادا رومانتىزملىق سەنئەت ئېقىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. دەل مۇشۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتورا سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شەرقتىكى بىر قانچىلىغان رەسساملىق مەكتەپلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. رەسسام بېھزاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ گۈزەل سەنئەت داھىيسى بولۇپ قالدى.**

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى مەدەنىي ھايات كەيپىياتىغا چۈمۈلگەن شەھەر ئاھالىلىرىدە، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر بىلەن زىيالىيلار تۇرمۇشىدا سەنئەتكە تەلپۈنۈشنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالغانلىقىدۇر.



XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپ تەدرىجىي جانلىنىشقا باشلىغان ئىتالىيە شەھەرلىرىدە باشقا سەنئەت شەكىللىرى بىللە رەسىم سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. رەسىم سەنئىتى ئەڭ ئالدى بىلەن چېركاۋلارنىڭ تاملىرىنى دىنىي مەزمۇندىكى رەسىملەر بىلەن زىننەتلەش، دىنىي كىتابلارغا قىستۇرما سۈرەتلەر ئىشلەشتىن باشلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا شەخسلەرنىڭ پورترېتىنى سىزىش ھەمدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى. رەسىم سەنئىتى بىلەن زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىمۇ بۇ دەۋردە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە راۋاجلاندى.

ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر جەريانىدا، گەرچە ھەيكەلتىراشلىق ۋە پورترېت سىزمىچىلىقىنى ئاساس قىلغان ياۋروپا تەسۋىرىي سەنئىتى تامامەن ئۈزۈلۈپ قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى چېركاۋدىن ھالقىپ چىقالمىدى. «ئىنجىل» قىسسىلىرى ۋە كاتولىك دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلغان بۇ رەسىملەر بىر خىل سۈس، سىرلىق ۋە ئەپسانىۋى كەيپىياتنى ئىپادە قىلغان بولۇپ، كىشىگە قېتىپ قالغان، بۇرۇقتۇرما ھالەتتىكى پاسسىپ تەسىرات ئاتا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئەسىر رەسىم سەنئىتى ئەزەلدىن رېئال تۇرمۇش مەزمۇنىغا يىراق بولغان بىر خىل دىنىي سىمۋول ئېڭىنى ئىپادە قىلىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تاڭ نۇرى ئېلىپ كەلگەن گۇمانىزم روھى رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدە يېڭى دەۋر ياراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ياۋروپا تەسۋىرىي سەنئىتى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت بۆشۈكىدىن ئويغىنىپ، چېركاۋ پەلسەپىسى ۋە «ئىنجىل» ئەقىدىلىرىنىڭ سىرتمىقىدىن بۆسۈپ چىقتى. گەرچە گۇمانىزم روھىغا باي سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە مۇتلەق كۆپ ھاللاردا يەنىلا دىنىي مەزمۇندىكى

ۋەقەلەرنى مۇھىم تېما قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئاۋۋالقى مىستىك دۇنيادىن ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ھاياتىغا ۋە ئەمەلىي ھېس تۇيغۇلىرىغا قايتىپ كەلدى. پورترېت سىزمىچىلىقى بىلەن ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەۋھۇم دىنىي ھايات مۇھىتىدىن تەدرىجىي ھالدا شەھەر مۆتىۋەرلىرى — يېڭى رەھبەرلەر، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئاقسۆڭەكلىرى، سودىگەرلىرى، بانكىرلار، كارخانىچىلار ۋە ئېسىلزادە خانىملارنىڭ پورترېتىنى جانلىق سۈرەتلەشكە يۈزلەندى. ئادەم سەنئەتتىكى ئاساسىي مەقسەتكە ئايلاندى. ماساككىئو (Masaccio، 1401 — 1428) نىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇشۇ دەۋردىكى دەسلەپكى گۇمانىزمچىلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىگە ۋەكىللىك قىلدى.

ماساككىئو ئۆزىنىڭ رەسىم ئىجادىيىتىدە مەشھۇر رەسسام گىئوتتو (Giotto) نىڭ سەنئەت نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ھەمدە رەسىمچىلىكتە يېڭى تىپتىكى نۇر چۈشۈرۈش ئۇسۇلىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئادەم ئوبرازلىرى جانلىق، ئېنىق ۋە كۈچلۈك بولغان رېئاللىق تۇيغۇسىنى ئىپادە قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر مىستىتىزمىنىڭ ئىپادىلەش رامكىسىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىچە ئادەم ئوبرازى يارىتىشتا ئاجايىپ سەھىپە ئاچتى. بولۇپمۇ، ئۇ رەسىم ئىجادىيىتىدە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئادەم ۋە شەيئىلەرگە سىمۋوللۇق مەنە بېرىش ئەنئەنىسىدىن قول ئۈزۈپ، ئىستېتىك بوشلۇقتىكى ئادەم قىممىتىنى كۈچەپ تەسۋىرلىدى. ئۇ سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى تەبىئەتنى، ئادەمنى ھەمدە شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتۇر دەپ قارىدى. ماساككىئونىڭ «جەننەتتىن قوغلىنىش»، «بۇۋى مەريەم ئانا»، «مۇقەددەس بۇۋاق ۋە پەيغەمبەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش رەسىملىرى گەرچە دىنىي مەزمۇننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ



قەلىمى ئاستىدىكى جانلىق ئادەم ئوبرازلىرى ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى سۈرەتلەپ بەردى.

ماساككىئونىڭ رەسىم ئىجادىيىتى ئىتالىيە گۇمانىزملىق سەنئىتىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەم ئوبرازى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى رەسىم سەنئىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان باش پېرسوناژغا ئايلاندى. خۇددى غەرب سەنئەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى مەشھۇر ئەرباب فرانكاستېر ئېيتقاندەك: «ئادەم شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز - ئۆزىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل شەيئىلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن پەخىرلەندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەر شارىدىكى بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك باغلانغان، تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقتا ئىگە ھاياتلىق سەھنىسىنىڭ يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېيىنكى بەش ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. گەرچە ئۇلار دەۋر ۋە شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۇنيا پەلسەپىسى، ئەدەبىياتى ۋە رەسىم سەنئىتى نەزەرىيىسىدىن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى چىقىرىۋەتكەن ياكى قوشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دۇنيا سەھنىسىدە ئىزچىل ھالدا گۈزەل ۋە تەسىرلىك نومۇرلارنى ئورۇنداپ كەلدى»[1].

رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئەڭ دەسلەپ فىلورېنسىيىدە پارتلاپ يېڭى دەۋر ئاچقاندىن كېيىن، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مىلاندا پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا كىردى. كېيىنچە پاپا ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان رۇمدا ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، بۇ يەرنى ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ بىرىنچى مەركىزىگە

① ساندرا سوئاتونى: «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە»، 93 - بەت.

ئايلاندۇردى.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ئىككى نەپەر بۈيۈك سەنئەتكار دوناتو برامانتى (Donato Bramante) بىلەن لېئورناردو داۋىنچى (Leonardo Da vinci) قىسقا مۇددەت مىلاندا تۇرۇپ قالدى ۋە بىناكارلىق، رەسىم سەنئىتى ساھەسىدە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىپ، مىلاننى ئىتالىيە سەنئىتىنىڭ ئىككىنچى بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى.

ھەممىگە ئايانكى، داۋىنچى ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. داۋىنچى (1452 — 1519) ئۆزىنىڭ ياشىغان دەۋر چېكى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈيۈك رەسسام كامالىددىن بېھزاد (1455 — 1536) بىلەن زاماندىش ئىدى. ئۇلارنىڭ رەسىم ئىجادىيىتى ئۆز دەۋرىدىكى غەرب ۋە شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتقانىدى. داۋىنچى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىدە ھەر قايسى ساھەلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارنى يېتىلدۇرگەنىدى. ئۇ سېپى ئۆزىدىن مەشھۇر رەسسام ئىدى، ئۇ يەنە يېتىشكەن قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى، كەشپىياتچى، ماتېماتىك، ئاسترونوم ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىش توغرا كەلسە، پەقەت «مۇنالىزا» ۋە «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى.

«ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» (The Last Supper) ناملىق بۇ مەشھۇر رەسىم 1495 ـ، 1497 ـ يىللىرى مىلاندىكى سان مارئىان مۇناستىرىدا سىزىلغانىدى. داۋىنچى بۇ رەسىمدە «ئىنجىل» نىڭ «مەتتا» قىسمىدا بايان قىلىنغان تراگېدىيلىك تۇسى ناھايىتى قويۇق ۋەقەنى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ: ئەيسا ۋە ئۇنىڭ 12 شاگىرتى مۇناستىرنىڭ تاماقخانىسىدا بىر ئۇستەلنى



چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كەچلىك غىزا يېمەكتە. ئۇستەلدە شاملار خىرە نۇر چېچىپ ئەتراپقا سىرلىق كەيپىيات ئاتا قىلماقتا. . . شۇ ئەسنادا ئەيسا بىر خىل يوشۇرۇن ئازاب ئىلكىدە: ‹ئاراڭلاردىن بىرەيلەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى!› دەيدۇ. تاماق يەۋاتقان 12 شاگىرت دەرھال چۆچۈگىنىچە ئەيساغا قارايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ئون ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئىپادە ئەكس ئېتىدۇ. ئارىدىن بىرسى قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكىدىن، ئالاق ـ جالاق بولۇپ قېتىپ قالىدۇ. . .

مانا بۇ داۋىنچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى جانلىق كارتىنا ئىدى. بۇ كارتىنىدا غۇۋا مۇھىت تەسۋىرى بىلەن ئىچكى يوشۇرۇن ئازاب، تراگېدىك بوشلۇق بىلەن پسىخىك ئوپېراتسىيە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ كىشىگە سۈرلۈك كۆرۈنۈش ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ئازاب تۇيغۇسىنى ئاتا قىلاتتى. ماي قەلەمنىڭ ئۇچىدىن تېمىپ چۈشۈپ چەكسىز كائىناتقا سىڭىپ كەتكەن تراگېدىيە ئېستېتىكىسىنى ھېس قىلدۇراتتى. شۇڭا، مەيلى «مەشھۇر رەسسام رافائېل، تىتئان ياكى مىكېلانجلونىڭ رەسىملىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقايسىنىڭ رەسىم سەنئىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى ‹ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا› بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. رەڭ، ھېسسىيات، خىيال، سۈكۈت، تېڭىرقاش قاتارلىق ئىنچىكە ئىچكى تەسۋىر ۋە ئىپادە ۋاستىلىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمەيتتى. . .»[①] داۋىنچىنىڭ ئۆزىمۇ «رەسىم سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىدا: «بىر ياخشى رەسسام مۇنداق ئىككى مۇھىم ئوبيېكتنى — ئادەم ۋە ئۇنىڭ روھىي قىياپىتىنى ياخشى سىزىشى زۆرۈر. ئادەمنى سىزىش ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ روھىي قىياپىتىنى سىزىش ناھايىتى تەس، چۈنكى ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە بەدەن ھەرىكىتىنى

① ۋىل دۇرانت (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى — رېنېسسانس»، ۷ توم، 1 ـ قىسىم، شەرق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 280 ـ بەت.

تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا، ئاندىن ئۇنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ»[1] دېگەنىدى.

1503 ـ يىلدىن 1506 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، داۋىنچى يەنە بىر مەشھۇر رەسىمى «مونالىزا» (Mona Lisa) نى سىزدى. «مونالىزا» ئايالىق ۋۇجۇدىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلدى، «مونالىزا» ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنىڭ خۇدا ياراتقان جىمى جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىل ئىكەنلىكىنى جانلىق ئىپادىلىدى. «مونالىزا» يەنە ئادەم پورترېتىنىڭ چەكسىز ئىپادە ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئوتتۇرا ياش دەۋرىگە قەدەم قويغان، تولغان، تەمكىن كەيپىياتقا ئىگە بۇ ئايالنىڭ مېيىقىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇمى بىلەن بىر جۈپ خۇما كۆزلىرىدىن بالقىپ چىقىپ ھەربىر تاماشىبىننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان شەكىلسىز تۇيغۇ زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ قانچىلىغان سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى، شۇنىڭدەك مىليونلىغان تاماشىبىنلار «مونالىزا» نىڭ «مەڭگۈلۈك تەبەسسۇم» ى ھەققىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن قىياسلارغا غەرق بولدى: مونالىزا — ئۇ تۇغۇتتىن كېيىنكى ئائىلىق مۇھەببىتىگە چۆمۈلگەن ئايالنىڭ پورترېتى؛ مونالىزا — ئۇ ئىبادەتتىن كېيىن قەلبى پارلىغان ئىخلاسمەن ئايالنىڭ كۆرۈنۈشى؛ مونالىزا — ئۇ بىر قېتىملىق جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن ۋۇجۇدى تويۇنغان ئايالنىڭ ئوبرازى. . .

بەش ئەسىردىن بۇيان «مونالىزا» ھەققىدە تالاي مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ رەسىم دۇنيادىكى ھەربىر مۇزېي ۋە رەسىم سالونىغا ئېسىلدى. ياۋروپا ماي بوياق رەسىم تارىخىدا ئەڭ كۆپ تاماشىبىنغا ۋە ئەڭ يۇقىرى سەنئەت قىممىتىگە ئىگە رەسىم

[1] ساندرا سوئاتونى: «رېنېسسانس ـ ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە»، 122 ـ بەت.



بولۇپ قالدى. «مونالىزا» نىڭ «سىرلىق تەبەسسۇمى — بىر جۈپ كۆزلىرىدىن ئۇنسىز تۆكۈلۈپ تۇرغان نۇر چەشمىلىرى، ھىم يۇمۇلغان لەۋلىرىدىكى يوشۇرۇن خۇشاللىقى ۋە مېيىقىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس زىننىقى ئۇنى ئەسىرلەر بويى قالتىس شان ـ شۆھرەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى. . . »[1]. داۋىنچى «مونالىزا» ئارقىلىق ئىتالىيە سەنئەت تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. ئۇ دىنىي مەزمۇندىكى رەسىم ئىجادىيىتى ئەنئەنىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، شەھەر ھاياتىدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى گۈزەل ئايال «مونالىزا» نى سىزدى. ئادەمنىڭ قىممىتىنى، گۈزەللىكىنى ۋە يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى كۈيلىدى. ئىنساننى ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلغان گۇمانىزملىق سەنئەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

مىكېلانجېلو بوناروتتى (Michelangelo Bonarotti) ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى يەنە بىر مەشھۇر سەنئەتكاردۇر. ئۇنىڭ تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ھەيكەلتىراشلىقتا كۆرۈلگەن بولۇپ، «پەلەمپەيدە ئولتۇرغان بۈۋى مەريەرم ئانا»، «ئۇيقۇدىكى مۇھەببەت ئىلاھى ھىرۇس»، «شاراب ئىلاھى باكۇس» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھەيكەللىرى داڭق چىقارغان. مىكېلانجېلونىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقىنى 1501 ـ يىلدىن 1504 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئىشلىگەن «داۋىد» ناملىق ھەيكىلىدۇر. بۇ ھەيكەل مىكېلانجېلونىڭ شان ـ شۆھرىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. مىكېلانجېلو بۇ ئەسىرىدە كلاسسىك ھەيكەلتىراشلىقنىڭ چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ياش، تەمبەل ۋە كېلىشكەن يىگىت داۋىدنىڭ يالىڭاچ ئوبرازىنى ئەڭ يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن ئىشلەپ چىقتى. «داۋىد» ناملىق

[1] ۋىل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى — رېنېسسانس» ۷ توم، 1 ـ قىسىم، 261 ـ بەت.

بۇ ئەسەر ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كۈچ قۇۋۋەت ئۆز ئارا بىرىكىپ، ئىنسان ۋۇجۇدىنى چەكسىز يوشۇرۇن كۈچكە تويۇندۇرغان كەيپىياتنى ئىپادە قىلدى.

شۇنداقلا ئادەم مۇسكۇللىرى بىلەن ئىپادە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق روھىي ئىمكانىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەرلىك بەدەننىڭ كۈچكە، جاسارەتكە، ئەقىل ئۆزىكىگە، تەمكىنلىككە، ئەركىنلىككە تويۇنغان ھالىتىنى تەسۋىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن «داۋىد» ناملىق بۇ ھەيكەل «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا چىققان بەدەن گۈزەللىكى ۋە ئەخلاقىي تۈيغۇ جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ غايىۋى ئەركەكلەر ئوبرازىنىڭ مۇجەسسەمى بولۇپ قالدى. ئاۋام خەلق مىكېلانجېلونىڭ بۇ ئەسىرىگە يۈكسەك باھا بەردى ھەمدە ئۇنى ۋەتەننىڭ شان ـ شۆھرىتىنى قوغداشنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارىدى. فىلورېنسىيە ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن سەنئەتكارلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ‹داۋىد› ناملىق بۇ ھەيكەلنى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدىكى سىنيورىيە مەيدانىغا تىكلەشنى قارار قىلدى» ①.

بۇ دەۋردە ياش رافائېل ( Raphael Sancio، 1483 — 1520) مىكېلانجېلو بىلەن داۋىنچىنىڭ ئىجادىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. ئۇ XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فىلورېنسىيە سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەمدە ئۆزىگە خاس مول ۋە ئۆزگىچە سەنئەت تىلى ھازىرلىدى. رافائېل فىلورېنسىيەدىن باشلىنىپ مىلان ئارقىلىق رۇمدا ئاخىرقى پەللىسىگە يەتكەن كلاسسىزم ئېقىمى تەرەققىياتىدا كاتتا رول ئوينىدى. ئۇ 1508 ـ يىلىدىن 1517 ـ يىلىغا قەدەر رۇمدا پاپا جۇلىئو Ⅱ نىڭ

① ساندرا سۆئاتونى: «رېنېسسانس — ئىلاھىيلىقتىن ئادەمىيلىككىچە»، 145 ـ بەت.



پەرمانى بويىچە بىر يۈرۈش تام رەسىملىرىنى ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى «مۇقەددەس غىزا ھەققىدە مۇنازىرە»، «ئافىنا ئىنستىتۇتى»، «پالىناس تېغى» ۋە «شىسىياندىكى بۈۋى مەريەم ئانا» قاتارلىق رەسىملەردۇر. ئۇنىڭ رەسىملىرى ئالدىنقى دەۋردىكى سەنئەتكارلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى مۇكەممەللىك ۋە چوڭقۇرلۇقنى خېلىلا كۈچەيتتى. شۇنداقلا ئىتالىيە ئويغىنىشى دەۋرىدىكى تەسۋىرى سەنئەتتە رۇم شەھىرىنى ئاخىرقى مەركەزگە ئايلاندۇردى.

شۇنداق قىلىپ، گۇمانىزملىق سەنئەت ئىتالىيە شەھەرلىرىنىڭ گۈزەل غايىسى ۋە كەيپىياتىغا ئايلاندى. بىرامانتې، تىتسىئان، پىلوجى، دۇناتېللو، گىئوتتو، گىئورگىئو قاتارلىق سان ـ ساناقسىز سەنئەتكارلار چەكسىز قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىدى. گۈزەل سەنئەت ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىشىنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈردى. داۋىنچى، مىكېلانجېلو، رافائېل، برامانتى قاتارلىق بىر توپ باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىيەت كۈچى بىلەن مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى. ماي بوياق رەسىم ۋە يالىڭاچ ھەيكەل ئىجادىيىتى ياۋروپادا رومانتىزملىق سەنئەت ئېقىمىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

دەل شۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا مىنىياتۇرا سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، شەرقتىكى بىر قانچىلىغان سەنئەت مەكتەپلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

مەلۇمكى، مىنىياتۇرا سەنئىتى XIII ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، پارس مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدىكى ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي ھىندىستان رايونىدا كەڭ ئەۋج ئالغان، قوليازمىلارغا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم سەنئىتىدۇر. مىنىياتۇرا رەسىملەر قەدىمكى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ قوليازمىلىرىغا قىستۇرما سۈرەت سۈپىتىدە

ئىشلەنگەن. بۇ رەسىملەر ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، جانلىقلىقى ۋە نەپىسلىكى بىلەن كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي قۇۋۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن.

مۇسۇلمان شەرقىدە مىنىياتۇرا سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىر مۇرەككەپ جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئىسلام دىنى ئەسلىدىنلا مەبۇدقا چوقۇنۇشنى، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى چەكلەيتتى. ئەمما X ئەسىردىن باشلاپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم خەتتات ۋە رەسساملار «قۇرئان»نىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرىغا نەقىش ۋە گۈل نۇسخىلىرى ئىشلەش ئەنئەنىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. كېيىنچە ئاستا - ئاستا دەل - دەرەخ ۋە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر، شۇنىڭدەك تۈرلۈك گېئومېتىرىك شەكىللەرنى سىزىشقا تەرەققىي قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا پارس ۋە تۈركىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ھامىيلىق قىلىشى بىلەن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئادەم ۋە باشقا جانلىقلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىم سەنئىتى رەسمىي شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىياتۇرا سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى بۇددىزم تام رەسىملىرى سەنئىتى، گرېك - ئېللىنىزم سەنئىتى ۋە قەدىمكى ئىراننىڭ يەرلىك تەسۋىرى سەنئىتى قاتارلىق كۆپ خىل سەنئەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىجابىي تەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ئۆزگىچە تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى.

مىنىياتۇرا رەسىملىرى غەرب رەسىم سەنئىتىگە ئوخشىمىغان ھالدا، كۆپىنچە كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلدى. ئەمما شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئىراندا بىر قىسىم رەسساملار ھەتتا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە «قۇرئان» قىسسىلىرىگىمۇ رەسىم ئىشلەشكە جۈرئەت قىلدى.



خۇددى مۇسۇلمان مىنىياتۇرا سەنئىتىنى تەتقىق قىلغان A . دېختىيار ئېيتقاندەك: «مىنىياتۇرالارنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرى كىتابلاردا ئۆز ئەكسىنى تاپقان بولۇپ، دۇنياۋى روھ بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق تەسۋىرىي سەنئەت دىنىي ماۋزۇلاردىن پايدىلانمىغان دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. جامى ۋە رۇمىنىڭ سۆيۈملۈك رىسالىلىرى مىنىياتۇرالار بىلەن بېزەلگەن. ئۇلاردا دەرۋىشلەرنىڭ ئىبادەتلىرى، شەيخلەرنىڭ قەلەندەرلەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنداق مىنىياتۇرالارنىڭ قەھرىمانلىرى پەيغەمبەر مۇسا ۋە ئەۋلىيا يۇسۇپ، ھەتتا مىراج كېچىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بولاتتى. ئاددىي ئادەملەر تەسۋىرىدىن ئۇلارنى پەقەت مۇرەككەپ، كۆپ باسقۇچلۇق نۇر چەمبىرەكلىرى ئاجرىتىپ تۇراتتى. لېكىن، مەزمۇنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەدىئىي تىمسالنىڭ قانۇنلىرى بۇنداق مىنىياتۇرا رەسىملەردىمۇ بەزمىلەر، جەڭلەر ۋە ياكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ تەسۋىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالاتتى. رەسساملار مۇقەددەس كىتابقا ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەدىسلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلاتتى. مانا بۇ مۇسۇلمان خەلقلىرى تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇددىزم تام رەسىملىرى، خرىستىئان تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىقى روھىي ئالەمگە خاس بولسا، مۇسۇلمان مىنىياتۇرا سەنئىتى كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئىنكاسىدۇر»[1]

شەرق مىنىياتۇرا سەنئىتى تېمۇرىيلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى. تېمۇرىيلەر پادىشاھلىرىدىن شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ھۈسەيىن بايقارا قاتارلىقلارنىڭ قوللاپ -

---

[1] A . دېختىيار: «مۇسۇلمان مىنىياتۇرا مەكتىپى» - «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە)، 1997 - يىل 2 - سان، 48 - بەت.

قوۋۋەتلىشى ۋە ھامىيلىق قىلىشى ئارقىسىدا شەرق رەسسام سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپى شەكىللەندى. بۇ مەكتەپتە كامالىددىن بېھزاد، مىرەك نەققاش، شاھ مۇزەپپەر، مەھمۇد مۇزەھھىب، قاسىم ئەلى چېھرىكەش، مەۋلانە ھاجى، مۇھەممەد نەققاش، دەرۋىش مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد مۆمىن، سۇلتان مۇھەممەد، ئابدۇللا مەرۋەرىد كىرمانى، مەۋلانە مۇزەپپەر ئەلى نەققاش، خۇجا ئابدۇلئەزىز نەققاش، ئەشرەپخان مىر مۇنشى، مەۋلانە يۇسۇپ قاتارلىق ئىستىداتلىق رەسسام ۋە نەققاشلار يېتىشىپ چىقتى.

ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپى تېمۇرىيلەر دەۋرىدە پۈتكۈل خۇراسان ۋە ماۋارەئۈننەھر تەسۋىرىي سەنئىتى بىلەن بىرگە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى شەكىللەندۇردى. بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىي دەۋرىدىكى ھىراتتا «رەسساملار ئىجادىيىتىنىڭ فانتازىتىك مەۋھۇملۇقتىن ھاياتىيلىققا ۋە رېئالىستىك تەسۋىر تەرەپكە قاراپ راۋاجلانغانلىقىنى» [1] ھېس قىلىمىز. بۇ ۋاقىتتا مەشھۇر رەسسام كامالىددىن بېھزاد ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى.

بېھزاد (1455 — 1537) ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ، جۈملىدىن ھىرات مىنىياتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ ھىراتتا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلدى. ھىراتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەدەنىي مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. رەسىمگە بولغان ئىشتىياقى تۈپەيلى دەسلەپ پىر سەئىد ئەھمەد تەبرىزىدىن تەلىم ئالدى. كېيىنچە ھۈسەيىن بايقارا كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى مىرەك نەققاشنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى. بېھزادنىڭ سەنئەت تالانتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ رولى كاتتا بولدى. بۇ ھەقتە زەھىرىددىن

[1] «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، II توم، 21 ـ بەت.



مۇھەممەد بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» سىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «ئىلىم ۋە ھۈنەر ئەھلى ئۈچۈن ئەلىشىر بەگكە يېتىدىغان مۇرەببىي ۋە ھامىينىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر، سازدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستاز قۇل مۇھەممەد، شەيخ نايى ۋە ھۈسەيىن ئۇدىلار ئەلىشىر بەگنىڭ تەربىيىسى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا شۇ قەدەر يۈكسىلىپ، شۆھرەت قازاندى. ئۇستاد بېھزاد ۋە شەيخ مۇزەپپەر ئەلىشىر بەگنىڭ غەيرىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا رەسىمدە شۇ قەدەر مەشھۇر بولدى. ئۇ قىلغانچىلىك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى ئاز ئادەملەرلا مۇۋەپپەق بولغان بولۇشى مۇمكىن». [1]

بېھزاد بىر مەزگىل نەۋائىينىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئاندىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا كۇتۇپخانىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، شۇ يەردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مانا مۇشۇ دەۋر بېھزاد ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلى بولغانىدى. بېھزاد بۇ يەردە شەرق سەنئىتىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى ياراتقانىدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇنشەئات» ناملىق ئەسىرىدە: «پىراقنامە» (نەۋائىي ئۆزىنىڭ ‹لەيلى ۋە مەجنۇن› داستانىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان) يارالدى. ئەمدى ئۇنى بېزەش (كۆچۈرۈش، مۇقاۋىلاش ۋە رەسىم سىزىش) لازىم ئىدى. بۇ ئىش پەقەت ئۇستاد بېھزادنىڭلا قولىدىن كېلەر ئىدى. بىراق يېقىندا ئۇنى مىرزا (ھۈسەيىن بايقارا) تەلەپ قىلىپ، ئۆز بېغىغا ھۇجرا ياساتتىپ بەردى ۋە ئىش بۇرۇدى. ئەمدى بۇ كىتابقا مۇناسىپ ئىش قىلىدىغان كىشى يوقتۇر» [2] دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، رەسسام بېھزاد سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. 1507 ـ يىلى شەيبانىخان ھىرات تەختىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،

[1] «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى، 319 ـ، 320 ـ بەتلەر.
[2] «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، II توم، 23 ـ بەت.

بېهزاد بىر مەھەل شەيبانىخاننىڭ قولىدا ئىشلىگەن. 1519 ـ، 1520 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تەبرىزگە بارغان، 1522 ـ يىلى شاھ ئىسمائىل ئۇنى تەبرىز كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابدارى قىلىپ تەيىنلىگەن. 1537 ـ يىلى ھىراتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بېهزاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىگىچە بولغان دەۋرلەردىكى شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئىدى. ئۇ زاماندashlىرى تەرىپىدىن «مانى سانى» ، غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن «شەرق رافائېلى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ئۇ ياشىغان دەۋر جەھەتتىن ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋردىكى بۈيۈك رەسساملار — لېئوناردو داۋېنچى، مېكىلانجېلو ۋە رافائېللار بىلەن زاماندash ئىدى. ئۇلار گەرچە شەرق ۋە غەربتىكى كۆپ جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەدەنىي مۇھىت ۋە دەۋر ئېقىمىدا ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە بار ئىدى. ئۇلار ئەزەلدىن بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى. ئەمما ئۇلار سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇكسەك پەللىلىرىدە، بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ سېهرىي ئالىمىدە ۋە ئېستېتىك بوشلۇقنىڭ قاتلاملىرىدا ئۆز ئارا ئۇچراشقانىدى. شۋېتسىيە سەنئەتشۇناسى ف. مارتىن ئۇستاد بېهزادنىڭ سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئوردىسىدىكى ئىجادىيەت مۇھىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«شەرق قوياشى بېهزاد ئۈچۈن قۇرۇلغان مەخسۇس ھۇجرا نۇرغا پۈركەلگەن. بۇ يەردە رەسسام پەسرەك دېۋانغا ئېگىشىپ ئولتۇرغىنىچە ئىشلەيدۇ. شىرەنىڭ ئۈستى ۋە تارتمىلىرىدا شاھانە ئەسەرلەر يارىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسە ھازىرلانغان. مۇنداق ئەسەرلەرنى ياۋروپا سەنئەت خۇشتارلىرى XV ئەسىر ئىتالىيە ۋە گوللاندىيە رەسساملىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگەن بولسا،



شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن قولغا چۈشۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. توغرا، بېهزاد ياۋروپالىق رەسساملاردەك كەڭ ھەم قولاي مەكتەپ ھاياتىغا ئىگە بولالمىغان. ئۇنىڭ ئىجادىيەتخانىسى ئاددىيلا بىر ھۇجرا بولۇپ، ھۇجرىنىڭ ئاق مەرمەردىن ياسالغان تاملىرى شەرقنىڭ ماھىر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن «قۇرئان» ئايەتلىرى بىلەن ھەللىنىپ بېزەلگەن. ھۇجرىغا بورىيا تارتىلغان بولۇپ، سۇپا ئۈستىدىكى گىلەمگە بىر نەچچە تال ياستۇق قويۇلغان. بۇ مېهمان ياكى رەسساملار ئۈچۈن تەييارلانغان. ھۇجرىنىڭ ئارقىسى باغ بولۇپ، سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرىدۇ. نېرىراق جايدا دەرەخزارلىقلار ۋە گۈلزارلىقلار بار. . . بۇ يەردە شاپتۇللار پىشىپ بال تامىدۇ. ئالتۇندەك تاۋلانغان غۇچچىدە ئۈزۈم شىڭگىللىرى باراڭلار ئارىسىدىن مارايدۇ. ھۇجرا ئەتراپىدا ئەتىرگۈللەر چوغدەك تاۋلىنىپ ئېچىلىپ كېتىدۇ. تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈللەرنىڭ رەڭگارەڭ ئېچىلىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ بەرگىلىرىمۇ كۆزگە تاشلانمايدۇ. شۇنداق مۇھىتتا بېهزاد ئولتۇرۇپ ماي قەلىمى بىلەن نەپىس رەسىملەر سىزىدۇ. بۇنداق ئەۋرىشىم ماي قەلەمنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچقانداق رەسسام بېهزاد كەبى بۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشكە قادىر بولالىغان ئەمەس. . .» . ①

شەرق رەسىمچىلىكىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئىسلىمىي» ، «ئەبر» ، «ۋاق» ، «نىلۇپەر» ، «فەرەڭگى» ، «بەندى رۇمىي» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ئۇسلۇبلار ئاساسىدا يارىتىلغان سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇلارنىڭ تېما تېكىسى ۋە تەسۋىر ئوبيېكتىغا قاراپ، تۆۋەندىكى بۆلەكلەرگە ئايرىش مۇمكىن: پورترېتلار، ھاياتىي لەۋھەلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، بىنالارغا سىزىلغان سۈرەتلەر، بەدىئىي ئەسەرلەرگە

① ن. نۇرقۇلوف / ئى. نىزامىددىنوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) : «مىنىياتۇرا تارىخىدىن لەۋھەلەر» ، تاشكەنت، 1970 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 49 ـ بەت.

ئىشلەنگەن رەسىملەر ۋە باشقىلار[1]. بىز رەسسام بېھزاد ۋەكىللىكىدىكى ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىدىن ساقلىنىپ قالغان پورترېت رەسىملىرىدىن جامى، نەۋائى، ئابدۇللا خاتىفى، بېھزاد، ھۈسەيىن بايقارا، بابۇر، شەيبانىخان ۋە باشقا مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ، پادىشاھلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرىمىز. بۇ سۈرەتلەر پورترېت تەسۋىرلەشتىكى ئاجايىپ ئىنچىكىلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پورترېتى دىققەتكە سازاۋەردۇر. «ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان ياش نەۋائى پورترېتىدە رەسسام ئەلى شائىرنىڭ قىياپىتىنى خېلى مۇكەممەل تەسۋىرلەشكە مۇۋەپپەق بولغان: نەۋائى كاتىپى بىلەن بىرگە، شائىر ئىجاد ئالىمىگە غەرق بولغان، ئىلھامى ئۇخچۇپ تۇرماقتا. كاتىپ بولسا سۆز دۇردانىلىرىنى خاتاسىز يېزىپ ئېلىشقا تىرىشماقتا... مەھمۇد مۇزەھھەب سىزغان رەسىمدە ئۇلۇغ شائىرنىڭ قېرىلىق دەۋرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭدا نەۋائى ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ قامىتى ئالدىغا بىر مۇنچە مۈكچەيگەن، قاراشلىرىدا ھارغىنلىق بىلەن بىرگە ئۇلۇغۋارلىق، نۇرانىلىق ۋە ئالىيجانابلىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ»[2].

ئۇنىڭدىن باشقا، بېھزاد سىزغان سۇلتان ھۈسەيىن پورترېتى ھەم شۇ دەۋر رەسىمچىلىكىدە پورترېت سىزىشنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتقان. رەسىمدە شاھ قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئوڭ قولى تىزى ئۈستىگە قويۇلغان. سول قولى بىراز كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە، بارماقلىرى ئېچىلغان. گەۋدىسى تولۇق كەلگەن. يۇمىلاق يۈز، كۆزلىرى ھارغىن، قېشى ۋە بۇرۇتلىرى ئىنچىكە... رەسسام سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىنى

① يۇقىرىقى ئەسەر، 129 ـ، 130 ـ بەتلەر.
② «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، II توم، 21 ـ، 22 ـ بەتلەر.



رېئال تەرزدە تەسۋىرلىگەن. بېھزادنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن پورترېتى سىزىلغان بۇ رەسىمى «بابۇرنامە» دىكى: «سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا قىسماق كۆزلۈك، شىر بويلۇق ئادەم ئىدى، بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىنچىكە ئىدى. ياشىنىپ، ئاق ساقال بولغان بولسىمۇ، رەڭدار قىزىل، يېشىل يىپەك كىيىملەرنى كىيەتتى، بېشىغا قارا كۆرپە تۇماق ياكى قالپاق كىيەتتى. ھېيتلاردا كىچىك ئۈچ قات سەللىنى يايپېسى ۋە كۆرۈمسىز يۆگەپ، قارقىرا پېيىدىن ئوتاغات تاقاپ نامازغا باراتتى»[1] دېگەن بايانلار بىلەن تامامەن ماس كېلىدۇ.

بېھزادنىڭ باشقا مۇتلەق كۆپ قىسىم رەسىملىرى شەرق ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئىشلەنگەن. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە شۇ دەۋردىكى رېئال ھايات كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن. بولۇپمۇ ھىرات ۋە سەمەرقەنتتىكى بىنا قۇرۇلۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن، شەھەردىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئوردىدىكى بەزمە، مۇشائىرە ۋە زىياپەتلەر، شىكار جەريانى، پادىچى ۋە دالىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى سۈرەتلەنگەن بىر يۈرۈش رەسىملەر خېلى زور دەرىجىدە رېئال ھاياتقا ياندىشقان.

بېھزادنىڭ تەخمىنەن 50 پارچىگە يېقىن رەسىمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىر ئۆزبېكىستان، رۇسىيە، تۈركىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىرىدىن ئا. يو. ياكوبوۋسكىي ئۆزىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە «ئەلىشىر نەۋائى بېھزاد ئىجادىنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟»

① «بابۇرنامە»، 305ـ، 306 ـ بەتلەر.

دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بېھزاد ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى پەقەت شاتلىق بەخش ئەتكۈچى يارقىن بوياقلار كىرىشتۇرۇلمىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىجادىي تېماتىكىسىغا ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ياندىشالىغانلىقىدۇر. ئۇ پەقەت ئاجايىپ پورترېتلار (سۇلتان ھۈسەيىن پورترېتىنى ئەسلەڭ)، فېئودال سارايلاردىكى قوبۇل مۇراسىملىرى («زەپەرنامە» دىكى «باغدا تېمۇرنىڭ قوبۇل مۇراسىمى» نى ئەسلەڭ)نى، جەڭ مەيدانلىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، بەلكى مېھنەتكەش خەلق ھاياتى تېمىسىنىمۇ تەسۋىرلەيدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىغا تەسىر كۆرسەتكەن...».①

ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ھىرات تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىمۇ ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلەشتى. XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇخارا ۋە تەبرىز تەسۋىرىي سەنئەت مەكتەپلىرى خېلىلا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ يەردە بىر مۇنچە خەتتات ۋە رەسساملار يېتىشىپ چىقىپ ھىراتتىكى گۈزەل سەنئەت ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى. ۋە كۆپلىگەن مىنىياتۇرا رەسىملىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ، رەسسام بېھزاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ گۈزەل سەنئەت داھىيسى بولۇپ قالدى. «مىنىياتۇرا سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، يەنى كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قىستۇرما رەسىملەرنى سىزىش بېھزادنىڭ ئاساسىي سەنئەت مەكتىپى بولۇپ، ئۇ رەسىملەرنى بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن ئۇستۇن، تەسۋىرىي مۇھىتى جەھەتتىن نەپىس - بىپايان، يارقىن ۋە ھەيۋەتلىك ياراتقان. XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ھاياتىنىڭ بىباھا قامۇسى ھېسابلانغان بۇ

① «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر — XV — XVI ئەسىرلەر»، تاشكەنت، 1982 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 10 - بەت.



ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ كەڭ، ئۇنىڭدا تۆۋەن قاتلامدىكى پادىچىلار ۋە مۇلازىملارنىڭ ھاياتىدىن تارتىپ تاكى خانۇ خاقانلارنىڭ سۈرىتى، سەپەر، ئوۋ پائالىيەتلىرى، تەنتەنىلىك قوبۇل مۇراسىملار، ئاجايىپ نەقىشلىك سارايلار، ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەيدانلىرى، ئاشىقلارنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈ جىلۋىسى، ئوردا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تېپىك باغ مەنزىرىسى قاتارلىق مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتكەن ۋە ئۇلار بېھزادنىڭ بەدىئىي غايىۋى پىكىرلىرىگە ۋاستە قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن».①

XVI — XVII ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ داۋامى بابۇرىيلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شىمالىي ھىندىستان رايونىدا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. «بابۇرىيلار سارىيىدا ھاكىمىيەتنىڭ مەركەزلىشىشى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى، XVI — XVII ئەسىرلەردە ھىندىستاندا ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى سەنئەتنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بابۇرىيلار جەمەتىمۇ سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ئىخلاسمەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە قىزىقىپ قارىدى. سۇلالە باشلىقى — لەشكەر بېشى، شائىر ۋە ئالىم زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆز ‹بابۇرنامە› سىدە سەمەرقەنت ئىنشائاتلىرى، مەشھۇر رەسسام بېھزادنىڭ ‹ئاجايىپ نەپىس رەسىملىرى› دىن زوقلانغانلىقىنى يازغانىدى. بابۇرنىڭ ئوغلى ھۇمايۇن بولسا تەبرىزدىن مىر سەئىد ئەلى، مەشھەددىن ئابد - ئەس سامانىنى ھىندىستانغا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇلار بابۇرىيلار تەسۋىرىي سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ئىدى. ھۇمايۇننىڭ ئوغلى — ئىسلام بىلەن ھىندى دىنىنى كېلىشتۈرۈشكە دەۋەت قىلغان يېڭى ‹ئىلاھىي دىن› نى ياراتقان پادىشاھ — ئەكبەر

① تۇرسۇن كەلىمىن: «بېھزاد ۋە ئۇنىڭ رەسساملىق مەكتىپى توغرىسىدا» - «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىل 2 - سان.

بولسا رەسسام ئىستىدادىغا يۇكسەك باھا بەرگەنىدى: ‹مېنىڭچە، رەسسام ئاللاھنى ھېس قىلىشتەك ئالاھىدە ئىستىدات ساھىبىدۇر. چۈنكى ئۇ جانلىق مەۋجۇداتلارنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، ئۇلارغا جان ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇ دەل ئۇنى ھايات بەخش ئەتكۈچى پەرۋەردىگار ھەققىدە كۆپرەك ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ› دەپ يازغانىدى. ئەكبەرنىڭ ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغان جاھانگىر ئۆز خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: ‹مەن تەسۋىرلەرنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن ۋە ئۇلارنى شۇ قەدەر ئاجرىتىپ ئالالايمەنكى، ئۇنىڭ رەسسامى خاھ ئۆلۈك، خاھ تىرىك، كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن›. ئەمما ئەكبەرنىڭ چەۋرىسى، مۇتەئەسسىپ پادىشاھ ئەۋرەڭزىپ سارايدىكى بارچە ھىندى رەسساملىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. كېيىنچە رەسىمخانىلارنى پېچەتلەشكە بۇيرۇق بەردى».[1]

دېمەك، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە گۈللەپ ياشنىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئىتى بىر قانچە ئەسىرلىك تەرەققىياتتىن كېيىن، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەندى، ئەمما ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ئۆز دەۋرىدىكى شەرق سەنئىتىگىلا ئەمەس، بەلكى يېقىنقى زامان ياۋروپا رەسىم سەنئىتىگىمۇ ئىجابىي مەزمۇنلارنى بەخش ئەتتى.

## 6. غەربتە دانتې ۋە شېكسپىر، شەرقتە جامى ۋە نەۋائى

**ئالىگېرى دانتې: «مەن مەڭگۈ ئىتالىيان تىلىدا يازىمەنكى، لاتىن تىلىنى ئەسلا ئىشلەتمەيمەن» دېسە: ئەلىشىر نەۋائى: «مەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ خۇش**

[1] A. دېختىيار: «مۇسۇلمان مىنىياتۇرا مەكتىپى» ـ «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە)، 1997 ـ يىل 2 ـ سان.



**تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم» دېگەنىدى. دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» گەرچە غەرب زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەرق ھادىسىسى ئىدى؛ نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، ھۆر ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي غايىلەر ئۇنىڭ غەربتىكى بۈيۈك پىكىرداشلىرى — دانتې، بوككاچچىئو، پېتراركا، شېكسپىر قاتارلىقلارنىڭ گۇمانىزملىق قاراشلىرى بىلەن روشەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغانىدى.**

ياۋروپادا XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى «رېنېسسانس» (ئويغىنىش) دەپ ئاتالدى. رېنېسسانس ھادىسىسى (Renaissance) ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئويغىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن گۇمانىزملىق روھنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلدى. ئادرىئاتىك دېڭىزىنىڭ مەڭگۈ قايتماس دولقۇنلىرىغا قوردا ش بولۇپ ياشايدىغان ئىتالىيانلار ياۋروپا تارىخىدىكى بۈيۈك رېنېسسانسنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، قاينام ـ تاشقىنلىق يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالدى.

ئۇنداقتا، «رېنېسسانس»، يەنى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى نېمە، ياۋروپا رېنېسسانسى ئۆزىگە قانداق ئالاھىدىلىكلەرنى بەلگە قىلدى؟

نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئويغىنىشى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بارغان مۇزەپپەر خەيرۇللايېف ياۋروپا رېنېسسانسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايدۇ:

بىرىنچى، قەدىمكى مەدەنىيەتكە، بولۇپمۇ قەدىمكى يۇنان

مەدەنىيىتىگە ۋە ئېللىنىزمغا كەڭ كۆلەمدە مۇراجەت قىلىش، قەدىمكى مەدەنىي بايلىقلارنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇش ۋە شۇ ئاساستا يېڭى مەدەنىي ئۇتۇقلارنى يارىتىشقا تىرىشىش؛

ئىككىنچى، دۇنياۋى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىش؛

ئۈچىنچى، تەبىئەتكە كەڭ كۆلەمدە مۇراجەت قىلىش، ئۇنىڭ بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشقا، سىرىنى ئېچىشقا، قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇش؛

تۆتىنچى، دوگماتىكا، ئورتودۇكسال دىنىي قائىدىلەرگە بولغان تەنقىدىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئىجادىي پىكىر يۈرۈتۈشكە ئىنتىلىش؛

بەشىنچى، ئىنساننى تەبىئەتنىڭ ئالىي مەھسۇلى، ئۇ مەۋجۇدىيەتنى بىلگۈچى، مەدەنىي بايلىقلارنى ياراتقۇچى، ئەركىن، ئەقىللىق، مۇستەقىل ئالىي مەۋجۇدات دەپ چۈشىنىش؛

ئالتىنچى، گۈزەل تىل، شېئىرىيەت، رىتورىكا ۋە شېرىن سۆزلۈككە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت؛

يەتتىنچى، ئۇنىۋېرساللىق، قامۇسىيلىق، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە بىلىم ئىگىلەشكە ۋە ھەر تەرەپلىمە يېتىشىشكە ئىنتىلىش.①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رېنېسسانس، يەنى ئويغىنىش دەۋرى ئۆزىگە كەڭ مەنىدىكى ئويغاق ئىجتىمائىي كەيپىياتنى، ئۇزۇل - كېسىل تەپەككۇر ئىنقىلابىنى، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە قىممىتىگە بولغان قايتا تونۇشنى مەنىۋى مەزمۇن قىلىدۇ.

ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پارتلىشى

① مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ: «نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ غايىۋى مەنبەلىرىنى ئۆگىنىش ھەققىدە»، «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق توپلام، تاشكەنت، 1969 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 150 - بەت.



ئەڭ ئالدى بىلەن ئىتالىيىدە روياپقا چىقتى. ئىتالىيە خرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان رىم پاپاسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇشىغا قارىماي، XIII ئەسىردىن باشلاپ شەھەر ھاياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە يېڭى ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ھامىلىدار بولماقتا ئىدى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئادرىئاتىك دېڭىزىدىكى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلاشقا باشلىغاندا، بۇ دەۋرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بۈيۈك بىر شەخس دۇنياغا كەلدى. بۇ دەل ئالىگېررى دانتې ئىدى، كونا دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى ۋە يېڭى دەۋرنىڭ تۇنجى شائىرى ئىدى، ياۋروپا ئويغىنىشىنىڭ سىگنالى ئىدى!

ئالىگېررى دانتې (Alighieri Dante، 1265 — 1321) ياشىغان دەۋرلەردە يېڭىدىن بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ئىتالىيان تىلى لاتىن تىلىدىن تەدرىجىي ھالدا بۆلۈنۈپ چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. مىڭ يىللاردىن بۇيان ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن لاتىن تىلى خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئىنجىل»نى شەرھلەيدىغان، رىم پاپاسى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ پەتىۋالىرىنى يەتكۈزىدىغان تىل بولۇشتەك مۇتلەق نوپۇزىغا تايىنىپ ياۋروپادا مىللىي تىللارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ كەلگەنىدى. بۇ ھال ياۋروپادا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى، تىلدىكى قېلىپلاشقان، كونىرىغان سۆز - ئىبارىلەر ۋە ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى ھەمدە سۆز سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە بەدىئىي قۇۋۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئىمراقلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. دىنىي مەزمۇندىكى قاتمال شېئىرلار ۋە تەكرار يېزىلىپ كەلگەن ئىلاھىيەتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەردىن باشقا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات ئۆلگەنىدى. شېئىرىي تۇيغۇ ۋە بەدىئىي جاسارەت

مىسلىسىز دەرىجىدە سۇسلاشقانىدى. قاينام - تاشقىنلىق بىر يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىپ، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى مىڭ يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن ياۋروپادىكى بۇرۇقتۇرما ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر ئۆتكۈنچى دەۋردە دانتې دۇنياغا كەلدى، يېڭى دەۋرنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئالىگېررى دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» دە ئەكس ئەتكەن ئوتلۇق مىسرالار ئارقىلىق بۈيۈك ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئالىگېررى دانتېنىڭ شېئىرىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ كەينىدە شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ مۆئەييەن دەرىجىدىكى تەسىرلىرى يوشۇرۇنغانىدى. دانتې تۇغۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ياۋروپا قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان يېنىك مىسرالىرى ئىتالىيانلارنىڭ ئۇنتۇلغىلى خېلى زامانلار بولغان شېئىرىي ئىلھامىنى غىدىقلىماقتا ئىدى. خۇددى ۋىلل دۇرانت يازغىنىدەك: «ئىتالىيە ئەدەبىياتى فرىدېرىخ II نىڭ ئاپۇلىيىدىكى ئوردىسىدا تۇغۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇ ئوردىدىكى مۇشائىرىلەردە ئىسلام مۇرتلىرىنىڭ ئوخچۇپ تۇرغان شېئىرىي ھېسسىياتى ئىتالىيانلارنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى، چۈنكى بىلىمى بار مۇسۇلمانىنىڭ ھەرقانداقى شېئىر يازالايتتى.»①

يەنە بىر تەرەپتىن، دانتېنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پېشقەدەملەر ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي تىل قۇدرىتى ئارقىلىق لاتىن تىلىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. دانتې ئۆزى ئۇستاز ھېسابلىغان شائىر گۈيدو گۈينىززېللى (1230 — 1275) مۇ ئۆز شېئىرلىرىنى

① ۋىلل دۇرانت (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، شەرق نەشرىياتى، 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 4 - قىسىم، ئۈچىنچى كىتاب، 1482 - بەت.



ئىتالىيان تىلىدا يازغانىدى. دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» نى لاتىن تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئىتالىيان تىلىدا يېزىشنى قارار قىلغانلىقى، ئېھتىمال ئۇستازى گۈيدونىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا، دانتې مۇنداق دېگەنىدى: «مەن مەڭگۈ ئىتالىيان تىلىدا يازىمەنكى، لاتىن تىلىنى ئەسلا ئىشلەتمەيمەن.»① دانتې زامانداشلىرىنىڭ غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. يېڭى تىپتىكى ئىتالىيان ئەدەبىي تىلى دانتېنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى. « XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دانتېنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد كەسىپداشلىرى ئىتالىيان مىللىي تىلىنىڭ تېخى قېلىپلاشمىغان زاغرا ھالىتىنى بەدىئىي ئىجادىيەت ئارقىلىق دەسلەپكى نەپىسلىككە ئىگە قىلغانىدى. شۇ دەۋرلەردە ياۋروپادىكى باشقا مىللىي تىللار ۋە دىئالېكتلاردا تېخى مۇنداق بەدىئىي تاكامۇللۇق شەكىللەنمىگەنىدى. ئۇلار — دانتېنىڭ ئۇستازلىرى ۋە زامانداشلىرى يېپيېڭى بىر مىللىي ئەدەبىي تىلنى، يەنى دانتې ‹ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ نوپۇزلۇق تىلى› دەپ تەرىپلىگەن ئىتالىيان ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.»②

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» نىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى ۋە سۇژېتلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئىسلام شەرقىدىن كەلگەنىدى. ئىسلام شەرقىدىكى دەسلەپكى ئەدەبىي ئويغىنىش (IX — XII ئەسىرلەر) ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل زىلزىلىسى قەدىمكى يۇنان - رۇم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ئەرەب تىلىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يېقىنقى زامان ياۋروپاسىغا قايتۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇڭا، «ئىلاھ كومېدىيىسى» گەرچە

① Munro, D. C, and Sellery, G. C, *Medieval Civilization*, New—York, 1926, p. 170

② ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 4 - قىسىم، ئۈچىنچى كىتاب، 1482 - بەت.

غەرب زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە شەرق ھادىسىسى ئىدى.[1] «ئىلاھ كومېدىيىسى» دە دانتې قەدىمكى رىم شائىرى ۋېرگىلنىڭ روھىغا ئەگىشىپ، دوزاخ (Inferno)، پاكلىنىش دۇنياسى (Purgtorio) ۋە جەننەت (Paradiso) ئوتتۇرىسىدا ساياھەت قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇقەددەس سانلارغا قايتىدىغان شەرقنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئەپسانىۋى مۇھىتقا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ يەككە ماھىيەتلىك تروئىتسا (ئۈچىنىڭ بىرلىكى، يەنى خرىستىئان دىنىدىكى مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىرلىكى بولغان يېگانە خۇدا) مۇشاھىدىسىنى يورۇتۇشقا تىرىشىدۇ. دانتېنىڭ قەلىمى ئاستىدا دوزاخ، پاكلىنىش ئالىمى ۋە جەننەت قاتارلىق ئۈچ جاينىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا توققۇز قەۋەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. خۇددى ۋىلل دۇرانت ئېيتقاندەك: «دانتېنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى، يەنى يورۇقلۇق ۋە سۆيگۈ — قۇياش ۋە ئاقار يۇلتۇزلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىشق، ئەمەلىيەتتە ئارستوتېلدىن ئەرەب پەلسەپىسىگىچە بولغان جەرياندىن ئېلىنغانىدى. دانتې ئەل فارابى (al—Farabi)، ئىبن سىنا (Avicenna)، غەززالى (al—Ghazali)، ئىبن رۇشد (Averroes) لارنىڭ دۇنياسى بىلەن خېلىلا تونۇش ئىدى.»[2]

ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىلاھ كومېدىيىسى» نىڭ پۈتكۈل مەزمۇن قۇرۇلمىسىدا شەرق ئىسلام سۆزلىرى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە ۋىلل دۇرانت يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئۇنىڭ شەرق ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى، دانتېنىڭ ئىدىيە مەنبەسىنىڭ ئىسلام شەرقىدىن

① ن. كامىلوف: «ئىبن سىنا ۋە دانتې»، تاشكەنت، 1983 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
② ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 4 - قىسىم، ئۈچىنچى كىتاب. 1498 - بەت.



كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئەسەردىكى پارسلارنىڭ ئەردە ۋىرافنىڭ جەننەتكە چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايىتى؛ ‹قۇرئان› دىكى دوزاخ ھەققىدىكى تەسۋىرلەر؛ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مىراج كېچىسى ئاسمانغا چىقىشى؛ ئەبۇ ئەلا ئەل مەئارىنىڭ ‹رىسالەتۇل غۇفران› ناملىق ئەسىرىدىكى جەننەت بىلەن دوزاخ سەپىرى؛ ئىبن ئەرەبىنىڭ ‹فۇتۇھات› ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلار؛ مەئارىنىڭ ئەسىرىدىكى ئىبلىس بىلەن ناسارالار ۋە باشقا غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ دوزاختىكى ئازابلىرى؛ شۇنىڭدەك ئىبن ئەرەبىنىڭ ‹فۇتۇھات› تا تەسۋىرلىگەن باقى دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ توققۇز قەۋەتكە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ ئېرۇسالىمنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىغا جايلاشقانلىقى قاتارلىق بايانلار ‹ئىلاھ كومېدىيىسى› دىكى بايانلار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، يۇقىرىقى ئەرەبچە ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى دانتې دەۋرىدە ئۇ كۆرەلىشى مۇمكىن بولغان بىرەر تىلغا تەرجىمە قىلىنمىغانىدى.»[1]

شۇنداق قىلىپ دانتې «ئىلاھ كومېدىيىسى» ئارقىلىق ياۋروپا ئەدەبىياتىنى يېڭى تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئىتالىيان مىللىي تىلىنىڭ تاكامۇللۇقىنى تېزلەتتى. «ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ھەتتا مۇتلەق نوپۇز ۋە مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە پاپانىمۇ قەلىمىنىڭ ئۇچىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئۆتكۈر مىسرالارنىڭ نەشتىرىگە كۆمۈۋەتتى. شېئىرىي تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۆچقۇرلۇقى ۋە چەكسىزلىكى بىلەن خېلى كېيىنكى دەۋرلەردىكى شېكسپىرگە خىرىس ھېس قىلدۇردى.»[2] «بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن، ئىتالىيانلار ئۇنى ئىتالىيىنى لاتىن تىلىنىڭ كونىرىغان ئىبارىلىرىدىن قۇتقۇزغۇچى بۈيۈك شائىر دەپ ئېتىراپ قىلدى.

① ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 4 - قىسىم، ئۈچىنچى كىتاب، 1498 -، 1516 -، 1517 - بەتلەر.
② ②ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 4 - قىسىم، ئۈچىنچى كىتاب، 1498 -، 1516 -، 1517 - بەتلەر.

پېتراركا، بوككاچچىئو ۋە باشقا يۈزلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىلھام ئالدى. پۈتكۈل ياۋروپا ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى دوزاخنىڭ رىيازەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاندىن قايتىپ چىققان، مەڭگۈ كۈلۈشنى بىلمەيدىغان، مەغرۇرانە سەرگەرداننىڭ سىرلىق ھېكايىسىگە مەپتۇن بولدى.»②

شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋروپادا گۇمانىزملىق روھقا باي بەدىئىي ئەدەبىيات يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. دانتېدىن كېيىن پېتراركا (Francesco Petrarca، 1304 — 1375) بوككاچچىئو (Giovanni Boccaccio، 1313 — 1375) قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىتالىيان تىلىدا يازغان بۈيۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ رېنېسسانس دەۋرىدىكى يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. بولۇپمۇ بوككاچچىئونىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولۇپ، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى ئۆلگىسىنى ياراتتى. ئەسەر ۋەقەلىكى 1348 ـ يىلى ئىتالىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان چاشقان ۋاباسى (قارا كېسەل)نى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئون نەپەر ئەر ـ ئاياللىڭ ۋابادىن قېچىپ يىراق سەھرادىكى بىر داچىدا كۈن ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەربىر كىشىنىڭ بىر كۈندە بىردىن ھېكايە سۆزلەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەنلىكى ھەمدە ئون كۈندە ئون ھېكايىنىڭ ئېيتىلغانلىقىنى مەزمۇن قىلىدۇ. بوككاچچىئو ئەسەردە جىنسىيەت پۇرىقى قويۇق بولغان ھېكايىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇزۇن مەزگىل بوغۇلغان ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىچكى ئىداسىنى ئاشكارىلايدۇ. چېركاۋ، دىنىي جەمئىيەت ۋە مۇناستىرلاردىكى سىرتقى كۆرۈنۈشى سىرلىق ئىلاھىي پەردىلەر بىلەن ئورالغان، ئەمما ئىچكى قىسمى زەردابقا تولغان بۇر ۇقتۇرما ھالەتنى پاش قىلىدۇ. ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ھايات رومانتىكىسىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. «ئەسەردىكى ھېكايە



ۋەقەلىكلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى بوككاچچىئو ئۆزى توقۇغان بولۇپ، كۆپ قىسمى كلاسسىك نەمۇنىلەردىن، شەرق يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى رېتسارلىق ھېكايىلىرىدىن، فرانسىيىنىڭ قىسسىلىرىدىن ۋە ئىتالىيە خەلق چۆچەكلىرىدىن ئېلىنغانىدى.»①

شۇنىڭدىن كېيىن، گۇمانىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمى ئىتالىيە يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئالپس تاغلىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى غەربىي ياۋروپادا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى. فرانسىيىدە رابلېي (Francois Rabelais، 1494 — 1553) ئۆزىنىڭ «گىگانت شەخسلەر قىسسىسى» ئارقىلىق، ئەنگلىيىدە شېكىسپېر (William Shakespeare، 1564 — 1616) ئۆزىنىڭ سونېت ۋە دراملىرى ئارقىلىق ياۋروپا رېنېسسانسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

شېكىسپېر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىتالىيە ئويغىنىشىدىن بۇيانقى ياۋروپا گۇمانىزملىق روھىنىڭ نۇر چەشمىلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئىپادە قىلدى. شۇنداقلا سانائەت ئىنقىلابى يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ ۋىجدانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ سونېتلىرى ۋە «ۋېنېتسىيە سودىگىرى»، «تومۇز كېچىسىدىكى چۈش»، «ئون ئىككىنچى كېچە»، «ھېنرى Ⅳ»، «ھاملېت»، «ئوتېللو»، «ماكبېس»، «پادىشاھ لېر»، «رومېئو ـ ژۇلىيەتتا»، «ئانتونى ۋە كلېئوپاترا»، «ئافىنادىكى تىمون» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، زامانداش ۋە ئۆزىدىن كېيىن ئۆتكەن بارلىق ئەدىبلەرنىڭ سۆرەن ـ چۇقانلىرىنى كۆمۈپ تاشلىدى.

شېكىسپېر ئەسەرلىرىنىڭ سۇژېت مەنبەلىرى تۆرلۈك

---

① ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 5 ـ قىسىم، بىرىنچى كىتاب، 44 ـ بەت.

ئەللەردىن كەلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى سۆزلەر ھەتتا ئىسلام شەرقىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئېلىنغانىدى. شېكىسپىرنىڭ قەھرىمانلىرىمۇ ئالىقاچان دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىلىرىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان گۇمانىزملىق تېندىنسىيىنى ئىپادە قىلغانىدى. ئۇلار تۈرلۈك ئەللەردىكى تۈرلۈك خەلقلەردىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىنىڭ تەبىئىي ماھىيىتى ۋە غايىسىنى ئىپادىلەشتە ئورتاق نۇقتىدا كېسىشەتتى. ئۇلار ئۇچۇن مۇھەببەت ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇراتتى، غۇرۇر ۋە جاسارەت ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. پادىشاھ لېردىكى رەھىمسىزلىك ۋە ياخشىلىق، ھاملېتتىكى روھىي ئىزتىراپ، شارلوكتىكى ئاچ كۆزلۈك، رومېئودىكى چىن سۆيگۈ. . . شېكىسپىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئاخىرقى رېنېسسانس دەۋرىنىڭ سەنئەت كەيپىياتىنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى.

ياۋروپا رېنېسسانسى بىلەن تەڭلا ئۇزاق ئاسىيادىكى سىرلىق ئەل — ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق ئويغىنىشىنىڭ ئاخىرقى ئالتۇن دەۋرى يېتىپ كەلمەكتە ئىدى. موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران شەھەرلىرىدە قالدۇرغان دەھشىتىنىڭ قان داغلىرى قۇرۇماي تۇرۇپلا ئەمىر تېمۇرنىڭ يېڭى ئىمپېرىيىسى بۇ زېمىندا قەد كۆتۈردى. ھافىز شىرازى (1320 — 1389) ئۆزىنىڭ قەلبلەرنى لەرزىگە سالغۇچى لىرىك غەزەللىرى ئارقىلىق ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەممىنى كۆمپەيكۇم قىلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان قىلىچى ۋە دەھشەتلىك غەزىپى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. مىلادىيە 1387 ـ يىلى ئەمىر تېمۇر زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئىراننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شىراز شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئېسىگە بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ داڭلىق پۇقراسى ھافىز شىرازىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كەلدى:



ئەگەر ئۇل تۈركىي شىرازى قولىغا ئالسا كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندۇغە بەرگۇم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.

گۈزەل سەمەرقەنتنى ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قىلىشنى قارار قىلغان ئەمىر تېمۇر دەرغەزەپ بولۇپ، ھافىزنى ئۆز قارارگاھىغا چاقىرتتى ۋە سەمەرقەنت بىلەن بۇخارادەك ئىككى چوڭ شەھەرنى قايسى بىر مەزلۇمنىڭ رۇخسارىدىكى خالىغا تېگىشمەكچى بولغان بۇ قاپ يۈرەكنى راسا ئەدەپلىمەكچى بولدى. ئەمىر تېمۇر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەي، بەتبەخت! مەن قۇلۇمدىكى ئالتۇن شەمشىرىمگە تايىنىپ دۇنيادا ئادەم ياشايدىغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىستېلا قىلدىم، لېكىن سەمەرقەنت بىلەن بۇخاراغا يېتىدىغان گۈزەل شەھەرنى تېخى ئۇچراتمىدىم. ھالبۇكى، سەن قايسى يۈرىكىڭ بىلەن مېنىڭ ئاستانەم ھېسابلانغان ئىككى شەھەرنى شىرازدىكى تۈرك قىزىنىڭ ئاشۇ ئەرزىمەس خالىغا تېگىشىۋەتمەكچى بولدۇڭ؟ . . .

ھافىز بېشىنى كۆتۈرۈپ تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئەي، پادىشاھى ئالەم، جانابلىرىدەك جاھاننى بويسۇندۇرغان يېڭىلمەس شاھنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ كەمىنە ھافىزنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە پېقىرنىڭ ئۆزۈمنى چاغلىماي يېزىپ تاشلىغان ئاشۇ ئەرزىمەس ئىككى مىسرا شېئىرىم ئۈچۈن غەزەپ شەمشىرىنى قىنىدىن چىقارماقلىرى بىھاجەتتۇر!

ئەمىر تېمۇر ھافىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بەرھەق، ئىككى مىسرا شېئىر ئۈچۈن بىر جاھانگىرنىڭ ئاچچىقلىنىشى راستتىنلا ھاجەتسىز ئىدى! تېمۇر ھافىز شىرازىنى كەچۈرۈم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا تارتۇق قىلدى.[1]

[1] ۋىلل دۇرانت: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 6 ـ قىسىم، ئىككىنچى كىتاب، 920 ـ بەت.

ئەمىر تېمۇر ھافىز شىرازى بىلەن قىلغان بۇ قىزىقارلىق سۆھبەتنى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرىغا غايەت زور بىر ئىمپېرىيىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە مەدەنىيەت ئويغىنىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بۈيۈك بىر دەۋرنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە سىياسىي ھۆكۈمرانلىق جەھەتتىكى مىسلىسىز قابىلىيىتىگە زادىلا ۋارىسلىق قىلالمىدى. ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيىنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنىمۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئەمما ئۇلار — شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ئۇلۇغبېگ، ھۈسەيىن بايقارا ۋە بابۇر قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندىكى سەمەرقەنت، ھىرات قاتارلىق شەھەرلەردىن ھىندىستاندىكى دېھلى، ئاگرا قاتارلىق جايلارغىچە بولغان ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ھامىيلىق قىلدى.

ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئابدۇرەھمان جامى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنىنى ياراتقان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئەنە ئاشۇ دەۋردە ياشىدى ۋە ئىجاد ئەتتى.

جامى (1414 — 1492) نىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى خۇراسان سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىراتتىكى بىر مەھەللىك سەلتەنىتى ۋە ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە بولغان ھامىيلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جامى ياشلىقىدا ھىراتتىكى نەقشىبەندىيە ئېقىمىنىڭ ئۆلىماسى بولغان سەئىدىدىن كاشغەرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، كېيىنچە مۇشۇ ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە ئايلانغانىدى. جامى ھىراتتىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دولقۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاجايىپ كاتتا ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. شېئىرىيەت، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتە



مول نەتىجىلەر قازاندى. جامىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە 54 پارچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىكى «ھەفت ئەۋرەڭ» نامى ئاستىدا يازغان يەتتە داستانى جامى ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېيىنكى راۋاجىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە يېتىلىشىدىمۇ جامىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. شۇڭا، نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «تاكى جاھان مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا، ئۇ زاتنىڭ يورۇق دىللىرىنىڭ نەتىجىلىرى جاھان ئەھلى ئۈچۈن كەم بولمىسۇن. پەلەك چۆرگىلەپ تۇرسىلا ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللىرىنىڭ پايدىلىرى دەۋران خەلقى ئۈچۈن ئۆكسىمىسۇن. . . ئۇ زاتنىڭ يېقىملىق نەزمىلىرى شۇ قەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، قىسمەنلىرىلا يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىجادىيەت خەزىنىلىرى تولۇق بايان قىلىنسا جاھان دېڭىزى تېشىپ كېتىدۇ.»[1]

نەۋائى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ، تېخىمۇ ئېنىقراقى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە گۇمانىزمچى شائىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا مول سەمەرىلىك بەدىئىي ئىجادىيەتتىن باشقا ئۆز دەۋرىدىكى مەۋجۇت پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئەسەرلەر يازغانىدى. پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ بىرقانچە ئەسىرلىك شان - شەۋكىتى ئالدىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلالمايۋاتقان تۈركىي ئەدەبىي تىلنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ شائىرى ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، شۇنداقلا ئەسەرلىرىدىكى مىللىي روھ ئارقىلىق يەنە ئۆز

① ئەلىشىر نەۋائى: «مەجالىسۇن نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى، 364 -، 365 - بەتلەر.

مىللىتىگە قايتقان شائىر ئىدى. ۋاھالەنكى، نەۋائىينىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، ئىجادىيەت مېتودى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ پاسسىپلىقتىن ئاللىقاچان قاچقىتقانىدى. ئۇ رېنېسسانس دەۋرىدىكى شائىرلارغا خاس گۇمانىزملىق روھ بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ماكان ۋە زامان چەمبىرەكلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شائىرىغا ئايلانغانىدى.

نەۋائىينىڭ گۇمانىزملىق غايىلىرى ئۇنىڭ «خەمسە» نامى ئاستىدىكى داستانلىرىدا، بولۇپمۇ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنىدى. نەۋائىي ئۆز قەھرىمانى بولغان فەرھادنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىنساننىڭ يەككە ھالەتتىكى خۇسۇسىي كەچۈرمىشلىرىگە ئەمەس، بەلكى فەرھاد ۋە ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئومۇمىي سائادىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەنىدى. نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدا، شىرىننىڭ ۋەتىنى ئوخشاشلا فەرھادنىڭمۇ ۋەتىنى ئىدى. پەقەت ئاشۇ ۋەتەن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ يېڭىچە قىممەتكە ۋە مەنىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭلاشقا رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ژىرمۇنسكىي نەۋائىي ئىجادىيىتىدىكى «ئويغىنىش دەۋرىنىڭ گۇمانىستىك غايىسى فەرھاد ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشكەن» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دەرۋەقە، نەۋائىي قەھرىمانلىرى مىللەت، دىن، ئىرق، مەملىكەت ۋە جۇغراپىيىلىك چەكلىمىلەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ ۋە قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە خەلقلەر دوستلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى قەھرىمانلار تۈرلۈك ـ تۈمەن خەلقلەرگە مەنسۇپ. مەسىلەن، فەرھاد چىنلىق، شاپۇر ئىرانلىق، شېرىن ئەرمەنىستانلىق، سوقرات يۇنانلىق. ئەمما، ئوخشاشمىغان ئەللەردىن كېلىپ چىققان بۇ قەھرىمانلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار غايە يۆنىلىشلىرىدە ئورتاقلىشالايدۇ. نەۋائىي يەنە داستاندا، خاقانى



چىن بىلەن يۇنانىستاننى يىپەك يولىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەت ئوچىقى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. چىن ـ خوتەن رەسساملىرى ۋە نەققاش ـ مىمارلىرىدىن مانى، بانى، قارەن قاتارلىقلارنى؛ يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىدىن سوقرات، فىساغورۇس (پىفاگور)، بوقرات (ھېپپوكرات)، ئەپلاتون (پلاتون)، ئەرەستو (ئارستوتېل) قاتارلىقلارنىڭ نامىنى كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى فەرھاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يارقىن سىماسى، شۇنداقلا شۇ دەۋر مەدەنىي ھاياتىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا جۇغلىغان شەخس. گەرچە فەرھاد ئۆز پروتوتىپىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەپسانىۋى، تارىخىي مەنبەلىرىدىن ئالغىنى بىلەن، روھىي ئالىمىنى يىپەك يولىنى بويلاپ تارقىلىۋاتقان ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇۋاتقان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمىدىن تويۇندۇرغانىدى. بۇ نۇقتىدا نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى فەرھاد خۇددى شېكسپېرنىڭ قەھرىمانلىرىغا ئوخشاشلا مىللەت، دىن، ئىرق ۋە مەملىكەت چېگرىلىرىدىن ھالقىپ چىقىدۇ ۋە كۈچلۈك گۇمانىزملىق روھنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭا نەۋائىي مەردانىلىق بىلەن:

كۆڭۈلنى ئالسا مەلامەت بىلەن تەفاۋەت يوق،
خىتايۇ ئولسۇنۇ يا ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ.

ھۆسن چۈن جىلۋە قىلۇر ئاقۇ قارادا يوق پەرق،
كىشىگە كەلسە بالا، خاھى خىتا خاھى ھەبەش.

دەپ يازىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «فەرھاد ئوبرازىدا ئويغىنىش دەۋرىگە خاس ئىدىيىلەر ھەقىقەتەن روشەن ئەكس ئەتكەن. شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەۋائىي قەھرىمانلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. فەرھاد مېھنەتكەش، ئىجادكار، قۇرغۇچى، تاش كېسەر، ھەيكەلتىراش،

نەققاش، رەسسام، قانال قازغۇچى، جەڭچى، سەركەردە، شائىر، مۇتەپەككۇر، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋارىسى، سوقراتنىڭ شاگىرتى. فەرھاد ئەنە شۇنداق كۆپ قىرلىق شەخس. ئۇنىڭ مۇنداق كۆپ قىرلىق شەخس ئىكەنلىكى بىر ئەلنىڭ، بىر دەۋرنىڭ ئەمەس، بەلكى تۇرلۇك دەۋردىكى تۇرلۇك خەلقلەرنىڭ — گرېكلار، پارسلار، ئەرەبلەر، ئەرمەنلەر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.»[1]

نەۋائى خۇددى دانتېغا ئوخشاشلا مىللىي تىللار جىددىي رەۋىشتە قېلىپلىشىشنى ۋە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشنى ئىزدەۋاتقان بىر دەۋردە ياشىدى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ نوپۇزى مۇتلەق ئۇستۇنلۇكتە تۇرغان شارائىتتا، ئۆز ئانا تىلىدا مەردانىلىك بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، تۈركىي ئەدەبىي تىلغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. «فارسىي شېكەرەست»، «ئەرەبىي ھەسەلەست» دېگەن مۇقام ئەۋج ئالغان زاماندا، ئانا تىلى دۇچ كەلگەن خەۋپنى ھەممىدىن بۇرۇن ھېس قىلغان نەۋائى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق «تۈركىي ھۇنەرەست» شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. خۇددى نەۋائى «شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن ــ دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن!» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ بۇ تەقدىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا يول قويمىدى. نەۋائى تۈركىي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق تۈركىي ئەدەبىياتىنى قوغداش ئۈچۈن

[1] شېرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ــ يىل نەشرى، 483 ــ، 484 ــ بەتلەر.



بەل باغلىدى.[1]

شۇنداق قىلىپ نەۋائى قەلبىگە بۈيۈك مەقسەتلەرنى پۈكۈپ، مەردانىلىك بىلەن تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ھەمدە تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نامايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازدى:

گەر نۆكتەلىرى جاھاننى تۇتتى،
غەۋغالىرى ئىنسۇ ــ جاننى تۇتتى.
چۇن فارسى ئەردى نۆكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.
ئۆل تىل بىلە نەزم بولدى مەلفۇز،
كىم فارسى ئاڭلار بولدى مەھزۇز.
مەن تۈركچە باشلىبان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم چۇن شۆھرەتى جاھانغا تولغاي،
تۈركىي ئېلى داغى بەھرى ئالغاي.

بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىلىنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى «خەزائىنۇل مەئانى» بىلەن داستانلار توپلىمى «خەمسە» دە تۈركىي تىلىنىڭ بەدىئىي قۇدرىتىنى جەۋلان قىلدۇردى. شۇڭلاشقا نەۋائىنىڭ ئۇستازى ۋە زامانىدىشى، بۈيۈك پارس ــ تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇرەھمان جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى) ناملىق داستانىدا نەۋائىغا مۇنداق باھا بەردى:

[1] ئەلىشىر نەۋائي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغاتەيىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ــ يىل نەشرى، كىرىش سۆز قىسمى، 5 ــ بەت.

تۈركىي تىلدا داغى نەقش كەلدى ئەجەب،
ھەتتا سېھىرگەرلەرمۇ باغلىدى لەب.
بۇنداق گۈزەل نەقش چۈشۈرگەن قەلەم،
بېشىغا ئافىرىنلەر ياغدۇرسۇن ئالەم.
كەچۈرسۇن فارسىيدا گۆھەر تەرگەنلەر،
دارى تىلىدا دۇر - خەزىنە بەرگەنلەر.
بۇنىڭ تىلى ھەم گەر بولسا دارى،
ماجالسىز قالاتتى ئۇلارنىڭ بەرى.[1]

خۇددى نەۋائى «مەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ خۇش تىللىرىغا بۇيۇك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم»[2] دېگىنىدەك، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق زاماندىشلىرى ۋە ۋەتەنداشلىرىغا ئەڭ يارقىن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋائى بىر ئۇلۇغ شائىرلا ئەمەس، بەلكى يەنە كەسكىن نەزەرىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە تۈركىي تىل ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ XV ئەسىردىكى ئاخىرقى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى.

دانتې بىلەن نەۋائى زامانداش ئەمەس. ئۇلارنى ئىككى ئەسىرچە ۋاقىت، ئون مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق مۇساپە ۋە پۈتۈنلەي باشقىچە دىن ھەم مەدەنىيەت قاتلىمى ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆچرىشىدىغان ئومۇمىي مەيدان بار. بۇ مەيدان ئاكادېمىك ن. ئى. كونراد ۋە ۋ. م. ژىرمۇنسكىيلار تەكىتلىگەن

① «جامى ۋە نەۋائى»، تاشكەنت، 1989 - يىل نەشرى، 20 - بەتتىكى پارسچە، 42 - بەتتىكى ئۆزبېكچە مىسرالارغا قاراڭ.
② ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغاتەيىن»، 53 - بەت.



شەرق ۋە غەرب ئۈچۈن ئورتاق بولغان ھادىسە رېنېسسانس، يەنى ئويغىنىشتۇر. ئويغىنىش پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق ھادىسە سۈپىتىدە دانتې بىلەن نەۋائىنى يۈكسەك نۇقتىلاردا ئۇچراشتۇرۇپ تۇرىدۇ.[1] دانتې بىلەن نەۋائىنىڭ ئۆز ئانا تىللىرىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە ئابدۇللا ئارىپوفمۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئانا تىلغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ئۇنىڭ تەقدىرى ۋە كامالىتى ئۈچۈن مەسئۇللۇق — مانا بۇ سۆز ئۇستىلىرىنى بىرلەشتۈرگۈچى بىرىنچى پەزىلەت. دانتې ئىتالىيان تىلىنى خەلقئارا تىزىملىكتە قانچىلىك قارار تاپقۇزغان بولسا، نەۋائىمۇ شۇنداق ۋەزىپىنى — ئالەمشۇمۇل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشىنى ئادا قىلدى. ئېتنىك جەھەتتىن ئاجايىپ خىلمۇ خىل، قانچىدىن قانچە شېۋىلەردە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىغا خاس سۆزلەرنى ئەدەبىي تىل دائىرىسىگە ئېلىپ كىردى. نەۋائىنىڭ جۈرئىتى ۋە جاسارىتى، ماھارىتى تۈپەيلى ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى (بۇ يەردە تۈركىي ئەدەبىي تىلى دېيىش كېرەك — ئا) مۇكەممەل شەكىللىنىشكە ئېرىشتى.»[2]

دانتې بىلەن نەۋائىنىڭ يۈكسەك پەللىلەردىكى دىئالوگلىرىدا خېلى كۆپ ئورتاقلىقلار بار ئىدى. بولۇپمۇ بەدىئىي ئىجادىيەت ئارقىلىق ئانا ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى كۆپ ئىدى. بۇ ھەقتە سۇۋان مىلى مۇنداق دەپ يازغانىدى: «دانتې ئانا تىلى — ئىتالىيان تىلىنى ئۇ قانداش بولغان لاتىن تىلىدىن ئاجراتتى، ئانا تىلىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەشتى ۋە ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بۇ مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇردى. بەدىئىي ئەدەبىياتنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇردى. ۋەزىپە ئۇلۇغ ئىدى، خىزمەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولدى. ئەلىشىر

① سۇۋان مىلى: «نەۋائى ۋە دانتې — يۈكسەك پەللىلەردە ئۇچرىشىش»، ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانى.
② ئابدۇللا ئارىپوف: «ئەدەبىي قەدىيلەر»، «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى» گېزىتى، 1991 - يىل، 21 - مارت سانى.

نەۋائىنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق ۋەزىپە تۇراتتى. قەدىمكى دارى پارس تىلى يالغۇز ئىراندىلا ئەمەس، بەلكى مەركىزىي ئاسىيادىمۇ مۇتلەق نەپىس ئەدەبىي تىل دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىر پەيتتە (ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىچكى تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۈركىي تىلغا يات تىل ئىدى)، ئانا تۈركىي تىلدا ئۆز ئەسەرلىرىنى يارىتىش ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ بەش يۈز يىللىق مول تەجرىبىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن، سۈمۈرگەن ھالدا سۆز سەنئىتىنى، ئەدەبىيات پەلسەپىسىنى يېڭى بىر يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئەلىشىر نەۋائىغا نېسىپ بولدى.»[1]

نەۋائىنىڭ زامانداشلىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىزباسارلىرى نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەۋائىنىڭ شان - شۆھرىتى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ئۆز دەۋرىدىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، نەۋائىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ساۋاقدىشى سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «... ۋە لېكىن گۈزەل مەنىلەر كېلىنچەكلىرىگە بۇ كۈنگىچە ھېچكىم تۈركانە كىيىم كىيگۈزمىگەن ۋە ئۇ نازىنىنلارنى بۇ گۈزەل سەرپا بىلەن بېزەپ يورۇقلۇققا چىقارمىغانىدى. مۇشك ھىدلىق گۈزەل گۈللەر قابىلىيەتلىك يۈرەكلەرنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىدا يالىڭاچ پېتى ئۇيۇلۇپ ياتقانىدى شۇنداقلا بۇ ھۆر قىياپەتلىك زىبالار كىيىمسىزلىكتىن ناز بىلەن جىلۋە قىلالمىغانىدى. تا بۇ بەختىيار زاماندا ۋە قۇتلۇق دەۋراندا... ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى، يەنى نەۋائى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر مىر ئەلىشىر تۈركىي تىلنىڭ ئۆلگەن جەسىتىگە مەسىھ نەپىسى بىلەن روھ — جان كىرگۈزدى ۋە ئۇنىڭغا تۈركىي سۆز يىپەكلىرىدىن

① سۇۋان مىلى: «نەۋائى ۋە دانتې — يۈكسەك پەللىلەردە ئۇچرىشىش»، ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1998 - يىللىق 2 - سانى.



توقۇلغان قىممەتباھا، نەپىس كىيىملەرنى كىيگۈزدى...»[1]

بابۇر نەۋائى ھەققىدە توختىلىپ: «ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس»[2] دېگەن بولسا، مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۈكسەكرەك يازالىغان ئەمەس. نەۋائى بۇ ھۈنەردە ئۇستازدۇر»[3] دەپ يازىدۇ.

شۇنداق، نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك يولباشچىسى ۋە شائىرى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭمۇ شائىرى. نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى قويۇق ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، ھۆر ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي غايىلەر ئۇنىڭ غەربتىكى بۈيۈك پىكىرداشلىرى — دانتې، بوككاچچىئو، پېتراركا، شېكىسپېر قاتارلىقلارنىڭ گۇمانىزملىق قاراشلىرى بىلەن روشەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغانىدى. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشى 1968 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 525 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە يوللىغان تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى بەش ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خاتىرە پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىرنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئالىيجاناب ئىجتىمائىي غايىلىرى ۋە ئىلھامبەخش ئەسەرلىرى تىنچلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ

① ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، تاشكەنت، 1969 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 396 -، 397 - بەتلەر.
② زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 319 - بەت.
③ ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، 398 - بەت.

هەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەم بەرمەكتە» .

## 7. گاللىيىنىڭ تېلېسكوپى ۋە ئۇلۇغبېگنىڭ رەسەتخانىسى

**ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى غەرب ۋە شەرقتە تەبىئەت ۋە كائىنات ھەققىدىكى ئىلىملەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. ئاسترونومىيە بۇ دەۋردىكى تەبىئىي پەن تەرەققىياتىنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلاندى. كوپېرنىك «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. برۇنو ئۇنىڭ تەلىماتىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. گاللىيې تېلېسكوپنى كەشپ قىلىپ، كوپېرنىكنىڭ گۇمانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى؛ ئۇلۇغبېگنىڭ سەمەرقەنتتىكى رەسەتخانىسىدا قەلبى ئۆركەشلەپ تۇرغان شەرق ئاسترونوملىرى كائىنات ھەققىدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىسلام شەرقىنىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىدىكى تەبىئەت پەنلىرىدىكى بۈيۈك بايقاشلار بۇ يەردە روياپقا چىقتى. ئۇلۇغبېگ بۇ يەردە كائىناتتىكى 1018 يۇلتۇزنىڭ ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلدى. «زىجى جەدىدى كورەگانى» مانا مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلدى.**

ياۋروپا رېنېسسانسى سەنئەتتىكى ئويغىنىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېپادىسى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ قانىتىنى يەشتى. تەبىئەتنى بىلىش، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىشقا تىرىشىش ئومۇمىي خاھىشقا ئايلاندى. كىشىلەر ئەمدى رىم پاپاسى ۋە دىنىي جەمئىيەت بەلگىلەپ بەرگەن، «ئىنجىل»نىڭ روھى بويىچە شەرھلەنگەن كائىنات ھەققىدىكى



دوگماتىزمغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدى. ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىتالىيە پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ئىلىم - پەن ۋە كەشپىيات مەركىزىگە ئايلاندى. قەدىمكى يۇنان ۋە رۇمنىڭ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىلىرى بىلەن ئىسلام شەرقىنىڭ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يېنىك دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ياۋروپا قىرغاقلىرىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە غەبلەت ئۇيقۇسىدىن يېڭىلا ئويغانغان ئىتالىيانلارنىڭ تەپەككۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلىدى. ئىتالىيە شەھەرلىرىدە تەبىئەتكە، ئىلىم - پەنگە، ئەقلىيلىككە ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمگە قىزىقىش ئەڭ ئالىي مەقسەت بولۇپ قالدى. شۇ دەۋردىكى ئىتالىيە ئالىمى پىكو (Giovanni Pico، 1463 — 1494) ھەتتا «تەبىئەت بىلەن ‹ئىنجىل› خۇدا تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككى بۈيۈك كىتاب، بۇ ئىككى كىتاب گەرچە ئوخشاش بولمىغان تىلدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىرلا نۇقتىغا تۇتۇشىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتتى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى يالغۇز سەنئەتكارلارنىڭ دەۋرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭمۇ پارتلاش دەۋرى ئىدى. لېئوناردو داۋىنچى (1452 — 1519) ھەم داڭلىق سەنئەتكار ھەم تەبىئىي پەن ئالىمى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ماي بوياق رەسىملىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى سەنئەت ئىلھامىدىن ئەمەس، بەلكى تەجرىبىدىن كەلگەن دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ ئوقۇغان ئەسەرلىرى ئىچىدە كلاسسىك دەستۇرلاردىن باشقا، يەنە «خۇدانىڭ ئەسىرى» بولغان سىرلىق تەبىئەتمۇ بار ئىدى. «ئۇلار ئەسلا چۈشەنمەيدۇ، — دېگەنىدى داۋىنچى، — مېنىڭ ئەسەرلىرىم باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش كلاسسىك ماتېرىياللاردىن ئەمەس، بەلكى مۇتلەق كۆپ

① يوگىنىئو گارىن (ئىتالىيە): «ئىتالىيىدە گۇمانىزم»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى، كىرىش سۆز قىسمى، 8 - بەت.

ئەھۋال ئاستىدا بىۋاستە تەجرىبەمدىن كەلگەن. تەجرىبىنىڭ ئۆزى ئىجادىيەتكە ماھىر ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئوقۇتقۇچىسى، شۇڭا مەن تەجرىبىنى ئۆزۈمگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تاللىۋالدىم.»[1] داۋىنچىنىڭ تەجرىبە نۇقتىئىنەزەرى ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىنى گېئومېترىيە ۋە فىزىكا نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، سەنئەتتىكى ئېستېتىك گۈزەللىك بىلەن تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەھسۇلى بولغان ئادەم بەدىنىدىكى گارمونىك تەڭپۇڭلۇقنى ئورگانىك بىرلەشتۇرۇشكە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋىنچى يەنە ئۆزىنىڭ ئالەم بوشلۇقى ھەققىدىكى يېڭى گۇمانىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «قۇياش ھەرىكەتلەنمەيدۇ. . . يەر شارى ھەرگىزمۇ قۇياش ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان مەركەز ئەمەس، شۇنداقلا ئالەمنىڭمۇ مەركىزى ئەمەس.»[2]

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى يەنە ئالەم بوشلۇقى ۋە كائىنات ھەققىدىكى ئىلىملەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. ئاسترونومىيە بۇ دەۋردىكى تەبىئىي پەن تەرەققىياتىنىڭ گۈلتاجىسىغا ئايلاندى. پولشالىق پوپ كوپېرنىك (Nicolas Copernicus، 1473 — 1543) ھەممىدىن ئاۋۋال «يەر مەركەز تەلىماتى» دىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پوپلۇقنى تاشلاپ، قەلبىگە بۈيۈك مەقسەتلەرنى پۈككەن ھالدا ئىتالىيىگە باردى ۋە بۇ يەردە ئون يىل ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى. مىلادىيە 1514 ـ يىلىدىن باشلاپ، كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» ھەققىدىكى قاراشلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كوپېرنىك ئاسمان جىسىملىرىنى ئۇزۇن يىل كۆزەتتى ۋە تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى

[1] يوگېنىئو گارىن: يۇقىرىقى ئەسەر، 180 ـ بەت.
[2] Leonardo da Vince, *Notebooks*, ed. Edward MacCurdy, New York, 1937, vol. 1. p. 298—310



تەلىماتلىرى «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر كىتابىدا مەركەزلىك بايان قىلىندى. كوپېرنىك ئاسمان ھادىسىلىرىنى ئۇزاق يىل كۆزىتىش ئارقىلىق بىرىنچى قول سانلىق ئاساسلارغا ئىگە بولغانىدى ھەمدە نۇرغۇن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاخىر: يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەس، بەلكى ئاي ئوربىتىسىنىڭ مەركىزى. بارلىق پلانېتلار قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. قۇياش يەر شارىنى ئەمەس، بەلكى يەرشارى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا، قۇياش جىمجىت تۇرىدۇ ۋە ئالەمنىڭ مەركىزى سانىلىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى مىلادىيە 1543 ـ يىلى ئەتىيازدا، يەنى كوپېرنىكنىڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغان كۈنلەردە ئېلان قىلىنىدۇ. كوپېرنىك يېڭى نەشردىن چىققان بۇ كىتابنى نىمجان كۆزلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرىدۇ ـ دە، كۆلۈمسىرىگەن پېتى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. «زامانىۋى ئىلىم ـ پەن نەزەرى بىلەن قارىغاندا، كوپېرنىك قاراشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، ھەتتا ئۇنىڭدا روشەن خاتالىقلارمۇ بار ئىدى: ئەمەلىيەتتە قۇياش ئالەمنىڭ مەركىزى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ جىمجىتمۇ تۇرمايدۇ. بىراق، شۇ زاماندا مۇشۇنداق كۆز قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ زاماندا ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك يەر شارى جىم تۇرىدۇ، قۇياش يەرشارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ تولېمى تەلىماتى ئارقىلىق ‹ئىسپاتلانغان›، رىم پاپاسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، مۇقەددەس ‹مۇتلەق ھەقىقەت› ئىدى؛ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ‹بىدئەتلىك قىلغانلىق›، ‹ئېتىقادتا ساپ بولمىغانلىق›، چېركاۋغا قارشى تۇرغانلىق، ئىلاھىيەتكە ھاقارەت قىلغانلىق ۋە ‹قارا يۈزلۈك قىلغانلىق›

بولۇپ، مۇنداق ‹ئاسىي، ئازغۇن› ئادەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى.»[1] شۇڭلاشقا كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» رىم پاپاسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. دىنىي جەمئىيەت بۇيرۇق چىقىرىپ كوپېرنىكنىڭ كىتابلىرى ۋە تەلىماتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. ئەمما، پاپا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتقان ئىلىم - پەن نۇرىنى ئاللىقاچان قاتماللىشىپ كەتكەن چېركاۋ پەلسەپىسى بىلەن توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز ئىدى!

ئىتالىيىدە يەنە بىر كىشى كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نىڭ توغرىلىقىنى قايتا جاكارلىدى. بۇ قورقماس كىشى ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى پەيلاسوپ برۇنو (Giordano Bruno، 1548 — 1600) ئىدى! برۇنونىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىغا بولغان مايىللىقى خرىستىئان چېركاۋ پەلسەپىسى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقىغا يەنە بىر قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. دىنىي جەمئىيەت دەرھال پاپانىڭ ئەمرى بويىچە برۇنونىڭ «بىدئەتلىك گۇناھ»ى ئۈچۈن، ئۇنى دىنىي سوتقا ئاچىقتى ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. 1600 - يىلى رىمدىكى گۈلسامساق مەيدانىدا برۇنو دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن تىرىك پېتى ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئىلىم - پەن بىلەن قاباھەت، تەجرىبە بىلەن ئىلاھىيەتنىڭ توقۇنۇشى توختىماستىن داۋاملاشتى. بۇ دەۋردىكى ئىنسانىيەت ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەش ھېسابىغا ئادەم ۋە كائىنات ھەققىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلىرىنى ئېلىپ باردى. كوپېرنىك تۇتاشتۇرغان «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نىڭ مەشئىلى برۇنونىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىتالىيىلىك يەنە بىر تالانت ئىگىسىنىڭ قولىدا پارلاشقا

① «دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر — گالىلېي»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 76 - بەت.



باشلىدى. بۇ دەل يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ ئاتىسى ۋە ياراتقۇچىسى دەپ قارالغان گالىلېي (Galileo Galilei، 1564 — 1642) ئىدى.

گالىلېي ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىتالىيىنىڭ پىسا شەھىرىدىكى بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ دوختۇر بولۇپ پۈتكۈل ئائىلە - جەمەتىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، گالىلېي مېدىتسىناغا زادىلا قىزىقمىدى. ئۇ ئائىلىسىنىڭ زورى بىلەن مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى دۇنيا ۋە كائىناتنىڭ سىرىنى ئېچىش ئىدى. شۇڭا، گالىلېي ماتېماتېك رېچنىڭ ئىلھامى بىلەن مۇشەققەتلىك، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپلىك بولغان پەن تەتقىقات يولىغا ماڭدى.

گالىلېي ھاياتىدا ئاساسەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ئىشلىدى. نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەجرىبە ۋە ئەمەلىي كۆزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ پىسادىكى يانتۇ مۇناردا ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، جىسىمنىڭ ئەركىن چۈشۈش قانۇنىنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن مىڭ يىللار مابەينىدە چېركاۋ تەرىپىدىن «پەيغەمبەر» دەپ قارالغان ئارىستوتېلنىڭ «جىسىم ئېگىزلىكتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى شۇ جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىغا باغلىق بولىدۇ» دېگەن قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق يەنە ئىنېرتسىيە تېئورېمىسىنى، يەنى كېيىنكى ۋاقىتتا نيۇتون ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنىنى دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈنلەپ چىقتى.

گالىلېي يەنە ئۆز تەتقىقاتىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا ماھىر كەشپىياتچى ئىدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا قېتىشمىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازىنى كەشپ قىلدى. كېيىن يەنە

تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى كەشپ قىلدى. 1609 ـ يىلى چوڭايتىش ھەسسىلىكى 20 ھەسسە بولغان تېلېسكوپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئاسترونومىيە تەتقىقاتىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلدى. كائىناتنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىش ئىشلىرى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى.

تېلېسكوپنىڭ كەشپ قىلىنىشى گالىلېينى ئاسترونومىيە ۋە ئاسمان جىسىملىرى تەتقىقاتى ساھەسىگە باشلاپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ دىققىتى كائىناتقا مەركەزلەشتى. ئۇچقۇر تەپەككۇرى تېلېسكوپنىڭ كۆزى ئارقىلىق پلانېتىلار ئوربىتىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ چەكسىز ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇ ئاي شارىنى ئۇزۇن مەزگىل كۆزىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق خۇلاسىنى ئاشكارىلىدى: ئاي ئۆزى قوبۇل قىلغان قۇياش نۇرىنى يەر شارىغا قايتۇرغىنىغا ئوخشاش، يەر شارىمۇ قۇياشتىن قوبۇل قىلغان يورۇقلۇقنى ئايغا قايتۇرىدۇ. ئاي ئۆزى يورۇقلۇق چىقارمايدۇ، ئۇ ئۆزى قوبۇل قىلغان قۇياش نۇرى بىلەن يورۇيدۇ. ئاندىن بۇ يورۇقلۇقنى يەر شارىغا قايتۇرىدۇ. بىز كۆرۈپ تۇرغان ئاي نۇرى ئەمەلىيەتتە ئايدىن ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كىچىك تېلېسكوپى ئارقىلىق يۇپىتېرنى كۆزىتىپ، يۇپىتېرنىڭ تۆت ھەمراھ يۇلتۇزىنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا «مېدىچى يۇلتۇزى» دەپ نام بەردى.

مىلادىيە 1610 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بىر يۇلتۇزلۇق ئاخشىمى گالىلېي ئۆزىنىڭ تېلېسكوپىنى ۋېنېراغا توغرىلىدى ۋە ۋېنېرانىڭ ئورنىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋېنېرامۇ قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىكەن دىگەن خۇلاسىگە كەلدى. كوپېرنىك خېلى بۇرۇنلا: ئەگەر بىزنىڭ كۆرۈش قابىلىيىتىمىز يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆتكۈر بولىدىغان بولسا،



ۋېنېرادا ئاينىڭكىگە ئوخشاش ئورۇن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرەلىگەن بولاتتۇق، دەپ ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە گالىلېي كوپېرنىكنىڭ ھۆكۈمىنى تېلېسكوپ ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇردى.

ۋېنېرادا ئورۇن ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى؛ ۋېنېرا قۇياش ئەتراپىدا ئايلانغانىكەن، ئۇ ھالدا يەر شارىمۇ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى كېرەك، باشقا پلانېتىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. دېمەك كوپېرنىكنىڭ قاراشلىرى توغرا ئىدى!

بىراق، ئۇ زاماندا كوپېرنىكنىڭ مۇرىتى بولۇش ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. برۇنو شۇ ۋەجىدىن تىرىك پېتى كۆيدۈرۈلگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى گالىلېينى نېمە كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ گالىلېينىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.[1]

گالىلېي تەتقىقاتىنى ئېغىر روھىي بېسىم ئىچىدە داۋاملاشتۇردى. نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا كوپېرنىكتىن نەچچە ھەسسە كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېرىشكەن، شۇنداقلا پۈتكۈل تەتقىقاتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نەتىجىلىرى «تولېمى بىلەن كوپېرنىكتىن ئىبارەت دۇنياۋى ئىككى چوڭ سىستېما توغرىسىدىكى دىئالوگ» (1632 ـ يىل) ۋە «ئىككى خىل يېڭى پەن توغرىسىدا مۇھاكىمە» (1637 ـ يىل) ناملىق كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدى.

ئەپسۇسكى، برۇنونىڭ تراگېدىيىسى تەكرارلىنىشقا تاسلا

[1] «دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر ــ گالىلېي»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 115 ـ بەت.

قالدى. گالىلېينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى دىنىي جەمئىيەت ۋە چېركاۋنىڭ «مۇتلەق ھەقىقەت»لىرىنى تەۋرىتىپ تاشلىدى. رىم ۋاتىكانى ئالاقزادىلىك ئىچىدە بۇ «ئاسىي» بەندىنى دىنىي سوتقا تارتىشنى قارار قىلدى.

1633 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراڭغۇلۇق ئىجادىيەتنى بويسۇندۇرغان، نادانلىق مەدەنىيلىكنى چەكلەپ قويغان بىر كۈن بولدى. دىنىي سوت گالىلېينى «پاپاغا قارشى تۇردى، بىدئەتچىلىكنى تەشۋىق قىلدى» دېگەن ئېغىر «گۇناھ» بىلەن سوتلىدى. خورلۇق ۋە زىددىيەتلىك روھىي ھالەت ئىچىدە قالغان گالىلېي كاردىناللار كېڭىشى ئالدىدا: «... قانداقلا بولمىسۇن، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا، نېمە قىلساڭلار ئىختىيارىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن گالىلېيغا تۇۋا قىلىش، كىتابلىرى چەكلىنىش ۋە نەزەربەنت قىلىنىش جازاسى بېرىلدى.[1] ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، گالىلېي تۇۋنامىگە ئىمزا قويۇۋېتىپ «يەر شارى يەنىلا ھەرىكەتتە» دەپ پىچىرلىغانىكەن.

1642 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر گىگانت يۇلتۇز ئۆچتى. ئۇ چېركاۋنىڭ نەزەرىدە نەزەربەنت ئاستىدىكى «گۇناھكار» بىدئەتچى بولغاچقا، داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىدى، مەملىكەت بويىچە ماتەممۇ تۇتۇلمىدى. ئەمما، ئۇ ۋەتىنىگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ يورۇق مەشئىلىنى قالدۇرۇپ كەتتى. يېقىنقى زامان فىزىكىسى ۋە تەجرىبە ئىلمىغا تەۋرەنمەس ئاساس ياراتتى. ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېين گالىلېيغا مۇنداق دەپ باھا بەردى: «گالىلېينىڭ ئىختىراسى ۋە ئۇ قوللانغان ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى — ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا ئۇ فىزىكىنىڭ

[1] «دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر — گالىلېي»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 143 ـ، 144 ـ بەتلەر.



ھەقىقىي باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى.»[1]

ياۋروپادا تەجرىبە ۋە تەبىئەت ئىلىملىرى پارتلاشتىن خېلىلا ئىلگىرى، ئۇزاق ئاسىيا باياۋانلىرىدىكى سەمەرقەنت ۋە ھىرات قاتارلىق شەھەرلەردە شەرق ئويغىنىشىنىڭ ئاخىرقى ئالتۇن دەۋرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن باشلانغان شەرق ئويغىنىش دەۋرى قەدىمكى يۇنان — رۇمنىڭ ساددا تەبىئەت ئىلىملىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. پەلسەپىنىڭ پارتلىشى ئىسلام شەرقىدە تەبىئىي پەنلەرنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا يول ئاچتى. ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم) شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان پەنلىرىگە ئايلاندى. تولېمىنىڭ «ئاسترونومىيە توپلىمى» خېلى بۇرۇنلا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسترونومىيىسى قەدىمكى ئىران، ھىندىستان ئاسترونومىيىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى.

خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە ئىسلام ئاسترونوملىرى ئېفرات دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سىنجار تۈزلەڭلىكى بىلەن ئىئوردان دەرياسى بويىدا يەر شارىغا قارىتا ئەڭ ئىنچىكە ئۆلچەش ـ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە يەر شارىنىڭ دىئامېتىرى 20400 ئەرەب چاقىرىمى (بىر ئەرەب چاقىرىمى تەخمىنەن 2353.2 چى غا باراۋەر)، رادىئۇسى 6500 ئەرەب چاقىرىمى كېلىدۇ دەپ بېكىتتى. مۇھەممەد خارەزمىنىڭمۇ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ مۇشۇ ئاساسقا تايىنىپ ئىشلەپ چىققان كالېندارى 1126 ـ يىلى لاتىن تىلىغا تەرجىمە

[1] «دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر — گالىلېي»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 158 ـ بەت.

قىلىنغان بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە بۇگۈنگىچە قوللىنىلىۋاتقان كالېندارلارنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى بولغانىدى.①

بۇ دەۋردىكى يەنە بىر مەشھۇر ئاسترونوم ئەبۇ ئابباس ئەھمەد فەرغانى بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانە شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ «ئىلمىي نوجۇمغا مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىدە داڭق چىقارغان بولۇپ، 1135 ـ يىلى لاتىن تىلىغان تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىدا Arfraganus دېگەن نام بىلەن تونۇلغانىدى.

ئىسلام شەرقىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەزنە شەھىرىدە تۇغۇلغان ئەبۇ رەيھان بىرونى (973 — 1050) تەبىئەت پەنلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ نەتىجىلىرى بىلەن ئەسىرلەر بويى يادلىنىپ كەلگەنىدى. بىرونى تۈركىي، پارس، ئەرەب، سانسكرىت، ئىبراي ۋە قەدىمكى سۈرىيە تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھاياتىدا ماتېماتىكا، گېئومېترىيە ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى يازغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «مەسئۇدى ئاسترونومىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرى»، «ئىلمىي نوجۇمنىڭ تەفسىرى»، «قەدىمكى ئىزلار» قاتارلىق كىتابلىرى مەشھۇر ئىدى. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش نەزەرىيىسى ئۇ دەۋردە تېخى تولۇق ھەل بولمىغان تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى مەسىلە ئىدى. بىرونى ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالغانىدى. ئۇ يەنە يەر شارىنىڭ كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق گرادۇسلىرىنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىققانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاقما جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى ۋە مېخانىكا ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھىندى دەرياسى تۈزلەڭلىكىنىڭ يىراق قەدىمدە

① فىلىپ ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ توم، 441 ـ بەت.



دېڭىز ئورنى بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىنلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.①

ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەدرىجىي زەئىپلەشكەندىن كېيىن، ئىسلام شەرقىنىڭ ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرى ئاستا ـ ئاستا خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا يۆتكەلدى. بولۇپمۇ سالجۇقىيلار سۇلالىسى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئەرەب ـ ئىسلام ئاسترونومىيىسى ۋە باشقا تەبىئەت پەنلىرى نىشاپۇر، بەلخ، مەرۋى، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مىلادىيە 1074 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سالجۇقىيلار سۇلتانى جالالىددىن مەلىك شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ تەكلىپى بىلەن مەشھۇر ئالىم ئۆمەر ھەييام (1048 — 1122) سالجۇقىيلار ئوردىسىغا بېرىپ، ئوردا رەسەتخانىسىنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆمەر ھەييام مەشھۇر شائىر ۋە پەيلاسوپلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تونۇلغان ماتېماتىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىدە 50 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭ ئىچىدە «كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى»، «مەۋجۇدىيەت ھەققىدە رىسالە»، «نەۋرۇزنامە»، «زىجى مەلىك شاھى»، «تەقۋىمى جالالى»، «ئارفمېتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر» ۋە «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇردۇر. ئۆمەر ھەييام تەتقىق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «تەقۋىمى جالالى» (جالالى كالېندارى) مىلادىيە 1079 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلغان ۋە ئىسلام شەرقىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كالېندارغا ئايلانغان. بۇ خىل كالېندارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان گرىگورىيان كالېندارى 3330 يىلدا بىر كۈن توقۇنۇشۇپ قالسا، «جالالى تەقۋىمى» 5000 يىلدا ئاران بىر كۈن توقۇنۇشىدۇ.②

① فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومومىي تارىخى»، 1 ـ توم، 443 ـ، 444 ـ بەتلەر.
② فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومومىي تارىخى»، 1 ـ توم، 445 ـ بەت.

كۆندىن كۆنگە زەئىپلىشىپ قۇرۇق ناملا قالغان باغدات خەلىپىلىكى غەربكە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تولۇق يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئىلخانلار سۇلالىسى ئىسلام ئاسترونومىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. 1259 ـ يىلى باغداتتىكى ئۇلۇمىيە كۆلى بويىدا يېڭى رەسەتخانا تەسىس قىلىنىپ، ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاسترونومىيە ئالىمى نەسىرىددىن تۇسى بۇ رەسەتخانىغا مەسئۇل بولدى. رەسەتخانىنىڭ ئەسۋابلىرى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ياسالغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئالەم جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى. نەسىرىددىن تۇسى بۇ رەسەتخانىدا كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ چىققان يېڭى ئاسترونومىيىلىك كالېندار «تەقۋىمى ئېلخان» دەپ ئاتالدى ھەمدە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار سۇلالىلىرىدە كەڭ قوللىنىلدى.[1]

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام شەرقىنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى شانلىق نەتىجىلىرى كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ھەرخىل يوللار بىلەن ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلدى. ئىسپانىيە بۇ جەھەتتىكى مۇھىم تەرجىمە ئوچىقىغا ئايلاندى. «مۇسۇلمانلارنىڭ بىر مۇنچىلىغان ئاسترونومىيە ئەسەرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئىسپانىيە قاتارلىق ئەللەردىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ياۋروپاغا كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە خرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ ئاسترونومىيە تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.»[2]

ياۋروپادا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام شەرقىدىن ئۆزلەشتۈرگەن ئاسترونومىيە بىلىملىرىدە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، ئۇزاق ئاسىيادىكى تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتتىمۇ كائىنات ۋە

---

① ②فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 ـ توم، 445 ـ بەت.



نوجۇم ئىلمىدە پارتلاش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى مىرزا ئۇلۇغبېگ مانا مۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونومىيىسىنىڭ يارقىن ۋەكىلى ئىدى.

مۇھەممەد تاراغاي ئۇلۇغبېگ (1394 — 1449) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇلتانىيە شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدە ئەمىر تېمۇر ئوردىسىدا ھەرخىل ئىلىملەردىن ياخشى تەربىيە ئالدى. 1405 ـ يىلى ساھىبقىران ئەمىر تېمۇر ئوترارادا قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا بىر مەيدان ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى يۈز بەردى. شاھرۇھ مىرزا غەلىبە قىلدى ھەمدە ئۆز ئىگىلىكىگە ئۆتكەن دۆلەتنى ئىككىگە بۆلۈپ، چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبېگنى ماۋەرائۇننەھرنى ئىدارە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلۇغبېگ 1409 ـ يىلى سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇرغىنىدا ئاران 15 ياشتا ئىدى.

ياش ئۇلۇغبېگ بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ سەمەرقەنتكە قالدۇرغان ماددىي ۋە مەنىۋى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. «تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەنت ئۇلۇغبېگكىچە ئاۋات ۋە گۈللەنگەن شەھەر بولسا، ئۇلۇغبېگ زامانىدا ئۇ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. يېڭى، كۆركەم بىنالار قۇرۇلدى. يىرىك ئارخىتېكتۇرالىق ئانسامبىللار، مەسىلەن، شاھى زىندە، گۆرى مىر قەبرىستانلىقلىرى يېڭى بىنالار بىلەن چىرايلىق قىلىپ بېزەلدى. رېگىستاندا كاتتا خانىقاھ، مەسچىدلەر پەيدا بولدى. ئاجايىپ چوڭ ھاممالار سېلىندى. ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە سودا ئىشلىرى كۆندىن كۆنگە راۋاجلاندى.»[1]

---

① «ئۆزبېكىستان س.س.ر تارىخى»، تاشكەنت، 1970 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 1 ـ توم، 376 ـ بەت.

ئۇلۇغبېگنىڭ ئۆزى ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان كىشى بولغاچقا، پايتەخت سەمەرقەنتكە ئالىم ـ ئۆلىمالارنى توپلىدى ھەمدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن بۇيان راۋاجلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئەت پەنلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيلاسوپ جۇرجانىي، تارىخشۇناس ھافىز ئەبرۇ، تېبابەتشۇناس مەۋلانە نەپىس، شائىر سىراجىددىن سەمەرقەندى، بەدەخشى، جۇبىك، مەشھۇر ئالىم قازىزادە رۇمىي، مەرىيەم چەلەبى، ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك غىياسىددىن جەمشىد كاشى، ئەلى قۇشچى قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر ئىدى.

ئۇلۇغبېگ مانا مۇشۇنداق ئىلمىي مۇھىتتا ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. گەرچە ئۇ بوۋىسى ئەمىر تېمۇردەك ھەربىي ئىستېداتقا ۋە ئىستراتېگىيە تالانتىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما تېمۇرىيلەر جەمەتى ئىچىدىن چىققان بۈيۈك ئالىم ۋە خەلقپەرۋەر پادىشاھ ئىدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا مىرزا ئۇلۇغبېگ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئورنى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئالىملىقى بىلەن داڭق قازانغانىدى. شۇڭا، بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ: «پادىشاھنىڭ ئۆزى ھەم ئالىم بولۇشتەك بۇنداق مىسال ئىسلام ئەللىرىنىڭ تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ»[1] دېگەنىدى.

ئۇلۇغبېگ 1417 ـ يىلى سەمەرقەنتتە كاتتا مەدرىس بىنا قىلدۇردى ھەمدە مەدرىسنىڭ دەرۋازىسىغا «بىلىمگە ئىنتىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەركەك ۋە خوتۇن ـ قىزنىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن ھەدىسنى ئويدۇردى. بۇ مەدرىسنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆز زامانىسىدىكى سەمەرقەنتنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ نەپىس

[1] ۋىلھېلم بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 236 ـ بەت.



ئارخىتېكتور سەنئىتى نامايەن بولغانىدى. ۋاسىفىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، بۇ مەدرىس پۈتۈپ ئېچىلىش مۇراسىمى بولغاندا، سەمەرقەنت ئەھلى پادىشاھ ئۇلۇغبېگدىن يېڭى مەدرىسكە كىمنى مۇدەررىسلىككە تەيىنلەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلۇغبېگ بارچە ئىلىملەردىن خەۋەردار بولغان بىر كىشىنى تاپماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇ چاغدا تام تۈۋىدىكى خىش ـ كېسەكلەر ئارىسىدا مەينەت كىيىملەر بىلەن ئولتۇرغان مەۋلانە مۇھەممەد خارەزمى ئۇلۇغبېگنىڭ گېپىنى ئىشىتىپ، بۇ ۋەزىپىگە مەن لايىقمەن دەپ تۇۋلىغان. ئۇلۇغبېگ ئۇنىڭدىن يۈزتۈرانە سوئاللار سوراپ، ئۇنىڭ راستتىنلا ھەممە ساھەدىن بىلىمى بار يېتۈك ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ھاممامدا پاكىز يۇيۇندۇرۇپ يېڭى كىيىملەر كىيگۈزىدۇ. ئۇلۇغبېگ مەدرىسىدە مەۋلانە مۇھەممەد خارەزمىنىڭ تۇنجى لېكسىيىسى باشلىنىدۇ. لېكسىيىنى 90 كىشى ئاڭلايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ لېكسىيىسىنى مىرزا ئۇلۇغبېگ بىلەن قازىزادە رۇمىدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدۇ.[1]

ئۇلۇغبېگنىڭ ئۆزى بۇ مەدرىستە ئاسترونومىيىدىن لېكسىيىلەر ئوقۇغانمۇ؟ XV — XVI ئەسىرنىڭ مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە مەلۇماتلار ساقلانمىغان. ئەمما، ئۇلۇغبېگنىڭ بۇ يەردە لېكسىيىلەر ئوقۇغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ مەدرىستە يەنە «ئۆز زامانىسىنىڭ ئەپلاتونى» دەپ ئاتالغان قازىزادە رۇمىيمۇ ئاسترونومىيىدىن لېكسىيىلەر ئوقۇغان. بەزى مالۇماتلارغا قارىغاندا، ياش شائىر ئابدۇرەھمان جامىنىڭ بۇ يەردە قازىزادە رۇمىنىڭ بىر قانچە لېكسىيىسىنى ئاڭلىغانلىقى مەلۇم.[2]

1428 — 1429 ـ يىللىرى ئۇلۇغبېگ سەمەرقەنتتە

[1] [2] «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1 ـ توم، 379 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ مەشھۇر رەسەتخانىسىنى سالدۇردى. بۇ رەسەتخانا سەمەرقەنت سىرتىدىكى ئەفراسىياب قەلئەسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى نەقشى ـ جاھان دېگەن جايغا سېلىنغان بولۇپ، ئىچىدە مەخسۇس كۇتۇپخانىسى بولغان. رەسەتخانىغا توپلانغان ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىملىرى پتولېمىدىن تارتىپ تاكى نەسىرىددىن تۇسىغىچە بولغان ئاسترونومىيىلىك مەنبەلەرنى توپلاپ، سېلىشتۇرۇپ چىققان. بابۇر سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغبېگ رەسەتخانىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «سەمەرقەند قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغبېگ مىرزا سالدۇرغان مەدرىس ۋە خانىقا بار. خانىقانىڭ گۈمبىزى شۇنداق چوڭكى، بۇنداق چوڭ گۈمبەز دۇنيادا يوق بولسا كېرەك. . . ئۇلۇغبېگ ياساتقان يەنە بىر ئالىي ئىمارەت كوھەك ئېدىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ۋە ئىچىگە زىج (ئاسترونومىيىلىك كالېندار) بەلگىلەش ئەسۋابلىرى ئورنىتىلغان ئۈچ قەۋەتلىك رەسەتخانىدۇر. ئۇلۇغبېگ مىرزا بۇ رەسەتخانىدا يېزىپ چىققان «زىجى كورەگانى» ھازىر دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان زىج بولۇپ، باشقا زىجلار كەم قوللىنىلىدۇ. . . ». ①

ئۇلۇغبېگنىڭ سەمەرقەنتتىكى رەسەتخانىسىدا قەلبى ئۆركەشلەپ تۇرغان شەرق ئاسترونوملىرى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئىسلام شەرقىنىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىدىكى تەبىئەت ئىلىملىرىدىكى ئۇلۇغ بايقاشلار بۇ يەردە روياپقا چىقتى. ئۇلۇغبېگ رەسەتخانىسىنىڭ تاملىرىغا كائىناتتىكى پلانېتىلار ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەيدىغان خەرىتىلەر سىزىلدى. شۇ چاغدا ياسالغان ئوبسورۋاتورىيىلىك كۆزىتىش ئەسۋابلىرىغا تايىنىپ، كائىناتتىكى يۇلتۇزلار ھەرىكىتى كۆزىتىلدى. ئۇلۇغبېگ بۇ يەردە 1018 يۇلتۇزنىڭ ھالىتى ۋە

① «بابۇرنامە»، 89 ـ، 90 ـ بەتلەر.



ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلدى. قازىزادە رۇمى ۋە غىياسىددىن جەمشىد كەبى مەشھۇر ئالىملار مۇشۇ رەسەتخانىدا ئۆز تەلىماتلىرىنى شەرھلىدى.

1437 ـ يىلى ئۇلۇغبېگنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «زىجى جەدىدى كورەگانى» (يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل) يېزىلىپ تاماملاندى. بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەرق ئىسلام ئاسترونومىيىسىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى ۋە شەرقتە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. «بۇ ئەسەر ئېكۋاتور ۋە ئوربېتا مەسىلىلىرىنى، يۇلتۇز يىلى ۋە يۇلتۇزلار كاتولىكىنى نۇقتىلىق شەرھلىدى. ئۇلۇغبېگ بىر يىلنى 365 كۈن، ئالتە سائەت، ئون مىنۇت، سەككىز سېكۇنت قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ھازىرقى زامان ئۆلچىمى بولغان 365 كۈن، ئالتە سائەت توققۇز مىنۇت، ئون سېكۇنتتىن پەقەت بىر مىنۇتلا پەرق قىلدى. ئۇلۇغبېگ يەنە 900 مەنپەئەتلىك، 878 زىيان كەلتۈرگۈچى يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ترىگونومېترىيىلىك جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى.» ①

ئۇلۇغبېگ ۋە ئۇنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتى قوشۇنى غايەت زور نەتىجىلەر قازاندى. ئۇلۇغبېگنىڭ شاگىرتى، ياش ئاسترونوم ئەلى قۇشچى ئۇلۇغبېگنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆز دەۋرىدىكى شەرق ئاسترونومىيە تەلىماتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان ئۇلۇغبېگنىڭ ئاسترونومىيە مەكتىپى دۇنيانىڭ گېئومېترىك سىستېمىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە مۇسۇلمان ئاسترونومىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ياراتتى. ھەتتا ئۇلۇغبېگ دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن مەرىيەم چەلەبى پلانېتىلار ھەرىكىتى قانۇنىيىتىنى ئانالىز قىلىپ مۇنداق دەپ يازدى: «مۇرەككەپ

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 244 ـ، 245 ـ بەتلەر.

ھەرىكەتنى دۇنيا مەركىزى سۈپىتىدە بىر نۇقتىغا تاقاش ئۈچۈن ئەڭ قولاي بولغان نەرسە يەر ئەمەس، بىراق مۇرەككەپ ھەرىكەتنى ئادەتتە ئەنە شۇ مەركەزگە ئېلىپ بېرىپ تاقايدۇ»[1]، دەپ يازغانىدى.

ئۇلۇغبېگنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ۋە تەبىئەت پەنلىرىدىكى يېڭى بايقاشلىرى ئۆز دەۋرىدىكى سەمەرقەنت روھانىلىرى ۋە ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلۇغبېگنىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپنىڭ قولى ئارقىلىق 1449 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئۇلۇغ ئالىمنى پاجىئەلىك ئۆلتۈردى. ئۇلۇغبېگنىڭ تراگېدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئەت ئىلمى ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى تەتقىقاتىنىڭ تەدرىجىي ھالدا پەسكۈيغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئۇلۇغبېگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، سەمەرقەنتكە توپلانغان ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئالىملىرىمۇ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئەمما، ئۇلۇغبېگنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى شانلىق نەتىجىلىرى ئەسىرلەر بويى يادلىنىپ كەلدى. ئۇلۇغبېگ دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى ئابدۇراززاق سەمەرقەندى (1413 — 1482) بۇ مەشھۇر ئالىم ھەققىدە مۇنداق پارسچە مىسرالارنى يازدى:

چۇن ئۇلۇغ مىرزا دەر ئىلمى ھەندەسە،
نەتاۋان يافت دەر خەزاران مەدرىسە.

(مەنىسى: گىئومېترىيە ئىلمىدا مىڭلارچە مەدرىسلەرنى ئىزدەپمۇ ئۇلۇغبېگدەك ئالىمنى تاپقىلى بولمايدۇ.)

شائىر نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە مىرزا ئۇلۇغبېگ ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

[1] قارىنىيازوۋ: «ئۇلۇغبېگنىڭ ئاسترونومىيە مەكتىپى»، تاشكەنت، 1955 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 56 ـ بەت.



«ئۇلۇغبېگ مىرزا دانىشمەن پادىشاھ ئىدى، پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ ساھەدە زىج تۈزدى. رەسەتخانا قۇردى. كالېندارى ھازىرمۇ كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ قوللىنىلماقتا.»[1] نەۋائى يەنە «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تېمۇرخان نەسلىدىن سۇلتان ئۇلۇغبېگ،
كى ئالەم كۆرمەدى سۇلتان ئانىڭدەك.
ئانىڭ ئەبنايى جىنسى بولدى بەرباد،
كى دەر ئەھلى بىرىدىن ئەيلەمەس ياد.
ۋە لېك ئۇل ئىلىم سارى تاپتى چۇن دەست،
كۆزى ئالىندا بولدى ئاسمان پەست.
رەسەدكىم باغلامىش، زىبى جەھاندۇر،
جەھان ئىچرە يەنە بىر ئاسماندۇر.
بىلىپ بۇ نەۋئى ئىلمى ئاسماننى،
كى ئاندىن يازدى زىجى كورەگانى.
قىيامەتكە دېگىنچە ئەھلى ئەييام،
يازارلەر ئانىڭ ئەھكامىدىن ئەھكام.[2]

مەشھۇر ئالىم ۋە دانىشمەن پادىشاھ مىرزا ئۇلۇغبېگ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك كۆزىتىشى ۋە تەتقىقاتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنى تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن نۇرلاندۇردى ھەمدە غەربتىكى ياۋروپا رېنېسسانسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى.

[1] ئەلىشىر نەۋائى: «مەجالىسۇن نەفائىس»، 496 ـ بەت
[2] ئەلىشىر نەۋائى: «خەمسە(2): فەرھاد ـ شېرىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

ئولۇغبېگنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق تۈگەللەنگەن شەرق ئىسلام ئاسترونومىيىسىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى غەربتىكى كوپېرنىك، برۇنو ۋە گالىلېيلارنىڭ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بايقاشلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ زور تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانىيەتنى تەبىئىي پەن دەۋرىگە ئېلىپ كىردى.

## 8. ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشلىرىنىڭ داۋامى

ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشلىرى كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە تەبىئەت پەنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى يەشتى. ماتېماتىكا، مېدىتسىنا قاتارلىق ساھەلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. ماكياۋېللى «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، غەرب ھوقۇقشۇناسلىقى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا «تېمۇر تۈزۈكلىرى» ۋە «بابۇرنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، شەرق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ھەربىي تاكتىكا قىبلىنەماسىگە ئايلاندى؛ توماس مور بىلەن كامپانېللانىڭ ئوتوپىك جەمئىيەت غايىلىرىدىن خېلى بۇرۇنلا، شەرقتە فارابىدىن باشلانغان شەرقچە غايىۋى جەمئىيەت ئىدىيىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋائىغىچە يېتىپ كەلدى ھەمدە «ئىسكەندەر سېپىلى» دە ئەكس ئەتتى.

ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ياۋروپادىكى ئىتالىيە يېرىم ئارىلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت ۋە ھىراتنى مەركەز قىلىپ داۋاملىق راۋاجلاندى. ئاسترونومىيە تەتقىقاتىدىن باشقا،



تەبىئەت پەنلىرىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە مېدىتسىنا ئىلىملىرىدە ئاجايىپ شانلىق نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

XII ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام شەرقىنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپاغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى ھەمدە خرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ تەبىئىي پەن روھىنى ئويغاتتى. بولۇپمۇ مەشھۇر ماتېماتىك مۇھەممەد ئىبن مۇسا خارەزمى (780 — 850) نىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ نەتىجىلىرى يىپەك يولى بويلاپ پۈتكۈل ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ماتېماتىكا ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «ھېساب ئەل ـ جەبر ۋە ئەل ـ مۇقەبالاھ» (ئىنتېگرال ۋە تەڭلىمە ھېسابلاش ئۇسۇلى) ناملىق ئەسىرى XII ئەسىردە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرسلىكى سۈپىتىدە، تاكى XVI ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. ياۋروپا تىللىرىدىكى Algorism, algebra (ئەرەب رەقەملىرى) قاتارلىق ئەرەبچە ئاتالغۇلارمۇ دەل مۇسا خارەزمىنىڭ مۇشۇ ئەسىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى شەرق ۋە غەرب ماتېماتىكلىرىنىڭ ھەممىسى خارەزمى ئالگېبراسىنىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىگە ئۇچرىدى. ئۆمەر ھەييام، پىسالىق لېئوناردو، فىلورېنسىيىلىك ياكوب قاتارلىق ماتېماتىكلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. لېئوناردونىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ياكوبنىڭ 1307 ـ ئىتالىيان تىلىدا يازغان ماتېماتىكا دېسسېرتاتسىيىسىدە خارەزمى ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە تۈرلۈك ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۆمەر ھەييامنىڭ ئالگېبراسى خارەزمىنىڭ ئالگېبراسىدىنمۇ ئىلغارراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنى گېئومېترىيىلىك ۋە ئالگېبرالىق ئۇسۇلدا يېشىش

قائىدىسى ياۋروپا ماتېماتىكلىرى تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنغانىدى.[1] خارەزمىنىڭ ماتېماتىكىسى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئەت پەنلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلۇغبېگنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتىدىن باشقا، يەنە ماتېماتىكا جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرى ۋە قازىزادە رۇمىي، غىياسىددىن جەمشىد قاتارلىقلارنىڭ ئالگېبرالىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى بۇ دەۋرنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

مېدىتسىنا ئىلمى جەھەتتىكى زور ئىلگىرىلەشلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەلگىسى ئىدى. ئىتالىيىدە ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تاڭ نۇرى پارلاشقا باشلىغاندا، ئىسلام شەرقىنىڭ ئاناتومىيە ۋە كلىنىكا جەھەتتىكى مول تەجرىبىلىرى ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن غەرب دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە غەرب دۇنياسىدا: «ئىسلام تېبابىتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، تېببىي ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان شەخس»[2] دەپ قارالغان رازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. رازىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبن زەكىرىيا رازى (865 — 935) بولۇپ، تېھران ئەتراپىدىكى راي دېگەن جايدا تۇغۇلغانىدى. ئۇ يېقىنقى زامان ياۋروپاسىدا Rhazes دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رازى ئەينى دەۋردىكى باغدات دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ دوختۇرخانا سالىدىغان مۇۋاپىق جاي تاللايدىغان چاغدا، گۆش پارچىلىرىنى شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئېسىپ قويغان. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن

① فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومومىي تارىخى»، 1 - توم، 447 - بەت.
② Edward G. Browne, *Arabian Medicine*, Cambridge, 1921, p. 44



كېيىن، قايسى جايدىكى گۆش پارچىلىرىنىڭ سېسىشى ئەڭ ئاستا بولغان بولسا، شۇ جاينىڭ ھاۋا كېلىماتى تازىلىقتا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋە باغدات دوختۇرخانىسىنى شۇ يەرگە سالدۇرغان. رازى ئادەتتە تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى يىپ ئۆتكۈزۈپ تىكىش تېخنىكىسىنىڭ ئىجادچىسى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 130 پارچىدىن ئارتۇق چوڭراق ئەسىرىنىڭ، 28 پارچە كىچىكرەك ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە 20 پارچىدىن ئارتۇقراقى مەخسۇس مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، «كىتاب ئەل - ئەسرار» (سىرلار كىتابى) ناملىق ئەسىرى XII ئەسىردە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە ياۋروپا خىمىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم مەنبە ھېسابلانغان. رازى ئىراندىكى چېغىدا سامانىلار پادىشاھى مەنسۇرغا ئاتاپ مەخسۇس بىر تېببىي كىتاب يازغان، بۇ كىتاب جەمئىي 10 جىلد بولۇپ «كىتاب ئەل - تىب ئەل - مەنسۇر» دەپ ئاتالغان. XV ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئىتالىيىنىڭ مىلان شەھىرىدە قايتا - قايتا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنغان ۋە Liber Almansoris دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ يەنە «ئەل - جۇدارى ۋە ئەل - ھەسبەھ» (چېچەك ۋە پارالىچ كېسەللىرىنى داۋالاش) ناملىق تېببىي ئەسىرى پۈتكۈل مۇسۇلمان تېبابىتىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا چېچەكنى داۋالاش توغرىسىدىكى تۇنجى كلىنىكىلىق تەجرىبىلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1565 - يىلى ئىتالىيىنىڭ ۋېنىتسىيە شەھىرىدە نەشر قىلىنغان، ئارقىدىنلا بىرقانچىلىغان ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن رازى شەرق ۋە غەربتە تەڭ ئېتىراپ قىلىنغان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ كلىنىكا دوختۇرى دەپ قارالغان. ئۇنىڭ يەنە «ئەل - ھەۋى» (تېببىي

توپلام) ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرى 1279 ـ يىلى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە Continens دېگەن نام بىلەن 1486 ـ يىلىدىن بۇيان كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان، 1542 ـ يىلى ۋېنىتسىيىدە بۇ ئەسەرنىڭ 5 ـ قېتىملىق نەشرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىبابەت ئېنسىكلوپېدىيىسى بولۇپ، ئىسلام شەرقىنىڭ قەدىمكى يۇنان، ئىران ۋە ھىندىستاندىن ئۆزلەشتۇرگەن تىببىي بىلىملىرىنى خۇلاسىلىگەن ۋە نۇرغۇن يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.①

شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تىبابەت ئالىمىنىڭ يەنە بىرى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىبن سىنا بولسا كېرەك. ئىبن سىنا (980 — 1037) ياۋروپادا Avicenna دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇنى رازى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەم تېۋىپلىقى، ھەم پەيلاسوپلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىبن سىنا ئۆز ھاياتىدا 99 پارچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەرلەر پەلسەپە، تىبابەت، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، تىلشۇناسلىق، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىپ تاقىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئىككى پارچە كىتابى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، بىرى، «كىتاب ئەل ـ شىفا» دېگەن ئېنسىكلوپېدىك پەلسەپە ئەسىرىدۇر. يەنە بىرى، «ئەل ـ قانۇن فىت ـ تىب» بولۇپ، XII ئەسىردىلا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ *Canon* دېگەن نام بىلەن ياۋروپاغا كەڭ تارقالغان. مىلادىيە 1593 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئەرەب تىلىدىكى رەسمىي تېكىستى رىمدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىدىكى ياۋروپانىڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۇزۇن مەزگىل ئاساسلىق دەرسلىك قىلىنغان. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى ئوتتۇز يىلىدا لاتىن تىلىدا 15 قېتىم نەشر قىلىنغان شۇنداقلا

① فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومومىي تارىخى»، 1 ـ توم، 429 ـ، 430 ـ بەتلەر.



گېرىن، رازى، مەجۇسى قاتارلىق تىببىي ئالىملارنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. بۇ ئەسەردە كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، ئۈچەي كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئىچكى كېسەللىكلەرگە نۇقتىلىق دىئاگنوز قويۇلغان ۋە 760 خىلدىن ئارتۇق دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى تەتقىق قىلىنغان. بۇ ئەسەر XII ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولغان جەرياندا غەرب تىبابىتىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.①

ئىسلام شەرقىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى (IX — XII ئەسىرلەر) دە مەيدانغا كەلگەن تىبابەت ئىلمىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ياۋروپا رېنېسسانسى دەۋرىدىكى غەرب تىبابىتىنىڭ پارتلىشىغا قوزغاتقۇچى كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاخىرقى قېتىملىق ئەدەبىي ئويغىنىش مەزگىلىدىكى ئىسلام تىبابىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگىمۇ مۇھىم مەنبە بولدى. بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر تىببىي ئالىملاردىن مەۋلانا نەپىس، سۇبھانقۇلىخان قاتارلىقلار داڭلىق شىپاخانىلارنى قۇردى ھەمدە رازى، ئىبن سىنا، مەجۇسى قاتارلىقلارنىڭ تىبابەت نەزەرىيىسى ۋە كلىنىكىلىك تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تىببىي ئىلمىنى راۋاجلاندۇردى.

ئىتالىيىدىن باشلانغان ياۋروپا ئويغىنىشى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى، پەلسەپە ۋە سەنئەتنىڭ پارتلىشىنى شۇنىڭدەك تەپەككۇر ئازادلىقى ۋە ئىنساننىڭ قىممىتىنى يېڭى كۇنتەرتىپتە گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قانۇن، ھوقۇق، ئىستراتېگىيە ۋە دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتلەردىمۇ يېڭى تەسەۋۋۇرلار بىلەن تويۇندۇردى. ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ جۇشقۇن ئېقىمى ئىتالىيە شەھەرلىرىنى قاپلىغان

① فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومومىي تارىخى»، 1 ـ توم، 431 ـ، 432 ـ بەتلەر.

چاغدا، بۇ دۆلەت تېخى بىرلىككە كەلمىگەنىدى. ۋېنىتسىيە، فىلورېنسىيە، نابلېس، گېنويا، پىسا، مىلان ۋە رىم قاتارلىق شەھەرلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تارقاق ۋە مۇستەقىللىككە ئىگە بۇ شەھەر دۆلەتلىرى سىرتقى ئەللەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان چاغدا ئۆزئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ تاشقى دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇراتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسا زېمىن ۋە مەنپەئەت تالىشىپ ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. بىر تەرەپتىن، پەن - مەدەنىيەت ۋە سەنئەت گۈللەنگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى نىزا - زىددىيەتلەر تىنچىمايۋاتقان بۇ تۇراقسىز ۋەزىيەتتە، ئىتالىيىگە قانۇن، ھوقۇقشۇناسلىق ۋە ئىستراتېگىيە ئىلمى ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى. ماكياۋېللى ۋە ئۇنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە دۇنياغا كەلدى.

مەشھۇر سىياسىئون ۋە ئىستىراتېگىيەچى نىككولو ماكياۋېللى (Niccolo Machiavelli، 1469 — 1527) فىلورېنسىيەدە بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنيا كەلدى. 29 يېشىدىن باشلاپ سىياسىي ھاياتقا قەدەم قويدى. نەچچە ئون يىللىق ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي ھۆججەتلەرنى ۋاراقلاش، مەسلىھەت بېرىش، ئىستراتېگىيە پىلانلاش، يات ئەللەرگە ئەلچى بولۇشتەك ۋەزىپىلەر بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا «ماكياۋېللى ھوقۇق سەنئىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. پەردە ئارقىسىدا پائالىيەت قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇشنى بىلدى. ھوقۇقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ رەڭۋازلىقىنى ھېچكىم ئۇنىڭدەك چۈشەندۇرۇپ بېرەلمىگەنىدى. رەھىمسىز سىياسىي رېئاللىقنىڭ ۋۇجۇدىدىكى دىن ۋە غايىدىن تىكىلگەن چىرايلىق لىباسلارنى ئېلىۋېتىپ، يالىڭاچ پېتى كۆرستىش تەشنالىقى ماكياۋېللىنىڭ



قەلبىدە لاۋۇلداپ ياناتتى.»① شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1513 - يىلى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر توپلىغان ھوقۇق ۋە ئىستراتېگىيە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى ياۋروپانىڭ سىياسىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سىياسىئونلىرى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى بەس - بەستە بۇ كىتابنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى قىبلىنەماسى قىلدى. ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيە نەزەرىيىسى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. ماكياۋېللى يېڭى دۆلەتنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يېڭى دۆلەتنى دۈشمەنلەرنىڭ قەستىدىن ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق تەدبىر قوللانماق كېرەك: دوست ۋە ئىتتىپاقداش تېپىش كېرەك، قورال ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىش كېرەك. خەلقنى يېڭى ھۆكۈمرانىنى سۆيىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن قورقىدىغان قىلىش كېرەك. ئارمىيىنى قوماندانغا بويسۇنىدىغان ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان قىلىش كېرەك. خەۋپلىك ئادەملەرنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك. كونا تۈزۈمنىڭ ئورنىغا يېڭى تۈزۈمنى دەسسىتىش كېرەك. پادىشاھ خەلققە نىسبەتەن ھەم قاتتىق، ھەم يۇمشاق بولۇشى، كەڭ قورساق ۋە ساخاۋەتلىك بولۇشى كېرەك. ساداقەتسىز ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىپ، ساداقەتلىك يېڭى ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش لازىم. باشقا دۆلەتلەر بىلەن دوستانە ئۆتۈپ، ئۇلارنى ھالقىلىق پەيتتە ياردەم بېرىدىغان ياكى ھېچبولمىغاندا، زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان قىلىش لازىم.»② ماكياۋېللى يەنە

① نىككولو ماكياۋېللى (ئىتالىيە): «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 3 - بەت.

② نىككولو ماكياۋېللى (ئىتالىيە): «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 40 - بەت.

مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىشەنچىم كامىلكى، باتۇرلۇق ئېھتىياتچانلىقتىن ياخشى، تەقدىر بىر ئايالغا ئوخشايدۇكى، ئۇنى كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئۇ سوغۇققانلىقنى ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇقنى خالايدۇ. شۇڭا، ئاياللار ياشلارنىڭ دوستىغا ئايلانغاندەك، تەقدىرمۇ باتۇرلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىدۇ.»[①] ماكياۋېللى ئىستېلا قىلىنغان ئەللەرنىڭ خەلقلىرىنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىستېلا قىلىنغان رايون خەلقلىرىنى ئىمكانقەدەر پەپىلەش كېرەك. ئەگەر، بۇمۇ كار قىلمىسا، ئۇلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى بىر ئادەم زىيان ـ زەخمەتكە يەڭگىلرەك ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى قىساس ئېلىشقا قۇربى يېتىدۇ. ئەگەر، بىر ئادەمگە بېرىلگەن زەربە ئېغىر بولسا، ئۇ قىساس ئېلىشقا مەڭگۈ ئاجىز كېلىدۇ.»[②] ماكياۋېللى يەنە ئىتالىيانلارنىڭ خاراكتېر پسىخىكىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى، ئاجىزلىقلىرىنى قانداق بايقاپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى ئوبدان تەتقىق قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۆئېل ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر قاتناشقان مۇسابىقىلەردە ئىتالىيىلىكلەر جىسمانىي كۈچ، چاققانلىق ۋە ئەقىل جەھەتتە شۇ قەدەر ئەۋزەل! بىراق، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەربىي قوشۇن ئىچىدە ناچارلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇرۇشلاردا ساپ ئىتالىيىلىكلەردىن تۈزۈلگەن قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ كەلدى.»[③]

ماكياۋېللىنىڭ بۇ ئەسىرى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن

① نىككولو ماكياۋېللى (ئىتالىيە): «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 166 ـ بەت.
② نىككولو ماكياۋېللى (ئىتالىيە): «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 6 ـ، 172 ـ بەتلەر.
③ نىككولو ماكياۋېللى (ئىتالىيە): «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 6 ـ، 172 ـ بەتلەر.



بۇيانقى ياۋروپا ھوقۇقشۇناسلىق پرىنسىپلىرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ماكياۋېللىنىڭ ئۆزىمۇ غەرب سىياسىئونلىقىنىڭ ئاتىسى دەپ قارالدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىستراتېگىيە ۋە دۆلەت باشقۇرۇش مىزانلىرى غەربتىكى كۆپلىگەن سىياسىئونلار ۋە ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

بۇنىڭغا باراۋەر ھالدا، ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ھوقۇقشۇناسلىق ۋە ئىستراتېگىيە ئىلىملىرى ساھەسىدە ئاجايىپ كاتتا ئەسەرلەر يارىتىلدى. ئىمپېراتور ئەمىر تېمۇر ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان بۈيۈك بىر ھۆكۈمرانلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە باي ۋە ھۆكۈمرانلىق سەنئىتىگە ئىگە يېتۈك ئىستراتېگىيىچى ئىدى. ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «تېمۇر تۈزۈكلىرى» ئەمەلىيەتتە، ماكياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» ناملىق ئىستراتېگىيە كىتابىدىن يۈز يىللار بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلەيدىغان ئۇلۇغ ئەسەردۇر.

«تېمۇر تۈزۈكلىرى» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىدە، «تۈزۈكى تېمۇرى»، «مەلفۇزاتى تېمۇرى» (تېمۇرنىڭ ئېيتقانلىرى) ۋە «ۋاقىيەئاتى تېمۇرى» (تېمۇرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى) قاتارلىق ناملار بىلەن مەشھۇر بولۇپ، يېقىنقى 500 يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن ھۆكۈمرانلار بۇ ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئۈلگىسى قىلىپ كەلگەن. بۇ ئەسەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمىدا مەشھۇر ئىمپېراتور ئەمىر تېمۇرنىڭ يەتتە يېشى (1342 ـ يىلى) دىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە (1405 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال) بولغان ئارىلىقتىكى ھايات كەچۈرمىشلىرى، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر تەختىنى قانداق قىلىپ قولغا

كىرگۈزگەنلىكى، ھاكىمىيەتنى قانداق مۇستەھكەملىگەنلىكى، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىپ، ئىران، ئافغانىستان، ئالتۇن ئوردا، تۈركىيە سۇلتانلىقى، ئەزەربەيجان، گرۇزىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا قىلغان جازا يۈرۈشلىرى ۋە غەلىبىلىرى ئىخچام بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسمىدا ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاغزىدىن ئەۋلادلىرىغا ئېيتىلغان پەند ـ نەسىھەتلەر، تەجرىبىلەر، دۆلەت باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى ۋە ۋەسىيەتلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا كىملەرگە تايىنىش، تاجۇ تەخت ئىگىلىرىنىڭ تۇتۇمى ۋە ۋەزىپىلىرى، ۋەزىر ۋە قوشۇن باشلىقلىرىنى سايلاش، سىپاھلارنىڭ مائاشى، مەملىكەتلەرنى باشقۇرۇش تەرتىپى، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە قوشۇن باشلىقلىرىنىڭ بۇرچ ۋە ۋەزىپىلىرى، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە باشقا مەنسەپدارلارنىڭ تاجۇ تەخت ئالدىدا كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەش تەرتىپى ۋە باشقا مەزمۇنلار تولۇق شەرھلەنگەن.[1]

بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس. پۈتۈن ۋەقە بىر شەخس — ئەمىر تېمۇر نامىدىن ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەسلىدە شۇنداقمۇ ياكى ئەمىر تېمۇر ئېيتىپ بەرگەن، كاتىپلار خاتىرىلىگەنمۇ ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ ئېيتقان بايانلىرىغا ئاساسەن مەلۇم بىر كىشى كىتاب قىلىپ تۈزگەنمۇ بۇنىسى نامەلۇم. كۆپلىگەن شەرق مەملىكەتلىرىدە ئادەتتە بۇ مەشھۇر ئەسەرنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۆزى يازغان، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ.[2]

«تېمۇر تۈزۈكلىرى» نىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ساھىبقىران ئەمىر تېمۇرنىڭ تەرجىمھالىلا ئەمەس، بەلكى يەنە

① «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، بۆرىباي ئەھمەدوفنىڭ كىرىش سۆزى، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.
② «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، بۆرىباي ئەھمەدوفنىڭ كىرىش سۆزى، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.



ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھەربىي ئىستراتېگىيە تەجرىبىلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپلىرى جۇغلانغاندى. تېمۇرنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ مۇنداق تۆت نەرسىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن: كېڭەش، مەسلىھەت، قەتئىي قارار، ئېھتىياتچانلىق.[1] تېمۇر يەنە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇستاز ـ دانىشمەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرىدىن شۇ نەرسە ئايانكى، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ توققۇز ئۈلۈشى كېڭەش، تەدبىر ۋە مەسلىھەت، قالغان بىر ئۈلۈشى بولسا قىلىچ بىلەن ھەل بولىدۇ. ئۆز ئورنىدا قىلىنغان تەدبىر بىلەن ساناقسىز لەشكەرلەرنىڭ قىلىچىمۇ ئاجىزلىق قىلغان ھەرقانداق مەملىكەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقىلى ۋە ھېسابسىز لەشكەرلىرىنى يەڭگىلى بولىدۇ.»[2] ئۇ يەنە مۇنداق تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەيدۇ: «ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كېڭەش بىلەن يۈرگۈزۈپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا توغرا تەدبىر قوللىناتتىم. بىر ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىش يوللىرىنى مۆلچەرلەپ قوياتتىم. ئۇنى توغرا تەدبىر، قەتئىي جەزم، ھەقىقىي چىدام ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يىراقنى كۆرۈپ، كەينىنى ئويلىغان ھالدا ئاخىرىغا يەتكۈزەتتىم. يەنە تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزدۈمكى، كېڭەش ئىگىلىرى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن سۆزدە ۋە ئەمەلىيەتتە بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى كېرەك. قىلماقچى بولغان ئىشنى چوقۇم قىلىش كېرەك، ئەگەر بىرەر ئىشنى قىلماسلىققا قارار قىلغان بولسا ئۇنىڭغا يېقىن يولىماسلىق كېرەك.»[3]

ئەمىر تېمۇر سەلتەنەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشتا مۇنداق ئون ئىككى تۈزۈك (پرىنسىپ) كە ئەمەل قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ: «بىرىنچى، ئۆز سۆزىگە ئىگە بولۇش، ئىشلىرىنى ئۆزى بىلىپ قىلىش؛ ئىككىنچى، سۇلتان ئادالەتپەرۋەر بولۇش،

① «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، بۆرىباي ئەھمەدوفنىڭ كىرىش سۆزى، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.
② ③«تېمۇر تۈزۈكلىرى»، 15 ـ، 16 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

قېشىدا ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ۋەزىرلەرنى ساقلاش؛ ئۈچىنچى، پۈتۈن مەملىكەتكە پەرمان بېرىش ھوقۇقى پەقەتلا سۇلتاننىڭ قولىدا بولۇش؛ تۆتىنچى، پادىشاھ ئۆز قارارىدا قەتئىي بولۇش؛ بەشىنچى، پادىشاھنىڭ ھۆكمى ھەرقانداق شارائىتتا ئىجرا بولۇش؛ ئالتىنچى، پادىشاھلىق مۇتلەق ھوقۇقنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز قولىدا تۇتۇش؛ يەتتىنچى، سەلتەنەت ئىشلىرىدا باشقىلارنىڭ پايدىلىق پىكىرلىرىنى ئاڭلاش ۋە قوبۇل قىلىش؛ سەككىزىنچى، سەلتەنەت ئىشلىرىدا ۋە لەشكىرىي ئىشلارغا باغلىق مەسىلىلەردە باشقىلارنىڭ پىئىل - مەيلىگە قاراپ ئىش تۇتماسلىق؛ توققۇزىنچى، پادىشاھنىڭ نوپۇزى ئەسكىرىي قوشۇندا مۇتلەق ئورۇنغا ئىگە بولۇش، ھەربىي ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا پادىشاھقا پەرمانبەردار بولۇش؛ ئونىنچى، پادىشاھ سەلتەنەت ئىشلىرىدا مۇتلەق ئەركىن بولۇش؛ ئون بىرىنچى، پادىشاھ سەلتەنەت ھوقۇقىغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىق؛ ئون ئىككىنچى، پادىشاھ ھەرۋاقىت مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىدىن ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇش، مەخپىي قارارلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش.»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەمىر تېمۇر مۇكەممەل سەلتەنەت مىزانىغا ۋە ھاكىمىيەت ئىدىيىسىگە ئىگە ئىمپېراتور ئىدى. ئۇنىڭ تالانتى ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە جەڭ ماھارەتلىرىدە تولۇق گەۋدىلەنگەنىدى. خۇددى بۆرباي ئەھمىدوف ئېيتقاندەك: «ئەمىر تېمۇر تۈزگەن قوشۇن ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋە تاكتىكىلىق ماھارىتى بىلەن ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيىلىرىدىن ھېسابلانغانىدى. بۇ قوشۇننىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە يېتەكچىسى بولسا تەجرىبىلىك ماھىر سەركەردە سۈپىتىدە شۆھرەت تاپتى.

---

① «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، 68 -، 69 - بەتلەر.



«تېمۇر تۈزۈكلىرى» دە ئاشۇ قوشۇننىڭ تۈزۈلۈشى، قوراللىنىشى، ھەربىي سەنئىتى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭ ئالدىدىن سەپكە تىزىلىشى ۋە جايلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.»[1]

ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەربىي تاكتىكا، ئىستراتېگىيە ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى جەملەنگەن بۇ ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىنىڭ ھەربىي ۋە ھاكىمىيەت ئىدىيىلىرىگە كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بۇ ئەسەر نىزامۇل مۇلكىنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق كىتابى بىلەن بىرلىكتە شەرق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىي ۋە تاكتىكا قىبلىنامىسىگە ئايلاندى. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ ئەۋلادى شاھ جاھان (1628 — 1657 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)، قوقان خانى مۇھەممەد ئەلىخان (1821 — 1842 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە بۇخارا ئەمىرى ئابدۇلئەھەدخان (1885 — 191؟ - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قاتارلىقلار ئەڭ ماھىر كاتىپ - خەتتاتلارنى ئىشقا سېلىپ «تېمۇر تۈزۈكلىرى» دىن نۇسخا كۆچۈرگۈزگەن ۋە ئۇنى خاس كۇتۇپخانىلىرىدا ئەتىۋارلاپ ساقلىغان.

«تېمۇر تۈزۈكلىرى» دىن كېيىن، ئەمىر تېمۇرنىڭ يەنە بىر ئەۋلادى، ھىندىستان بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) تەرجىمىھال خاراكتېرلىك بىر گۈزەل ئەسەرنى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا «بابۇرنامە» دەپ نام بەردى. بۇ ئەسەر بابۇرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بابۇرنىڭ جەڭ ماھارەتلىرى، تاكتىكا - ئىستراتېگىيىلىرى ۋە ھاكىمىيەت

---

① «تېمۇر تۈزۈكلىرى»، 10 - بەت.

ئىشلىرىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىمۇ يەكۈنلىگەنىدى. بابۇر سەمەرقەنتنى ئېلىش ئۇرۇشىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «مەن سەمەرقەنتنى ئالغاندا ئون توققۇز ياشتا بولۇپ، ھېچقانچە كۆپ ئىش كۆرمىگەن ۋە تەجرىبىسىز ئىدىم؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ دۈشمىنىم شەيباقخاندەك تەجرىبىسى مول، كۆپ ئىش كۆرگەن چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بىزگە سەمەرقەنتتىن ھېچ كىشى ياردەمگە كەلمىگەنىدى، گەرچە شەھەر ئاھالىسى مېنى خالىسىمۇ، لېكىن شەيباقخاندىن قورقۇپ بىزگە ياردەم قىلالمىدى؛ تۆتىنچىدىن، مېنىڭ دۈشمىنىم قورغاندا بولۇپ، بىز قورغاننى ئېلىپ دۈشمەننى قاچۇردۇق؛ بەشىنچىدىن، بىز بىر قېتىم سەمەرقەنتنى ئېلىشقا كېلىپ دۈشمەنگە تۇيدۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن، ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن سەمەرقەنتنى ئالدۇق. بۇلارنى دېيىشتىن غەرەز باشقىلارنى كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى بولغان ئىشنى بايان قىلىش؛ بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت ئۆزۈمنى ئارتتۇرۇش ئەمەس، بەلكى راست ئىشنى دېيىش.»[1] ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، بابۇر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە بەزى چاغلاردىكى چۈشكۈن ھالەتلىرىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ. مۆرىتى كەلگەندە دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ، دوستلىرىنى، تۇغقانلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىلار ئەسەردە بايان قىلىنغان ئاساسىي ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا بولغان كىشىنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.[2] شۇڭلاشقا يېڭى دېھلى مۇزېيىنىڭ مۇتەسەددىسى گ. ن. پانت «بابۇرنامە» يېزىلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

① ②زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل نەشرى، 157 ـ ، 5 ـ ، 717 ـ بەتلەر.



يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بابۇر ئۆزىنىڭ بۇ تەرجىمىھال ئەسىرىدە ئاددىي ۋە جانلىق تىل بىلەن ئۆزىنىڭ يول قويغان خاتالىقلىرى، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يۈكسەك ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ۋە چۈشكۈن ھالەتلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ قىممىتى جەھەتتىن ئەۋلىيا ئاۋگۇستىنو ۋە روسسونىڭ ئەسەرلىرى، گىببون ۋە نيۇتوننىڭ كەشپىياتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ.»[1]

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ياۋروپادا گۇمانىزملىق روھنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇتوپىك جەمئىيەت تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە غايىلىرىدە ئاجايىپ زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزمچى مۇتەپەككۇرى توماس مور ( Thomas More، 1478 — 1535) نىڭ «ئۇتوپىيە» ناملىق ئەسىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. توماس مور ئۆزىنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرىدە غەرب دۇنياسىدا تۇنجى بولۇپ بىر ئۇتوپىك جەمئىيەتنىڭ غايىسىنى سىزىپ چىقىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، مور ياشىغان دەۋر دەل جۇغراپىيىلىك بايقاشلارنىڭ زىلزىلىسى ياۋروپانى قاپلىغان دەۋر ئىدى. يەلكەنلىك كېمە، يېڭى قۇرۇقلۇق، يېڭى كىشىلەر ۋە يېڭى بازارلار ياۋروپالىقلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ، بوغۇلۇپ قالغان تەپەككۇرىنىڭ قانىتىنى يەشكەنىدى. مۇشۇنداق بىر جۇشقۇن كەيپىياتتا مور بىر دېڭىزچىنىڭ بايانى ئارقىلىق راست ـ يالغانلىقىنى پەرق ئېتىش تەس بولغان بىر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقتى. بۇ دەل ياۋروپا جەمئىيىتى تەشنا بولغان ئۇتوپىيە ئىدى. بۇنداق ئۇتوپىك جەمئىيەت ئەنگلىيىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل

① زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل نەشرى، 157 ـ ، 5 ـ ، 717 ـ بەتلەر.

قىلغانىدى. شۇڭلاشقا توماس مور «ئوتوپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى «خەتەرلىك، زىيانلىق» غايىسى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى V كە بولغان «ساداقەتسىزلىكى» ئۈچۈن 1535 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كاللا كېسىش مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ.

توماس موردىن كېيىن يەنە بىر ئوتوپىزمچى، ئىتالىيىلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر كامپانېللا (Giovanni Campanella Domenico ، 1568 — 1639) ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان ئوتوپىك ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 25 يىلغا سوزۇلغان تۈرمە ھاياتى داۋامىدا «قۇياش شەھىرى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى ھەمدە توماس موردىن كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئوتوپىك جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى قاتتىق سۆكتى ۋە پاش قىلدى. شۇنىڭدەك قۇياش شەھىرى دەپ ئاتالغان بىر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى سىزىپ چىقتى. بۇ غايىۋى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەككە قاتنىشاتتى، تەڭ ـ باراۋەر ياشايتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. پۈتۈن جەمئىيەتتە بىلىم، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە بەخت ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلىنغانىدى.

توماس مور بىلەن كامپانېللانىڭ ئوتوپىيىلىك جەمئىيەت قارىشى ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي ئىدىيىسىگە ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. فرانسىيىلىك سېنسىمون، فۇرىي ۋە ئەنگلىيىلىك ئوۋېن قاتارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئوتوپىك جەمئىيەت غايىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىيالىي سوتسىيالىزم تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ تارىخىي يىلتىزى ياۋروپا ئوتوپىزمىدىنمۇ بالدۇرراق ئىدى. ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى شەرھلىگەنىدى. ئەمما فارابى ئۆزىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي قاراشلىرىدا پلاتوننىڭ غايىۋى جەمئىيەت مىزانىدىن خېلىلا ئىلغار بولغان ئىجتىمائىي غايىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. فارابىنىڭ ئوتوپىك جەمئىيىتىدە ئەخلاق ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇشىنى جەمئىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئەقىل ۋە ئەخلاققا باغلىغانىدى. فارابى ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قارىشىدا، شەھەر (ئۇ «دۆلەت» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا «شەھەر» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن)نى ئىككى خىلغا، يەنى «مەدىنەتۇل جاھىلە» (جاھالەتلىك شەھەر) ۋە «مەدىنەتۇل فازىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر) گە بۆلگەنىدى.

فارابىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئوتوپىك تەلىماتلىرى ئۇنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەنىدى. فارابى پەزىلەتلىك شەھەر (دۆلەت) گە مۇنداق خاراكتېرىسكا بەرگەنىدى: «ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتلىرى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا ئورتاق پەزىلەت تىكلىنىدۇ.»[1]

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 146 ـ بەت.

فارابى يەنە بۇ ئەسىرىدە پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ شەرتلىرى، پەزىلەتلىك شەھەر قۇرۇش يوللىرى، پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ رەئىسى، پەزىلەتلىك شەھەر خادىملىرىنىڭ لاياقەتلىك شەرتلىرى، پەزىلەتلىك شەھەردە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، پەزىلەتلىك شەھەردە ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئىلىم - سەنئەتنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. فارابى يەنە پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ پەيلاسوپ رەئىسى بولۇشى لازىملىقىنى؛ ئۇ خەلق ئىچىدىن تاللانغان قابىلىيەتلىك بىر كىشى، ھەتتا بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى؛ ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم - ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى لازىملىقىنى؛ شەھەردە ئادالەت ۋە مۇھەببەت، ئومۇمىي خەلقنىڭ باراۋەرلىكى، ئەركىن كەسىپ تاللاش يولىغا قويۇلغان بولۇشى لازىملىقىنى؛ جاھالەتلىك شەھەردىن (بولۇپمۇ ھاكىممۇتلەق شەھەردىن) پەزىلەتلىك شەھەرگە ئۆتۈشتە قاتتىق ئىنتىزام ۋە تەرتىپكە تايانغان ئۆزگىرىش باسقۇچىنى بېسىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.[1]

فارابىدىن كېيىن شەرقچە ئوتوپىك جەمئىيەت غايىسى ماكان ۋە زامان چەمبىرەكلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىدى. XI ئەسىرگە كەلگەندە بۇخىل ئوتوپىك غايە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيىتىدە ئادىل پادىشاھ، بىلىم ۋە قانۇندىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ھالقىدىن تەشكىل تاپقان قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بولۇپمۇ قانۇن بۇ غايىۋى دۆلەتنىڭ ئۇلى ئىدى:

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 147 - بەت.



ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان يىقىلۇر.

يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت ۋە ئوتوپىك جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقى بىلەن يېقىنلاشتۇرغانىدى. بۇ ھال بۇ ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە تەسىر قوزغىشىغا سەۋەب بولدى.

شەرقچە ئوتوپىك جەمئىيەت غايىسىنى بەدىئىي يول بىلەن كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلىگەن ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كىشى XII ئەسىردىكى ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1114 — 1209) دۇر. نىزامى شەرق خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» سىنى يېزىپ چىقتى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن خەمسەچىلىك ھادىسىسىگە يول ئاچتى. نىزامى «خەمسە» سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، يەنى بەشىنچى داستانى — «ئىسكەندەرنامە» بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ سىمۋولى بولغان ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 334 — 323 - يىللىرى

ئارىلىقىدا قىلىچ ئوينىتىپ شەرققە كەلگەن ئالېكساندىر ماكېدونىسكىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇ غايىۋىيلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ئوتوپىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدېئال ھاكىم، پەيلاسوپ شاھ ۋە ئاسايىشلىق ئەلگە باش بولغۇچى دانىشمەن پادىشاھ سىماسىنى ياراتقانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ياراتقان شەرقچە ئوتوپىيە، خرىستىئان ياۋروپاسى ئويغانغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن توماس مورنىڭ «ئوتوپىيە»، كامپانېللانىڭ «قۇياش شەھىرى»، فرانس بېكوننىڭ «يېڭى ئاتلانتىس» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە سېنسىمون، فۇرىي، ئوۋېن قاتارلىقلارنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزم تەشەببۇسلىرىدا ئىپادىلەنگەن غەربچە ئوتوپىيىسىدىن كۆپ بالدۇر ئىدى. شۇڭا، شەرقشۇناس ئالىم، ئاكادېمىك ئې. ئا. ئوربېلى: «نىزامى ئىسكەندەر ھەققىدىكى داستانىغا ئېپىزوت سۈپىتىدە ئاجايىپ ئوتوپىيك جەمئىيەت تەسۋىرىنى كىرگۈزدى ۋە توماس مور، كامپانېللا غايىلىرىدىن بىرقانچە ئەسىر بالدۇر ئېيتتى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.①

ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىدە بۈيۈك نەۋائىي شېئىرىي تۇيغۇغا باي ھېرات شەھرىدە شەرقچە ئوتوپىيىنى رەڭدار مەزمۇنلار بىلەن يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

نەۋائىي «سەددى ئىسكەندەر»نى يېزىشتا نىزامىدىن بۇيانقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىران تارىخىنى ۋە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەرگە ئائىت قىسسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى ۋە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ بولغان ئوتوپىيك جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ چىقماقچى بولدى. نەۋائىي

① ئې. ئا. ئوربېلى: «ئەرمىنىيىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى»، موسكۋا، پەن نەشرىياتى، 1968 - يىل، رۇسچە نەشرى، 1 - توم، 274 - بەت.



ياراتماقچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت ئىران ئېگىزلىكىدىن تارىم ئويمانلىقلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيىدىكى خەلقلەر ئىنتىلىۋاتقان شەرقچە ئوتوپىيە ئىدى... داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر بىر يۇرت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئىستىبداتچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكنى ئەمەس، بەلكى بىلىم، ئادالەت ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن، خەلق باياشات بىر غايىۋى جەمئىيەتنى ئىزدىگۈچى ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ قىرۋان دېگەن جايغا سورۇقچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان يەجۇج - مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، خەلقنى تىنچ ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن قەبىلە ۋە تائىپىلەردىن مىڭلىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ غايەت زور سېپىل سالدۇرىدۇ.

دەرۋەقە، يەجۇج - مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ غايەت زور سېپىل ئۆز مەنىسى بىلەن شەرقچە غايىۋى جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئىسكەندەر سېپىلى ئىدى. خۇددى نەۋائىي «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، ئىسكەندەر ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدىغان، ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرازىدا پۈتكۈل شەرققە تونۇلغانىدى: «... ھەر تەقدىر بىلەن ئىسكەندەر پادىشاھ ئەردىكىم، ئاندىن بۇرۇنقى ۋە سوڭغى سەلاتىن بۇگۇنگىچە ئۇل قىلغان ئىشنى قىلمادىلەر. ھەم ھەكىم ئەردى، ھەم ۋەلى. بەزى ئانىڭغە نۇبۇۋۋەت ئۇستادى ھەم قىلىپتۇرلەر. تۆرت يۈز ھەكىم ئانىڭ خىزمەتىدە ئەردىلەر. ئەفلاتون ئىلاھىي باشلىغ ۋە ئەرەستۇدەك ۋەزىرى بار ئەردى. سەككىزمىڭ شاھ ۋە شاھزادە خىزمەتىنى قىلۇر ئەردىلەر...»①

① «ئون بەش توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرى توپلىمى»، تاشكەنت، 14 - توم، 202 - بەت.

دېمەك، نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەلپۈنگەن غايىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇجەسسەمى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسكەندەر سېپىلىدا ئىپادە قىلىنغان شەرقچە ئۇتوپىيە ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئىنقىلابىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

## 9. خۇلاسە: ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ نەتىجىسى

ياۋروپادا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلاپ، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى يېتىپ كەلگەندە، شۇنداقلا گۇمانىستىك پىكىر ئېقىملىرى كۈن پېتىشتىكى ئەللەرنىڭ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرغاندا، ئۇزاق ئاسىيادىكى سەمەرقەنت ۋە ھىراتلاردىمۇ ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رېنېسسانسى مەيدانغا كەلگەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى ئۆز ماھىيىتى بىلەن غەربتىكى ئىتالىيە ئويغىنىشى ياكى تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، ياۋروپا ئويغىنىشى بىلەن پاراللېللىق ھاسىل قىلغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ سەمەرقەنت ۋە ھىرات قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتى ئىتالىيە شەھەرلىرىنىڭ شۇ باسقۇچتىكى ئەھۋالى بىلەن تولىمۇ ئوخشايتتى. شەرقتە نەۋائى، جامى، ئۇلۇغبېگ، قازىزادە رۇمى، غىياسىددىن جەمشىد، بېھزاد ھەمدە تېمۇرىيلەر جەمەتىدىن شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ھۈسەيىن بايقارا، بابۇر قاتارلىق بۈيۈك شەخسلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن چاغدا، غەربتە دانتې، پېتراركا، بوككاچچىئو،



داۋىنچى، رافائېل، مېكىلانجېلو، كوپېرنىك، برۇنو، گالىلېي، ماكياۋېللى، توماس مور، كامپانېللا ۋە فلورېنسىيىدىكى مىدىچى جەمەتى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. . .

شۇنداق، ئەدەبىي ئويغىنىش ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەڭلا يۈز بەردى. ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىرلىق پەردىسىنى قايرىپ يېڭى تارىخىي دەۋر ياراتتى. غەرب ۋە شەرقنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ۋاھالەنكى، ياۋروپا ئويغىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئويغىنىشىنىڭ نەتىجىسى تامامەن ئوخشاش بولمىدى.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە كېڭىيىپ، XVIII ئەسىردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق تولۇق تۈگەللەندى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى بولسا ئاران بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلىپ، تېمۇرىيلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشى بىلەن ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى شەرق مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنالمىدى ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى يەلكەنلىك كېمە ئارقىلىق يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى، جۇغراپىيىلىك بۈيۈك بايقاشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنىڭ بىخلىنىشى نەتىجىسىدە غايەت زور ئىچكى ئېنېرگىيىگە ئىگە بولدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى ۋە تەلەيسىزلىكى بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت

ئويغىنىشىنىڭ سورەن - چوقانلىرىنى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا كۆمۈۋەتتى.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى دەسلەپ گۇمانىتار — ئىجتىمائىي پەنلەردىكى گۇمانىزملىق روھنىڭ ئويغىنىشىدىن باشلىنىپ، كېيىنچە تەبىئىي پەنلەر ۋە تېخنىكا ئىلمىدىكى غايەت زور ئىنقىلابلار ئارقىلىق مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشىمۇ دەسلەپتە گۇمانىتار پەنلەردىكى پارتلاشتىن باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئويغىنىش ئۆزىنى تەبىئەت ۋە تەجرىبە پەنلىرىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تەمىنلىيەلمىدى. ئەقىدە كىرىزىسى ۋە بۇرمىلانغان سوپىزم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇپ، تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى. چۈنكى گۇمانىستىك مەرىپەتپەرۋەر ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنىڭ تەبىئىي پەن ئاساسلىرى ۋە ھۈنەر - تېخنىكىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز غايىلىرىنى رېئاللاشتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى گېرمانىيىلىك مارتىن ليۇتېرنىڭ خرىستىئان دىنى ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، ياۋروپالىقلار چېركاۋ پەلسەپىسى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ، دىنىي ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشتى. رىم پاپاسىنىڭ مۇتلەق ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىپ، دىندىن خالىي ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئەركىنلىك، ئىنسانىي قىممەت، مۇھەببەت، كىشىلىك ھوقۇق شەخسلەرنىڭ زۆرۈر ئىمتىيازىغا ئايلاندى. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى بۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشەلمىدى. ئىسلام شەرقىدە جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇ، سەئىد ئەھمەدخان قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئىسلام دىنىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ،



لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. شەرقتە ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇنداق سىياسىي تۈزۈلمە تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلىپ، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ بىخلىنىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى.

ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىدىن كېيىن، غەربتە فېئوداللىق تۈزۈلمە ئاستا - ئاستا يىمىرىلىپ، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى كاپىتالىستىك مىللىي دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. سانائەت ئىنقىلابى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەملىكە كېڭەيتىش، دۇنيا بازىرىنى ئېچىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى يېڭى شارائىت بىلەن تەمىنلىدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى مەزگىلىدىكى قىسقىغىنە ئىقتىسادىي گۈللىنىش مەنزىرىسى تېمۇرىيلەر خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بەربات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر توپ راۋاج تاپمىغان ھاكىمىيەتلەر بىر - بىرى بىلەن ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىپ، تىنىمسىز ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، يېقىنقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار پۇرسەتلەرنى قولدى بېرىپ قويدى.

قىسقىسى، ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى تامامەن ئوخشاشمىغان نەتىجىلەر بىلەن تۈگەللەندى. ئۇلۇغۋار تارىخىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھازىرقى زامان ياۋروپاسى بىلەن بولغان ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. ئەلۋەتتە، بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى، سىياسىي ۋە تارىخىي شارائىتلارمۇ بۇخىل قارىمۇ قارشى نەتىجىگە سەۋەب بولغاندى.

2001 - يىل 10 - ئاي

# بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسىغا پىسخىك دىئاگنوز

كىشىلەر دائىم گىرۋەككە ئىنتىلىدۇ، لېكىن گىرۋەككە يېقىنلاشقانسېرى بىر خىل يوشۇرۇن ۋەھىمە ئۇلارنى قىيناشقا باشلايدۇ. «گىرۋەك»، «پاسىل»، «مەنزىل» قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردا ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈشنى قوزغاشتىن باشقا، يەنە ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە تېڭىرقاش تۇيغۇلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىسى ئايانكى، گىرۋەكنىڭ بۇ قېتى زامان جەھەتتىن بۈگۈنگە مەنسۇپ بولسا، ئۇ قېتى كەلگۈسىگە تۇتاشقان بولىدۇ. كەلگۈسى ئەنە شۇ غايىۋى گىرۋەكتىن باشلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت داۋالغۇش ۋە زىددىيەتلەرگە تولغان، تەرەققىيات ۋە پىكىر ئىنقىلابى بىلەن خاراكتېرلەنگەن، تراگېدىيە ۋە ئاچچىق كۆز يېشى ئىچىدىن ئىنسان قىممىتىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قايناق بىر دەۋرنى — XX ئەسىرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى بىر ئىرانىڭ سىرلىق گىرۋىكىگە قەدەم باستى. شۈبھىسىزكى، يېڭى ئەسىرنىڭ كەسكىن رىقابىتى ۋە رەھىمسىز رېئاللىقى ھەر قايسى مىللەتلەردىن ئالدىنئالا ئۆزىنى ئۆزى دەڭسەپ كۆرۈشنى، ئۆزىگە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاشنى، شۇنىڭدەك ئۆز كەلگۈسىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ۋە ئويغاق تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا.

بۇنىڭدىن يۈز يىل مۇقەددەم، يەنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئەڭ



ئاخىرقى چارىكىدە دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ XX ئەسىردىكى تەرەققىيات لايىھىسىنى ۋە مەۋجۇتلۇق تەسەۋۋۇرىنى جىددىي رەۋىشتە مۇھاكىمە قىلىشقانىدى. ھىندىستاندىكى گەندى جەمەتىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە ئوينىغان يېتەكچىلىك رولى بىلەن جاۋاھىرال نېھرۇنىڭ «ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئىدىيە سىستېمىسى ئەمەلىيەتتە ھىندىستان مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ھەمدە يېڭى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ھىندى مىللىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدىكى ئازابلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۆزەك قىلغانىدى؛ يەھۇدىي زىئونىزم ① ھەرىكىتى پېشىۋالىرىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىي تىرىلىش» تەسەۋۋۇرى XX ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى ئالدىنئالا مۇئەييەن دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى؛ مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ياپونىيە كەسكىن رەۋىشتە ئۆزىدىكى ئاسىياچە تۇرغۇنلۇققا خاتىمە بېرىپ، غەربتىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، XX ئەسىرنىڭ يېڭى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر مەھەللىك ئەسەبىي تەنتەكلىكتىن كېيىن خارابىگە

① زىئونىزم — زىئونىزم دېگەن ئاتالغۇ ئېرۇسالىمدىكى زىئون تېغىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ تاغ قەدىمكى پەلەستىن يەھۇدىيلىرىنىڭ سىياسىي، دىنىي پائالىيەت مەركىزى ئىدى. زىئونىزم (Zionism) ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادىكى يەھۇدىي مىللەتچى مۇتەپەككۇرلىرى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە رەسمىي شەكىللەنگەن. ئۇلار دۇنيا زىئونىزمچىلىرىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىنى 1897 ـ يىلى شۋېتسارىيىنىڭ باسىل شەھىرىدە ئاچقان. ئۇلارنىڭ تۇنجى داھىيسى، «يەھۇدىي دۆلىتى» (1892) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى خېرزىل (1860 — 1904). زىئونىزم ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى ئېرۇسالىمغا قايتىپ بېرىپ، يەھۇدىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. زىئونىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىغا ئىلگىرى 犹太复国主义 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. كېيىنچە 锡安主义 دەپ ئاتاش تەشەببۇس قىلىنغان. ئۇيغۇرچىدا ھازىرغىچە «يەھۇدىي قىساسچىلىقى»، «يەھۇدىي قىساسچىلىرى»، «يەھۇدىي تىرىلىش ھەرىكىتى»، «يەھۇدىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسلىكى»، «يەھۇدىيچىلىق»، «يەھۇدىيىزم» دەپ بىر نەچچە خىل تەرجىمە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە خەلقئارالىق ئاتىلىشى بويىچە «زىئونىزم» دەپ ئېلىنسا توغرا بولىدۇ.
— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئىلانغان بۇ ئارال دۆلىتى ناھايىتى تېزلىكتىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ، «Sayonara, Asia» (خەير - خوش، ئاسىيا) دېگىنىچە، ئاسىيانى تاشلاپ ئالغا ئۇزاپ كەتتى: ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ قاتتىق زەربىسى جۇڭگولۇقلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىنىپ، قېتىپ كەتكەن روھىيەت چۆكمىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. 1898 - يىلغا كەلگەندە كاڭ يۇۋېي، تەن سىتۇڭ قاتارلىق كىشىلەر قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قوزغىدى. لياڭ چىچاۋ، چېن يەنلۇ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار يېڭى ئەسىرگە ھالقىش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرى ھەققىدە ئازابلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى دادىل تەشەببۇسلىرى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى «4 - ماي» ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن يېڭى پىكىر ئىنقىلابى ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى...

ۋاھالەنكى، بىزنىڭ خەلقىمىزدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ مۇكەممەل لايىھىسى بولمىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىنكى پۈتكۈل شەرقنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ زەئىپلىشىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. جامالىددىن ئافغانىينىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى بىلەن كەلگۈسى ھەققىدىكى ئالدىن تەسەۋۋۇرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى. تاتارىستان ۋە قىرىم گىرۋەكلىرىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق دىيارىمىزغا يېتىپ كەلگەن جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ئاساسىغا ئايلىنالمىدى. ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن ھېچقانچە ئالدىن كۆرەرلىكى ياكى مۇكەممەل لايىھىسى بولمىغان بۇ مىللەت تىنەپ - تەمتىرىگەن



پېتى يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. بوران - چاپقۇنلۇق XX ئەسىر ئۇلارنى گويا قامغاقنى ئۇچۇرغاندەك ھەرياققا ئۇچۇردى، تۇترۇقسىز كويلارغا سالدى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان، ئۆز كەلگۈسىنى قۇرۇۋاتقان مۇھىم تارىخىي پۇرسەتنى — مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئوتتۇز يىلىنى خامۇشلۇق ۋە بىھۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى تۈگەپ، بىھۇشلۇق دورىسى ئۈنۈمىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 30 - يىللارنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان شىددەتلىك ئېقىمى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇلار تېخى ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇۋازىنىتىنى تولۇق دەڭسەپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئۆزىنى تارىخنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىغا تاپشۇردى. بۇ ئېقىن ئۇلارنى گاھ ئۆرلىتىپ، گاھ چۆكتۈرۈپ ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ ئېلىپ كەتتى. چوڭ قاينامغا كىرىپ قالغان بۇ تەنھا قولۋاق ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆز يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمىدى ھەم بەلگىلەشكىمۇ قۇربى يەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار «پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ غەمگۇزارى ۋە باشپاناھى» دەپ ئاتالغان سوۋېتچە ئەندىزە بىلەن ستالىنچە ئىجتىمائىي فورمىغا تاكى 1960 - يىللارغىچە سەۋدايىلارچە چوقۇندى. بۇ خىل ئېتىقاد سىياسىي مەۋقە جەھەتتىن تولۇق ئىنكار قىلىنىپ، «رېۋىزىيونىزم» (修正主义) قالپىقى كىيدۈرۈلگەندىن كېيىن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتى يەنە بىر قېتىم بۇزۇلدى. نەتىجىدە 1960 — 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلغان «سىنىپىي كۈرەش» دولقۇنلىرى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەتۈر قويۇنلىرى ھارغان، زورۇققان، ئۆز كەيپىياتىنى ئۆزى تەڭشەپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بۇ مىللەتنى روھىي جەھەتتىن كىرىزىسقا پاتقۇزۇپ، بىر مەيدان پىسخىكا نورمالسىزلىقى ھالىتىگە دۇچار قىلدى. 1980

ـ يىللاردىن باشلاپ «ئىشىك» سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، گويا يېڭىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك تېڭىرقاش، ئېچىرقاش، ھەممە نەرسىگە قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان ئارقىلىق ئېقىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا قەلبىدىكى روھىي جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ ئۆزىنى ئۆزى قايتىدىن تونۇشقا تۇتۇش قىلدى. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي روھنى قايتا تونۇش دولقۇنى 1990 ـ يىللاردا تەدرىجى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، مۇشۇ ئەسىرمۇ ئۆز خاتىمىسىگە باش قويدى.

شۇنداق، يېڭى بىر ئىرانىڭ گىــــرۋىكىـــــى كۆرۈندى. ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئازابلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان XX ئەسىر ئاخىرلاشتى. شەخس، ئىجتىمائىي توپ ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئۆزىنى ئۆزى قايتا تونۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىنغان چۆكمە ھالەت جىددىي تەۋرەشكە دۇچ كەلدى. تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن تىندۇرما روھ يېڭى ئىراغا قەدەم بېسىش ھارپىسىدا ئۆزى ھەققىدە ئەڭ يېڭى دىئاگنوزنى ئاشكارىلىدى. . .

▲كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رىقابەت ئېڭى ئىلگىرى بىز كۆنۈككەن روھىي قۇرۇلمىنىڭ ئىچكى تەكشۈكلۈقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مىللىي روھتىـــكــــى چۆكمە قاتلام نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا جىددىي تەۋرىنىشكە دۇچ كەلدى. مەۋجۇتلۇق بىلەن تەرەققىـــياتنــــى ئۆز مەقسىتى قىلغان ھەر قايسى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت رىقابىتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرغان مىللىتىمىز ســــرتقـــى



مەدەنىيەتلەرنىڭ توختاۋسىز رادىئاتسىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزىدە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىـــيە ھازىرلاشنىـــڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ چۆكمە قاتلىمـــى ھامان شۇ مىللەت روھىيىتىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ گويا چوڭقۇر دېڭىز تېگىگە توپلانغان ۋە قاتما ھاسىل قىلغان تىندۇرمىغا ئوخشايدۇ. مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا ۋە تەدرىجىي يوسۇندا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە روھ قۇرۇلمىسىدا سىرتقى پوست ياكى يۈزە ھادىسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىچكـــى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە يوشۇرۇن ئېنېرگىيە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىنغان بۇ خىل تىندۇرما مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان تىنىمسىز سۈركىلىشى ۋە جىددىي كۈچ سىنىششى داۋامىدا نىسبەتەن تۇراقلىق ۋە زاپاس ئېنېرگىيە ھالىتىدە تۇرىدۇ. بىر مىللەت رەھىمسىز رىقابەت ئالدىدا كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئاشۇ زاپاس ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىدۇ. چۆكمە ھالەتتە ياتقان، تىنىپ كەتكەن بۇ خىل زاپاس ئېنېرگىيە تاشقـــى تەسىرلەرنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى ۋە زەرەتلىشى داۋامـــــدا ئۇزلۇكسىز يوسۇندا ئۆزىنى بېيىتىپ، تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ تۇرۇشنى ئىزدەيدۇ. ئۇ پەقەت رىقابەتكە قاتنىشىش، رەھىمسىز سىناقنى قوبۇل قىلىش داۋامىدىلا ئاندىن ئۆزىنى ھەرىكەتچان، ئاكتىپ فونكسىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان ـ سەرگەردانلىق بىـــلەن توختاۋسىز ھالاكەتلىك سىناقلار جەريانىدا يەھۇدىي مىللىتى ئۆز

مەۋجۇتلۇقىنى قانداق بىر كۈچ بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى؟ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا پىتىراپ كەتكەن، پۈت تىرەپ تۇرغۇدەك ماكانغا ئىگە بولالمىغان بۇ سەرسان مىللەت قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ XX ئەسىردىكى يېڭى ھاياتلىق ماكانىنى قۇرۇپ چىقالىدى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى بىلەن قايتا قۇرۇش روھى بىر خىل ئېچىۋېتىلگەن، ھەر قانداق شەكىلدىكى رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرىدىغان، جەڭگىۋار ھالەتتىكى مەڭگۈ ئويغاق قۇرۇلمىدۇر. يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇرۇلما ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى ھەر ۋاقىت مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تەڭشەپ تۇرىدىغان، رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تەرەققىياتتىن ئىزدەيدىغان جانلىق فورمىنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇ ۋەجىدىن يەھۇدىي مىللىتى ئۆزلىرىگە مۇقەددەس كىتاب «تەۋرات» نازىل قىلىنغان، مۇساغا ئەگىشىپ مىسىر فىرئەۋنىنىڭ زۇلمىدىن قاچقان ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشىدىن باشلاپلا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان: بىز خۇدانىڭ تاللىشىغا مۇيەسسەر بولغان مىللەت، بىزنىڭ روھىي چوڭقۇرلۇقىمىزدا مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان مەنىۋى ئېنېرگىيە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئاشۇ ئېنېرگىيىنى يېڭى تەركىبلەر بىلەن سۇغىرىپ، باشقىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا كۆنۈككەن. چۈنكى «خۇدا» ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىلىرىگە ئەڭ ئېغىر ئازابلارنى سېلىپ ئۇلارنى سىنايدۇ. شۇڭلاشقا تارىخ بىزنى تاشلىۋەتكەن. ئۇ بىزنى ئۆزى كېلىپ تاللىمايدۇ، بەلكى بىز ئۇنى تاللايمىز. دادىل قەدەملەر بىلەن ئۆز كېلەچىكىنى تاللاش، رىقابەتنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش، رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش. . .مانا بۇ يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق تىلسىمىدۇر. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ روھىي ماھىيىتىگە ئۇرۇق



بولۇپ تېرىلغان، زاپاس ئېنېرگىيە سۈپىتىدە ساقلانغان مەنىۋى جۇغلانما يېڭى تەركىبلەر بىلەن بېيىتىلمىسا، ساپ مېنېرال ماددىلار بىلەن سۇغىرىلمىسا، سىرتقى قوزغىتىشقا ئۇچرىمىسا، ئۇ خۇددى دەريالارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ھاۋزا تۇزلەڭلىكلىرىگە تىنغان لاتقىغا ئوخشاش يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىرىپ، سېسىپ كېتىدۇ. سۇي، تالڭ سۇلالىرى دەۋرىدە بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن جۇڭگو مەدەنىيىتى نېمىشقا مىڭ، چىڭ سۇلالىرى دەۋرىگە كەلگەندە پەيدىنپەي زەئىپلىشىشكە باشلىدۇ؟ قەدىمكى دۇنيادا شەرقتىكى غايىۋى «جەننەت» سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان ھىندىستان قانداق قىلىپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان مۇستەملىكە جەمئىيىتىگە ئايلىنىپ قالدى؟ شۇنىسى ئېنىقكى، جۇڭگو ۋە ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى زامان مەنىۋى چۈشكۈنلۈكى بىلەن مەدەنىيەت تراگېدىيىسى ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى قەدىمكى ئەلنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چۆكمە ئېنېرگىيە بىلەن مەنىۋى تىندۇرمىنى يېڭى تەركىبلەر بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يوقاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. تېخىمۇ توغرىراقى، بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ چۆكمە قاتلىمى خۇددى خۇاڭخې، گانگ دەريالىرىنىڭ قىنىغا توپلانغان قاتمۇ قات لاتقىغا ئوخشاش بىر خىل دىمىق كەيپىيات ئىچىدە تىنىپ، چىرىپ كەتكەنىدى. ئامېرىكا قىتئەسى بايقالغاندىن بۇيانقى 400 يىل مابەينىدە يەرلىك خەلق ئىندىئانلارنىڭ پەيدىنپەي ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىشى ۋە تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى بىزگە رىقابەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلماسلىقتەك پاسسىپ مىللىي پىسخىكىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دەرۋەقە، مىللىتىمىز ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدىكى تاللاشقا

دۇچ كەلدى. شۇنداقلا كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. كۇنسېرى كۈچىيىۋاتقان رىقابەت ئېڭى بىز كۆنۈككەن روھىي قورۇلمىنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام نۆۋەتتىكى كەسكىن مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا جىددىي تەۋرەشكە دۇچ كەلدى. مەۋجۇتلۇق بىلەن تەرەققىياتنى نىشان قىلغان ھەر قايسى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت رىقابىتىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا گاڭگىراش ھالىتىدە تۇرغان مىللىتىمىز سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ توختاۋسىز رادىئاتسىيىسىگە نىسبەتەن ئۆزىدە يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. بوران - چاپقۇنلۇق مۇشۇ بىر ئەسىر ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە بىر مەيدان چۈشكە ئوخشاش غۇۋا مەنزىرىگە ئايلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىدىن نېمىلەرنى تاشلاپ، نېمىلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى تېخى تولۇق دەڭسەپ كۆرمەيلا 1930 - يىللاردا كۆتۈرۈلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىغا دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ رۇس مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىققان ئىنكاسى ئۇلارنىمۇ مۇشۇ قاينامغا جەلپ قىلدى. نەتىجىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تىكلەپ بەرگەن رۇسچە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزدىكى ئاساسىي مېلودىيىگە ئايلىنىپ، مىللىي روھتىكى چۆكمە قاتلام تەۋرىتىۋېتىلدى، شۇنداقلا قوبۇل قىلىش بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى. نەتىجىدە رۇسچە سۆز - ئاتالغۇلار خۇددى توسمىنى بۇزۇپ كىرگەن كەلكۈندەك تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىنى مالىمان قىلىۋەتتى. تىلىمىز تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرىنى ياساش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدى. مۇشۇنداق ئەسەبىي قىزغىنلىق چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا كەسكىن ئىنكار قىلىنىپ،



يۈنىلىش باشقا ياققا بۇرالدى. پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن بىر مەيدان سىياسىي دولقۇن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاق بىر گەۋدىگە ئۇيۇشۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا يەنە بىر مەيدان تەۋرەش يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىدىكى ئىچكى تەڭشىلىكىنى تېخىمۇ يوقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆز يۈنىلىشىنى قارار قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا شىددەتلىك ئېقىنغا قوشۇلۇپ سۆرەپ كېتىلگەن بۇ تەنها كېمە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان كەڭ دېڭىزدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ نامەلۇم يۈنىلىشكە قاراپ ئاستا - ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق نىشانسىز سەپەر جەريانىدا پەقەت بىرلا خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ تىنىمسىز زەرەتلىشىگە ئۇچراش، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئىجابىي تۈرتكىسىدىن چەتتە قېلىش نەتىجىسىدە مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسى ۋە پىسخىك كەيپىياتىدا قېيداش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، رىقابەتتىن ئۈركۈش، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچىدىن گۇمانلىنىش قاتارلىق پاسسىپ روھىي ھالەتلەر پەيدا بولدى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆزىنىڭ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تەۋە بولغان بىر قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ بىر سىياسىي گەۋدىگە ئۇيۇشۇشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇلارغا مەدەنىيەت جەھەتتىن ئورتاق بىر قېلىپ بېكىتىش، ئورتاق بىر روھىي ھالەتنى ئۆلچەم قىلىش كۆپىنچە ھاللاردا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، قېيداش

پسخىكسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كەيپىياتىدا يۈز بەرگەن جىددىي داۋالغۇشلار بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۈز يىللاردىن بۇيان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، ئۆزىدىكى سىرتقى تەسىرگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى يوقاتقان، چوڭ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ قېلىشقا ئازلا قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن قانداق خاھىشلارنى ئىپادىلىدى؟ ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى نېمە ئۈچۈن بىر يىلغا قالمايلا سلاۋىيان يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاتىن يېزىقىغا كۆچۈشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؟ ئۆزبېك زىيالىيلىرى نېمىشقا ئاللىقاچان ئومۇملاشقان «ماتېماتىكا»، «ئاسترونومىيە»، «گېزىت» قاتارلىق رۇسچە سۆز ــ ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «مۇشكۇلات»، «پەلەكىيات»، «روزنامە» قاتارلىق پارسچە سۆز ــ ئاتالغۇلارنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتى؟ . . .

مانا بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىرتقى غىدىقلاشقا، زەرەتلىنىشكە ئۇچرىغان، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، پاسسىپ، ئىككىلەمچى ھالەتكە چۈشۈپ قالغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىنى قايتا بايقىغاندىن كېيىنكى پسخىك ئېغىشى ئىدى. بۇنداق قېيىداش روھىي ھالىتى ھەتتا ئۇلارنى بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا سەكرەشكە مەجبۇر قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۆز ۋۇجۇدىغا قانداق قىلىپ يېتەرلىك روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلاش، سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە مۇۋازىنىتىنى قانداق تەڭشەش، X XI ئەسىرنىڭ كۈچلۈك رىقابىتى ۋە رەھىمسىز رېئاللىقىنى قانداق كۆتۈۋېلىش مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ زۆرۈر كۈن تەرتىپى ئىدى.



▲ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر خىل كرىزىس تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان روھىي بېسىمىنى كۈچەيتىپ باردى. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، مەھرۇملۇق ئازابىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. پسخىكا نورمالسىزلىقى بۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى كېسىلىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

جاۋاھىرال نېھرو ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ھىندىستاننىڭ بايقىلىشى»دا، ھىندى مىللىتى ئېغىر ھالدىكى پسخىكا كېسىلىگە گىرىپتار بولدى، بۇنى ئۇلارنىڭ 300 يىلدىن بۇيانقى مەھكۇملۇقتا ئۇچرىغان روھىي كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە تەدرىجىي زەئىپلىشىش، ھالسىراش ۋە تىركىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلغان رۇم مەدەنىيىتىنىڭ رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن تەدرىجىي زەئىپلىشىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى دەل شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئۇنداقتا مىللىي روھنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئەنگلىيىلىك تارىخچى ئارنولد توينبى «تارىخ تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زەئىپلىشىش — ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس، روھىيەتتە؛ سىرتقى

ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدىكى ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال يۈز بېرىدۇ».

شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھازىرقى يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ ئىختىرالىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەربىر شەخس، كوللېكتىپ ۋە مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ غەرب جەمئىيىتى بۇ نۇقتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن مۇئەييەنلەشتۈردى. ھالبۇكى، ھازىرقى غەرب جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان پسىخىكا نورمالسىزلىقى ھادىسىسى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقىنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. ناۋادا غەرب دۇنياسىدا كۆرۈلۈۋاتقان پسىخىك نورمالسىزلىق يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەت بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىشنىڭ، تېخىمۇ توغرىراقى، ماددىي تويۇنۇش بىلەن روھىي قاغجىراشنىڭ مەھسۇلى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان پسىخىك نورمالسىزلىقنى بىرخىل يوقىتىش ۋە مەھرۇملۇق تۇيغۇسىنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىش، ئۆز كەيپىياتىنى ئۆزىنىڭ پسىخىك ئېنېرگىيىسى بىلەن تەڭشىيەلمەسلىك، چوڭ كېلىمات ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ھېسابلاش قاتارلىق پسىخىك ھالەتلەر مىللىتىمىزنىڭ روھىي قۇرۇلمىسىغا كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلدى.

لۇشۇن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە ئاQ ئوبرازى ئارقىلىق شىنخەي



ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ بىنورمال پسىخىك كەيپىياتىنى سىزىپ كۆرسەتكەنىدى. . . لاۋشې ئەپەندىمۇ 40 ـ يىللارغا كەلگەندە، «تۆت ئەۋلاد قېرىنداشلار» ناملىق ئەسىرىدە ياپونىيىنىڭ قانلىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدىن ئۆزىنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ پاسسىپ روھىي ھالىتى بىلەن بىنورمال پسىخىك كەيپىياتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى. مەزكۇر ئەسەردىكى لى سى ئانا ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ جۇڭگولۇقلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالماي قاتتىق ۋارقىرايدۇ: «قېنى، ئۆلتۈرۈڭلار، قىرىڭلار، لېكىن بىز ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ بالىلارنى تۇغالايمىز! . . .». مانا بۇ، XX ئەسىرنىڭ 30 — 40 ـ يىللىرىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ھالاكەتلىك تەقدىر كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پسىخىكا نورمالسىزلىقى ئىدى. بۇنداق بىنورمال پسىخىك ئۆسمە ھېلىھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قان تومۇرىدا داۋاملىق ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو جەمئىيىتىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ قىممىتىگە بولغان قايتا تونۇش دولقۇنى دەل مۇشۇنداق بىنورمال مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگودىكى بىر نوپۇزلۇق گېزىت بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم كېمىسىدە تۇرۇپ يەر شارىدىن پەقەت سەددىچىن سېپىلىنىلا بىۋاسىتە كۆز بىلەن كۆرەلىگەنلىكى ھەققىدىكى بىر خەۋەرنى باسقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر جۇڭگو مىقياسىدا سەددىچىن سېپىلىنىڭ تارىخىي قىممىتىگە قايتا باھا بېرىش قىزغىنلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نۇرغۇن كىشىلەر كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، سەددىچىن سېپىلىنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ روھى ۋە سىمۋولى دېگەن باھالار بىلەن كۆككە كۆتۈرگەن. كېيىن بۇ خەۋەرنىڭ خاتا

ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن سەددىچىن سېپىلى ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر توختىمىغان. دەرۋەقە، سەددىچىن دۇنيادىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ياسىلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا مۆجىزە. لېكىن، ئۇ ئۆز ماھىيىتى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان سۇنئىي توساق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بېكىنمە، سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قاچىدىغان پاسسىپ مۇداپىئە ئېڭى بىلەن قورشاۋ ھويلا پسىخىكىسىنى بەلگىلەپ قويغان. ھالبۇكى، ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئۇنى ئالەم بوشلۇقىدىن كۆرگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرما خەۋەرلەر (ئەگەردە بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بولىدىغان بولسا) قانداق قىلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ قويدى؟ ئەجەبا نيۇ - يوركتىكى ئىككى يۈز قەۋەتتىن ئاشىدىغان ئىمپېرىيە بىناسى بىلەن پارىژدىكى ئېيفىل تۆمۈر مۇنارى كۆرۈنمىگەن يەردە، بۇگۈنكى كۈندە ئۈزۈك - ئۈزۈك ھالەتتە تۇرغان، ئاران ئىزناسىلا قالغان سەددىچىن سېپىلى قانداق كۆرۈنگەندۇ؟ ناۋادا ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئۇنى راستىنلا كۆرگەن دېيىلسە، ئۇ چاغدا بۇنىڭ سەددىچىننىڭ قىممىتى بىلەن نېمە باغلىنىشى بار؟ بۇنداق ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇندۇرىدىغان ئاQچە روھىي غالىبىيەتچىلىك دەل جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان مەنىۋى كېسەللىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.①

ئەمدى ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى پسىخىك قاتلىمىغا نەزەر تاشلىساق، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۈندىن - كۈنگە

① گاۋ جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش — جۇڭگو تارىخىدىن تۇغۇلغان ئويلار»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى. 20 -، 22 - بەتلەرگە قاراڭ.



ئېغىرلىشىۋاتقان رىقابەت ۋە بېسىمنىڭ ئۇلارنىڭ پسىخىك تۈزۈلمىسىدە يوشۇرۇن بىنورماللىقنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان تەڭپۇڭسىزلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۈرلۈك پسىخىك كېسەللەرنىڭ تۆرەلمىلىرىنى بىخلىتىپ قويدىمۇ - قانداق؟ دەرۋەقە، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىرخىل كرىزىس تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان روھىي بېسىمنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلىشتەك رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بوشلۇق ھاسىل قىلىپ، مەھرۇملۇق ئازابىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. پسىخىكا نورمالسىزلىقى بۇ مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى كېسىلىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، «تاشلاندۇق بالا»غا ئوخشاش روھىي غېرىبلىق ۋە يېتىملىك ئازابىنى تارتىش، ئۆزى بىلەن كۈچ سىنىشىۋاتقان چوڭ مەدەنىيەت تىپى ئالدىدا ئۆزىنى كۈچسىز، ئەرزىمەس نەرسە دەپ كەمسىتىش، بىرخىل قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مەھرۇملۇق تۇيغۇسىغا مۇپتىلا بولۇش، قورقۇش ۋە ئەندىشە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش، ئۆزى توقۇغان خام خىياللىرىغا ئۆزى ئىشىنىپ قېلىش، خۇددى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن قورققان ئادەم ناخشا توۋلاش ئارقىلىق ئۆز قورقۇنچىنى يوقاتماقچى بولغىنىدەك، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا پەرۋا قىلماسلىق ھالىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنى بەزلەش، ئۆزىنى چوڭ كېلىماتىنىڭ يۈزلىنىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى ئاللىقاچان كۆنۈككەن مۇھىتىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆلچەش، يىراقتىكى ئۆزىگە مەڭگۈ تالىق بولمايدىغان غايىۋى نەرسىلەرگە مەھلىيا بولۇپ ياشاش، ئۆز ئورىتىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىك... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى غەيرىي نورمال

پسخىك ھالىتىنىڭ مۇئەييەن بىر تەرىپىدۇر. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «بۇرۇت ماجىراسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرى ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت بوشلۇقىدىكى مۇشۇنداق پسخىك بىنورماللىقنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بەردى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بۇرۇت قويۇش ئادىتى قانداقلارچە كىشىنى قورقۇنچقا ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان، تاكى قىرقىۋەتمىگىچە كۆڭۈل ئارامىغا چۈشمەيدىغان ۋەھىمىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى؟ لۇشۈن ئەپەندى «جاڭ تەييەن ئەپەندىنى ئەسلەشتىن تۇغۇلغان ئويلار» ناملىق ماقالىسىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جياڭنەندىكى كىشىلەرنىڭ خەنزۇچە چاچ قويۇش ئادىتىدىن ئەنسىرەش ۋە قورقۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. چاچ قويۇپ تۇرۇۋېلىش ئەسلىدە خەنزۇ ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. لېكىن، مانجۇلار جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جياڭنەندىكى خەنزۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ قويۇش ئادىتىدىن ئەنسىرەيدىغان پسخىك نورمالسىزلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان. مانجۇچە چاچ شەكلىنى كۆرسىلا ئۆزىنىڭ مىللىي چاچ شەكلىدىن ئەنسىرەش، ۋەھىمىگە چۈشۈش كېسىلى بارغانسېرى ئەۋج ئالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1645 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئومۇمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىپ ، جياڭنەندىكى خەنزۇلارنىڭ 10كۈن ئىچىدە بىردەك بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چېچىنى چۈشۈرۈپ ، مانجۇچە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇشى كېرەكلىكىنى جاكارلىغان. چاچ چۈشۈرۈش بۇيرۇقىغا ئېنىق قىلىپ «كاللا كېرەك بولسا چاچ چۈشۈرۈلسۇن، ئەگەر چاچ لازىم بولسا كاللىسى ئېلىنسۇن » دەپ يېزىلغان.[1]

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، پسخىكا نورمالسىزلىقى كۆپىنچە

[1] گاۋ يايپاۋ / ۋۇ دەنماۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى شىركىتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 128 ـ بەت.



ھاللاردا ئادەمنىڭ ئۆز روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ روھىي قاتلىمىدا كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم پسخىك كېسەللىكلەرمۇ دەل ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت رىقابىتى ئالدىدا ئۆزىنىڭ پسخىك مۇۋازىنىتىنى تەڭشىيەلمىگەنلىكىدىن، قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بالىلارچە تەنتەكلىككە مۇپتىلا بولغانلىقىدىن، ئۆزىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مىللەتنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا بىخلاۋاتقان بۇنداق بىنورمال پسخىك ئۆسمىلەر ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تىنىمسىز تاتىلاپ، غاجاپ، ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئېنېرگىيىسىنى كۇنسايىن خورىتىپ، ئۆز سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈيدىغان، رېئال ئەمەلىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ، رىقابەتتىن قاچىدىغان پاسسىپ پسخىك ھالەتنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ.

▲ **بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى شۇ مىللەتنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ھېسابلانغان تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىدە جىددىي كرىزىس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۇنسايىن ناچارلىشىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋى يوقىتىشىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ باردى.**

ئېكولوگىيە مەسىلىسى دۇنيا خاراكتېرلىك چوڭ تېما بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە تولدۇرۇۋالغۇسىز روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇزۇلغان تەبىئەت ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى ئارتۇقى بىلەن جازالىدى. ئىنسانىيەت ئۆزى ئاپىرىدە بولغان، ئاۋۇغان شۇنداقلا ئۆز «جەننەت»ىنى قۇرۇپ چىققان يەر

شارىدا ئۆزلىرىنى يېتىم ۋە تەنها ھېس قىلىدىغان بولدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردە يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى ھىرودىت مىسىرغا سەپەر قىلىپ قايتىشىدا مۇنداق بىر تەسىراتقا كەلگەن: «مىسىر نىل دەرياسىنىڭ سوۋغىسى». خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ تارىم دەرياسىنىڭ سوۋغىسىدۇر. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇرۇم ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سانسىزلىغان دەريا - تارامىلار تارىم دەرياسىدا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلغان. مانا مۇشۇ ئانا دەريا ئۆزىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنىغا تايىنىپ بۇ قاغجىرىغان چوڭقۇرلۇقنى سۇغىرىپ كەلگەن. يېرىم چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئاقىدىغان تارىم دەرياسى تەكلىماكان چۆلىنى قۇچاقلاپ ئۆز ھاۋزىسىدا يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغان. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ توغراقلىق كارىدور تەكلىماكان چۆلىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى كونترول قىلىپ ، ئەتراپتىكى بوستانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن.

تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى قورشاپ تۇرغان تەڭرىتېغى، قۇرۇم تېغى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆل ئېقلىمىغا مەنسۇپ بۇ ماكانىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتىنى نەمدەپ تۇرغۇچى تەبىئىي تەڭشىگۈچ بولۇپ، ئۇلار جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتىن بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. مۇشۇ تاغلارنىڭ چوققىسىدا قىش - ياز كەتمەيدىغان قار - مۇزلار گويا بىر تۈگىمەس ئېنېرگىيىگە ئوخشاش تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاقىدىغان دەريا - تارامىلارنى زۆرۈر بولغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. شۇڭا قۇملۇق، بوستانلىق ۋە تاغ تىزمىسىدىن ھاسىل بولغان ئۈچ قاتلاملىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۇ رايوننىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مانا مۇشۇ تەبىئىي



ئېكولوگىيىدە پارلاق تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

قەدىمدىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز پايانسىز قۇملۇقلار ۋە سۇررەڭ بارخانلاردىن پەيدا بولىدىغان بىرخىل قۇرغاق ھېسسىياتى بىلەن زېرىكەرلىك كەيپىياتىنى تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى مۇنبەت بوستانلىقلارنىڭ يېشىللىق كۈيى بىلەن نەمدەپ ۋە تەڭشەپ كەلگەن. شۇڭا تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسى بىلەن بۇ رايوننىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئەبەدىيلىك ئورگانىك باغلىنىش ھاسىل بولغان. ھالبۇكى، بۇنداق ئىچكى ئورگانىك باغلىنىش ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاندى.

دەرۋەقە، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى شۇ مىللەت ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك رايوننىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىگە كىرىزىس ئېلىپ كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇ مىللەتنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا ئېغىر يوقىتىشلارنى ئېلىپ كەلدى. ئارال دېڭىزى مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە، جۈملىدىن ئۆزبېك خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن كۈچلۈك روھىي بېسىمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئارال دېڭىزى ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەپ تۇرۇۋاتقان چوڭ تىپتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ سۈيى مۇشۇ كۆلنى زۆرۈر بولغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى 70 يىل مابەينىدە، ئۆزبېكىستاننى پۈتكۈل ئىتتىپاقنىڭ پاختا

بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىدىن كۆپلىگەن توغانلار ئېچىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەر شىددەت بىلەن كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن سىر، ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئارال دېڭىزىغا بارىدىغان سۈيى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارال دېڭىزى ئەتراپىغا قۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدىن چىققان بۇلغانغان سۇلار كۆلگە قويۇپ بېرىلىپ بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئارال دېڭىزىنىڭ سۇ يۈزى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، كۆلنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىپ، يېقىن كەلگۈسىدە قۇرۇپ كېتىش خەۋپى پۈتكۈل ئىتتىپاقنى ساراسىمىگە سالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، 70 يىلدىن بۇيان ھەددىن كېۋەز تېرىش سېلىقى نەتىجىسىدە تېرىلغۇ يەرلەر ئۆزىنىڭ ئۇنۇمىنى يوقىتىپ، قايتا ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان. تەبىئەت ئېكولوگىيىسىدىكى بۇنداق بۇزۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە مۇھىت، ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئېغىر يوقىتىش ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك بېسىم ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ تارىختا «ماۋەرائۇننەھر» (ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي) دەپ ئاتالغان ۋە پارلاق مەدەنىيەت بەرپا بولغان بۇ ۋادىدا ياشاپ كەلگەن ئۆزبېك خەلقى ئانا كۆلنىڭ قۇرۇپ كېتىش خەۋپى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر روھىي بېسىمنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان. 80 ـ يىللاردا چىڭغىز ئايتماتوف، ئادىل ياقۇپوف قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي ۋاكۇئۇملۇق بىلەن مەنىۋى ھالسىراشنى چوڭقۇر سۈرەتلەپ بەردى. 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ، ئارال



دېڭىزىنى قۇتقۇزۇش، ئېكولوگىيىنى ياخشىلاش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى.

ۋاھالەنكى، بىزدە تېخى چوڭقۇر دەرىجىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ئېڭى تۇرغۇزۇلمىدى. كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىۋاتقان تەبىئەت ئېكولوگىيىمىزنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش لايىھىسى يېقىنقى يىللارغىچە كەسكىن كۈن تەرتىپكە قويۇلمىدى. مۇشۇ خاتالىقىمىز ئۈچۈن كەلگۈسى ئەۋلادلار تۆلەيدىغان غايەت زور بەدەللەرنىڭ ۋەھىمىسى ھېس قىلىنمىدى. بۇ تۇپراقتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن، بۈگۈن بىز ياشاۋاتىمىز، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزمۇ چوقۇم بۇ يەردە ياشىشى كېرەك. سۇ مەنبەسىگە ئەگىشىپ ئۇياقتىن بۇ ياققا تىنىمسىز يۆتكىلىپ، ئۇزۇن تارىخلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن لوپنۇر كۆلى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئەسىرىمىزدە، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قۇرۇپ كەتتى؟ تارىم دەرياسىنىڭ ھاۋزىسىدا! ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان يېشىل كارىدور ھاسىل قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ تۇرغان تەبىئىي توغراقلىقلار قانداقلارچە نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا زور دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ تاشلاندى؟ ئالتۇنتاغدىكى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلى قانداق قىلىپ قۇرۇتۇۋېتىلدى؟ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى نېمە سەۋەبتىن بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى؟ نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىلا كارىز سۇلىرى شىرىلداپ ئاقىدىغان بۇ زېمىندا نېمىشقا يەر ئاستى سۇ يۈزى يۈز مېتىرلاپ تۆۋەنلەپ كەتتى؟...

شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەبىئەت ئېكولوگىيىمىزدىكى غايەت زور يوقىتىش مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى روھىي مۇۋازىنىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ تەۋرىتىپ تاشلىدى. تەبىئىي مۇھىتتىكى قۇرغاقلىق، يىلدىن يىلغا ئېغىرلىشىۋاتقان قۇملىشىش، تېرىلغۇ

يەرلەرنىڭ ئۇنۇمسىزلىشىشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ ئازىيىشى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە، غەيرىي نورمال كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇشى، مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن بىنورمال ھادىسىلەر مىللىتىمىزنىڭ روھىي بېسىمىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان ياتلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ باردى. تارىختا لوپنۇر كۆلىنىڭ بىر قانچە قېتىم ئورۇن يۆتكىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كروران قاتارلىق بىرقانچىلىغان پارلاق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى ۋەيران قىلغان. لېكىن بۇ كۆل تارىم دەرياسىنىڭ تىنىقىدىن نەپەس ئېلىپ، سۇ مەنبەسىگە ئەگىشىپ داۋاملىق يۆتكىلىپ تارىم مەدەنىيىتىنى مۇشۇ ئەسىرگە ئۇلىغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئاۋرېل ستەيىن، سۋېن ھېدىن قاتارلىق غەرب ئېكسپېدىيىچىلىرى لوپنۇر كۆلىدە ئويغۇر بېلىقچىلىرىنىڭ بىر ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغان بېلىقلارنى قۇچاقلاپ تۇرغان سۈرەتلىرىنى تارتىپ قالدۇرغان. ئارىدىن بىر ئەسىرمۇ ۋاقىت ئۆتمەي بۇ كۆلدە بېلىق تۇرماق سۇمۇ غايىب بولدى. بىز ئىپادىسىز رەۋىشتە تارىم سۈيىنىڭ بارا ـ بارا ئازىيىۋاتقانلىقىغا، ئەلمىساقتىن بۇيان قۇرىماي كەلگەن قەدىمىي كۆلنىڭ ئەمدىلىكتە ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۈيىنىڭمۇ قۇرىغانلىقىغا شاھىد بولدۇق.

قىسقىسى، XX ئەسىردە ئېرىشكەن بارلىق خۇشاللىقىمىز ۋە ھەسرىتىمىز، ئىزدىنىشىمىز ۋە ئازابىمىز، نەتىجىمىز ۋە يوقىتىشلىرىمىز، تەلپۈنۈشىمىز ۋە گاڭگىراشلىرىمىز، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ۋە ئوڭۇشسىزلىقىمىزدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ روھىي ئېنېرگىيىمىز بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمىز. تارىخ ھېچقاچان كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇنى پەقەتلا غالىبلار يېتەكلەپ ماڭىدۇ. XXI



ئەسىرنىڭ مۇرەسسەسىز رىقابىتى بىلەن رەھىمسىز رېئاللىقى بارلىق خەلقلەرنىڭ ئالدىغا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان چوڭ سىناقنى ھازىرلىماقتا. بىزنىڭ ئاشۇ سىناقنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش — مانا بۇ بىزنىڭ مەيدانىمىزدۇر!

1999 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى

## 1

بىز تېخى هايات تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلەيمىز؟ شۈبھىسىزكى، ئۆلۈم — ھاياتلىقتىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك، ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇش ئىنساننىڭ ھەددى ئەمەس. ئۇ ھاياتلىقتىكى تۇرلۇك - تۈمەن پەللىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى ۋە بېكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسان ئۈچۈن ئالدىن ھېس قىلغىلى بولىدىغان غايەت زور ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىگە ئايلانغان. دەرۋەقە، ھاياتىي مەۋجۇداتلار ئىچىدە پەقەت ئادەملا ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. شۇڭا ئىنساندىكى بۇ خىل ئالدىن ھېس قىلالايدىغان تەبىئىي ئىقتىدار ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق تېمىنى پەلسەپە ۋە سەنئەت ئالەمىگە ئېلىپ كىردى.

ئۆلۈم — ھاياتلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەھىمىلىك سىناق. ئۇ شەخس سۈپىتىدىكى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ھاياتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خالاسكارى، يەنە كېلىپ ئۇ ھاياتتىكى بارلىق سىناقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، مەڭگۈ قايتا تەكرارلانمايدىغان سىرلىق سىناق. ئۇ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بارلىق سىناقلارنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىنساننىڭ «ئىگە» يىغىسىدىن باشلاپ ئېچىلغان ھاياتلىق خاتىرىسىنى



ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئۆلۈم — ھاياتلىق جۇملىسىگە ئۇرۇلغان چېكىت. ئەمما، بۇ چېكىتنىڭ كەينىگە سوئال بەلگىسى يوشۇرۇنغان. سەنئەت ئۆلۈمنى ئۆزىگە ئەبەدىيلىك تېما قىلغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئىنساندىكى ئەڭ ئالىي ئېستېتىك پائالىيەت ئۇسۇلىغا ۋە مىسلىسىز تراگېدىيە گۈزەللىكىگە ئايلانغان.

ئۆلۈم — ھالاكەت ئېڭىنىڭ مەنبەسى. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ھالقىش. ئىنسان ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ پەۋقۇلئاددە ھالقىشنى رەسمىي ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن بىرىنچى قېتىم ھاياتلىقتىكى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە نەرسە گەۋدىلىنەلەيدۇ. سەنئەت ۋە پەلسەپە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، باشتىن - ئاخىر ھاياتنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىپادە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك تېمىنىمۇ ئۆزىگە قوبۇل قىلغان.

ئۆلۈم — بىر خىل تراگېدىيە يۇكسەكلىكى. تېخىمۇ توغرىراقى ئۇ كەسكىن ۋەھىمە ئىچىدىكى ھېسسىياتنىڭ تازىلىنىشى[1] ۋە روھنىڭ ئەبەدىيلىك پارلاقلىقىغا ئېرىشىشىدۇر. تراگېدىيىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىش جەريانى ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېستېتىك بەدىئىي زوقىغا ئايلانغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئۇنىڭدىن قېچىش — ئىنساننىڭ تەبىئىي ماھىيىتىگە تەئەللۇق پىسخىك گېن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ھېسسىي تەسىراتى ۋە بېسىمى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى ۋەھىمىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بىر قېتىملىق ئۆلۈمنى كۆرۈش ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشنى، ئۆز ھاياتىدا! ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشنى

---

[1] ئارىستوتېل: «پوئېتىكا»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 19 - بەت.

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۆلۈم يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق زور سىناقنىڭ زەربىسىدە روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچنىڭ چەكسىز پارلاق نۇرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ[1].

ئۆلۈم — تۇنجى بولۇپ ئىنسانىيەتنى ئۇزۇل - كېسىل تەپەككۇرغا مەجبۇر قىلغان ۋەھىمىلىك سىر. فرېئودنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئۇ — جىمى تەپەككۇرنىڭ چىقىش نۇقتىسى»[2] شۇنداقلا بارلىق ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە قوزغاتقۇچىسى.

ئۆلۈم! ؟ . . .

## 2

ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھالاكەت سىنىقىنىڭ سەنئەت ۋە پەلسەپە قاينىمىغا كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى. سەنئەت ۋە پەلسەپە ئىپتىدائىي دەۋرىدىن تارتىپ، ئۆلۈمنى خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى قىلىپ كەلگەن. رۇس پەيلاسوپى كوئېن «ئۆزلۈك نەزەرىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ھەرقانداق بىر پەلسەپە سىستېمىسى ئەگەردە ئۆلۈم مەسىلىسىگە سەممىيلىك بىلەن ئوبيېكتىپ جاۋاب بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مۇكەممەل سىستېما ھېسابلانمايدۇ»[3] دېگەنىدى. بىز ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر دىنغا مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە

① ئەسەت سۇلايمان: «تراگېدىيە تۇغقان سوئال» — «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 2 - سان، 18 - بەت.
② سىگمۇند فرېئود: «روھىي ئانالىزچىلار يىلنامىسى»، لوندون، 1953 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 5 - جىلد، 148 - بەت.
③ كوئېن: «ئۆزلۈك نەزەرىيىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 344 - بەت.



نەزەر تاشلىساق، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق سىرنى ئۆزىگە ۋاستە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇڭىمۇ گېرمان پەيلاسوپى فېيرباخ: «ئەگەردە دۇنيادا ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ھادىسە مەۋجۇت بولمىغان بولسا، دىنمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى. شۇڭا، تۇنجى ئىلاھ قەبرە بېشىدا بايقالغان»[1] دېگەنىدى. «ئىنجىل»دا خۇدا ئاتا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى جەننەتتە ئەركىن - ئازادە ياشاشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما خۇدا ئۇلارغا «جەننەتتىكى مېۋىلەرنى خالىغانچە يېسەڭلار بولىدۇ، لېكىن ھېلىقى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەڭلار ھەم ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، بولمىسا ئۆلىسىلەر»[2] دەپ جېكىلەيدۇ. بىراق ئىلان شەكلىگە كىرىۋالغان شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇپ، ھېلىقى چەكلەنگەن مېۋىنى يېگۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ جەننەتتىن يەر يۈزىگە قوغلىنىدۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. كېيىنچە بۇ قىسسە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دىمۇ ئەينەن تەكرارلىنىدۇ[3]. ئەنگلىيە ئالىمى فرازېر بۇ قىسسىنى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ توردىكى ئەپسانە - رىۋايەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىنسانلاردا ئۆلۈمنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانە دەپ قارىغان[4]. دېمەك، ئۆلۈم تارىختىن بۇيانقى بارلىق دىنلاردا مۇھىم تېما سۈپىتىدە ئەكس ئەتكەن. بۇددا دىنىدىكى سانسارا (ھاياتلىقتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتلىققا ئۆتۈش) تەلىماتى، «ئىنجىل»دىكى «سەن ئەسلىدىلا تۇپراق،

① ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە — ئۆلۈمگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، ، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 33 - بەت.
② «ئىنجىل. دۇنيانىڭ يارىلىشى» — «تەۋرات. جەننەتتىن قوغلىنىش»، ستوكھولىم، ئىنجىل تەرجىمە ئىنستىتۇتى» 1993 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 35 - ، 36 - ئايەتلەر.
④ جامېس فرازېر: «كونا ئەھدىنامەدىكى فولكلور»، لوندون، ئىنگلىزچە نەشرى، 17 - بەت.

كەلگۈسىدىمۇ تۈپىراققا قايتىسەن»[1] دېگەن بايانلار ۋە «قۇرئان كەرىم» دىكى «هەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»[2] دېگەن ئايەتلەر بىزگە هەرقانداق بىر دىنىنىڭ ئۆلۈم تېمىسىغا ياندىشاي قالمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆلۈمنى مۇهىم ۋاستە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن تەڭلا بىخ سۈرۈپ چىققان سەنئەت ۋە پەلسەپىمۇ ئۆلۈمنى ئۆزىنىڭ مۇهىم تەتقىقات تېمىسى قىلدى. چۈنكى دىن، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەقسىتىمۇ ساددا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ۋە هالاكەتكە بولغان ۋەهىمىلىك سەرگۈزەشتىسى جەريانىدا بىخ سۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۆلۈم ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن تارتىپ، كېيىنكى مۇكەممەل دىنىي دەستۇرلارغىچە، ئىپتىدائىي قىيا تاش رەسىملىرى ۋە دەپنە ئادەتلىرىدىن تارتىپ، بۈگۈنكى زامانىۋى سەنئەتتىكى ئىپادىچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگىچە، شۇنداقلا قەدىمكى سوقراتنىڭ پەلسەپىسىدىن تارتىپ كېيىنكى سپىنوزا، گېگېل، نېتزى قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىگىچە ئىزچىل يوسۇندا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى رۇم پەيلاسوپى سىسېرو ناهايىتى ئېنىق قىلىپ: «پەيلاسوپلارنىڭ پۈتكۈل هاياتى ئۆلۈم ئۈچۈن تەييارلىنىشتۇر»[3] دېگەنىدى.

ئۆلۈم ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئاڭ پائالىيەتلىرىدە شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە شۇنچىلىك ئىزچىل ئىز قالدۇرغان. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ۋە يوشۇرۇن ئېڭىدىكى پسىخىك ئالامىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۆلۈم قانداق قىلىپ ئىنساننىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ

① «كونا ئەهدىنامە. دۇنيانىڭ يارىلىشى»، 3 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال ئىمران، 185 ـ ئايەت.
③ مورتىمېر ئادلېر تۈزگەن «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 143 ـ بەت.



دۇنياسىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئېلىپ قالدى؟ . . . دەرۋەقە، ئۆلۈم بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن يەنىلا بىر سىر. گەرچە بۆرە، ئىت تىپىدىكى سەزگۈر هايۋانلار يەر تەۋرەشتىن بۇرۇن ۋەهىملىك هۇۋلاپ، يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان چوڭ خەۋپ ـ خەتەردىن ئۈركىسىمۇ، چۈمۈلىلەر بوران ـ چاپقۇن بولۇشتىن ئاۋۋال قاتتىق پاتپاراق بولۇشسىمۇ، لېكىن هەقىقىي مەنىدىكى ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ سىرلىق ۋەهىمىسىنى ئەڭ يۈكسەك نۇقتىدا هېس قىلغۇچى يەنىلا ئىنساندۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۆلۈمنى هېس قىلىپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆلۈم ۋەهىمىسىدىن هالقىشتەك ئېستېتىك ۋە پسىخىك ئىقتىدارغا ئىگىدۇر. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولغان سەنئەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئۆلۈم ئېڭىنى ئۆزىگە خېمىرتۇرۇچ قىلىپ كەلگەن. قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى ياۋروپا سەنئىتىگە قايتا هاياتىي كۈچ ئاتا قىلىشى، سەككىز ئەۋلادنىڭ تراگېدىيىسىدىن يۇغۇرۇلغان قىرغىز ئېپوسى «ماناس» نىڭ مىسلىسىز بەدىئىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى نېمىدىن دالالەت بېرىدۇ؟ شۈبهىسىزكى، تراگېدىيە يەنىلا ئۆلۈمنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىلىنىش شەكلى قىلغان. ئىنسان ئۈچۈن دەهشەتلىك ۋەهىمە ۋە قورقۇنچ تۇيۇلغان ئۆلۈم هادىسىسىنىڭ بەدىئىي سەنئەتتە بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىك گۈزەللىك ياكى تراگېدىيە يۈكسەكلىكىگە ئايلىنىشى هەقىقەتەن تەئەججۈپلىنەرلىكتۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىككى، بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۆلۈمدىن قورقۇش، ئەنسىرەش ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، ناهايىتى پىنهان ۋە يوشۇرۇن ئىستەك ئىچىدە ئۆلۈمنى ئويلاش، ئۆلۈمگە تەلپۈنۈش ۋە ئۇنىڭ ۋەهىمىسىدىن هالقىش ئىنساننىڭ يەنە بىر ئالاهىدە غەيرىي تەبىئىتى. ئادەمدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن

ئاڭ بىلەن غوۋا پىسخىك قاتلامنى پەقەت ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەنلا ئىپادىلەش مۇمكىن. ئىنسان ماھىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى قانچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئۇنىڭدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ئەسەبىي ئارزۇ شۇنچىلىك قانائەتلىنىشنى ئىستەيدۇ. خۇددى قەدىمكى بەزى ئەپسانىلەردە ئېيتىلغاندەك: «ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەشنا بولغانلىقىدىندۇر.»[1] تراگېدىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنساندىكى بۇ خىل ئەسەبىي ئارزۇ ھاياتتىكى يۈكسەك زىلزىلە، ئاجايىپ مەنزىرە ۋە ئەقلىي نەتىجىلەرگە قارىغاندىمۇ شېرىن ئازابنى، پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان ھېسسىياتنى ۋە ھەسرەتكە ئورالغان خىيالنى ئۆزىگە كۆپرەك تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، يېقىنقى زاماندىكى بەزى پەيلاسوپلار ۋە پسىخىك ئانالىزچىلار ئۆلۈمنى پەلسەپە ۋە دىنىنىڭ چىقىش نۇقتىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى «پەلسەپىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى»[2] دەپ قارىدى. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئۇدمۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تەتقىقاتىدا، ئىنساندا ھاياتلىق (جىنسىي) ئىقتىدارى ۋە ئۆلۈم ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئالاھىدە ئىقتىدار بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئىقتىدارى نەزەرىيىسىدە، ئورگانىك ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن تەلپىي دەل ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەبەدىيلىك ھالىتىگە قايتىش ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئىپادىلىنىشتۇر. شۇڭا، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا ئۆلۈمدۇر. ئىنسان ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆز ئارا تىركىشىشى ۋە ئېلىشىشى جەريانىدا، تەدرىجىي ھالدا ئۆلۈمگە

① «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ماكمىللان نەشرىيات شىركىتى، نيۇ - يورك، 1987 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 4 - توم، 252 - بەت.
② شوپېنخائۇئېر: «مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ رىيازەتلىرى»، جۇڭگو تىنچلىق نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 149 - بەت.



يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا ئادەمدىن ئىبارەت بۇ يېشىش تەس بولغان ھاياتلىق سىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى[1]. دېمەك، تراگېدىيىلىك زوق ۋە ئۆلۈم ئېڭى ئادەمدىكى تۆۋەن ماھىيەتنىڭ چەكسىز كۈچلۈك، ئەمما نىقابلانغان يوشۇرۇن ئېھتىياجى. شۇڭا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق تېمىنىڭ پەلسەپە تارىخىدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل ئىپادىلىنىشى ئاشۇ خىل يوشۇرۇن ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي پەيلاسوپلار ئۆلۈمنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغۇچىلاردۇر. قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن سوقرات دار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىممەتلىك ھايات - ئۆلۈم قارىشىنى شەرھلىگەن. پلاتوننىڭ «فېدوۋ» (Phedou) ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، سوقرات ئۆلۈمگە قورقۇمسىزلىق بىلەن يۈزلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە «بىر ئادەم تىپ - تىنچ ئۆلۈشى كېرەك»[2] دەپ قەيت قىلغان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، جان (روھ) نىڭ تەن (ۋۇجۇد) كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش جەريانى — تەننىڭ ھەقىقىي ئازادلىقى ۋە روھنىڭ تازىلىنىشىدۇر. شۇڭا، ھەقىقەتنىڭ پارلاق نۇرى روھنىڭ تەندىن ئايرىلىپ چىقىشىدا نامايان بولىدۇ... شۇ ۋەجىدىن سوقرات ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نۇتۇقىدا: «ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى، مەن ئۆلىمەن، سىلەر ياشايسىلەر، كىمنىڭ ماڭغان يولى ياخشى، بۇنى پەقەت تەڭرىلا بىلىدۇ»[3] دەپ خىتاپ قىلغانىدى. سوقرات ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون سوقراتنىڭ ئۆلۈم پەلسەپىسىگە ئوبيېكتىپ باھا بەردى. ئۇ پەيلاسوپلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىۋاتقىنى دەل روھنىڭ مەڭگۈلۈك يۈكسەكلىككە ئۆرلىشى ۋە تازىلىنىشىدۇر. ئۆلۈم مۇشۇ خىل

① «فرېئۇدنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «خۇشاللىقتىن ھالقىش پرىنسىپى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.
② پلاتون: «فېدوۋ»
③ پلاتون: «ئاقلاش»

ئېھتىماللىقىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدۇر، دەپ قارىدى ۋە سوقراتنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھەقىقىي پەيلاسوپلار ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدە مەڭگۈ تېنەپ يۈرىدۇ. ئۇلار بارلىق كىشىلەر ئىچىدىكى ئۆلۈمدىن ئەڭ ئاز قورقىدىغان كىشىلەردۇر»[1] دەپ كۆرسەتتى. مەلۇمكى، قەدىمكى يۇناننىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسى يېڭىدىن گۈللەنگەن رىملىقلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. يۇنان تراگېدىيىلىرىدىن ئىلھاملانغان رىم پەيلاسوپلىرى ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنى كەڭ قانات يايدۇردى. سىسېرو بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. ئۇ ئۆز تەلىماتىدا ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئۇچۇن ئۆلۈم مەزگىلى يېتىپ كەلمىگەن چاغدا، ئۆلۈم بىر خىل تراگېدىيە بولۇپ تۇيۇلىدۇ... مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۆلۈم — تەبىئەتنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا بەرگەن قەرزىدۇر. لېكىن، بۇ قەرزنىڭ قايتۇرۇلۇش ۋاقتى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. ناۋادا تەبىئەت ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشنى خالىسا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداقمۇ رەنجىيەلىسۇن؟...»[2] ئۇ يەنە ئۆلۈمنى ھاياتلىقتىكى مۇقەررەر يول، دەپ قارايدۇ ۋە «بىز ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئالللىقاچان يېتەرلىك ياشىغان بولىمىز. بۇ چاغدا يەنە ياشايمەن دېيىش بىر خىل تېتىقسىزلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۆلۈمنى خۇشاللىق بىلەن تاللىشىمىز كېرەك»[3] دەيدۇ. سىسېرونىڭ ئۆلۈم قارىشى مەلۇم مەنىدە روھنىڭ چەكلىمە ئىچىدىن ئەبەدىيلىك گۈزەللىككە ھالقىشىدا ئىپادىلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ: «ئۆلۈمنى بەزىدە سۆيۈملۈك، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ... چۈنكى ئۆلۈم روھنى مەڭگۈلۈك پارلاق ئالەمگە باشلاپ كىرىدۇ»[4]

---

① پلاتون: «فېدوۋ»
② سىسېرو: «مۇلاھىزىلەر توپلىمى»، I جىلد، 39 ـ بەت. — «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 143 ـ بەت.
③ سىسېرو: «قېرىلىق ھەققىدە»، XXII.
④ سىسېرو: «قېرىلىق ھەققىدە»، XIX.



دەپ جاكارلىدى.

رىم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ياۋروپا پەلسەپىسىمۇ ئاستا ـ ئاستا چۈشكۈنلەشتى. نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياراتقان ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ھالسىرىتىپ، روھىي دۇنياسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل سولدۇرغان چاغدا، ئۇلار ئاخىرقى نەپىسىنى يىغىپ، ئاتلانتىك ئوكيان دولقۇنلىرىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىدى. يېڭى دېڭىز يولى ئېچىش ئۈچۈن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلەر ياۋروپالىقلارنى ئاخىرقى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت بۆشۈكىدە يەتكۈچە تەۋرەنگەندىن كېيىن، XV ئەسىرگە كەلگەندە بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدى: بىز ئىنسان، بىز ئادەم، بىز ئەركىن ياشاشقا مۇناسىپ، پەقەت ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىز ئۆلۈمنى غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئويغاق سەزگۈ ئىچىدە قوبۇل قىلىشىمىز، شۇنداقلا ئۆلۈمنى روھنىڭ ھالقىشى ۋە پارلىشى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھېس قىلىشىمىز لازىم... ئادەم قىممىتىنىڭ قايتا بايقىلىشى دۇنيا تارىخىنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ دەل «گىگانت ئادەملەرنىڭ گىگانت دەۋرى» — ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى ئىدى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن باشلاپ ئۆلۈم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئىزدىنىشلەر يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. دانتى ئەدەبىي ئويغىنىشنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە، ئۆلۈم ئېڭىنى بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىپادە قىلسا، شېكسپېر ئۆز

تراگېدىيىلىرىدە كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى لەختە ـ لەختە قىلىدىغان تراگېدىيىلىك توقۇنۇشلارنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلدى. مەرىپەتچىلىك دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلانغان گېرمان پەلسەپىسىدە، ئۆلۈم سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭ قىزغىن نۇقتىسىغا ئايلاندى. مونتاگنى (1533 — 1592) ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى تېمىلىرىنى كۆپ تەرەپلەردىن ئۆلۈم نۇقتىسىغا يانداشتۇرۇپ شەرھلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ھاياتلىقى تۈرلۈك ـ تۈمەن ساختىلىق ۋە بىمەنىلىكلەرگە تولغان، پەقەت ئۆلۈملا ھاياتتىكى بارلىق ساختىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئەبەدىيلىك نۇر دۇنياسىنىڭ بوسۇغىسىنى ئاچىدۇ. شۇڭا، «ئەڭ ئاخىرقى پەيتلەردە، ئۆلۈم بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا زەررىچە ساختىلىقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ»[1]. مونتاگنى ئۆز تەلىماتىدا ئۆلۈمنى ھەقىقىي بىر قۇتۇلۇش، يەنى جىمىي مەھكۇملۇق ۋە بېسىمنىڭ كونتروللۇقىدىن خالاس بولۇپ، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشىش، دەپ قارىدى. شۇنداقلا «ئۆلگەندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك نۇر ھالىتىگە كىرىش ئۈچۈن ئۆلۈمگە ئادەتلىنىشىمىز، ئۆزىمىزدىكى ئۇنىڭغا بولغان قورقۇنچنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز زۆرۈر»[2] دەپ كۆرسەتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆلۈم — ئادەمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ۋە قايتىش يولى، شۇنداقلا يېڭى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. سەممىيلىك بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلىنىشنىڭ ئۆزى سەممىيلىك بىلەن ھاياتلىققا يۈزلىنىشتۇر. پەقەت ئۆلۈم ئېڭىغا ئادەتلەنگەندىلا، ئاندىن «مەڭگۈلۈك نۇر ھالىتى»گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۆلۈم قۇچىقىمىزنى كەڭ ئېچىپ قارشى ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۆلۈمنى قۇچاقلاش بىر خىل «ئەبەدىيلىك چەكسىزلىك»

① مونتاگنى: «نەسرلەر توپلىمى»، I .
② مونتاگنى: «نەسرلەر توپلىمى»، II .



نى قۇچاقلىغانلىقتۇر. ئەجەبا، «ئەبەدىيلىك»نى قۇچاقلاشنىڭ ئۆزى بىر خىل گۈزەللىك ئەمەسمۇ! ؟ . . .

ژان ژاك رۇسسو (1712 — 1778) بىلەن سپىنوزا (1632 — 1677) مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى ئەڭ كەسكىن ئۆلۈم پەلسەپىچىلىرى بولۇپ قالدى. رۇسسو ئۆزىنىڭ تەلىماتلىرىدا ئۆلۈمنى گۈزەللىك يۈكسەكلىكىگە كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېمىل» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز ئۆزىمىزنىڭ مەڭگۈ ياشىيالمايدىغانلىقىمىزنى، كەلگۈسىدىكى گۈزەل دەقىقىلەرنىڭ ھازىرقى ئازابلىق ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى يېپيېنىك ھېس قىلىمىز»[1] دەپ يازدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ كۈرىشى ئەبەدىيلىك بولۇپ، بۇ كۈرەشتە ھامىنى ئۆلۈم ئۇتۇپ چىقاتتى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سوۋغىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. چۈنكى، ئۆلۈم ھايات چاغدا ھېس قىلىنمىغان بىردىنبىر خۇشاللىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھايات ئازابلىرىغا ئوخشاش ئىنسان سەپىرىدە تولۇق ھېس قىلىنمىغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، رۇسسو ئۆلۈمنى بىر خىل خىيالىي گۈزەللىك ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن گۈزەللىك، دەپ ئاتىدى. سپىنوزامۇ ئۆز تەلىماتلىرىدا ئۆلۈمنى بىر خىل «جازا» بولماستىن، بەلكى «ھەقىقىي شان ـ شەرەپ»، شۇنداقلا «ئەركىنلىك شان ـ شەرىپى»[2] دەپ قارىدى.

مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن، گېرمانىيە پەلسەپىسى پۈتكۈل غەرب پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ قالدى. شوپېنخائۇئېر، گېگېل ۋە نېتزى قاتارلىق بىر تۈركۈم گىگانت شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ سىستېمىلىق پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئارقىلىق يۈكسەك پەللە ياراتتى. شوپېنخائۇئېر ئۆزىنىڭ

① رۇسسو: «ئېمىل»، II .
② سپىنوزا: «ئىلاھىيەت پولىتىكىسى»، XII باب.

ئىرادىچىلىك پەلسەپىسىدە «ئۆلۈم» تېمىسىغا ئەڭ كۆپ يانداشقان شەخس ئىدى. ئۇ ئۆلۈمنى مەيلى پەلسەپە ياكى دىن نۇقتىسىدىن بولسۇن، بىر خىل «قۇتقۇزغۇچى شىپالىق دورا»[1] دەپ قارىدى. شۇنداقلا «ئۆلۈم — پەلسەپىدىكى گۈزەللىك ئىلاھى ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، پەلسەپە روھىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ. سوقرات ئۆز دەۋرىدە پەلسەپىگە ‹ئۆلۈمگە هازىرلىنىش› دەپ تەبىر بەرگەن. دەرۋەقە، ئۆلۈم مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدىكەن پەلسەپىمۇ پەلسەپە بولماي قالىدۇ»[2] دەپ يازدى. نېتزى ئۆز پەلسەپىسىدە ئۆلۈمنى سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ۋە تەھلىل قىلدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە، پەقەت تراگېدىيىلىك مەدەنىيەت ئىچىدىلا ئىنسانلار ئاندىن دۇنيانىڭ ھەقىقىيلىكىگە ياندىشالايدۇ. «دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت سەنئەت هادىسىسى سۈپىتىدە قارالغاندىلا ئاندىن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ»[3] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. نېتزى ئۆزىنىڭ «زوروئاستېر شۇنداق ئېيتىدۇ» ناملىق ئەسىرىدە، مەيلى دېئونىسوس بولسۇن ياكى زوروئاستېر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تراگېدىيىلىك مەدەنىيەت روھىنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىدى ۋە ئۆلۈم ئېڭىنى تراگېدىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تەھلىل قىلدى. شۇڭا، ئۇ كەسكىن هالدا: «ئەي ئۆلۈم، مېنىڭ ئۆلۈمۈم! مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن. بۇ بىر ئەركىن ئۆلۈم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا موهتاج بولغان چاغدا ئۇ ئالدىمغا كەلدى...»[4] دەپ خىتاپ قىلدى. مانا بۇ نېتزىنىڭ ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئۆلۈم پەلسەپىسى ئىدى.

دەرۋەقە، ئۆلۈم — هاياتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك سىناق.

① ② شوپېنخائوئېر: «مۇھەببەت ۋە هاياتنىڭ رىيازەتلىرى» — «ئۆلۈم هەققىدە» ناملىق قىسمىغا قارالسۇن.
③ نېتزى: «قارا، بۇ ئادەمگە!» (Ecco Home) — «دىن ۋە پەلسەپە لۇغىتى»، لوندون، 1989 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 437 -، 438 - بەتلەر.
④ ۋ. كافمان: «مەۋجۇدىيەتچىلىك» — دوستويېۋىسكىدىن سارترىغىچە»، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 106 - بەت.



ئادەم بۇ سىناقتىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ۋەھىمىسىنى باشقا ھەرقانداق شەكىلدىكى تراگېدىيىلىك سىناقلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئادەمدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر خىل ۋەھىمىگە چۆمۈپەردە ئىچىدە مەھلىيا بولۇش، جىملىق ئىلكىدە تەلپۈنۈش ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ ئادەم قەلبىنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىدىغان، پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان تراگېدىيىلىك زوقىدىن لەززەتلىنىش ئىستىكى بولىدۇ. شۇڭىمۇ سانتايانا: «ئۆلۈم بىر خىل ئۇزۇل - كېسىل خۇشاللىقتۇر»[1] دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ خىل ئەسەبىي ئىستەك ئىنساندىكى تۆۋەن ماھىيەت (ياۋايى ياكى ئىپتىدائىي ماھىيەت) نىڭ سوكۇت ئىچىدىكى چۇقانىدۇر. سوقراتتىن سارترىغىچە بولغان غەرب پەلسەپىسى ۋە سەنئىتى ئىنسان روھىيىتىدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنى ھەر خىل شەكىلدە ئىپادە قىلىپ كەلدى.

ئادەمنىڭ ئۆلۈمگە بولغان ھېسسىي تەسىراتى قانداق شەكىلدە ئەمەلگە ئېشىشىدىن قەتئىينەزەر مۇنداق بىر ئەمەلىي تەجرىبىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇ دەل باشقىلارنىڭ ئۆلۈمگە ئۆزى («مەن») نىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ نەزەر تاشلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى «ئەسلىي مەن» (ئەسلىي ئۆزۈم) ئۆلگۈچىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە نەزەر تاشلىغاندىلا، ئۆلۈمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ ۋە پارلايدۇ، شۇنداقلا هاياتلىق مەۋجۇدىيىتىنىڭ مىسلىسىز قىممىتىنى يېڭىۋاشتىن بايقايدۇ. هاياتنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۇرۇش مەقسىتى پەقەت ئۆلۈم سىنىقىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەسلىي ئۆزىدىكى هاياتقا بولغان مۇھەببەتلىك چۇقانىنى ئويغاتقاندىلا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا

① ۋاڭ ۋېيسېن: «قورقۇمسىز قەسىدە — ئۆلۈمگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 32 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قارالسۇن.

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق سىناق ئۆلگۈچىنىڭ تەقدىر بىلەن بولغان ئېلىشىشى جەريانىدا تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى هاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىدۇ.

## 3

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ هالاكەت سىنىقى ئۆز نۆۋىتىدە، ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى بارلىق هېسسىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلىرى ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىگە غايەت زور قوزغاتقۇچلۇق رول ئويناپ كەلدى. ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭىغا بولغان ساددا پوزىتسىيىسىنى ئىپادە قىلدى. خۇددى سىگمۇند فرېئۇد كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۆلۈم هادىسىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسبەتەن چۈشىنىش تەس بولغان سىر ئىدى. بۇ سىر ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى تەپەككۇرغا مەجبۇرلىدى، شۇنداقلا بارلىق تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولدى»[①]. XVIII — XIX ئەسىرلەردىلا ئاندرېۋ لاڭ (Andrew Lang)، فرازېر (Frazer)، فرانز بوئاس (Franz Boas)، مالىنوۋسكىي (Malinowski) قاتارلىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئېقىمىدىكى غەرب ئالىملىرى ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ هايات ـ ئۆلۈم قارىشى هەققىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىگە قارىتا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى. فرازېر ئۆز تەتقىقاتلىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «هەرخىل شەكىلدىكى تەبىئەت دىنلىرى ئىچىدە مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئېتىقادى ۋە ئۆلگۈچىگە تىۋىنىشتەك ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا بۇنچىلىك چوڭقۇر دەرىجىدە تەسىر

① سىگمۇند فرېئۇد: «روھىي ئانالىزچىلار يىلنامىسى»، لوندون، 1953 ـ يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 5 ـ جىلد، 148 ـ، 149 ـ بەتلەر.



كۆرسەتكەن يەنە بىر شەكىل بولۇپ باققان ئەمەس»[①].

ئۆلۈم ۋەهىمىسىنىڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرگە بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى ئۇقۇمى روھنى مەقسەت قىلغان تاشقى شەكىل ۋە رەڭدە ئىپادىلەندى. ئۇلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق سىناقنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تۇرمۇش تەسىراتى ئىچىدە ئېرىشكەن سىمۋوللۇق رەڭ چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىدى. بىر قېتىملىق قان تۆكۈلۈشتىن ئىبارەت ئۆلۈم هادىسىسى ئۇلارنىڭ هېسسىياتىدا مىسلىسىز گاڭگىراش قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۆلۈمنى قانداقتۇر بىر خىل تەبىئىي هادىسە ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاهىدە بىر كۈچنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دېگەن گۇمانىي قاراش شەكىللەندى. ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 — 100 مىڭ يىللار بۇرۇن ياشىغان نېئاندېرتال ئادەملىرىدە ئۆلگۈچىنى ئاڭلىق هالدا دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، ئامېرىكا ئالىمى كارل ساگېن بۇ هەقتە توختىلىپ: «ئالدى مېڭىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ئالدىن بىلىش سەنئىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەتىجىلەرنىڭ بىرى — ئۆلۈمنى ئالدىن هېس قىلىشتۇر. ئىنسانلاردا ئۆلۈم ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى كېچىككەندىمۇ نېئاندېرتال ئادەملىرى ياشىغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ»[②] دەپ كۆرسەتتى. دەرۋەقە، ئالىملارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، ئۆلۈم ئېڭى ۋە ئۇنىڭدىن هالقىش ئىستىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي پسىخىك ئالاهىدىلىكى ئىدى. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ئىنساننىڭ هاياتلىقتىن

① فرازېر: «ئۆلمەسلىك ئېتىقادى ۋە ئۆلگۈچىگە تىۋىنىش»، لوندون، 1961 ـ يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 1 ـ جىلد، 5 ـ بەت.
② سوڭ ياۋلياڭ: «سەنئەتكارنىڭ هاياتىي كۈچى»، 4 ـ بابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ. شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

هالقىغان ئالىي مەخلۇقلۇق سۈپىتىنى تاكامۇللاشتۇردى[1]. ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئافرىقا، ئوكيانىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدىكى بىر قىسىم يەرلىك مىللەتلەردە، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى قىزىل بوياق سۈرتۈپ بويايدىغان دەپنە ئادەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بايقالدى. شۇنىسى ئېنىقكى، قىزىل رەڭ ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم ئېڭى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكى ئەمەس، شۇنداقلا ھاياتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار: «ئۆلۈم بىر خىل ئۇيقۇ» دەپ قارايتتى ۋە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن خۇددى ئۇخلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئويغانغاندەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم تىرىلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. قىزىل رەڭنى ئۆلۈمگە سىمۋول قىلىش ۋە ئۇنى ئۆلگۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاز دېگەندە ئىككى يوشۇرۇن سىمۋوللۇق مەنىنى — ئوت بىلەن قاننى ئەسلىتىدۇ. ئوت — ھاياتلىققا زۆرۈر بولغان نەرسە، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ئېھتىياجى ۋە سىمۋوللۇق بەلگىسى. قان — ئۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئۆلۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ۋە سۈيۈقلاندۇرۇلغان بەلگە. بۇ ئىككىسىلا قىزىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنى ئۆلگۈچى بىلەن باغلاش — ئوتقاشتەك قىپقىزىل ئۇيۇق نۇرى ئىچىدە ۋاقىتلىق ئۆلۈمگە باش قويغان قۇياشنىڭ تاڭ سەھەردە يەنىلا قىپقىزىل شەپەق نۇرى ئىچىدە قايتا تۇغۇلۇشىنى ئەسلىتىدۇ. . . بىر قىسىم ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئاي تۇتۇلۇشتىن ئۆلگۈدەك قورقۇشى، ئۇيۇق چەمبىرىكى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇۋاتقان قۇياشقا قاراپ چەكسىز ۋەھىمە بىلەن مەرسىيە ئوقۇشى، دەل ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىگە بولغان چەكسىز كۈچلۈك ۋە ئاجايىپ يوشۇرۇن مۇھەببەتلىك

① جاڭ ۋېنچۇ: «ئۆلۈم ھەققىدىكى سۆكۈتلۈك ئويلار»، خەينەن نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 29 ـ بەت.



چوقاندۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرى ۋە بەلگە ئېڭى ئارقىلىق ئۆلۈمنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى، دەپ قارىغان. نەتىجىدە ئۇلار قاراڭغۇ زۇلمەت تۈندىن كېيىن پارلاپ چىققان قۇياشقا ئوخشاشلا، ئۆلگۈچىگىمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئېتىقادى نۇقتىسىدىن چوقۇنغان.

ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭى ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ قانىتىنى يەشتى. سېھىرگەرلىك، نەزىر ـ چىراغ، دىن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم تېمىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادە قىلدى. ئۆلۈم ئېڭى ئۆز نۆۋىتىدە سېھىرگەرلىككە جىن ـ ئالۋاستىلارنى، دىنغا ئۆلمەيدىغان روھنى، سەنئەتكە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھاياتنى ئىپادە قىلىش شەكلىنى ھەدىيە قىلدى.

دەرۋەقە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھازىرقى زامان سەنئەتكارلىرىغا قارىغاندىمۇ، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك سىناقنىڭ ئازابى ۋە زىلزىلىسىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە ھېس قىلالىغان. شۇڭا ئۆلۈم ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بولغان ھاياتلىققا ئوخشاشلا چەكسىز ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تاكى يىراق كېلەچەككىچە يەنىلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە ۋە دىننىڭ ئۆلمەس تېمىسى بولالايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ئىپتىدائىي سەنئەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ چوڭقۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھالاكەت سىنىقى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ھاياتنىڭ چەكلىك مەۋجۇدىيىتىدىن ھامان ھالقىپ كېتىدۇ. 1876 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ ئارتامىلا دېگەن يېرىدىن بايقالغان 20 — 30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆڭكۈر تام رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە

ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن بايقالغان قەدىمكى تام رەسىملەر سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. سەنئەت چەكلىك ھاياتنى چەكسىز بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى ئىچىگە سۈرەپ كىرىپ، ئۇنى سانسىزلىغان دەۋرلەردىكى سانسىزلىغان ھالاكەت ۋە يۇقىتىشلاردىن ھالقىتىپ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ نۇرلۇق بېزىكىگە ئايلاندۇردى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئەگەر توپان بالاسى يۈز بەرمىگەن بولسا، شۇنچە زامانلاردىن بۇيان «نوھنىڭ كېمىسى» سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئاجايىپ قىممەتكە ئىگە مۇقەددەس موتىف (ئانا تېما) مۇ بولالمىغان بولاتتى. ئوخشاشلا قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنى ئۆلۈمنى ئالدىن ئويلىمىغان بولسا ياكى جۇڭگو پادىشاھى چىن شىخۇاڭ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىۋالغان بولسا، مىسىر پىرامىدالىرى ۋە ياكى چىن شىخۇاڭنىڭ يەر ئاستى ئوردىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

## 4

قەدىمكى ئەپسانىلەر بارغانسېرى ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن بىمەنە فانتازىيە تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئىنسانلار ئۆتمۈشتىن يىراقلاشقانسېرى ئۆتمۈشنى شۇنچە سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەقلىيلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ياتلىشىش كەيپىياتى ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن مەدەنىيەت كېسەللىكلىرى ئونتۇلغىلى ئۇزاق بولغان ئەپسانىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەسلىمە مېخانىكىلىشىۋاتقان خاتىرىسىگە سالدى.

دەرۋەقە، ئەپسانىلەر بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن يەنىلا بىر سىر. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى بۇ سىرنى تېخىچە تولۇقى بىلەن شەرھلەپ بېرەلىگىنى يوق. ئېھتىمال ئەپسانىنى بىر خىل غايە،



بىر خىل ئېتىقاد، بىر خىل تىۋىنىش، بىر خىل دۇنيا قاراش، بىر خىل يوشۇرۇن ئاڭ، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئەدەبىيات ئەندىزىسى. . . دېيىشمۇ مۇمكىن.

شۇنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئېپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلغان شەكىلدۇر. «ئۆلۈكلەر مەملىكىتى»[1] دەپ نام ئالغان قەدىمكى مىسىردا مەيدانغا كەلگەن «ئۆلۈكلەر مەكتۇبى»، «ئەل ئېھرام تېكىستلىرى» ۋە باشقا قانچىلىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە بولغان چوڭقۇر تەسىراتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇڭا، ئەپسانە تەتقىقاتچىلىرى: «گەرچە مىسىر ئەپسانىلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن تولۇقى بىلەن چۈشىنىلىپ كېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ ئەپسانە تارىخى مىسىر ئەپسانىلىرىدەك بۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان ئەمەس»[2] دەپ قارىماقتا.

«ئوسىرىس» ئەپسانىسىنى قەدىمكى مىسىردىكى ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن، تراگېدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان گۈزەل ئەپسانە دېيىشكە بولىدۇ. «ئوسىرىس» ئەسلىدە يەر ئىلاھى گېب بىلەن ئاسمان ئىلاھى نۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ مىسىرنى گۈللەندۇرۇشكە بەل باغلايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى سېت ئۇنى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھلىقنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوسىرىس ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. سېت ئۆزىنىڭ 72 نەپەر شېرىكى بىلەن بىر ھەشەمەتلىك ساندۇق ياساپ كېلىدۇ ۋە ھەممەيلەننىڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يېتىپ بېقىشىنى، ساندۇق كىمنىڭ بوي ـ بەستىگە مۇۋاپىق

① ② داۋىد لىمىڭ / ئېدۋىن بېلدا: «ئەپسانىشۇناسلىق»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 1 ـ بۆلۈم، 3 ـ بەت.

كەلسە، شۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. نۆۋەت ئوسىرىسقا كەلگەندە، ئۇنىڭ بوي - بەستى بىلەن ساندۇقنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوپمۇئوخشاش چىقىپ قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ ساندۇق ئوسىرىسنىڭ بوي - بەستىگە مۇۋاپىق ياسالغانىكەن. ئوسىرىس ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يېتىشىغا، سېت ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى چىڭ مىخلاپ، ئۇنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىدۇ. ساندۇق نىل دەرياسىدا خېلى ئاققاندىن كېيىن، قىرغاققا چىقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپادار ئايالى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە جەسەتنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىچە ئۆلمىگەن ھاياتلىق ئۇرۇقىدىن غايىبانە ھامىلدار بولۇپ، نىل دەرياسى ۋادىسىدا ئوغلى خورۇسنى تۇغىدۇ. خورۇس چوڭ بولغاندىن كېيىن، سېت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ كۈرەشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ غەلىبە قىلىدۇ ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنى يۇدۇۋېلىپ ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. لېكىن، ئوسىرىس بۇ ئالەمدە قايتا ياشاشنى خالىماي، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇ دۇنياغا قايتىدۇ①...

دېمەك، ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى ۋاقىتلىق ئۆلۈم بولۇپ، ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەك - شۈبھىسىز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەپسانە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ مەدەنىيەت قىممەت قارىشى ۋە ھايات - ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر ئىپادە قىلغانىدى. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئوسىرىسنىڭ روھى پۈتكۈل تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىغا — ئورمانلارغا، دەرەخلەرگە، ياپيېشىل مايسىلارغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەنە ئاشۇ تەبىئەت جىلۋىسىدە ئۇنىڭ روھى ھەر ۋاقىت ئايان بولۇپ تۇراتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئوسىرىسنىڭ ئوبرازى قايتا تىرىلىشكە ۋە مەڭگۈلۈك

① ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە — ئۆلگۈچىگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 14-، 15 - بەتلەر.



ھاياتلىققا سىمۋول قىلىنىدىغان بولدى. ھەتتا قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن فىرئەۋنلىرىنى ئوسىرىسقا ئوخشىتىدىغان بولدى. قەدىمكى «ئەل ئېھرام تېكىستلىرى»دە ئۆلۈپ كەتكەن فىرئەۋنىنى «ئوسىرىس» دەپ ئاتىدى. تېخىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مىسىر يازمىلىرىدا، ھەرقانداق بىر ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا چوقۇم «ئوسىرىس» دېگەن نام قوشۇلۇپ يېزىلىدىغان بولدى. دېمەك شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى مىسىرلىقلار ئوسىرىسنىڭ قايتا تىرىلىشىدەك موتىف ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى تراگېدىيە يۈكسەكلىكى نۇقتىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان. بۇ ھەقتە بۈگۈنكى زامان تۈركىيە ئالىمى ئابدۇل كايىپس ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى گەرچە پاجىئەلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى ئاجايىپ گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ تىرىلىشى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى مىسلىسىز قىممەتكە ۋە يېڭى مەنىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ چىقىپ، يېڭى بىر مەنزىرە ياراتقان. شۇڭا، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆلۈمى ئەمەلىيەتتە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئۆلۈم ئىدى»①.

قەدىمكى مىسىر دۆلىتىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوسىرىس ھەققىدىكى ئەپسانىلەر نىل دەرياسى ھاۋزىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالدى. ھەتتا يۇنان ئەپسانىلىرى «ئوسىرىس تىپى»دىن ئەندىزە ئېلىپ، ئوسىرىس بىلەن دېئونىيسوسنى، ئىسىس بىلەن دېمېترىنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ تاشلىدى. رۇم دەۋرىگە كەلگەندە، ئاپىنىن يېرىم ئارىلىدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدا

① ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە — ئۆلگۈچىگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى»، 16 - بەت.

مۇنداق بىر گۈزەل ناخشا تارقالدى:

سانسىز قېتىم تەلپۈنەتتىم، ئىستەيتتىم،
نىسىپ بولسا ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى.
شادلىنىشى پاك روھىمنىڭ — چۈنكى ئۇ،
بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ ئۆتكىلى[1]

دېمەك، ئوسىرىسنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئەپسانە ئىنسانلارنىڭ ھاياتتا بولغان مەڭگۈلۈك ئارزۇسى سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھالاكەت ئىچىدىن ھاياتلىق قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۆلۈم تراگېدىيىسى ئىچىدىن ھاياتتا بولغان مۇھەببەتلىك چۇقاننى ئويغىتىش ئىستىكىنى نامايان قىلغان.

قەدىمكى سومېر - بابىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىمۇ ئۆلۈم ھەققىدىكى تۈرلۈك ئىزدىنىشلەر كەڭ قانات يايدى. مېسوپوتامىيە(Mesopotamia)، يەنى غەربىي ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ۋادىسى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ جايدا ئەڭ بالدۇر ياشىغان سومېرلار، ئاككادلار ۋە بابىللىقلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئەپسانىلىرىدە، ئۆلۈم ۋە ھالاكەتكە بولغان چوڭقۇر تەسىراتىنى ئىپادە قىلدى. دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئېپوسلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىۋاتقان «گىلگامىش»نىڭ دەسلەپكى شەكلىمۇ سومېرلار دەۋرىدىلا مەيدانغا كەلگەنىدى. كېيىنچە سومېرلارغا ۋارىسلىق قىلغان بابىللىقلار مەزكۇر ئېپوسنى تېخىمۇ بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «گىلگامىش» ئېپوسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلغان، سومېر - بابىل مەدەنىيەت پىسخىكىسى جۇغلانغان يوشۇرۇن ئاڭنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرگەن گىگانت

① ۋاڭ ۋېنبىن: «قورقۇمسىز قەسىدە — ئۆلگۈچىگە تېۋىنىشنىڭ ئانالىزى» 17 - بەت.



ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 1873 - يىلى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىنىڭ ئاددىي خىزمەتچىسى گېئورگى سىمىت(Georse Smith) قەدىمكى بابىل خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان لاي پۈتۈكلەردىكى مۇرەككەپ يازمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇپ چىقتى. 12 پارچە لاي پۈتۈككە پۈتۈلگەن بۇ يادىكارلىقتا «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسى ۋە «ئىنجىل»دىكى نوھ بىلەن توپان بالاسىنىڭ ئانا سۈژىتى ساقلانغانىدى. گېئورگى سىمىتنىڭ يېڭى بايقىشى ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، شۇنداقلا «ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن سومېر - بابىل مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارغا يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇپ بەردى...»[1]. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلىم ساھەسىدە توپان ئەپسانىسىنىڭ سومېر - بابىللىقلار تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىسىدە خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى كەسكىن بەس - مۇنازىلەر باشلىنىپ كەتتى. «گىلگامىش» ئېپوسىنىڭ پۈتكۈل سۈژىت راۋاجىدا باشتىن - ئاخىر ئۆلۈم ئېڭى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلىنغانىدى. بولۇپمۇ ئېپوسنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا باش قەھرىمان گىلگامىشنىڭ دوستىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولۇشى، ئۆلۈم ھەققىدە تۇنجى قېتىم كەسكىن ئويلىنىشى، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىشى، سەپەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ باقىي دۇنيادىكى ئەجدادى ئۇتناپىشتىم (Utnapishtim) نى تېپىشى ۋە ئۇنىڭدىن توپان ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تاپقانلىقى ۋە ئۇنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گىلگامىش دۇنيا يازما ئەدەبىيات تارىخىدا

① يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش». — «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇھاكىمە مۇنبىرى»، 1986 - يىل، 1 - سان، 33 - بەت.

ئۆلۈم ھەققىدە ئەڭ كەسكىن ئويلانغان تۇنجى بەدىئىي قەھرىمان ئىدى. شۇڭا، بەزى ئالىملار «گىلگامىش» ئېپوسىنى «باشتىن - ئاخىر بىر ھازا قوشىقى، شۇنداقلا مېسوپوتامىيىدە كۆرۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ئەندىزىسى»① دەپ ئاتىدى.

ھىند - گانگ دەريا ۋادىلىرىدا ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ياراتقان ھىندىلاردا ھەم ئۆلۈم ھەققىدىكى رەڭگارەڭ ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇددا ۋە ھىندى دىنىغا ئوخشاش ئانىلىق (ئاياللىق) دىنىي مەيدانغا كەلتۈرگەن ھىندى تۇپرىقىدا ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئاجايىپ نەپىسلىككە ئېرىشكەنىدى. ھىندى دىنىنىڭ كلاسسىك دەستۇرى «ئۇپانشاد»تا خاتىرىلەنگەن قانچىلىغان ئەپسانىلەردە، ناشېكېتقا ئوخشاش ئۆز جىسمىنى يوقىتىپ، تەن كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، چەكسىز روھىي پارلاقلىققا ئېرىشىشنى ئىستەيدىغان سانسارا (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتقا ئۆتۈش) ۋە نىرۋانا (ھايات - ئۆلۈمدىن خالىي ھالەتكە ئۆتۈش) تەلىماتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن شەرقچە پىكىرلەر ئىپادە قىلىنغانىدى.

ئازابلىق سوكۇنات ۋە چەكسىز سەۋر - تاقەت ئىچىدە يۈرەكنى لەختە - لەختە قىلىدىغان ۋە ئىچكى ھاياجان بىلەن تولغان ئۆلۈم ئەپسانىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن سىرلىق تۇپراقنىڭ بىرى — شەرقتىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەل جۇڭگو ئىدى. توققۇز قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، بىرىنى قالدۇرۇپ قويغان ۋە ئۆز ئېلىنى ئەمىن تاپتۇرغان پالۋان يى (羿) غەربىي بۇزرۇكۋار ئانا (西王母) دىن مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىغا ئېرىشكەن بىر پەيتتە، ئايالى چاڭئې (嫦娥) ئۇنى ئوغرىلىقچە

① نىلسېن (N. O. Nielsen): «دۇنيادىكى دىنلار»، 1983 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، 55 - بەت.



يەۋېلىپ ئايغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئايدا ناھايىتى غېرىبانە ھايات كەچۈرىدۇ... توققۇز قۇياشنى ئاتقان داڭدار پالۋان يى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر سىرتمىقىدىن غالىب كېلەلمىدى؟ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ دورىسىغا ئېرىشىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى يوقىتىپ قويۇش ۋە ئەپسۇسلىنارلىق ئازابقا مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئۆزى جۇڭگوچە ئۆلۈم ئەپسانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. «جىڭۋېينىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى» دەك بۇنداق تۈگىمەس ئازاب ۋە چەكسىز قىساسكارلىق مۆتىدىل ئىقلىمنىڭ نەم ۋە سۇلۇق شارائىتىدا شەكىللەنگەن ھۆل خاراكتېردىكى يىراق شەرقلىقلەرنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا تولىمۇ ماس كېلەتتى. جۇڭگو ئەپسانىلىرىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان ھەسرەتلىك خىيال بىلەن ئىچكى ئازاب باشقا خەلقلەر ئەپسانىلىرىدە ئاز كۆرۈلەتتى. غەرب ئەپسانىلىرىدىكى ھالاكەتكە قارشى تەۋەككۇلانە روھ ئۇلار ئۈچۈن يات بولغان غەيرىي پسىخىك ھالەت ئىدى. ۋاڭ شياۋخۇا ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «بۇ مىللەت، غەرب مىللەتلىرىدەك، يۈرەكنى ئېزىدىغان تراگېدىيىلەردىن ۋە ئاجايىپ يۈكسەك گۈزەللىكتىن زوقلىنىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ نەپىسرەك تراگېدىيە ئېستېتىكىسىغا، تېخىمۇ سىلىقراق غىدىقلاشقا ھەم ئازابقا بەكرەك ھەۋەس قىلىدۇ. ئۆز ئەجدادىنى كاۋكاز تاغلىرىنىڭ تىك قىياسىغا باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاز قورغۇينىڭ چوقۇپ يېيىشىگە تۇتۇپ بېرىش؛ ئودىپوسنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي دەپ، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىسىنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۆز كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېلىشىدەك كۆرۈنۈشلەر بۇ شەرق مىللىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا چېكىدىن ئاشقان رەزىللىك ۋە تولىمۇ ئازابلىقتۇر...»①. شۇڭا، ئۆلۈم ئېڭى ۋە تراگېدىك تەقدىرگە بولغان ئېستېتىك

① ۋاڭ شياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ». — «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 3 - سان.

تەلەپ ياكى پسخىك مايىللىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتا ئىپادە قىلغان پسخىك قۇرۇلمىسى تىپىك ئاسىياچە ئەندىزىگە ياتاتتى. مۇشۇ مەنىدىن جۇ داكې ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئازابىنى تىپىك «ئاسىياچە ئازاب» ، يەنى «هۆل ۋە سوكۇتلۇك ئازاب» دەپ ئاتىدى. «سوكۇت ئىچىدىكى ئازاب گويا دېڭىز سۈيىگە ئوخشاش چەكسىز ، غۇۋا ۋە تىنىمسىز بولۇپ، زامان ئېقىمى ئىچىدە ئەبەدىي دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆز مۇھىتى ئىچىدىكى هاياتلىقنى توختاۋسىز هالدا هۆلدەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئۇ ياۋروپاچە ئازاب بىلەن روشەن سېلىشتۇرما هاسىل قىلغان، چۈنكى، ياۋروپاچە ئازاب سۇغا ئوخشاش هۆللۈك هالىتىدە بولماستىن، بەلكى يۇكسەك دەرىجىدە پارلاپ ۋە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان يالقۇن كەبى ئازابتۇر؛ ئۇ سوكۇت ۋە ئىچكى تەشۋىشلەردىن خالىي، ئۆزىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئاشكارە قىلالايدىغان ئازابتۇر؛ ئۇ ئايلانما ۋە خىرە هالەتتە ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل ۋە دەل شەكىلدە راۋاجلىنىدىغان ئازابتۇر؛ ئۇ يەنە نەم، زەي ۋە يۇمشاق هالەتتە ئەمەس، بەلكى تىغدەك ئۆتكۈر، كۆيۈشمە هالەتتىكى ئەسەبىي ئازابنىڭ روهىدۇر. مانا بۇ سۇ خاراكتېرىدىكى ئاسىياچە ئازاب بىلەن ئوت خاراكتېرىدىكى ياۋروپاچە ئازابنىڭ پەرقى»[1]. شۇڭا، تارىختىن بۇيان جۇڭگو ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە ئۆلۈم، هالاكەت ۋە ئازابقا بولغان پسخىك پوزىتسىيە بىر خىل تۇمان كەبى خىرە هالەتتە ئىپادىلىنىپ كەلدى. «بۇ مىللەتنىڭ تراگېدىيە پسخىكىسىدا، ئۇلارنى سۆيۈندۈرىدىغىنى زىلزىلە ئەمەس، بەلكى ئازابتۇر. هېسسىياتنى پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇش ئەمەس، بەلكى شېرىن زارلىنىشتۇر»[2]؛ دەرۋەقە، جۇڭگولۇقلارنىڭ تراگېدىك تۇس

① ②جۇ داكې: «ئاسىياچە ئازاب ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئەندىزىسى» — «ئەبەدىيەت قوۋۇقىنى قايتا چېكىش» ناملىق توپلامغا قاراڭ. شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1994 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 74 - بەت.



ئالغان ئۆلۈم ئەپسانىلىرىدە يۈرەكنى پارە - پارە قىلىدىغان سۇرلۇك - شىددەتلىك تۇس يوق، يەر جاهاننى زىلزىلىگە سالىدىغان هەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر يوق، بەلكى مەڭگۇ تۈگىمەيدىغان نالە - پەرياد، ئاهۇ زار ۋە قايغۇ - هەسرەت بىلەن ئورالغان ئەبەدىيلىك ئازاب مەۋجۇت. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتا ئىپادە قىلغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە مىللىي روهىيىتى باشتىن - ئاخىر قايغۇغا بولغان هەزىمچانلىقى ۋە ئازابقا بولغان تەشنالىقىدا ئىپادىلەندى. چۈنكى، هۆل هالەتتە خاراكتېرلىنىدىغان «ئاسىياچە ئازاب» نىڭ ئۆلۈم ئېڭىغا بولغان يوشۇرۇن پوزىتسىيىسى ، ئۆز قەلبىنى ئۆز ئازابلىرى بىلەن مەڭگۇ بەنت قىلالايدىغان بۇ شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەنىدى . شەرقىي دېڭىزدا يۇيۇنۇۋېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن نۇيۋا قىز قانداق قىلىپ جىڭۋېي قۇشقا ئايلىنىپ قالدى ؟ بۇ كىچىككىنە قىساسكار قۇش ئاغزى بىلەن غەربىي تاغدىن بىر تال ، بىر تالدىن تاش - شېخىل ئەكىلىپ شەرقىي دېڭىزنى قاچان تىندۇرالايدۇ؟ سەددىچىنىدىكى مىڭ جياڭنۇنىڭ ئەلەملىك يىغىسى قاچان توختايدۇ؟ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى يەۋالغان مەلىكە چاڭ ئې ئايدا نېمە ئۈچۈن خۇشال - خورام ياشىيالمايدۇ؟ . . . مانا بۇ جۇڭگو ئەپسانىلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەكرار - تەكرار بايان قىلىپ كەلگەن، ئەمما مەڭگۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن سوئاللاردۇر. ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ هۆل - يېغىنى كۆپ، كېلىماتى نەم، ناتۇرال ئىگىلىكى راۋاجلانغان شارائىتىدا، شەرقچە تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن تويۇنغان، ئانىلىق (ئاياللىق) خاراكتېرىدىكى بۇددىزم ۋە تويونىزم ( 道教 ) ئەقىدىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە تراگېدىيە پسخىكىسى بىلەن ياۋروپاچە (ئودىپۇسچە) كۆيۈۋاتقان ئازاب ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك سېلىشتۇرما مەۋجۇت ئىدى.

# 5

كۆپ ئېرالار ئالماشتى، تالاي ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى. . . رىقابەت بىلەن تەرەققىياتنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلغان ھاياتلىق تارىخى قانچىلىغان كۈن - تۈنلەرنى ئاستا - ئاستا كەينىدە قالدۇرۇپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى. گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ ئۇزۇن ئېقىمدا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتى كۈچى ئارقىلىق تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى. يەنە نۇرغۇن مىللەتلەر دەۋرلەرنىڭ شاللىشى نەتىجىسىدە بارا - بارا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالدى. لېكىن، تارىختا شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق بولدۇكى، قاتتىق ھالاكەت سىناقى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلمىگەن مىللەتلەر ھامان چۈشكۈنلەشتى. بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاكەتلىك سىناقلار ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنالىغان مىللەتلەرلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىدى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلالىدى. توپان بالاسىدىن كېيىن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىدىن ئەمدىلا قۇرۇقشا باشلىغان تۇپراققا ئېھتىيات بىلەن دەسسىگەن نوھ نىڭ ئۈچ ئوغلى — ھام، سام، ياپەسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قانداق قىلىپ كېيىنكى مەدەنىيەتلىك دۇنيانى قۇرۇپ چىقالىدى؟

دەرۋەقە، پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان توپان ئاستا - ئاستا بېسىقتى. تەخمىنەن توققۇز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆلچىلىك ئاخىرلىشىپ زېمىن قۇرۇدى، كۆك كەپتەرنىڭ زەيتۇن شېخى چىشلەپ ئۇچۇپ كېلىشى، ئىنسانىيەتنى مىسلىسىز ئۇلۇغ دەۋرگە باشلاپ كىردى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى كېمىسىدىن توپان بالاسىنىڭ شاھىدلىرى — يەنى



چۆچىگەن، ئۇزۇل - كېسىل ئويغانغان، يېڭىچە ھاياتى كۈچكە ئېرىشكەن ۋە روھىي جەھەتتىن پارلىغان ئىنسانلار تۇغۇلدى. ئامېرىكا فولكلورشۇناسى ئالان داندېس (Alan Dundes) توپان ئەپسانىسىنى ھامىلىدارلىق ئەپسانىسى دەپ قارىدى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ روھىي جەھەتتىن قايتىدىن تۇغۇلۇشى دەپ كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «مۇبادا سىز نوھ ئەلەيھىسسالام رىۋايىتىنى ھامىلىدارلىق ئەپسانىسى دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھالدا بالىياتقۇ شەكلىدىكى كېمىنى ئەرلەر ياسىغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىلا، ئاندىن توپاننىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن. مانا بۇ نۇقتىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ»[1] توپان بالاسىنىڭ شاھىدلىرى ئاشۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ غايەت زور ۋەھىمىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمىدى ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئورۇغ قىلىپ تېرىدى. نەتىجىدە ئاشۇ قېتىمقى مىسلىسىز ھالاكەتنىڭ زەربىسى ئىنسانلارغا غەپلەت ئۇيقۇسى ئەمەس، بەلكى ئويغاق سېزىم ئاتا قىلدى. ئالەمگە مەشھۇر مىسىر، بابىل ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئاشۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ زەرداپ سۈيىدىن بىخ سۈرۈپ چىقتى. . . شۇڭا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە توپان ئەپسانىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا.

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ بىپايان دالىلىرىدا ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ياراتقان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە تراگېدىيە پىسخىكىسى يېقىنقى زامانلارغىچىلا دۇنيا ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن ئېچىلمىغان بوز سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى. XVIII ئەسىرنىڭ

① ئالان داندېس: «دۇنيانى سۇ ئاستىدىن قۇتقۇزغۇچىلار — ئەپسانە دەۋرىدىكى ئەرلەرنىڭ ياراتمىشى» - «مىراس» ژۇرنىلى، 1994 - يىل، 1 - سان، 58 - بەت.

ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ نەزەر ـ گۆزىرى بۇ خىلۋەت بوزغا قانچىلىك مەركەزلەشكەنسېرى، ئۇلار شۇنچىلىك ھەيرانلىقتا قالدى. چۈنكى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي باللىق روھىي ماھىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى سان ـ ساناقسىز يوشۇرۇن ئەۋرىشكىلەر تولۇپ ياتاتتى. ئۇچقۇر ئاتلىرى ۋە ياۋايى جاسارىتىگە تايىنىپ ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى ئۇزۇن مەزگىل پاراكەندە قىلغان بۇ يايلاق مىللەتلىرى نېمە ئۈچۈن تارىخ سەھنىسىدىن بىر ـ بىرلەپ چۈشۈپ قالدى؟ ئۇلارنىڭ ھەم شەرقچە ھۆل خاراكتېرغا، ھەم غەربچە كۆيۈشمە خاراكتېرغا ياتمايدىغان يوشۇرۇن پسىخىك ماھىيىتى قانداقلارچە مەدەنىيەتلىك دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى؟...

دەرۋەقە، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى شىۋاق ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان بۇ سىرلىق زونىدا ئىلىم ساھەسى ئۈچۈن تېخى جاۋابسىز سوئاللار تولۇپ ياتاتتى. ئۇلار شەرقتىكى چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان تېرىمچى مىللەتلەر بىلەن غەربتىكى شەھەر ـ قەلئە ۋە دېڭىز مەدەنىيىتى ياراتقان ياۋروپا مىللەتلىرىدەك ئۆز تارىخىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ كۈچتۈڭگۈر جىسمى ۋە قاۋۇل بەستى ئېكىن ئاھالىلىرىنىڭ زىلۋا قامىتىگە كۈچلۈك مەھلىياھ بولغىنىدەك، ئانا تەبىئەت يېتىلدۈرگەن چۈس ۋە قارام پسىخىك خاراكتېرىمۇ تېرىم خەلقلىرىنىڭ رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ روھىي ماھىيىتىنىڭ قاتتىق غىدىقلىشىغا ئۇچرىدى. شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئاخىر ئۆزى ئاۋۇغان زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالماي، ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ، دوناي دەرياسى ۋادىسىغا سىڭىپ كېتىشى، ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆك تۈركلەرنىڭ ئۇزاق كۆچۈشلەرنى



بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرىدا رۇم مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئاناتولىيىگە ماكانلىشىشى؛ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا باش كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ 840 ـ يىلدىن كېيىن تەڭرىتاغ ۋە تارىم ئېتەكلىرىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېلىشى؛ يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا كۈچەيگەن قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىق كۆل بويىغا قايتىپ كېلىشى؛ XIII ئەسىردىن كېيىن، ياۋروپا ـ ئاسىيا داللىرىنى تىترەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئاستا ـ ئاستا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئاشۇ سىرلىق زونىدا پەيدا بولۇپ ۋە گۈللىنىپ، يەنە ئاشۇ زونىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ!؟

شۈنىسى ئېنىقكى، يايلاق مەدەنىيىتىگە ئىگە چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ تېرىم ۋە شەھەر مەدەنىيىتى ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى، ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. دۇنيا قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىدا ئىپادە قىلغان روھىي ماھىيىتى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ قارىمۇ قارشىلىقلار ئىچىدىن بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە ھالاكەت تۇيغۇسىغا بولغان تراگېدىيە پسىخىكىسى ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىدا چوڭقۇر ئىپادە قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋا كېلىماتى، ھۆل ـ يېغىنسىز قۇرغاق ئىقلىمى، تىنىمسىز كۆچمەن ھايات ۋە توختاۋسىز ئۇرۇش ـ تالاشلار ئۇلاردا مۆتىدىل بەلباغلاردىكى تېرىم ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەر بىلەن زادىلا ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلاردىكى ئات ئۈستى مەدەنىيىتىگە خاس قىزىققان پسىخىكا ئىپادە قىلغان ئۆلۈم ئېڭى

ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىگە خاس ئۆلۈم ئىدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇغ ـ قوۋمىغا قويىدىغان تىراگېدىيە ئېستېتىكىسىمۇ قەھرىماندەك تۇغۇلۇپ، قەھرىماندەك ئۆلۈش ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ھۆل ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان ھالەتتىكى غوۋا، تىنىمسىز، پىنھان ئازاب شۈبھىسىزكى، يات پىسخىك ھالەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھالاكەت سىناقلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى يا قەھرىمانلارچە غالىبلىق، يا قەھرىمانلارچە ئۆلۈم ئىدى. ئۇلار دەھشەتلىك ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازى ئىدىكى، باش ـ ئايىغى چىقمايدىغان، مىسكىن، يېپىشاڭغۇ ئازابنى زىنھار خالىماتتى، شۇڭىمۇ قەھرىمان ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئېيتىلغان قەدىمكى ھازا قوشاقلىرىدىكى يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قىلىدىغان ئازابلىق مىسرالار بىلەن مەڭگۈ تاشلاردىكى تۈرك قوۋمىنىڭ باتۇر كۆلتېگىننىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تىلىپ ھازا ئاچقان دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئانا قورسىقىدا غايىبتىن تۆرىلىشى، غەيرىي نورمال ھالەتتە تۇغۇلۇشى، قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى، ئەڭ ئاخىر قەھرىمانلىق بىلەن ئۆلۈشىدەك بىر قاتار قەدىمىي مۇتىفلار ئۇلارنىڭ مىللىي روھىدىكى تىراگېدىيە پىسخىكىسىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدىكى سەككىز ئەۋلاد قەھرىماننىڭ پاجىئەسى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» ئېپوسىدىكى جاڭغىرنىڭ تىراگېدىيىسى ۋە ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى، ھۇن شاھزادىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئېتىنى، سۆيۈملۈك ئايالىنى ۋە ئەڭ ئاخىرى ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، خانلىق سەلتەنىتىنى تارتىۋېلىشىدەك كۆرۈنۈشلەر قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تىراگېدىيە ئېستېتىكىسىدىكى يۈكسەك گۈزەللىك



بولۇپ قالدى؟

دەرۋەقە، ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئىز ـ تىنسىز غايىپ بولدى. مەدەنىيەت دەۋرى ئېلىپ كەلگەن ئەقلىي كامالەت ۋە پەلسەپىۋى روھ جاسارەت بىلەن شېئىرىي تۇيغۇنى مىسلىسىز دەرىجىدە سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىق تۇيغۇلىرى تېرىم ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇمشاق ۋە جەلپكار قوينىدا روھىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلدى. كونا قۇرۇقلۇقتا تەخمىنەن XIV — XV ئەسىرلەردىن كېيىن، كۆچمەن يايلاق قوۋملىرىنىڭ تارىخىي سەلتەنىتى ئاخىرلاشتى. ئۇلار چوڭ دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ يۇمشاق مەدەنىيىتى ۋە ئاياللىق خاراكتېرىدىكى دىنلىرىنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى بىلەن خۇددى ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك ئۆز خاراكتېرىدىكى ئەرلىك گېنلىرىنى، مىللىي پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ تۈگمىنىگە سىڭدۈرۈۋەتتى. چۈنكى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت ھامان ھېسسىيات جەھەتتىن قارشى جىنسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. مۇتەئەسسىپ، ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلگەن ۋە ئۆزىدە تەمكىن خاراكتېر يېتىلدۈرگەن تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئالدىدا، يايلاق خەلقلىرى گوياكى بىر ياش بالا بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىققان، ھېسسىياتقا باي ۋە قارام پىسخىك خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداشقا دال بولالمايتتى. نەتىجىدە ئۇزاق مۇددەت سۈركىلىش، غىدىقلىنىش، ئۆتۈشۈش ۋە تىنىمسىز زەرەتلىنىش جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئازاب ۋە ئۆلۈم ئېڭىغا بولغان پىسخىك سەزگۈسىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

## 6

مىللىتىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇزۇن تارىخنىڭ پارلاق بىر سەھىپىسىنى قەھرىمانلىق روھى بىلەن تويۇنغان ئورخۇن دەۋرى تەشكىل قىلىدۇ. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئورخۇن دەۋرىگە ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ۋە باشقا تارىخىي ۋەسىقىلەر ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرىنىڭ ئاددىي، قۇرۇق ۋە ئۆلۈك ھالەتتە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ئەجدادلىرىمىزدا پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋە ئەقلىي خۇلاسە تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنى ئەرلىك خاراكتېردىكى ئىپتىدائىي دىن — شامانىزىم روھىدىن قاناتلانغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بىر مىللەتتە پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى ۋە مۇقىم ئولتۇراق ھايات زۆرۈر ئىدى. شىمالىي ئاسىيا رايونىدا پەيدا بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ياۋايى جاسارىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن بىر مەھەللىك سەلتەنىتىدىن كېيىن، نۇقۇل ھېسسىيات مىللىتى سۈپىتىدە ئەقلىيلىك دەۋرىگە كىرگەن ئىنسانىيەت تارىخى تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىشى شۇ سەۋەبتىندۇر.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكى : «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ»[1] دېگەن قۇرلار ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى

① «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 1 - قۇر.



مۇلاھىزىلىرىنىڭ تەدرىجىي تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. چۈنكى، دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى مەسىلە، تارىختىن بۇيان پەلسەپىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ كەلگەنىدى. مەڭگۈ تاشلاردىكى ئاسمان، زېمىن ۋە ئادەمنىڭ يارىلىشىدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە پارالېللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسان قىممىتى قارىشىدىكى بىر چوڭ سەكرەش ئىدى. ئورخۇن دەۋرىدە شامانىزىم بىر خىل ئەرلىك دىن سۈپىتىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەر مىللەتلىك خاراكتېرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شامانىزمنىڭ ئەقىدىسى روھ ئۆلمەيدۇ دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئادەم بەدىنى روھ بىلەن تەندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپاتتى. روھ تەندە ۋاقىتلىق تۇراتتى. روھ بەدەندىن ئايرىلىپ چىققان ھامان تەنمۇ ئۆلەتتى. روھ قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئادەم قايتا تىرىلەتتى. شۇڭلاشقا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا باش قەھرىمان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەلۇم قۇش ياكى ھايۋانغا بەنت قىلىۋېتىلگەن روھى قايتىپ كەلگەن ھامان، قەھرىمان قايتا تىرىلەتتى. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىشتەك قەھرىمانلىق ئېڭىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز ئۆزىگە خاس ھايات - ئۆلۈم قارىشىغا ئىگە ئىدى. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغان ئىنىسى كۆلتېگىننىڭ ئۆلۈمىگە چەكسىز قايغۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئۆلۈمىگە بولغان مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ: «ئىنىم كۆلتېگىن قازا تاپتى. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم. كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى. ئەقىل - ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم. زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ). ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن. شۇنداق ئويلىدىم. كۆزۈمگە ياش

كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزۈمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم »[1]. دەرۋەقە، زامان چەكسىزلىككە ئىگە، ئۇ مەڭگۈ ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. شامان ئەقىدىسىدىن قارىغاندا، تەڭرىمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە. چۈنكى «خاقانلارنى تەختكە چىقارغان، تۈركلەرنى زەپەر قۇچتۇرغان، پالاكەتلەردىن قورۇغان تۈرك تەڭرىسى — كۆك تەڭرى »[2] ئىدى. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز زامان بىلەن تەڭرىنى مەڭگۈلۈك چەكسىزلىك سۈپىتىدە قارىغان . ھالبۇكى، ئىنسان ئۆلۈش ئۈچۈن يارالغان، ئۆلۈم بولغاندىلا تۇغۇلۇشمۇ بولىدۇ، ھاياتلىقنىڭ ئىزچىللىقى ئۇنىڭ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدا دەپ ھېسابلىغان.

شۇڭقار بىلەن بۆرە ئۆز دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بۈيۈك سىمۋوللار ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسلىق توتېم سۈپىتىدە شۇڭقار بىلەن بۆرىگە تېۋىنغان. ھەتتا مىلادىيە 789 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى خەنزۇچە قايسى خەتلەر بىلەن يېزىش مەسىلىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دانىشمەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر كېلىشىمگە تۈزۈلگەن، نەتىجىدە « 回纥 » (ئۇيغۇر) دىكى « 纥 » خېتىنى «شۇڭقار» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان « 鹘 » خېتىغا ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە «ئۇيغۇر» نامى خەنزۇچە « 回鹘 » دەپ يېزىلىدىغان بولغان. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز شۇڭقارنى توتېم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆز روھىي ماھىيىتىنىڭ سىمۋولى ۋە مىللىي نامىنىڭ پەخرى سۈپىتىدە قارىغان. يەنە بىر تەرەپتىن

---

① «كولتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شىمال تەرەپ، 10 ـ، 11 ـ قۇر.
② ئابدۇقادىر ئىنان (تۈركىيە) : «قەدىمكى تۈرك دىنى تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 16 ـ بەت.



ئالغاندا، شۇڭقارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى شامان ئەقىدىسى بويىچە شۇڭقار ئىنسان روھىنى يۇدۇپ تەڭرى ماكانى بولغان ئۇستۇنكى پارلاق ئالەمدە پەرۋاز قىلاتتى. شۇڭا، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدا شۇڭقار ياكى بۈركۈت قەھرىماننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئىدى، ئۇنىڭ روھىنى ئۇستۇنكى چەكسىز كۆككە ئاچىقىپ كېتەتتى. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا بۇ خىل مەنزىرە ئەينەن ئۇچرايدۇ. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « بىز ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئىشەنچ ـ ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ روھى ئۆلگەندىن كېيىن، قۇشقا ياكى قۇرتقا ئايلىنىپ قالاتتى. تۈركلەر ئادەم ئۆلگەندە ‹ئۇچتى› دەيتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، غەربتىكى تۈركىي قوۋملەر ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ‹ئۇ ئۆلدى› دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ‹شۇڭقار بولدى› دېگەن ئىدىيومنى قوللىنىپ كەلدى»[1]. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى مەلۇم مەنىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئۆلۈم ئېڭىنى روشەن ئىپادە قىلغان.

كۆك بۆرە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ تىپىك توتېم ئوبيېكتى ئىدى. بۆرە توتېمىغا دائىر قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە، بۆرىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق مەخلۇق ھالاكەت گىردابىدا قالغان مىللەتنىڭ قۇتقازغۇچىسى ۋە نىجاتكارى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ھەم ۋەھشىيلىكى، ھەم جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان بۇ سىرلىق مەخلۇق قانداق قىلىپ ھالاكەت قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن مىللىتىمىزنىڭ نىجات يولتۇزى بولۇپ قالدى؟ دەۋەقە،

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى. 1986 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 16 ـ بەت.

ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە نەزەر تاشلىساق، ھەر قېتىم مىللىتىمىز ئۆلۈم ۋە ھالاكەت گىردابىغا دۇچ كەلگەن ھامان غايىبانە ھالدا كۆك بۆرە پەيدا بولاتتى. قوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، بىردىنبىر ئامان قالغان ئوغۇل بالىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن جۈپلىشىپ ئىدىقۇت تېغىدا كېيىنكى ئەۋلادلارنى تۇغقان ئانا بۆرە[1] بىزنى قانچىلىك ھاياجانغا سالىدۇ - ھە! ؟ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرى ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈزەل ۋادىغا باشلاپ چىققان كۆك بۆرىچۇ؟ تۇتېم ئەپسانىلىرىدە كۆك بۆرىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھايات - ماماتلىق توقۇنۇشلىرىدا ئوينىغان رولىغا چوڭقۇر دەرىجىدە تراگېدىيە ئېڭى سىڭگەن. بۇ خىل تراگېدىيە مىللىتىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىدىكى قەھرىمانلىق تراگېدىيىسى ئىدى. ئۇلار بۆرىدەك جاسارەت بىلەن جىمى ھالاكەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى ئىستەيتتى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى كۈچلۈكلەر ۋە غالىبلارنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئۇلاردىكى پىسخىك ئىنتىلىش ۋە ئېستېتىك تۇيغۇ دەل يۈكسەكلىك، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسى ئىدى. «بۆرىدىن تۇغۇلغان ئاشىنا ئۇرۇقى ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىدىن سەلتەنەت تەختىگە، زاۋاللىقتىن گۈللىنىشكە ئاچىققانىدى. بۆرىنىڭ روھى ئۇلارغا كۈچ ۋە ئەرلىك جاسارەت بەخش ئەتكەنىدى. بۆرىگە توقۇلغان مەدھىيىمۇ دەل تۈركلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مىللىي خاراكتېرىنىڭ ئىككى خىل خاسلىقى — جۇخارگۇل بىلەن قىلىچقا بېغىشلانغان شەجەرە ئىدى ...»[2]

دەرۋەقە، بۆرە تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى، كەڭ يايلاق -

① «جۇڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، 50 - جىلد.

② شۆ زۇڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 753 - بەت.



دالىلار ئۇنىڭدا ۋەھشىيلىك، كۈچتۈڭگۈرلۈك، خىرىسمەنلىك ۋە قورقۇمسىزلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدە غالىب خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ گويا بىر ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىدەك يايلاق خەلقلىرىنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىگەن. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىن قورقۇپ تۇرۇپ، يەنە بۆرىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىگە ھەۋەس قىلغان، ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنى ئۇلۇغلىغان، ئازاب ئىچىدە ئۇنى خۇمار قىلغان. ئۆزلىرىنىڭمۇ بۆرىدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە، غالىبلىققا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. چۈنكى، بۆرە قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى يايلاق خەلقلىرىنىڭ ھەربىي جەڭگىۋارلىقىنى ئەڭ يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئوبراز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈچ - قۇدرەتنىڭ سىمۋولى بولغان بۆرە شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ جەسۇر، ئۇرۇشخۇمار، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان خاراكتېرىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. خۇددى ئېستېتىكا ئالىمى بوك (Bock) ئېيتقاندەك: «يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ئادەتتە كۈچ - قۇدرەت، زورلۇق، ئازاب ۋە ۋەھىمە ئۇقۇملىرىنى كىشىلەر قەلبىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھېس قىلىنىدىغان يۈكسەكلىك گۈزەللىكى ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىدە نامايان بولىدۇ»[1]. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پىسخىك ئېنېرگىيىسىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۆزلىرىدىكى ئادەم ماھىيەتلىك كۈچىنى جۇلالاندۇرۇش ئىستىكىدە ئۇرۇنۇۋاتقاندا، بىردىنلا بۆرىدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىزىققان، جەسۇر خاراكتېرى ئۇچۇن بۆرىدىنمۇ مۇۋاپىقراق سىمۋول يوق

① بوك: «يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك» - «غەرب ئالىملىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن تېزىسلار»، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى، 1957 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 203 -، 204 - بەتلەر.

ئىدى. شۇڭا، يىرتقۇچ بۆرە بىلەن ئۇلارنىڭ قىزىققان خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن كېسىشمە نۇقتا بۆرە ئوبرازىنى بىر خىل يىرتقۇچلۇق ئوبيېكتىدىن گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغان. شۆ زۇڭجېڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇرۇشخۇمار، باتۇر ۋە جەسۇر خاراكتېرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئوبيېكتىلاشتۇرۇلغان. ئۇلار مەدھىيىلىگەن ھايۋانات ئوبيېكتلىرى كۆپىنچە بۆرە، شۇڭقار قاتارلىق يىرتقۇچلار ئىدى. بۆرە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ نەزىرىدە بىر خىل قورقۇنچلىق ھەم رەزىل مەخلۇق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن تۈركىي قوۋملەرنىڭ نەزىرىدە باتۇرلۇقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى ئىدى. »①

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا كۆك ياللىق، كۆك تۈكلۈك ئەركەك بۆرە ئوغۇزخان قوشۇنىغا يول باشلاپ ماڭىدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا، ماناسنىڭ ئانىسى بۆرە، ئېيىق قاتارلىق يىرتقۇچلارنىڭ يۈرىكىگە سېزىك بولۇپ، قەھرىمان ماناسنى تۇغىدۇ. كېيىن ماناس «كۆك بۆرە ماناس»، «كۆك جال ماناس» دەپ ئاتىلىدۇ. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاتام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، دۈشمەنلىرى قويدەك ئىدى»② دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر مەدھىيە شېئىرىدا:

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە يۈرەي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي③

① شۆ زوڭجېڭ: «تۈرك تارىخى»، 752 ـ، 753 ـ بەتلەر.
② «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 12 ـ قۇر.
③ «توركولوگىيە تەتقىقات يىللىقى»، ئەنقەرە، تۈركچە نەشرى، 1968 ـ يىللىق سانى، 39 ـ، 44 ـ بەتلەر.



دېگەن مىسرالار ئۇچرىسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» دە، ھەربىي قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.

توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.①

دېمەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن قانچىلىك سۆيۈنسە ۋە بىر خىل يۈكسەكلىك تۇيغۇسى ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۆرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، كۆكۈش تۈكلىرى، ھەر قانداق شەپىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇرغان قۇلاقلىرى، دەھشەتلىك ھۇۋلاشلىرى ۋە خەنجەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىدىن شۇنچىلىك گۈزەللىك ھېس قىلغان. ئۇلار يىراق قەدىمكى زاماننىڭ ۋەھىمىلىك تۈنلىرىدە ئۆزلىرىگە مەدەت، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ئىلھام بېرەلەيدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك ياكى يىلتىز (ئەجداد) ئىزدەۋاتقاندا، ھۇۋلاپ تۇرغان بۆرە ئوبرازىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلار بۆرىنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز ئىنسان ماھىيەتلىك كۈچىنى ئىپادە قىلىشقا ئۇرۇنغان. بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرگەن ۋە بۆرىدىكى چەكسىز يۈكسەكلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ كەللىكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى چەكسىز كۈچىنى ھېس قىلغان. نەتىجىدە بۇ خىل

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 499 ـ، 500 ـ بەتلەر.

گۈزەللىك تەقەززاسى ۋە مەنىۋى تەسەللى ئۇلارنىڭ بۆرىنى تولىم تاللىشىغا سەۋەب بولغان. خۇددى غايىۋى ئەجدىھانىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىگە بەرگەن گۈزەللىكى دەل ئۇنىڭ «ساداقەتمەنلىكى، مەجنۇنلۇقى، نازاكىتى ۋە گۈزەللىكى بىلەن زەھەرخەندىلىكى، رەزىللىكى ۋە ۋەھشىلىكى»① ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق «نۇقتا» دا ئىپادىلەنگىنىدەك، كۆك بۆرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا بەرگەن يۈكسەكلىك گۈزەللىكىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى، باتۇرلۇقى ۋە خىرىسمەنلىكى بىلەن ۋەھشىيلىكى، قورقۇنچلۇقلۇقى ۋە تەخىرسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق «نۇقتا» غا مەركەزلەشكەن.

دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە خەلقنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىگە شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك (گۈزەللىك) تۇيغۇسى ۋە ئىستىكى ياندىشقان بولىدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك تۇيغۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاشۇ خەلقنىڭ پسىخىك خاراكتېرى ۋە مىجەز - خۇلقى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ ئۆمىلگۈچى ھايۋان قانداق قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تولىمۇ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ غايىۋى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ قالدى؟ ۋاڭ شياۋخۇا ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «بۇ شەرق تىرىمچىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا، ھەم قورقۇش، ھەم ئامراق بولۇش، قورققانسېرى ئامراق بولۇشتەك ھېسسىياتى بىلەن ئاق يىلاننى ئىززەتلەشكە رازى بولدىكى، ئۇنى تەرك ئېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. كېيىنچە ئېيتقاندا، بۇ ئەنە شۇنداق يوشۇرۇن ‹روھىي ھالەت› نىڭ پەرلەشتۇرۇلگەن يىلان ئوبرازى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىشىدۇر»②. ئۇلارنىڭ بۇنداق «شېرىن ئازاب» نى شۇ قەدەر خۇمار قىلىشى دەل ئۇلارنىڭ

① ② ۋاڭ شياۋخۇا: «ئاق يىلان رىۋايىتى ۋە مىللەت تراگېدىيىسىدىكى يوشۇرۇن ئاڭ» — «مىراس» ژۇرنىلى، 1992 - يىل، 3 - سان.



شەرقچە تراگېدىيە پسىخىكىسىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆتىدىل ئىقلىم كېلىماتىغا خاس تۇرمۇش مۇھىتى شەكىللەندۇرگەن ئالاھىدە پسىخىك خاراكتېرىگە ئاساسەن، يىلاندىن ئىبارەت بۇ ھەم ۋەھشىلىك، ھەم نازاكەتلىك، ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم سۆيۈملۈك، ھەم ئەگرى، ھەم ئۇزۇن مەخلۇقنى ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇر تۇمانلىرى بىلەن سىرلىقلاشتۇرغان ۋە ئەجدىھا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تولىمۇ قىلغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ يىلاننى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئەجدىھاغا ئايلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇن مەھلىيا بولۇشىدىكى پسىخىك غايىسى ۋە ئېستېتىك نەپسىلىكى نېمە ئۈچۈن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ئۈچۈن سىرلىق «روھىي ھالەت» بولۇپ قالىدۇ؟ سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى سوغۇق ھەم قۇرغاق ئىقلىم شارائىتىدا ياشىغان ئاتلىق قوۋملەرنىڭ خاراكتېرى — كۆچلۈكلەرنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئۇلاردىكى پسىخىك تەلەپ ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشمۇ دەل يۈكسەكلىك ، قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت تۇيغۇسى ئىدى. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس لىۇ يىتاڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇرلار خاراكتېر جەھەتتىن جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەت ئىدى. ئومۇمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قورقۇمسىز، خاراكتېرى ۋەھشىي كېلىدۇ».① شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خاراكتېرى ۋە پسىخىك خاسلىقى ئۆزىگە يات بولغان بۇنداق غايىۋى نەپسىلىكنى، زىل - نازاكەتلىكنى، ھەم شېرىن، ھەم يوشۇرۇن، ھەم پىنھان ھەۋەسلەرنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ

① لىۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»، تەيۋەن جىڭجۇڭ كىتاب نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 214 - بەت.

گۈزەل ئىستەكلىرى شېرىن ئازابتا ئەمەس، ئەمەلىي پائالىيەتتە؛ تالىپلارچە سۈكۈتتە ئەمەس، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدە؛ پىنھان ھەۋەس ۋە غايىۋى ئىشتىياقلاردا ئەمەس، قەھرىلىك كەيپىياتتا؛ رايىشلىق ۋە مۇلايىملىقتا ئەمەس، بەلكى بىۋاستىلىك ۋە قاراملىقتا ئەكس ئېتەتتى. شۇڭا، سۈكۈت قاينىمىدا توقۇلغان، خىيال ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن غايىۋى ئەجدىھاغا ئىلاھلىق تونىنى كىيدۈرۈپ قويۇش، ئۇلارنىڭ قىزىققان تەسەۋۋۇرىغا مۇتلەق سىغمايتتى...

ئورخۇن دەۋرىگە خاس تۇتېم ئەپسانىلىرىدە ئەكس ئەتكەن ھالاكەتلىك قىسمەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈشتەك ئەگرى - توقاي جەريانلار يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم ئېڭىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەتتى. «جۇنامە» دە خاتىرلەنگەن بۆرە تۇتېمى ئەپسانىسىنى ھەقىقەتەنمۇ يېڭىۋاشتىن تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. قوشنا قوۋم تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان تۈركلەردىن قانداق قىلىپ بىر پۇتى كېسىۋېتىلگەن 10 ياشلىق بالا ھايات قالدى؟ دەرۋەقە، بۇ بالا غايەت زور ھالاكەتتىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ تەنھا ئۇرۇقى ۋە داۋامى ئىدى. ئۇنىڭ ئانا بۆرە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ۋە ئانا بۆرىنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇق بولۇپ تېرىلىشى كەلگۈسىدىكى تولۇپ تاشقان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قايتا جۇغلاش جەريانى ئىدى . ھالاكەت دېڭىزىنىڭ زەرداپ سۈيىدىن لەيلەپ چىققان بۇ بىر تال ھاياتلىق ئۇرۇقى ئانا بۆرىنىڭ ئىسسىق بالىياتقۇسىدا چەكسىز خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنىدى. ئانا بۆرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ۋە تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قان بۇ ئاجىز تۆرەلمىنى ئاستا - ئاستا بىخلىتىۋاتاتتى. دېگەندەك ، زۇلمەتلىك پەيتلەر ئۆتۈپ كەتتى. خەۋپ - خەتەر يىراقلاشتى. كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئانا بۆرە لىقشىپ تۇرغان قورسىقىدىكى يېڭى تۆرەلمىنى ئېلىپ ئىدىقۇت تېغىغا يېتىپ كەلدى ۋە بالىياتقۇدەك



تىنچ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى. ئاردىن ئۇزاق جەريان ئۆتتى. ئىدىقۇت تېغىدىكى بۇ تىنچ ئۆڭكۈر يېپيېڭى ھاياتلىقنى تۇغدى. ئانا بۆرە ۋۇجۇدىدىن كۈچ ئالغان، ئەرلىك خاراكتېرى ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى ئەۋلاد — ئاشىنا ئۇرۇغى مەيدانغا كەلدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ ئەرگىنە قۇن ئۆڭكۈرىدىن چىقىشى، ھالاكەتلىك توپاندىن كېيىن بالىياتقۇ شەكىللىك كېمىدىن ئەمدىلا قۇرۇشقان زېمىنغا دەسسىگەن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا قانچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇ - ھە! ؟...

مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ماماتلىق ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى، شۇنداقلا ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئىنسان روھىنىڭ پىنھان چاقىرىقى ئىدى. تەنتەك بالىلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ھالاكەت سىناقلىرى ئىچىدە پىشىپ يېتىلىشى ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىختىرا قىلىشى ئىدى. ئانا بۆرە بىرخىل يۈكسەك چەكسىزلىك سۈپىتىدە ھالاكەتلىك قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بۇ ئەر مىللەتكە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. شۇنداقلا بۆرە ۋۇجۇدىنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. شۇڭا، ئۆلۈمدىن ھالقىغان ھاياتلىق بىپايان دېڭىزدەك چەكسىز ھاياتلىق ئىدى. خۇددى گېگىل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «دېڭىز بىزگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى بېرىدۇ. ئىنسان دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ ، ئاشۇ چەكلىك مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدۇ» .[1]

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى» ، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1956 - يىل، خەنزۇچە نەشرى. 134 - بەت.

7

تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى گويا بىر بالىياتقۇغا ئوخشايدۇ. شەرقچە سۈكۈنات ۋە بۇددىزم روھىدىن تويۇنغان بۇ پىنهان چوڭقۇرلۇق مىللىتىمىز خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە پەلسەپىۋى ھەزىم كۈچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. مىلادىيە 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن غايەت زور ھالاكەت قىسمىتىگە دۇچ كېلىپ، غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي يەرلىك ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم ئولتۇراق ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي يايلاقلاردا سەلتەنەت سۈرگەن قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا شەھەر ھاياتىغا خاس تەمكىن پەلسەپىگە ۋە ئېكىن ئېگىلىكىگە ماسلاشقان نازۇك مەدەنىيەتكە خېلىلا تويۇنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندا بۇددىزم ئاللىقاچان مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. غەربتە گۈللەنگەن «خرىستىيان دىنىنىڭ ئەكسىچە، بۇددىزم شەرق جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئەندىزىسى سۈپىتىدە، ماھىيەت جەھەتتىن تىپىك ئانىلىق دىن ئىدى». ① شۇ سەۋەبتىن ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئانىلىق دىن — بۇددىزم يېتىلدۈرگەن ئاياللىق خاراكتېر بۇ رايوندا ئەر مىللەتكە خاس كۈچتۈڭگۈر مەدەنىيەتنىڭ يەرلىشىشىنى تەقەززا قىلاتتى.

دەرۋەقە، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى يەتكۈچە ھېس قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قان -

① جېڭ يۈەنجې: «توتېم ئېستېتىكىسى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرى»، شۆلىن نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 195 - بەت.



ياشلىق سەپىرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئانىلىق يىللىقلىقى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىدى. چۈنكى ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بۇ يايلاق مىللىتى ئۇزاق مەزگىللىك ئات ئۈستى ھاياتى داۋامىدا ئاياللىق نازاكەتكە تولىمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا، مىلادىيە 840 - يىلدىن كېيىنكى تارىم ۋادىسىدا يۈز بەرگەن بۇ بۈيۈك ئۇچرىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقە بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ بىر مەھەللىك جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، بۇ ئەرلىك دىن بىلەن ئاياللىق دىنىنىڭ، ياۋايى جەسۇرلۇق بىلەن خۇشخۇي تەمكىنلىكنىڭ، شىۋاق ھىدى بىلەن بازار كۈيىنىڭ، ساددا شېئىرىيەت بىلەن سوغۇق قان پەلسەپىنىڭ، شۇنداقلا جاسارەت بىلەن نازاكەتنىڭ، ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىتىمىز خاراكتېر جەھەتتىن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى. يايلاق دەۋرىدىكى قىزىققان، تۇراقسىز روھىي كەيپىياتى بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى تەسىرى ۋە سەۋرچان پوزىتسىيىسى نەتىجىسىدە تەدرىجىي تەمكىنلەشتى. ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە گۈزەللىك تەلەپلىرىمۇ قوپاللىقتىن نەپىسلىككە، قاتتىقلىقتىن يۇمشاقلىققا، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقتىن خىيالىي رومانتىكىغا مايىللاشتى. قۇرۇقلۇقتىكى «يىپەك يولى»نىڭ ئالتۇن دەۋرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر - قىشلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئېستېتىك نەپىسلىكى تېخىمۇ روشەنلەشكەنىدى. بۇ ھال مىللىتىمىزنىڭ يايلاق دەۋرىدىكى بىكىك خاراكتېرىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ياساپ، سودا مەدەنىيىتىگە خاس يۇمۇرلۇق پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈردى. دەرۋەقە، موڭغۇل ئېگىزلىكلىرىدىكى جاسارەت بىلەن تولغان تاش بالبال سەنئىتىدە ئىپادە قىلىنغان ئاتلىقلار پىسخىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلەر

ئېستېتىكىسى قانداق قىلىپ تارىم ۋادىسىدىكى نەپىس قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى كۆزگە سىغدۇرالىدى؟ مىڭئۆي (تاش كېمىر) لەردىكى غايىۋى رومانتىكىغا باي بۇددىزم سەنئىتى ئىپادە قىلغان پىسخىك نەپىسلىك، ئايالىق نازاكەت ۋە پىنھان رەڭدارلىق قانداقلارچە شۇ دەۋردە مىللىتىمىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى پىسخىك ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى؟

مانا بۇ بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا يۈز بەرگەن كەسكىن بۇرۇلۇش ئىدى. شۇنداقلا مىللىتىمىز ئېستېتىكىسىنىڭ كۈنسايىن نەپىسلىشىشى، پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي ئابستراكتلىشىشى ئىدى. بۇ خىل سەكرەش، يەنى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئابستراكت تەپەككۇرغا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئۆلۈم ئېڭى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر شۇ دەۋر پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870 — 1350) دەۋرىدىكى بۇددىزم ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەدەبىي - پەلسەپىۋى يادىكارلىقلار، بۇددىزم شېئىرىيىتى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئۆلۈم تېمىسىغا دائىر چوڭقۇر مەسىلىلەر نۇقتىلىق يورۇتۇلدى. ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا قويۇق مانى دىنى ئەقىدىسى ئىپادە قىلىنغانىدى. چۈنكى، ئۆز دەۋرىدە قۇچۇ ۋادىسىدا بۇددىزم ئەقىدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاندىن سىرت، يەنە مانى دىنىنىڭ تەسىرىمۇ خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. مانى دىنىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئىككى ئالەم — يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق بىلەن ئۈچ زامان — ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا تىنىمسىز دەۋر قىلىپ تۇراتتى. ئىنساننىڭ تېنى بىلەن روھى ئىككى خىل ئالەمگە مەنسۇپ بولۇپ، تەن ھامان دۇنيا مەئىشەتلىرى، ۋە راھەت - پاراغەتكە مايىل كېلەتتى. شۇڭا،



تەندىن ئىبارەت بۇ قاراڭغۇلۇق ئالىمىنى روھ پارلاقلىقى بىلەن يورۇتۇپ تۇرمىسا، ئىنسان زۇلمەت پاتقىقىغا پېتىپ قالاتتى. روھ نۇر ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەن ئۆلۈشى بىلەن ئۇ كونتروللۇقتىن قۇتۇلۇپ، تەبىئىي يوسۇندا چەكسىز يورۇقلۇق ئالىمىگە سىڭىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۆلۈم شۈبھىسىزكى، چەكسىز يورۇقلۇق ئالىمىگە ئۆتىدىغان زۆرۈر كۆۋرۈك ئىدى. ھەزرىتى مانى (مىلادىيە 216 — 277) نىڭ ئۆز دەۋرىدە 26 كۈنلۈك سوتتىن كېيىن كرېست تاختىسىغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، مانى مۇرتلىرى ئۈچۈن چەكسىز پارلاق روھىي ئالەم ياراتقانىدى. شۇنداق بولغاچقا، مانىنىڭ جىسمانىي ئازابى، ئەمەلىيەتتە روھتىن ئىبارەت يورۇقلۇق ئالىمىنىڭ چاقنىشى ۋە پارلىشى ئىدى. قۇچۇ خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ئۆلۈم تەسۋىرى بېرىلگەن مانى دىنىغا دائىر شېئىرلاردا بۇ نۇقتا روشەن يورۇتۇلغانىدى. بولۇپمۇ «مانىغا مەدھىيە» ناملىق شېئىردا ھەزرىتى مانىنىڭ ئۆلۈمىنى مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئىنساننىڭ ئۆلۈم ئارقىلىق يەتكەن يورۇقلۇق ئالىمى ئىچىدىن قايتىدىن تۇغۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ:

(ئىنسانلار) دائىم دېگۈدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگىنىدە،
(ھېچنېمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
بىز سىزگە — ئالىي ئىلاھىمىزغا،
باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىمىز
بۇ ئالەمدە بارلىق جانلىقلار
قايتىدىن نىرۋانادا تۇغۇلىدۇ.[1]

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 313 -، 316 - بەتلەر.

مانى دىنىغا دائىر يەنە بىر پارچە ئۆلۈم تەسۋىرى بېرىلگەن شېئىردا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ئېسىل، بىلىملىك ئىنسانلار تىرىلىدۇ،
تەڭرىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشايدۇ.
تۆت ئىلىگ تەڭرىگە تېۋىنىدۇ،
تۆت بۈيۈك ئازابتىن قۇتۇلىدۇ.
. . . . . . . . . . . . . . . . .
ھەر ئىنساننىڭ ئۆلىمىكى بار،
قاراڭغۇ جەھەننەمگە چۈشمىكى بار.
. . . . . . . . . . . . . . . . .
تۇمەنىڭ يەك جىنلار كېلىپ تۇرۇر،
تۇمانلىق شەيتاننىڭ ئىشىنى كۆرۈر.
قاراڭغۇ كېچىدەك ئۈستىنى بېسىپ تۇرۇر.
قورقۇنچ ئىچىگە چۈشۈپ تۇرۇر.
كۆكسىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ تۇرۇر.
بۇرنىدىن بوز بۇلۇت ئۈنۈپ تۇرۇر.
بۇغۇزىدىن قارا تۇمان چىقىپ تۇرۇر. ①
. . . . . . . . . . . . . .

دېمەك، يۇقىرىقى شېئىردا، مانى دىنىنىڭ بۈيۈك تەڭرىسى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مانىغا چىن دىلىدىن تېۋىنغانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، مەڭگۈلۈك يورۇق ئالەمگە كىرەلەيدىغانلىقى، مانىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۆلۈم دەقىقىسىدە دەھشەتلىك قورقۇنچقا چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئالىمىنىڭ تۈرلۈك رىيازەتلىرىگە دۇچ كېلىدىغانلىقى، روھى دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قاراڭغۇ تەنىنىڭ

① رەشىد رەھمەتى ئارات: «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى»، ئەنقەرە، 1986 ـ يىل تۈركچە 2 ـ نەشرى، 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.



قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالماي لەختە ـ لەختە بولىدىغانلىقىنى ئىنچىكىلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

قۇچۇ دەۋرىدە مىللىتىمىز ئۆلۈم ئېڭىنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىۋى ھالەتلىرى يەنىلا بۇددىزم ئەقىدىلىرىدە ئىپادىلەنگەنىدى. ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئاچ يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز تېنىنى تۇتۇپ بېرىپ روھىنى پاكلىغان ماخاستۋى تېكىننىڭ ئوبرازى قانداقلارچە مىللىتىمىز تراگېدىيە ئېستېتىكىسىدىكى گۈزەل سىماغا ئايلىنىپ قالدى؟ مانا بۇ مىڭ نەچچە يۈز يىللىق بۇددىزم ئەقىدىسى داۋامىدا، ئايالىق دىنىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىگە، سەۋر ـ تاقىتىگە ۋە ئەقىلدىن خالىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا تويۇنغان، شەرقچە سۈكۈت ۋە رايىشلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان مىللىتىمىز پسىخىكىسىنىڭ ئېستېتىك ھەزىمى ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇغ» ناملىق بۇ ئەسەر قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قۇچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئۆزلەشتۈرمە ئەسەر ئىدى. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى قۇچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يارقىن ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن، ئەسەردە ماخارادى ئاتلىق ئىلىك خاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن بىر قېتىم ئەتراپتىكى تاغ ـ ئورمانلىققا سەيلىگە چىقىدۇ. ئۇلار بىر قومۇشلۇققا كەلگەندە يېڭىلا كۈچۈكلەپ ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئانا يولۋاسنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى تېكىن ماخاستۋى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنى ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىغان تاشلاپ بېرىدۇ ۋە ئۆز جېنىنىڭ بەدىلىگە ئاچ يولۋاسنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ماخاستۋى تېكىن ئۆلۈم ئالدىدا مۇنداق ئويلايدۇ: «. . . ئەمدى ئۆز تېنىمدىن ـ جېنىمدىن كېچىدىغان

پەيت كەلدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە مەن ئەزەلدىن سېسىق، قان - يىرىڭلىق، خۇشاللىقى يوق، قەدىرسىز، يىرگىنىشلىك تېنىمگە ئىشەندىم . . . تەن مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم قورقۇنچلۇقتۇر. (كىشىنى) سەسكەندۈرىدىغان مەينەتلىكى بىلەن تۇتسا، (ئۇنىڭ) مەينەتلىكى قىغ دۆۋىسىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ، ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي، سانسارلىق دېڭىزى ئىچىدە سال - كېمە بولاي، تۇغۇلۇش - ئۆلۈشنىڭ ئازابلىق قايىنمىدىن تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي. . . ئەگەر مەن بۇ تېنىمدىن ۋاز كەچسەم، سان - ساناقسىز گۇناھلارنى، يارنى، بەزنى، قان - يىرىڭنى، كېسەل - ئاغرىقلارنى، قورقۇنچ - ئەيمىنىشلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ پاكىزلانغان بولىمەن.»① مانا بۇ بۇددىزم روھىدىن سۇغۇرۇلغان شەرقچە ئۆلۈم ئېڭى، شۇنداقلا بۇددا دىنىدىكى سانسارا (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن قايتا ھاياتلىققا ئۆتۈش ياكى ئايلىنىش) ۋە نىرۋانا (ھايات - ماماتتىن خالىي بولغان مەڭگۈلۈك ھالەت) نەزەرىيىلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى ئىدى. ماخاستۋى تېكىن ئاچ يولۋاسقا ئۆزىنى تاشلاپ بېرىش ئالدىدىكى ئاشۇ قىسقىغىنە دەقىقىلەردە، ئۆز تېنىنىڭ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ، سانسارلىق قايىنمى ئىچىدە پەرۋاز قىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىر پاكلانغان ھالىتى بىلەن نىرۋانا ئالىمىگە كىرىپ كېتىدۇ. . .

بۇددىزم ئەقىدىسىدىن قارىغاندا، ئىنساننىڭ تەندىن ۋاز كېچىپ ئۆز روھىنى كېيىنكى «شادلىق دۇنياسى»غا ئېلىپ كېتىشى ۋە ئۇ يەردە ئەبەدىيلىك پارلاقلىققا ئېرىشىشى «پاكلىنىش» (Sukhavati) دەپ ئاتىلاتتى. بۇددا مۇرتلىرى ئۈچۈن ئۇ ئازابتىن، رىيازەتلەردىن خالىي غايىۋى دۇنيا ئىدى.

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 171 ـ، 172 ـ بەتلەر.



بۇ غايىۋى دۇنيادا زامان چەكسىزلىككە، ماكان پايانسىزلىققا ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇددىزم تەشەببۇس قىلىۋاتقان بۇ پارلاق دۇنيا ئەمەلىيەتتە ھازىرقى رېئال، ئازابلىق دۇنيانىڭ قارىمۇ قارشى قىرغىقى ئىدى. ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى تاماملىنىش بولماستىن، بەلكى ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان چەكلىك ھاياتتىن پارلاۋاتقان چەكسىز ھاياتقا ئۆتىدىغان مۇقەررەر يول ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىنسان تەنىنىڭ ھالاكىتى ئارقىلىق روھنى چەكسىزلىككە پەرۋاز قىلدۇرالايتتى ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزىنى ئۆزى تونۇشقا ئېرىشەلەيتتى. تەنىنىڭ كونتروللۇقىدىن ھالقىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي يوسۇندا «نىرۋانا» ھالىتىگە كىرەلەيتتى ۋە كېيىنكى چەكسىز گۈزەل، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالايتتى. «ئالتۇن يارۇغ» دىكى ماخاستۋى تېكىن ئۆز تېنى ۋە جېنىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق تىنلىق (جانلىق) لارنى قۇتۇلدۇرۇشتەك پىداكارانە ھەرىكىتى بىلەن «ئاسماندىن تەڭرىنىڭ ئىپاردەك خۇشبۇي گۈل - چېچەكلىرى يېغىۋاتقان، ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان»① پارلاق ھالەتكە ئېرىشكەنىدى.

دېمەك، مىللىتىمىز روھىيىتىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مابەينىدە بۇددا ئەقىدىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. گەرچە تارىم ۋادىسىدىكى بۇددىزم تۈسىنى ئالغان شەھەر - قەلئە ۋە تېرىم مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىغا تەدرىجىي ھالدا ئەقلىيلىك ۋە پەلسەپىۋىلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىزم ۋە ئۇنىڭ شەرقتىكى بۇ چوقۇنغۇچىلىرى يەنىلا تىپىك ھېسسىيات مىللىتى ئىدى. بۇ ھال شەك - شۈبھىسىزكى، مىللىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 174 ـ بەت

كېيىنكى روھىي ماھىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

## 8

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىتىمىزنىڭ روھىي ماھىيىتىنى سۇغىرىپ كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېپيېڭى بىر دىنىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى بىر نۇرلۇق سەھەردە ئاتۇش دىيارىدىكى بىر جىلغىدا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ياڭراپ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئىمان ئېيتقاندىن تارتىپ XV — XVI ئەسىرلەرگە كەلگىچە، ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ئاساسەن ئىسلاملاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆچمەن يايلاق مەدەنىيىتى، شەرق ئۇسلۇبىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ مەدەنىيەتتىكى يۈكسىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلامىيەت ئېتىقادى مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تەركىبلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى.

دەرھەقىقەت، ئىسلام دىنى ئەسلىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئەقلىي دىن ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق تەشەببۇسلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىمۇ ئىنسان ئەقلى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان مەزگىللەردە ئىسلام پەلسەپىسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە قالغان خىرىستىئان چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ ئەكسىچە مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا



كىرگەنىدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. IX — X ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇپ (سۇپىزم) پەلسەپىسى ئىسلام پەلسەپىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانىدى.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا، مىللىتىمىز روھىي ماھىيىتىنىڭ يايلاق دەۋرىدىن قالغان قىزىقqان جاسارىتى بىلەن بۇددىزم بەخش ئەتكەن پىنھان نازاكىتىگە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ سوغۇققان پەلسەپىسى ۋە ئەقلىي روھى يېڭىچە رەڭ بەردى. نەتىجىدە XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ئۇيغۇر ئىسلام پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ قانىتى رەسمىي يېيىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك» مانا مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ئىدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قۇتادغۇ بىلىك» پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇقۇل ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭلا مەھسۇلى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بىر مىللەتتە مۇشۇنداق بىر پەلسەپىۋى گىگانت ئەسەرنىڭ ۋە سىستېمىلىق ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، «‹قۇتادغۇبىلىك› يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ تاپتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى» دۇر[1].

بىز مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئەكس ئەتكەن ئۆلۈم ئېڭى ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرگىلا يانداشماي ئۆتمەكچىمىز. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۆت پېرسوناژ ئىچىدە ئۇدۇغۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ بىر شەخس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئۆلۈمى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ كۆپىنچىسى

[1] «قۇتادغۇبىلىك» مۇقەددىمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 15 - ، 16 - بەتلەر.

ئۇدغۇرمىشنىڭ بايانىدىن بىرىلىدۇ. ئۇ يېتىلگەن ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولسىمۇ، لېكىن خىلۋەت جايدىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە ئىستىقامەت قىلىدۇ ۋە زاھىدلىق تۇرمۇشى كەچۈرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، زاھىدلىق — تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) ئېقىمىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىشكە باشلاۋاتقان ئىدىيىۋى ئاساسى ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قوۋملىرىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانىدى. چۈنكى، قاراخانىيلار دۆلىتى ئىسلاملىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوپىلىق يولىغا ماڭغان تەقۋادار زاھىدلار تەسەۋۋۇپنى تارقىتىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدىكى تۈركىي قوۋملەر يۇرتلىرىغا كېلىشكە باشلىغانىدى. خۇددى تۈركىيە ئالىمى فۇئاد كۆپرۈلۈ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ مۇلاھىزىلىرىمىزگە قارىغاندا، ئەھمەد يەسسەۋى ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا، تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى، جۈملىدىن مىلادىيە XI ئەسىردىن تارتىپ تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى بىلەن تونۇشقان. مۇتەسەۋۋۇپلار ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى يالغۇز شەھەرلەرگىلا ئەمەس، كۆچمەن تۈركلەر ئارىسىغىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر تارقالغانىدى»①. شۇنىڭدىن قارىغاندا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئوردۇ كەنت — قەشقەرگىمۇ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى كىرىشكە باشلىغان. ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر مۇتەپەككۇرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تە دەسلەپكى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا ئەكس ئەتتۈرگەنىدى.

يەنىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تەسەۋۋۇپ

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى مۇتەسەۋۋۇپلار»، ئەنقەرە، 1991 - يىل، تۈركچە نەشرى، 19 - بەت.



ياكى سوپىزم ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغىنى ئەرەب تىلىدىكى «قوي يۇڭى» مەنىسىدىكى «سوف» سۆزى ئىدى. سوپىلار ئادەتتە قوي يۇڭىدىن قىلىنغان قوپال - كۆرۈمسىز تون كىيىپ يۈرگىنى ئۈچۈن «سوپى» («قوي يۇڭىدىن تون كىيگۈچى») دەپ ئاتالغان. بۇ ھال سوپىلارنىڭ ئەڭ ئاددىي بەلگىسى ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئۇدغۇرمىش مانا مۇشۇنداق «قوي يۇڭىدىن تون كىيگۈچى» كىشى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ:

4765. تونۇم قوي يۇڭى، غىزا ئارپا ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا ئەي قاياش.

4767. نېسىۋەم تېپىپمەن جاھاندىن ئۇنى،
يېيىشكە كېپەك، تونغا قوي يۇڭى.

4768. كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار يىپەك ئورنىنى.

دېمەك، رېئال دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، زاھىدلىق يولىغا كىرگەن ئۇدغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى تۇرمۇش ھالىتى بىزگە تەبىئىي ھالدا تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى زاھىد - سوپىلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئەسلىتىدۇ. چۈنكى تەسەۋۋۇپ ئەڭ دەسلەپكى رېئال دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي قاشاقلىقلىرىدىن بىزار بولغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ زاھىدلىق يولىغا مېڭىشىدىن باشلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇپتا ھاۋائى نەپس ۋە دۇنيا مەئىشەتلىرىگە قاتتىق چەك قويۇلاتتى. ھەقنى تونۇش، روھىي كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن نەپسنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش زۆرۈر ئىدى. «قۇتادغۇ

بىلىك» تىكى ئۇدغۇرمىش دەل بۇ دۇنيانى ئۆتكۈنچى بىكەت، دۇنيا مەئىشەتلىرىنى ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان ئالۋۇن دەپ قارايدىغان تەقۋادار زاھىد ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزلۈكنى يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەنزىرىسىنى ئىپادە قىلغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، «ئۇدۇغۇرمىش» دېگەن بۇ ناممۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي تەقۋادار زاھىدلىق ئوبرازى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنىدى. «ئۇدۇغۇرمىش» قەدىمكى ئويغۇرچە سۆز بولۇپ «ئويغىنىش» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. ئۇدۇغۇرمىشنىڭ تەلىماتلىرىدىكى ھەقىقىي «ئويغىنىش» قانداقتۇر بۇددىزم تەلىماتىدىكى «نىرۋانا» ياكى يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىدىكى مىستىك تەلىماتلار بولماستىن، بەلكى ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپ قارىشىنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى ئىدى. ئۇدۇغۇرمىشنىڭ قارىشىچە تەنىنىڭ پاراغىتى ۋە دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن مۇستەسنا بولغان ئىنسان روھىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىلاھىي ئىشق ئىچىدە، ئۆزلۈكنى تامامەن يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىشى ھەقىقىي ئويغىنىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۆلۈم ۋە ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئويغىنىش ئەمەلىيەتتە بىئولوگىيىلىك ئۆلۈم بولماستىن، بەلكى نەپسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلۈك (ego) نى يوقىتىش ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن خالىي چەكسىزلىككە، پارلاقلىققا ۋە ھەق ۋۇجۇدىغا يېتىش ئىدى. مانا مۇشۇ دەقىقىدىلا ئىنسان غەپلەت ئۇيقۇنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ ھەق ۋۇجۇدىدىكى مەڭگۈلۈك ئويغىنىشقا ئېرىشەلەيتتى:

5408. ئۆلۈمنى ئۇنۇتما، ئىھ ئىلىگ ئويغان،
كېلۇر تېزلا بىر كۈن، سەن قىلما گۇمان.



5421. بۇ دۇنيا ئۇ زىندان ئىچىدۇر يىلان،
بۇنى قوي يورۇق چىن جاھانغا ئۇلان.

6046. ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ تولۇق چىققىنىڭ،
خۇدا بەرگىسىدۇر ئۇمىد قىلغىنىڭ.

6075. غاپىلدۇر بۇ ئىنسان، بىلۇر ئۆلۈشىن،
يوقاتماس ئۆزىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىن.

6377. ئىھ، نېمەت ئىگىسى ئۆلۈم مېھنەتىڭ،
ئىھ، مېھنەت ئىگىسى ئۆلۈم نېمەتىڭ،

مانا بۇ ئۇدۇغۇرمىشنىڭ باياندىكى ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى ئىدى. بۇ خۇددى بايەزىد بەستامى (ئۆلۈمى 875 – يىل) نىڭ تەسەۋۋۇپتىكى «فەنا» (يوق بولۇش، ئۆلۈش) تەلىماتىنى ئەسلىتەتتى. «فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم باسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئىلاھىي ئىشق يولىغا كىرگەن ئاشىق (ئىنسان) نىڭ ئۆز مەشۇق (ئاللا) ىغا يېتىشتە، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ ياكى ئۆلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. لېكىن، «فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتى چىگىش مەسىلە بولۇپ، نەۋائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىدۇ:

دېدىڭ: «فەنا نېددۇر» مۇختەسەر دېيىن: «ئۆلمەك»!
كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.[1]

---

[1] ئىبراھىم ھەققۇل: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 – يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 27 – بەت.

(فەنا نېمە دەپ سورىدىڭ. قىسقىلا دېسەم «ئۆلمەك!» ئەمما شەرھىنى سورىساڭ يۈز رىسالە كەملىك قىلىدۇ.)

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئۇدۇغۇرمىش ئوبرازىدا ئىپادە قىلىنغان سۇپىستىك خاھىشلارنى گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ خېلىلا زور تەسىرلىرىنى ئۆزىگە جۇغلىغانىدى. بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات ـ ئۆلۈم قارىشىدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈم ئېڭى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئەسەردىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدىنىڭ بايانىدىن يەنە بىر قېتىم بېرىدۇ:

1135. نېمە بۇ تىرىكلىك، نېمە بۇ ئۆلۈم؟
قەيەردىن كېلىمەن، قەيەرگە يولۇم؟

1140. ئۆلۈم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
قاراپ كۆرسە ئۇ تۇۋى يوق پېتى.

1210. ئۆلمەككە تۇغۇلدى، تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلسىمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1443. بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزۈڭسەن كارۋان،
قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟

1425. قۇرۇق تەن قالۇر، ئۇچۇپ كەتسە جان،
خۇدالا بىلۇر نەگە بارغاي بۇ جان.

دېمەك، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئۆلۈم گويا بىر دېڭىزدەك



تۇۋى ۋە ئۇچى يوق چەكسىزلىك ئىدى. ئىنساننىڭ قىسقىغىنە ھاياتى ۋە بۇ دۇنيالىقى ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سەپەردىكى كارۋاننىڭ بىر كېچىلىك «قونالغۇسى» بولالايتتى، خالاس. شۇڭا، ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە چەكسىز ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئۆزلۈك نەپسى بالادىن كەچكەن، جىسمانىي مەئىشەتنى يوقاتقان روھلا مەڭگۈلۈك تۇغۇمغا ۋە ئويغىنىشقا ئىگە بولالايتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇغۇلۇش ئۆلۈمنى، ئۆلۈم يەنە قايتا تۇغۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇڭا ئىنسان ئەقىدىسىنىڭ «فەنا» (ئۆلۈم) قاينىمى ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئويغىنىشقا ئېرىشىشى بىر خىل مىسلىسىز يۈكسەكلىك ۋە چەكسىز گۈزەللىك ئىدى...

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە يېڭى گۈللىنىشكە ئېرىشكەن تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىدە ھەم ئۆلۈم تېمىسى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (ئۆلۈمى 1037 ـ يىل) مۇشۇ دەۋردىكى داڭلىق تېببىي ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ تېببىي ئىلىم تەتقىقاتى داۋامىدا ئىنسان ئۆلۈمىنى بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن چوڭقۇر كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلدى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ خىل قاراشلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

قارا يەر قەھرىدىن تا ئەرشى زۇھەل،
كائىنات سىرلىرىن بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۈل تۈگۈننى يەشتىم چۇشەندىم،
يېشىلمەي قالغىنى بىرگىنە ئەجەل.①

① «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ شېئىرلىرى ۋە تېببىي داستانلىرى» تاشكەنت، 1981 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

ئۇ مەزكۇر شېئىرىدا ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە جىمى كائىنات سىرلىرى ئىچىدىكى يېشىلمىگەن سىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بىر تېببىي داستانىدا ئۆلۈمدىن دېرەك بەرگۈچى بەلگىلەر ھەققىدە مېدىتسىنا نۇقتىسىدىن بايان بېرىدۇ:

كۆزگە پەقەت كۆرۈنىدۇ بىر قارا قول،
ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولار پۈتكۈل.

دەردى ئېغىر قىيناۋەرسە بۇنداق كېسەل،
چۆكمىۋېرەر يېقىن بولۇپ قالغان ئەجەل.

ئارامىنى بېرىپ بولماس ھالى يامان،
ئالىمگە سەۋەب بولسا ئۇيقۇ ھامان.

قانداق بىمار تېببىي تىب قانۇنىدىن،
ھەم تاپالماس بىرەر چارە مەزمۇنىدىن. ①

ئۆمەر ھەييام (1040 — 1123) مۇ ئوتتۇرا ئەسىر پارس شېئىرىيىتى ۋە پەلسەپىسىدىكى بۈيۈك سىما ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قويۇق پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە رۇبائىيلىرىدا دەۋرىنىڭ مەنىۋى كېسەللىكلىرىنى كەسكىن تەنقىدلىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرىنى ئىپادە قىلدى:

خوشلىشىپ بەدەندىن ئېزىز جان كېتەر،

① «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ شېئىرلىرى ۋە تېببىي داستانلىرى»، تاشكەنت، 1981 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.



ئىككى خىش گۆرىمىز ئاغزىنى ئېتەر.
باشقىلار گۆرىگە شۇنداق قويغىلى،
خىش بولۇش نۆۋىتى بىزگە ھەم يېتەر.

بىز كېلىپ كەتكۈچى، دۇگىلەك جاھان،
نە بېشى مەلۇمۇ نە سوڭى ئايان.
ھېچكىممۇ راستىنى ئېيتىپ بېرەلمەس،
بىز نەدىن كەلدۇق يۇ، كېتىمىز قايان.

XII ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا تەسەۋۋۇپ (سۇپىزم) تەلىماتلىرىنىڭ يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. خوجا ئەخمەد يەسسەۋى (1116 — 1205) مۇشۇ دەۋر تۈركىي تىللىدىكى سۇپىستىك ئەدەبىياتىنىڭ يۇكسەك پېشىۋالىرىدىن بىرى ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىدە تەسەۋۋۇپ (سۇپىزم) باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. بولۇپمۇ غەربتە پەلسەپە چۈشكۈنلەشكەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئېقىمى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان تەسەۋۋۇپ مۇسۇلمان شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى بولغانىدى. مۇشۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەردىكى تەسەۋۋۇپ پىكىرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى باشقا ھەر قانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى. ناھايىتى ئەپسۇس، تەسەۋۋۇپتىن ئىبارەت بۇ پەلسەپىۋى تەلىمات XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ماۋەرا ئۇننەھر ۋە بەدەخشان رايونلىرىدىن قەشقەرىيە تەرەپكە سۈرۈلگەن سوپى - ئىشانلارنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇق مەنپەئەتلىرى ۋە سىياسىي

غەرەزلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلدى. نەتىجىدە ئىسلام دىنىدىكى يۈكسەك پەلسەپىۋى تەلىمات بولغان تەسەۋۋۇپ كېيىنچە خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رېڭىنى يوقىتىپ، تەسەۋۋۇپ تونى كىيدۈرۈلگەن بىمەنە سەپسەتىگە ئايلانغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بىلەن كېيىنكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەسەبىي پائالىيەتلىرى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئابدۇراخمان جامى، نىزامى، ھاپىز شىرازى، ئىمام غەززالى، جالالىددىن رۇمى، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەلىشىر نەۋائى ۋە مەشرەپ قاتارلىق بۈيۈك كلاسسىكلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرلىرىنى ھەرگىزمۇ ئاپاق خوجا ۋە شۇنىڭدەك «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ مەنىۋى مالىمانچىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. خۇددى نىزامىدىن ھۈسىيىن ئەپەندىم «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق ماقالىسىدا قەيت قىلغىنىدەك، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دىيارىمىز تۇپرىقىنى مالىمان قىلغان ئاشۇ خوجا ـ ئىشان ۋە ئاتالمىش سوپىلار، ئەمەلىيەتتە سېپى ئۆزىدىن بولغان «جاھالەت پىرلىرى» ئىدى. ئەھمەد يەسسەۋىمۇ ئۆز دەۋرىدىلا ھەقىقىي، ساپ تەسەۋۋۇپ مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا «ئىلاھىي ئىشق» نىڭ ئوتى تۇتاشقان تەقۋادار ئاشىق بىلەن ئالدامچى، ئىككى يۈزلىمىچى رىياكار سوپى ـ شەيخلەرنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ساختاپەز سوپىلارنى قاتتىق سۆككەن:

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆرۈپ تەپكۈم كېلۇر،
ھەقدىن يۈزمىڭ بالا تىلەپ سەپكۈم كېلۇر.
شەمشەر ئېلىپ باشلىرىنى چاپقۇم كېلۇر،



قايدا بارىپ ئىشق دۇكانىنى قۇردۇم مانا[1]

ئۇلۇغ شائىر نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىدە مەخسۇس بىر بابنى ئاشۇ رىياكار سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئەيت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشكە بېغىشلىغان. موللا مۇسا سايرامىمۇ سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ساختا تەقۋادارلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىن جاھاندارچىلىق ۋاسىتىسى ئۈچۈنلا پايدىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

ھەممە ئىشان تەمەئىدىن خالى ئېرمەس،
يەنە ئۇشبۇ رىيادىن خالى ئېرمەس.

رىيا دېگەن ئىبادەت قەرچەسىدۇر،
تەختى كۆللى ئەمەلنى كەسكۈچىدۇر.

بۇ كۈندە نەفسكە قۇل ھەممە ئىشان،
نەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟

تافىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىنى مەخپى تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا[2]

شۇڭا، بىز مىللىتىمىز پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيولوگىيە تارىخىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىنى تەشكىل قىلغان تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ۋە كلاسسىك مۇتەپەككۇرلىرىمىز

① ئەھمەد يەسسەۋى: «دىۋان ھېكمەت» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 14 ـ سان.
② «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 15 ـ سان.

قارىشىدىكى تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرى بىلەن كېيىنكى جاھالەتچى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئاپاق خوجا ۋە ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق خوجىلار ۋەكىللىكىدىكى رىياكار سوپى ـ ئىشانلارنىڭ بىمەنە تەرغىباتلىرى ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغىلا زىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ مەنبەسى بولغان ئىسلام دىنى ۋە « قۇرئان كەرىم» گىمۇ زىت ئىدى. شۇڭا، مۇللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە قەتئىي قىلىپ: «ئاق تاغلىق ئەھلى بىلەن قارا تاغلىق ئەھلى تا بۇ زامانىدىمۇ بىر ـ بىرىگە قارشى ئىدى. بۇ تايىپىلەر كاشغەردە ناھايىتى كۆپ، ھەر ئىككى تايىپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر» [1] دەپ يازغانىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئالەم، مەۋجۇدىيەت، ئىنسان، ئەخلاق ۋە ھايات ـ ئۆلۈم ھەققىدىكى تەلىماتلىرى ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىدە يۈكسەك بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنىدى. گېگىلمۇ ئۆز دەۋرىدە جالالىددىن رۇمىنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە چوڭقۇر قىزىقىپ، يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. تەسەۋۋۇپ بىر خىل دىنىي پەلسەپە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دىن ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن دىنىي مەۋقەنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئومۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى. ئۇ توپ ماھىيەتتە ئاللانى ھەقىقىي، بىردىنبىر بارلىق، ئىنساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىمى شەيئىلەر ئۇنىڭ تەجەللىسى دېگەننى تەشەببۇس قىلسىمۇ، لېكىن ئىنساننى يەنىلا جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي مەخلۇق سۈپىتىدە

[1] «مۇللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 142 ـ، 143 ـ بەتلەر.



ئۇلۇغلاشنى تەرغىپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرى باشقا ھەر قانداق دىنىي پەلسەپىلەردە بولمىغان گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە، ئاللا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن، ئەرشتىكى بارلىق مالائىكە ـ پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. پەقەت ئىبلىس ( شەيتان) ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقىنى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك لەنەتكە دۇچار بولغانلىقى ئېيتىلغان. [1] كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىسلام دىنىدا ئىنسان يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغان. ئىسلامدىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدا باشتىن ئاخىر ئىنساننى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى) بولالايتتى. شۇڭا، ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە ئىپادە قىلىنغانىدى. ھەتتا گېگىل «شەرقنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراستىنى ئىگىلىگەن دانا سكېپتىك» [2] دەپ باھا بەرگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولغان غەززالى (1058 — 1111) مۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر ئەسىرىدە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئاللا ئادەمنى (تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) ئۆزىگە ئوخشىتىپ ياراتقان» دېگەنلىكىنى قەيت

[1] «قۇرئان كەرىم»، سۈرە بەقەر، 30 ـ، 34 ـ ئايەتلەر.
[2] گېگىل: «ئەسەرلەر»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1935 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، II توم، 105 ـ بەت.

قىلىدۇ[1].

دېمەك ئىنسان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە باشلىشى بىلەنلا پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئۆز دەۋرىدىلا ئۆمەر ھەييام شۇنداق دەپ يازىدۇ:

دۇنيانىڭ تىلىكى، سەمەرىمۇ بىز،
ئەقىل كۆزى قارىسى - جەۋھىرىمۇ بىز.
دۇگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى - گۆھىرىمۇ بىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، تەسەۋۋۇپتا ئىنسان ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مۇجەسسىمى ۋە ئاللا ھۆسنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك تەجەللىسى ئىدى. شۇڭا، جالالىددىن رۇمى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «سەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇسخىسىدۇرسەن، ئالەمدىكى ھەر قانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەستۇر، سەن نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن»[2] دەپ يازىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى دەل ئىنساننىڭ «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» يەنى ئىنساننىڭ قەلبى ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا، ئىنسان ھەق (ئاللا) نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، جالالىددىن رۇمى:

ئايا سىز جان تىكىپ ھەر لەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئۇنى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھىي - سىز، ئىلاھىي - سىز[3]!

① غەززالىي: «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن»، مۇسكۋا، 1984 - يىل، رۇسچە نەشرى، 214 - ، 215 - بەتلەر.
② «تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىللىقى»، (TDAY) ئەنقەرە، 1971 - يىل، تۈركچە نەشرى، 170 - بەت.
③ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 46 - بەت.



دەپ يازسا، تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان يۇنۇس ئەمرە (1240 — 1320) مۇ:

كۆپ تىرىشىپ ئىستىدىم، يەرۇ كۆكنى ئىستىدىم،
ھېچ ماكاندىن تاپمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىدە.[1]

دەپ يازىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «لىسسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە:

ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەر نە ئىستەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىستەگىن.[2]

دەپ ئىدا قىلىدۇ.

دېمەك، تەسەۋۋۇپ (سۇپىزم) تەلىماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى، شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمى شەيئىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى. ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە تونۇشىدا ئىشقا ئاشاتتى. ئىنسان بىلىش جەريانىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۆزلىنىشى ياكى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۆزىنى تونۇشقا ئۆتۈشى - بىلىش تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى. مانا مۇشۇنداق يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا ئىنسان ئاندىن «فەنا» (يوقلۇق، ئۆلۈم) قايىنىمىغا كىرەلەيتتى ۋە ئۆزلۈك (ego) نى پۈتۈنلەي

① «يۇنۇس ئەمرە شېئىرلىرىدىن تاللانما» - «تۈرك تەتقىقاتى خەۋەرلىرى (Turkish Reiew)»، 1992 - يىللىق 2 - سان، ئەنقەرە، ئىنگلىزچە نەشرى.
② نەۋائىي: «لىسسانۇتتەير» - «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، (ئۆزبېكچە)، 1991 - يىللىق 4 - سان.

يوقىتىپ ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، بىردىنبىر مەۋجۇدلۇق بولغان — ئەسلىي ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدى) غا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئۆزلۈك يوقالغان، نەپس ئۆلتۈرۈلگەن، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايتتى. بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق، ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى. ھەممە نەرسە ئاشۇ يېگانە بارلىققا مەركەزلىشەتتى... ئىنسان «فەنا» (ئۆلۈم) ئارقىلىق نەپس - بالاغا چىرمالغان تەننىڭ قاراڭغۇ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، مەڭگۈلۈك روھىي پارلاقلىققا ئېرىشەلەيتتى. بۇ باسقۇچ ئىنساننىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشكەن باسقۇچى، يەنى چەكلىك ھاياتلىقتىن چەكسىز ھاياتلىققا، ئۆزلۈك ئالىمىدىن ئۆزلۈكسىزلىك ئالىمىگە ھالقىغان باسقۇچى ئىدى. بۇ چاغدا ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدۇ - دە، مەنسۇر ھەللاجى (857 — 922) غا ئوخشاش «ئەنەلھەق» (مەن ھەقمەن) دەپ خىتاپ قىلىدۇ[1]. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) تەلىماتى ئەمەلىيەتتە بەيازىد بەستامىينىڭ «فەنا» قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. چۈنكى «فەنا» ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدى — ئاللانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى. شۇڭا «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېيىش، ئەمەلىيەتتە «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، مەنلا مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمنى ئەمەس، بەلكى «مېنىڭ قەلبىم ئاللا

[1] مەنسۇر ھەللاجى - ئىسلام تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدا «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېگەن قاراشنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەت ياكى ئەھلى شەرىئەت ئۇنى «خۇدالىق دەۋاسى قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ زىندانغا تاشلىغان. لېكىن ئۇ «ئەنەلھەق» تەلىماتىدىن قەتئىي يانمىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئەينى چاغدىكى خەلىپىنىڭ تەستىقى، باغدات قازىسىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ھىجرىيە 309 - يىلى (مىلادىيە 922 - يىلى) ئەتىيازدا باغداتتا دارغا ئېسىلغان.



بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنداق بولغاچقا مەن مەۋجۇت ئەمەس، ئاللا مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچىنى بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى «ئەنەلھەق» سۆزىنىڭ ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشقان. ئىبنى ئەرەبىي (1165 — 1240) مۇ ئۆز دەۋرىدىلا «مىسىر فىرئەۋنىنىڭ ‹مەن خۇدا› دېيىشى بىلەن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ‹ئەنەلھەق› (مەن خۇدا) دېيىشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار»[1] دېگەنىدى. ئەھمەد يەسسەۋىمۇ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە چوڭقۇر ئېچىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنىڭ «مەن خۇدا» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «ھەقىقىي يېگانە بارلىق ‹مەن›، يەنى ‹ئىنسان› ئەمەس، ‹ھەق› يەنى ‹ئاللا› دۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى:

ئەپسۇس مەنسۇر، ئۆزلۈك بىلەن بولدى ئەدا،
بىر سۆز بىلەن يارەنلەردىن بولدى جۇدا.

ھالىي دىلىن ھېچكىم بىلمەس، تەڭرى گۇۋاھ
قانلار يۇتۇپ، مەن ھەم گۇۋاھ بولدۇم مانا[2].

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەسەۋۋۇپ (سۇپىزىم) ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» نى ئۆزىگە ئەسلىي مەنبە قىلغان دىنىي پەلسەپە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ

[1] سەلچۇك ئەرايىدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، ئىستانبول، 1981 - يىل، تۈركچە نەشرى، 149 - بەت.
[2] ئەھمەد يەسسەۋى: «ھېكمەتلەر كۇللىياتى» - «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە)، 1992 - يىللىق 1 - سان.

ئاخىرقى نۇقتىسى يەنىلا يېگانە بارلىق — ئاللاغا مەركەزلىشەتتى. شۇڭا، تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنىڭ تاشقى پوستىغا قاراپلا خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەتلەر مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى «خۇدالىق دەۋاسى قىلدى» دەپ خاتا چۈشەنگىنىدەك، ئۇنى تېخىمۇ خاتا ھالدا «ئاتېئىستىك پەلسەپە» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، تەسەۋۋۇپ پېشىۋالىرىنىڭ «ئىنسانىنى سۆيمەك، ئاللانى سۆيمەكتۇر»، «ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئاللانى تونۇيدۇ» دېگەن قاراشلىرى قانداقتۇر «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «‹مەن› (ئىنسان) ‹فەنا› ئارقىلىق ئۆزلۈكنى تامامەن يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ‹مەن›، ‹سەن› دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇت بولمايدۇ، نەتىجىدە ئىنسانىنى سۆيۈش، ماھىيەتتە ئاللانى سۆيگەنلىك بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى ئالغا سۈرەتتى. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەسەۋۋۇپ باشقا دىنىي پەلسەپىلەردە بولمىغان ئىنسان ئۇلۇغلىقى تەلىماتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى. ئىنساننىڭ تاشقى دۇنيانى، كائىناتنى ۋە ئاللانى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشى زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا ئۇلار ئىنسانىنى «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ، ماكرو ئالەم)، كائىناتنى بولسا «ئالەمى ئەسغەر» (كىچىك، مىكرو ئالەم) دەپ قارىدى[1] ۋە جىمى كائىنات سىرلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇڭا، بىز ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، مىللىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن

[1] رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمىي»، تاشكەنت، 1986 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 46 ـ بەتتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن جالالىددىن رۇمىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا قاراڭ: «گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ ‹ئالەمى ئەسغەر›، ھەقىقەتتە سەندۇرسەن ‹ئالەمى ئەكبەر›»



تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئوبيېكتىپ ۋە توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى تارىخىدا ئۆز ئالدىغا «يەسسەۋىيە تەرىقىتى» ئېقىمىنى ياراتقان ئەھمەد يەسسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە چوڭقۇر. شائىرنىڭ ئاددىي خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەسەر ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە باشتىن ـ ئاخىر تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تەسەۋۋۇپچە ھايات ـ ئۆلۈم قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ:

قۇل خۇجا ئەھمەد ئەر بولساڭ ئۆلگەن ياخشى،
قىزىل يۈزۈڭ قارا يەردە سولغان ياخشى.
تۇپراق سۈپەت يەر ئاستىدا بولغان ياخشى،
زاتى ئۇلۇغ خوجا سېغىنىپ كەلدىم ساڭا.

يەر ئۈستىدە ئۆلمەس بۇرۇن تىرىك ئۆلدۈم،
ئاتمىش ئۈچتە سۈننەت دېدى ئىشتىپ بىلدىم.
يەر ئاستىدا جانىم بىلەن قۇللۇق قىلدىم،
ئىشتىپ ئۇقۇپ يەرگە كىردى قۇل خوجا ئەھمەد[1].

ناھايىتى ئېنىقكى، ئەھمەد يەسسەۋى بىر كەسكىن مۇتەسەۋۋۇپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆلۈم قارىشىمۇ تەسەۋۋۇپ

[1] ئەھمەد يەسسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل، ئومۇمىي 14 ـ سان.

تەلىماتى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە: «ھەربىر ئىنسان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» (سۈرە ئال ئىمران، 185 ـ ئايەت) دەپ قەيت قىلىنغىنىدەك، ئەھمەد يەسسەۋىمۇ ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىرىدە:

ئۆلۈمنىڭ شەربەتىدۇر ئاچىغ شەربەت،
جۈملە ئادەم ئىچمەي ئاندىن قالماس ئېرمىش.

دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدىغا ئىلاھىي ئىشق ياماشقان ھەقىقىي ئاشىق ئۆز روھى ۋە تېنىنىڭ پاراغىتىگە پەرۋا قىلمايتتى. چۈنكى تەن بىلەن بىرلەشكەن جان نەپسى بالانىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇنىڭغا «نەپس»تىن ئىبارەت بۇ ئالۋاستى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ نەپس ئىنساننى ھەر كويلارغا سالاتتى. ھەتتا گۇناھ پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇپ تاشلايتتى. شۇڭا، ئىنسان ھەر دەقىقىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، تازىلاپ تۇرۇشى، نەپسى بالانى يېڭىشى، «ئىلاھىي نۇر» ئارقىلىق ئۆز روھىنى پارلاقلىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئاللادىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك گۈزەللىك ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. . . شۇڭا يەسسەۋى يەنە شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ:

جانىمنى تەندىن ئۈزدۈرۈپ، جاننى بۇ تەندىن بەزدۈرۈپ،
سانسىز گۆرىستان كەزدۈرۈپ ئول نېگە بولدۇم مانا.

قۇل خوجا ئەھمەد تائەت قىل ئۆمرۈڭ بىلمەم نەچچە يىل،
ئەسلىڭ نەسلىڭ ئاب كۇل يەنە كۇلگە قايتارا. ①

① يۇقىرقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.



يەسسەۋىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ۋۇجۇدىغا ئىلاھىي ئىشق چىرماشقان چىن ئاشىقنىڭ ھەقىقىي يەتمەكچى بولغىنى ئۆلۈمدىن ھالقىغان چەكسىزلىك ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاشۇ چەكسىزلىك ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) نىڭ ئەبەدىيلىك ۋۇجۇدى بولۇپ، ئىنساننى ئۇنىڭغا يەتكۈزىغان يول پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ «ساپ مۇھەببەت» (ساپ ئىشق) ئىدى. بۇنداق مۇھەببەت تەمەدىن، نەپسىتىن خالىي ئىدى. ئۆزلۈكتىن ھالقىپ چەكسىز ئۆزلۈكسىزلىك ئىچىدە ھەق ۋۇجۇدىنى ئەبەدىي قۇچاقلاپ تۇراتتى. «فەنا» باسقۇچىغا يەتكەن چىن ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى، ئەمەلىيەتتە ھەق ۋۇجۇدىدىكى چەكسىز پارلاق ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. شۇڭا يەسسەۋى قىلچە ئىككىلەنمەستىن «نۆۋەت كەلسە ئول شەربەتتىن ئىچەرمىزا» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

يەسسەۋى گەرچە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر لەرنى كۆرسەتتى. «يەسسەۋىيە» تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئوتتۇرا شەرق، يېقىن شەرق ۋە كىچىك ئاسىيا رايونلىرىغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

يەسسەۋىدىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاش گاھ يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، گاھ پەسكويغا چۈشۈپ تۇردى. تاكى ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) دەۋرىگە كەلگەندىلا بۇنداق تەكشىسىز ھالەتكە خاتىمە بېرىلىپ، بۈيۈك بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. لېكىن يەسسەۋىدىن نەۋائىغىچە بولغان جەرياندا مىللىتىمىز بەدىئىي تەپەككۇرىدا يەنىلا تەسەۋۋۇپ مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنىدى.

دەرۋەقە، نەۋائى بۇ خىل ئىزچىللىقنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى.

نەۋائى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل بەدىئىي ئىجادىيىتى داۋامىدا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ چوڭقۇر قايىنىمىغا چۆككەنىدى. بىز ئۇنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئۇنىڭ يېتىلگەن مۇتەسەۋۋۇپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. نەۋائى ياشلىقىدا پارس شائىرى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە يازغان «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى شۇنىڭ تەسىرىدە يېزىپ چىقىدۇ، نەۋائى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «... ئۇ (فەرىدىددىن ئەتتار) ماڭا قۇش تىللىرىنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلدىمكى، قۇشلار سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم.»①

دېمەك، نەۋائى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ ئاتمىش يېشىدا «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. خۇددى مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ «چىن ئاشىقلىق ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ» دېگىنىدەك، نەۋائىمۇ بىر ئۆمۈر تىرىشىش ئارقىلىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا ئاندىن «بۇ تىلنىڭ ئۇستازى» بولالىغان. بۇ تىل — قۇشلار تىلى، يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ تىلى ئىدى! ...

نەۋائىنىڭ ھايات - ئۆلۈم قاراشلىرى ئاساسەن دېگۈدەك

① نەۋائىي: «لىسانۇتتەير»، موللا سىدىق يەكەندى نەسرلەشتۈرگەن نۇسخىسى - «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىل، 4 - سان.



ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» بايانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ناھايىتى روشەنكى، فەنا (ئۆلۈم ياكى يوق بولۇش) تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقىرى باسقۇچ ئىدى. بۇ ئاتالغۇنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى پارس مۇتەپەككۇرى بەيازىد بەستامى (ئۆلىمى 875 - يىل) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپكى «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى ئىدى. ھەقىقىي ئاشىق ئەڭ ئاخىرى ئىنسانىي نەپسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىلا، ئاندىن «فەنا» (ئۆلۈم) لىق دەرىجىسىگە يېتەلەيتتى. شۇنداق بولغاچقا «فەنا» «ھۆسنى مۇتلەق» كە ئاشىق بولغان چىن ئاشىقنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىدى. گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ يۇقىرى باسقۇچى «فەنا» (ئۆلۈم) دىن ئىبارەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلانسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن نەۋائى ئېيتقاندەك: «يۈز رىسالە كەملىك قىلاتتى».

«فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى مۇرەككەپ چۈشەنچە، شۇنداق بولۇشقا قارىماي نەۋائى غەزەللىرىدە «فەنا»، يەنى ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ، ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىككە ئېرىشىش ئىدىيىسى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

ئەي نەۋائى دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسىپ ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.

دېمەك جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائى جان بېرىپ ئول جامى چەكمەكتۇر ئەرمانىم.

كىم نەۋائىنىڭ فەنا ۋادىسىدا ئېتەر ھوزۇر،
كەچسۇن ئۆزىدىن بەلكى خۇد ئۆزلۈكنى ھازىر كۆرمەسۇن.

دېمەك، نەۋائى يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ھەق ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن «فەنا»، يەنى ئۆلۈم قايىنىمىغا كىرمەي بولمايدۇ. پەقەت «فەنا»لا ئىنساننى ئۆزلۈكتىن، ئىنسانىي نەپسى بالادىن ھالقىتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلۈكتىن ھالقىغان «فەنا» (ئۆلۈم) قايىنىمى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ ئىدى. بىز بۇنى تۆۋەندىكى غەزەللەردىن ئېنىق كۆرەلەيمىز:

قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋائى، مۇنى بىل تەرىفى تەسەۋۋۇپ[1].

مەندە يارەب قويما مەنلىكتىن نىشان،
ئۆزلۈكۈمدىن مەھۋ قىل دامەنگە شان[2].

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولغان ھەق ۋۇجۇدىغا يېتىشتە، «مەن»دىن كېچىش كېرەك. چۈنكى «مەن» — «ئۆزلۈك»تىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۆزلۈك»تىن قىيالمىغان ئىنسان مۇقەررەر يۇسۇندا ئادىمىي نەپسى بالاغا ئەسىر بولاتتى، شۇڭا، «فەنا» (يوقلۇق، ئۆلۈم) ئىنساننى چەكلىك «ئۆزلۈك» دۇنياسىدىن چەكسىز «ئۆزلۈكسىزلىك» دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىشتىكى كۆۋرۈك ئىدى. ئىنسان «فەنا» ئارقىلىقلا ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ ئەبەدىيلىك ھەق ۋۇجۇدىغا ئېرىشەلەيتتى... مانا بۇ نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدۇر.

---

① ئىبراھىم ھەققۇل: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيە»، 5 - بەت.
② نەۋائى: «لىسانۇتتەير» - «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 4 - سان، 84 - بەت.



يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، نەۋائى پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانى» (فەنا) تەخەللۇسىنى قوللانغان. نەۋائى ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن تۈركىي تىل بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكىنىمدە، قەلىمىم ئىستىداتى تۈپەيلىدىن نەزىم گۆھەرلىرىنى چاچقىنىمدا نەزمىلىرىمگە ‹نەۋائى› دېگەن تەخەللۇسنى نىشانە قىلىپ قوللاندىم. پارس تىلىدىمۇ شېئىرغا قەلەم تەۋرىتىپ، شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئەسەرلەرنى يازدىم. ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا ماڭا نىشانە بولدى» دەيدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە نەۋائىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىگە قوللانغان «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» ئاتالغۇسى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى «فەنا» قاراشلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن نۇرغۇن مىسرالارمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ.

بىز تېما ئېتىبارى بىلەن نەۋائى ئىدىيىسىدىكى ئۆلۈم ئېڭىنى ئۇنىڭ «فەنا» تەلىماتلىرى بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ھالبۇكى، نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى «فەنا» تېرمىنى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، نەۋائى بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىمىزدىكى بۈيۈك «كىتاب». بىز تېخى بۇ كىتابنىڭ بۇسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، خالاس. ناۋادا بۇ كىتابنى ئېچكىرىلەپ ۋاراقلاشقا مۇۋەپپەق بولالىساق، تەپەككۇر تارىخىمىزنىڭ يېڭى سىرلىرى ئېچىلغۇسى...

## 9

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە شەرق بىلەن غەربنىڭ تارىخىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندى. ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقى ئۆزىنىڭ پەلسەپە

ۋە شېئىرىيەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئىتالىيىدىن باشلانغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش» ھەرىكىتىنىڭ ياڭراق ساداسى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئىچىدە يەتكۈچە ئوخلىغان ياۋروپالىقلارنى ئويغاتقان چاغدا، ئىسلامىيەت دۇنياسى ئاستا ـ ئاستا چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا چۆكۈشكە باشلىغانىدى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى غەرب دۇنياسىنى ئەقلىيلىك دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ئەدەبىياتتىكى قايتا گۈللىنىش بىلەن تەبىئىي پەنلەردىكى پارتلاش خاراكتېرلىق ئىلگىرىلەشلەر ئۇلاردىكى ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن پەلسەپىۋى روھنىڭ قانىتىنى يەشتى. نەتىجىدە «يۇنان ـ رۇم دەۋرى» دىن كېيىنكى قايتا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلدى. . .

ناھايىتى ئەپسۇس، شەرقتە تامامەن باشقىچە بىر خىل تۇرغۇنلۇق ھالىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ياۋروپالىقلارنىڭ يېڭى دېڭىز يولىنى ئېچىشى قۇرۇقلۇقتىكى «يىپەك يولى» نى خەلقئارا ئالاقىدىكى ئالەمشۇمۇل ئورنىدىن مەھرۇم قىلدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ شەرق ـ غەرب ئالاقىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىنى يوقىتىپ، دۇنيادىكى چەت، خىلۋەت ۋە ئۇنتۇلغان زونىغا ئايلىنىپ قالدى. ئېگىز تاغلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغان تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىمۇ ئۆزىنىڭ شەرقچە پىنھان سۈكۈتلىرىگە غەرق بولدى.

تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشرىق ئەللىرىنى قاپلىغان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان بۇ ئۇزۇن دەۋر كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇراتتى. بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا قانداق قىلىپ چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالدى؟ ئىسلام دىنى ئەقىل ئاساسىغا ئىگە دىن بولۇشىغا قارىماي، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە



نېمىشقا چېكىنىپ كەتتى؟ نەۋائىدىن كېيىنكى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى؟ . . .

دەرۋەقە، سوئاللار ساناقسىز ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاقساق تېمۇر ھاكىمىيىتىنىڭ پارچىلىنىشى، تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ھەمدە ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ، سىياسىي سەھنىگە چىقىشى نەتىجىسىدە، مىللىتىمىز گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان جاھالەتلىك دەۋر ئىچىدە قالدى. سىياسىي تىنچسىزلىق، مەنىۋى چۈشكۈنلۈك، دىنىي تەرەببازلىق، ئىقتىسادىي قاششاقلىق ۋە ئەسەبىي سوپى ـ ئىشانلىق مۇشۇ دەۋر جاھالىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى. بەدەخشان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن ئاتالمىش سوپى ـ ئىشانلار بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك ۋە ھوقۇق تالىشىپ تىنىمسىز ئۇرۇشلار قىلدى، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىمۇ ئېتىقادىنى پارچىلاپ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىككى لاگېرغا بۆلۈپ، بىر ـ بىرىگە قارشى قىلىپ قويدى. تەسەۋۋۇپ ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل چىن ئېتىقاد يولى ئەمەس، بەلكى قانداق پايدىلانسا بولىۋېرىدىغان سىياسىي كوزىرغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، مۇشۇ دەۋر خوجا ـ ئىشانلىرى تەرغىب قىلغان تەسەۋۋۇپ، ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىن چەتنىگەن، پەلسەپەگە يات بولغان ۋە سىياسىي تۈس ئالغان جاھالەت شوئارى ئىدى. موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز دەۋرىدىلا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەسەبىي تەرەببازلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «. . . ھەر ئىككى تائىپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر»[1] دېگەنىدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» دىن كېيىن، بىزدە پەلسەپە نامراتلىقى

[1] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 142 ـ، 143 ـ بەتلەر.

باشلاندى. مىللىتىمىزنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن قېتىغان، ئەسەبىي تەرەببازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىدا ئەقلىي تەپەككۇردىن ئەسەر قالمىدى. ئۇلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» خوجا ـ ئىشانلارغا ئەگىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىشقا، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي هوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، مازار ـ خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدىكى، هەرگىزمۇ «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز هەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر بولغان قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، هاياتنى قەدىرلەش هوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى. ئىسلام دىنى گەرچە ئەقلىنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشنى، تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىشنى، سوغۇققان پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىدى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماهىيىتىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. بىزدە هەم ئۆزىمىزنى تونۇيدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان جۈرئەت يوق ئىدى. هەتتا مىللىي ئېڭىمىز شۇ قەدەر پەسكويغا چۈشتىكى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇق. «‹ئۇيغۇر› دېگەن ئېتنىك نام XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى»①. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تىلىمىزنىڭ ساپلىقى زور دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ شىددەتلىك خىرىسىغا دۇچ كەلدى. هەتتا نەۋائىي تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈك تەرەپدارى بولغان

① ئىبراهىم مۇتئىي: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» ـ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 34 ـ، 35 ـ بەتلەر.



سۇهەيلى بىر ئېشەككە توقۇم توقۇپ، هىرات شەهىرىنىڭ كوچىلىرىدا« پالانى ئەلىشىر» (ئەلىشىرنىڭ توقۇمى) دەپ جار سېلىپ نەۋائىينى مەسخىرە قىلغانىدى①. شۇڭا، مەرهۇم ئەهمەد زىيائى ئەپەندىم بۇ هەقتە توختىلىپ: «نېمە ئۈچۈندۇر بىزدە ئىسلامىيەت شارائىتىدا ئۆز تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىستىكى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، مىللىي غۇرۇر كېمەيگەن. . . »② دەپ ئوچۇق ئېيتقانىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بىزدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئىقتىدارى پەۋقۇلئاددە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئىسلام دىنىنى مەنبە قىلغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمى بىرخىل مىستىك تەلىمات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا ئەقلىنىڭ بىلىشتىكى رولىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا قويغانىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ بۈيۈك پېشىۋالىرىدىن بولغان غەززالى، ئىبن ئەرەبى، جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ئۆز قاراشلىرىدا، ئەقلىنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، لېكىن ئەقىل بىلەن هەقىقەتنى (ۋۇجۇدى مۇتلەقنى) بىلگىلى بولمايدۇ، هەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن قەلب كۆزى بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. هەتتا جالالىددىن رۇمى شۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل سېنى هەقنىڭ بوسۇغىلىرىغا ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ شۇنداق قالتىس هەم مەقسەتكە مۇۋاپىق. لېكىن، بۇ بوسۇغىغا يەتتىڭمۇ، ئەقلىنى قوي (ئۆزۈڭدىن يىراق قىل). ئۆزۈڭنى هەقكە تاپشۇر. ئەمدى ‹قانداق›، ‹نېمە ئۈچۈن›، دەپ سوراش بىهۇدىدۇر»③. دېمەك، ئۇلارنىڭ

① ② ئەهمەد زىيائى: «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» ـ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىل ئومۇمىي 11 ـ سان.

③ م. ت. ستېپانيانس: «سوپىزمنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ، 1987 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.

قارشىچە، ئەقىل دۇنيانى بىلىشتە مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن، ھەقىقەتنى بىلىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. پەقەت پاكلانغان، ئىشق بىلەن ئورالغان قەلب (كۆڭۈل) لا ھەقنى تونۇشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولالايتتى. شۇڭا، ئەقىلدىن ھالقىغان بىر خىل ئىچكى بىۋاسىتە سېزىم بىلىشتىكى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىدى. لېكىن، تەسەۋۋۇپ ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايتتى.

ئېھتىمال تەسەۋۋۇپتىكى بۇ خىل قاراشلار مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ نامراتلىشىپ، ئەسەبىي ھېسسىيات مىللىتى بولۇپ قېلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن تەسەۋۋۇپتىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار پىكىرلەر «خوجىلار دەۋرى» گە كەلگەندە زور دەرىجىدە بۇرمىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقاتتى. نەتىجىدە خوجا - ئىشانلار تەرغىپ قىلغان ئاتالمىش تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئورنىنى يوقىتىپ، خەلقنى تەركىدۇنياچىلىققا باشلايدىغان روھىي كىشەنگە ئايلاندى. شۇڭا، بىزدە ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى بىلەن كېيىنكى خوجا - ئىشانلار دەۋرىدىكى بۇرمىلانغان تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان كۆز بولۇشى كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسان تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە مەخلۇق. سپىنوزا (1632 — 1677) نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئىنسان — پىكىر قىلغۇچىدۇر»[1]. ئەسلىي ماھىيىتىدىن كۆزەتكەندىمۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر. شۇنداق ئىكەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قېلىشى

① سپىنوزا: «ئېتىكا» Ⅱ - «غەرب تەپەككۇر خەزىنىسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 423 - بەت.



ھەر قانداق بىر ئادەم ئۇچۇن ئېغىر پاجىئە، ئەقلىيلىك ئۇچقۇنلىرىدىن ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر روھىدىن ئايرىلغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مىللىتىمىز ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ پاجىئەلىك دەۋرلەر ئىدى. نەۋائىدىن كېيىن تاكى بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە پۈتكۈل مىللىتىمىز تەپەككۇرىنى ئالغا باشلىيالايدىغان ئۇلۇغ پەلسەپە مەيدانغا كېلەلمىدى. ھەتتا بىزدىكى مىللىي ئاڭ شۇ دەرىجىدە چۈشكۈنلەشتىكى، مىللىتىمىزنىڭ نامىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويدۇق، نەتىجىدە ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇش، ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش غايىلىرىمىز يوقالدى، ئىنسانىي تەلەپ ۋە ھاياتىي ئىستەكلىرىمىزنىڭ غۇۋا سادالىرىمۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالىتى ئىچىدە كۆمۈلۈپ كەتتى. «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەممەيلەن ئاڭلاپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىش خىيالىمىزغا كىرمىدى. دەرۋەقە، ئۆزىنى بىلمىگەن خەلق قانداق قىلىپ رەببىنى بىلەلەيدۇ!؟...

يۇنان پەيلاسوپى سوقرات: «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون بۇ سۆزنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «بىز سىرتقى دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى ناھايىتى تەستە تونۇيمىز» دېگەنىدى. مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پاجىئەسى دەل ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنىڭ كەمچىلىكىدە ۋە ئەقلىي تەپەككۇرىمىزنىڭ سۇسلىقىدا ئىدى. شۇڭا بىزدە ئىنساننى، ھاياتلىقنى ۋە ئۆلۈمنى ئويغاق سەزگۈدە تۇرۇپ كۆزىتىدىغان، مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئىپادە قىلالايدىغان، روھىي دۇنيايىمىزنى نۇرلاندۇرالايدىغان ئىرادە بولمىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قانچىلىغان تارىخىي پاجىئەلەر، كىشىنى ئېچىندۇرغان يامان ئاقىۋەتلەر ۋە تراگېدىك قىسمەتلەر گويا

يوقالماس سايىدەك مىللىتىمىز كەينىدىن سوغدىشىپلا كەلدى. خوددى ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئېيتقاندەك: «بۇ دەۋر ئۇيقۇ دەۋرى ئەمەس، ئويغاقلىق دەۋرى»[①] بولۇپ، غەبلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان مىللەتنىڭ تەپەككۇر قانىتىمۇ بوغۇلاتتى. سوقرات ناھايىتى ئوچۇق دېگەن: «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ»[②]. ئۇنداقتا، ئە قىل روھىدىن مەھرۇم بولغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مەدەنىيەت تارىخىمىزنى قانداق تىلغا ئالىمىز؟ دەرۋەقە، بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن بىللە يەنە ئۆز زەئىپلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. پاسكال مۇنداق دەيدۇ: « ئادەم تەبىئەتتىكى ئەڭ ئاجىز ۋە ئەڭ نازۇك قومۇش، لېكىن ئۇ تەپەككۇر قىلالايدىغان قومۇش»[③]. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر داۋامىدا مىللىتىمىز گويا تەپەككۇردىن ئايرىلغان ئاجىز قومۇش بولۇپ قالغاچقا، XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىمىزدىن چىقارغان يەكۈنىمىز دەل ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزنىڭ كەملىكى ۋە ئاجىزلىقى، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ئىرادىمىزنىڭ سۇسلىقى، شۇنداقلا ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. ناۋادا بىر مىللەت ئۆزىنى ئۆزى ئىپادە قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولسا، ئۇنى باشقا ۋاستىلار بىلەن ئىپادە قىلىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ.

---

① ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىھەتى ئامما» ـ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 ـ توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.
② خۇاڭ يەن: «قارا ئۆڭكۈردىن ھالقىپ ئۆتۈش»، شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت.
③ پاسكال: «تەپەككۇر خاتىرىلىرى»، VI ـ «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 347 ـ بەت.



## 10

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھالاكەت سىنىقىغا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆلۈم تېمىسى دىن ۋە سەنئەتنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەلسەپە قاينىمىغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى سەنئەت ئۆلۈمنى نۇقۇل ھېسسىي نۇقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي خۇلاسە نۇقتىسىدىنمۇ ئىپادە قىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىدىكى سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاندېرسىننىڭ «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» ناملىق باللار ھېكايىسىدىكى ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان كىچىككىنە قىزنىڭ ئاخىرقى بىر تال سەرەڭگە يورۇقىدا كۆرگەن ئاجايىپ گۈزەل خىيالىي دۇنياسى؛ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە ئاخىرقى تىنىقى قالغان لىن دەييۈينىڭ ئۈنسىز يىغا ئىچىدە شېئىر ئوقۇشى؛ ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا تۇغۇتتى يېقىنلىشىپ قالغان كۆمۈش بىبىنىڭ كۈندىشى تەرىپىدىن زەھەر ئىچكۈزۈلۈپ ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئىچىدە جان ئۈزۈشى، ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا، قورالىم» رومانىدا سىستىرا قىز كاسېرىننىڭ تۇغۇت ئازابىدا ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن ئېلىشىپ ئەڭ ئاخىر مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇشى. . . قاتارلىق نادىر تەسۋىرلەر بىزنى شۇنچىلىك ئازابلىق ھاياجانغا سالىدۇكى، كىتابخان پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشۇ مىسلىسىز تراگېدىيىلىك زوق ئىچىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئويغىتىدۇ. ئەسلىي ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ئەمما بىۋاستە ھېس قىلىنمايدىغان ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان

مۇھەببەتلىك چۇقانغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. سەنئەت مانا مۇشۇنداق ئۆلۈم سىنىقىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادە قىلىش ئارقىلىق ئىنساندىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۆلۈم مەنزىرىسى ئادەمنىڭ پىنھان روھىي دۇنياسىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ مەنىۋىيەتتە مىسلىسىز ئازابلىق زىلزىلە قوزغايدۇ. ئادەم ئۆلۈم ئۇقۇمىنى ھېس قىلىش جەريانىدا قاتتىق جىددىيلىشىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان قىسقا دەقىقە ئىچىدە بۇ دۇنيانىڭ جىمى رىيازەتلىرىنى بىراقلا سىلكىپ تاشلىۋېتىپ، ھاياتقا يېپيېڭى مۇھەببەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ھېسسىيات تازىلىنىپ، روھ بىر قېتىملىق كۆتۈرۈلۈشكە ئېرىشىدۇ.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە بولغان يوشۇرۇن ۋە مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلدى. مەشھۇر شائىر ئالان پوئې، «جەسەت شائىرى» دەپ نام ئالغان بودلېر ۋە دوستويېۋسكىيلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئۆلۈمنى مۇھىم بىر تېما قىلدى. دوستويېۋسكىي چار پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ جازا ئىجرا قىلىنىشقا بىر نەچچە مىنۇت قالغاندا كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. دېمەك ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە ھېس قىلغان ئاشۇ « قورقۇنچلۇق چەكسىز ۋەھىمىگە ئورالغان، ئەزرائىلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئېغىر پەيتتە» ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن «ھايات بىر سوۋغات، ئۇنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى بەختلىك دەۋرگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن تەسىراتقا ئېرىشىدۇ. كېيىن دوستويېۋسكىي ئۆزىنىڭ «ساراڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بىر



مەھبۇسنىڭ جازا ئىجرا قىلىنىش ئالدىدىكى ۋەھىمىلىك روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان مەشھۇر ئەسەرنى يارىتىدۇ.

سەنئەت ئۆزىنىڭ ئۆلۈم سىنىقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىپادە مەسئۇلىيىتى جەھەتتىن ، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تەقدىرىگە يېقىندىن ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى. بەزى سەنئەتكارلار، نوقۇل شەخس ھاياتىدىكى ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەلۇم مەنىدىن ئىنسانىيەتكە ھالاكەت ئۈستىدىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. نورۋېگىيىنىڭ مەشھۇر رەسسامى، ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ سەركەردىسى مېنك دەل مۇشۇنداق سەنئەتكارلار تىپىدىن ئىدى. ئۇ بەش ياش چېغىدا ئانىسى سىل كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېيىن دادىسى ۋە ئۇكىسى ئارقا ـ ئارقىدىن جان ئۈزىدۇ. يالغۇز قالغان سىڭلىسى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالىلىق چاغلىرىدا ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنى بىر ئۆمۈر ئورىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ھايات ۋە ئۆلۈم، مۇھەببەت ۋە ۋەھىمىنىڭ كۆلەڭگىسى ھامان گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. 1895 ـ يىلى ئۇنىڭ «چۇقان» ناملىق رەسىمى ئېلان قىلىنىدۇ. «قان رەڭلىك قىزغۇچ ئاسمان، غۇۋا گىرىمسەن سىزىقلار، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تويۇقسىز قورققىنىدىن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئادەم. . . » بۇ رەسىم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا بۇ رەسىمنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ھېچكىممۇ چۈشەنمىدى ھەم چۈشۈنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، شۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ رەسىمدىكى ۋەھىمىلىك مەنزىرە ياۋروپادا رېئاللىققا ئايلاندى.

قان ـ ياشلىق 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىر پارتلىدى.

لۇشۇنمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر دەربىجىدە ھېس قىلغان ئۆلۈم سىنىقى ئىچىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق مەنىۋى تەسەللىچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان ئاQ نى ئەڭ ئاخىر ئۆلۈم سىرتمىقىغا سالدى. «دورا» ھېكايىسىنى دەھشەتلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن سۇغاردى. ئۇ ئۆلۈم سىنىقىنى غەپلەت ئۇيقۇسى ئىچىدە كۈتۈۋالماستىن، بەلكى ئويغاق ھالەتتىكى سەزگۈر ئاڭ بىلەن ھېس قىلىشنى تەكىتلىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ھاياتنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، يەنى ئۆلۈمدىن ھالقىشتىن ئىبارەت. ئۆلۈم — بىر ئۆمۈر سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەرقانداق سەنئەتكار ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرۇش تەس بولغان تېما. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تارىخى تەرەققىياتىنى باشقا ھەرقانداق جانلىقلارنىڭ تارىخى ئۆزگىرىشىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ روشەن ۋە تەرتىپلىك ئۆرلەش باسقۇچىغا ئىگە. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئادەمنىڭ جىسمى ھاياتى كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەنىلا بىرخىل روھ ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈمدىن ھالقىشتىن ئىبارەت. چوڭقۇر تەجرىبىگە ئىگە سەنئەتكارلار ئۆلۈمنى مۇشۇ نۇقتىدىن ئىپادە قىلدى. ئۇلار ئۆلۈمنى ھاياتلىق روھىنىڭ ئەڭ كەسكىن سوتچىسى ۋە تازىلىغۇچىسى سۈپىتىدە قارىدى.

سەنئەت ئۆلۈمدىن ھالقىغان ئۇلۇغۋار روھنى يۈكسەك ئېستېتىك رەڭ بىلەن بويىدى. سەنئەتكارلار ئۆلۈمگە كىشىلىك ھايات نۇقتىسىدىكى پوزىتسىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېستېتىك نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار بىردەك ، ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىدىكى بىرخىل چەك ـ چېگرا



ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىدىكى بىرخىل مەنزىل. بۇ ئالاھىدە مەنزىلدىكى ھاياتلىق روھى ھاياتلىق ۋە ماماتلىقتىن تامامەن ھالقىپ ، ئۆزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەڭ ئاخىر ئىرادە قۇياشى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئېگىزدە تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىنى يورۇتىدۇ، ئالغا باشلايدۇ. ھېمىڭۋاي ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار روھنى ئىپادە قىلغان بۈيۈك سەنئەتكار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار كىشىلىك پەزىلىتى ئارقىلىق ھاياتلىق بىلەن ئىجادىيەتنى، ئۆلۈم بىلەن سەنئەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى. دەرۋەقە، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى شەخسىي چەكلىمىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئۆلۈم سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى. ھايات تۇرۇپ ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى يازدى. ئەڭ ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس ئۇلۇغۋار روھنى نامايەن قىلدى. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. خۇددى مەشھۇر ئوبزورچى O. بېئىس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ھېمىڭۋاينىڭ ئۆلۈمدىن ئىبارەت بىرلا تېمىسى بار. بۇ تېما ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا يوشۇرۇنغان. ئۇ «چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «ئەلۋىدا، قورالىم» ناملىق رومانىدا ئۆلۈم ئېڭىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا يېقىنلاشتى. ھېمىڭۋاينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ جېنى بىلەن ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئۇقۇم، جەلپ قىلىش كۈچى مىسلىسىز زور بولغان، گويا جۈپ قۇتۇپلۇق ماگنېتتەك بۈيۈك ئىدى».

ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخس ئەزىز

نەسىنمۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەدىئىي ئىجادىيىتى داۋامىدا، ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر چۈشەندى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادە قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 75 ياشقا تولغان خاتىرە كۈنىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «مېنى ئۆتمۈشۈمدىن، بالىلىقىمدىن بېرى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىشكە مەجبۇر قىلغان سىرلارنىڭ بىرى — ئۆلۈمدۇر. مەن ئۆلۈمنى ناھايىتى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلغان بىر ئىنسانمەن، ئۆلۈمنى چۈشىنىشنى ئىستىگەن ئىنسان ئۆلۈمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۆلۈم مېنى ئىزدىنىشكە، تەپەككۇرغا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە مەجبۇر قىلغان بىر ئۇلۇغ كۈچتۇر. بەزى ئوقۇرمەنلەردىن ماڭا مەكتۇپ كەلدى، ئۇلار مەكتۇپلىرىدا ماڭا: ‹سەن ئۆلۈمنى تولىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىنسانسەن› دېگەنىدى. مېنىڭ ھاياتىم — ئۆلۈم، زامان، سۆيگۈ، ئىنسان ۋە بارلىقتىن ئىبارەت بۇ بەش نۇقتا ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ بەش نۇقتا مېنىڭ ھاياتىمنى پۈتۈنلىگەن چۈشەنچىلىرىم ۋە تۇيغۇلىرىمدۇر...»①

بۈگۈنكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم نامايەندە، مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆلۈم ئېڭىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ئىپادە قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇ 1970 ـ يىللاردىن كېيىن يازغان «ئاق پاراخوت»، «ئەسىردىن ئۇزاق بىر كۈن»، «ئەلۋىدا، گۈلسارى»، «قىيامەت» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ رېئاللىقىنى، يەنى تراگېدىيىلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. «ئاق پاراخوت»تا يەتتە ياشلىق سەبىي بالىنىڭ بوۋىسىدىن بۇغا ئانا ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

---

① «ئەزىز نەسىن 75 ياشتا»، ئىستانبول، 1990 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.



بالىلىق ۋىجدانى بىلەن كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بىر ـ بىرىنى زادىلا سىغدۇرالمىغانلىقى؛ ھازىرقـــى زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بۇ «تاشلاندۇق بالا»نىڭ ئەڭ ئاخىر ئۆزىنى ئىسسىق كۆلگە تاشلاپ بېلىقلارغا قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

«ئالائىت قىياسى»دا ئەمدىلا بېلىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان قىرسىقنىڭ دېڭىزدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ھالاكەتلىك كەچمىشى بىلەن پەرىزات بېلىق ھەققىدىكـــى گۈزەل رىۋايەت ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ.

«قىيامەت»تە چەكسىز ئازابلىق كەچۈرمىشلەردىن كېيىن چۆچۈپ ئويغانغان بوستۇن ئۆلۈم ۋە رېئاللىقتىن تامامەن ھالقىپ پايانى يوق چەكسىزلىك ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئايتماتوفنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈمگە بولغان مۇرەككەپ چۈشەنچىسى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادە قىلىدۇ.

## 11

ئۆلۈم — ھاياتتىكى ئوبيېكتىپ ھادىسە، ئۇ ھاياتنىڭ قارشى قىرغىقى. سەنئەت ھاياتنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپادە ئوبيېكتى قىلغانىكەن، مۇقەررەر يوسۇندا ئۆلۈمگە نىسبەتەنمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا، سەنئەت ۋە پەلسەپىدە ئۆلۈمنىڭ ئىزچىل ئىپادە قىلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھاياتقا ئوخشاشلا ئۆلۈممۇ ئىنسان ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئوبيېكتىپ ئامىل. شۇڭا، ئادەمنى ئۆز مەقسىتى قىلغان سەنئەت، ئادەمنى ئىپادە قىلالايدىغان ھەر قانداق تېمىغا ئېتىبارسىز قارىمايدۇ.

ئۆلۈمنىڭ سەنئەتتە باشتىن - ئاخىر ئىپادە قىلىنىشى ۋە سەنئەتنىڭ ئۇنى ئىزچىل مۇھىم تېما سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۇنىڭ ئىنسانغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى سەنئەت ئىنساننى غەپلەت ئۇيقۇسىدا! ئەمەس، سەگەك سېزىمدە تۇرۇپ ھالاكەت سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىكى تۈرلۈك ئۈمىدسىزلىكلەرنى يوق قىلىشقا، ئۆزىدىكى كىرىزىس تۇيغۇسىنى قامچىلاپ روھىنى ئويغىتىشقا مەجبۇر قىلغان. سەنئەت يەنە ئۆزىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بەدىئىي قۇدرىتىگە تايىنىپ ھالاكەت ۋە ئۆلۈم سىناقلىرى ئارقىلىق ئىنساندا مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز ھاياتلىق ئېنېرگىيىسى جۇغلاشقا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇڭا، سەنئەت دەۋرنىڭ قان تومۇرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق مىللەتكە ئورتاق ئېستېتىك زوق بېرەلەيدىغان مەردانە ناخشىلارنى ياڭرىتالايدۇ.

1995 - يىل ماي، ئۈرۈمچى



# ئەفراسىياب كىم

## — ئەفراسىيابنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە ئۇنىڭ ئالىپ ئەر تۇڭا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

### 1. تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى بۈيۈك ئەسەر — «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دە، تۈركىي — تۇران خەلقلىرىنىڭ غايىۋى قەھرىمانى ئەفراسىياب ھەققىدە بىر مۇنچە بايانلار ئۇچرايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئەفراسىيابنى تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە زەبەردەست قەھرىمانى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، بىر مۇنچە شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇشىنى ھەمدە خان جەمەتى ئىشلىتىدىغان خاس ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەفراسىيابقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى يەنە «دىۋان» دا: «خان — تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئەفراسىيابنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ‹خان› دېيىلىدۇ. ئەفراسىيابنىڭ ئۆزى ‹خاقان› دېيىلىدۇ. بۇ نامنىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا ئۇزۇن بىر ھېكايە بار»[1] دەپ

---

① ② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 3 - توم، 215 -، 502 — 503 - بەتلەر.

يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «... تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەفراسىياب ‹تۇڭا ئالپ ئەر› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېگەنلىكتۇر»② «... ‹تۇڭا ئالپ ئەر› ئەفراسىيابنىڭ ئۆزىدۇر»① دېگەن بايانلارنى كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھمۇد قەشقەرى يەنە سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن ئالپ ئەر تۇڭانىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مەرسىيە ئوقۇلغان بىر قەھرىمانلىق ئېپوسىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ يەنە بىر بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەفراسىيابنى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە تەڭداشسىز قەھرىمانى دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بايانلارنى كەلتۈرىدۇ:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىدىن ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك
تۇڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرە - خىل زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەك بولۇر ھۆكۈمران.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 204 - بەت.



280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياب،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ.①

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئىككى زاماندىش ئالىمنىڭ، بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەفراسىياب ياكى تۇڭا ئالپ ئەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىدىن بىز بۇ ئوبرازنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى خەلق ئەدەبىياتىدا خېلى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە قەشقەر، بارچۇق، بارمان، قازۋىن، بارسغان، مەرۋى قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇشىنى، خان، خاقان، خاتۇن، تېگىن، تارىم قاتارلىق قاراخانىيلار خان جەمەتى ئىشلىتىدىغان خاس ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەفراسىياب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا بىۋاستە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

ۋاھالەنكى، مەھمۇد قەشقەرىدىن بۇرۇنقى كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا ئەفراسىياب ياكى ئالپ ئەر تۇڭا ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىنكى تۈركىي مەنبەلەردە، جۈملىدىن چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار بارغانسېرى ئازىيىپ بارغان. نەۋائى گەرچە ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرىي مىسرالىرىدا ۋە «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرىدە ئەفراسىياب ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەخسنى نۇقۇل ئىران تارىخ ئەنئەنىسى بويىچە يىراق قەدىمكى دەۋردە ئىرانلىقلارغا سورۇقچىلىق سالغان تۇران پادىشاھى دەپلا قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ تۈركىي رىۋايەتلىرىدىكى ئالپ ئەر تۇڭا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ھېچقانچە توختالمىغان.② ئەمما ئىران مەنبەلىرىدە ئەفراسىياب

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 97 - بەت.
② ئەلىشىر نەۋائى: «تارىخىي مۇلكى ئەجەم» - «ئون بىش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، تاشكەنت، 1967 - يىل نەشرى، 14 - توم، 191 -، 195 - بەتلەر.

ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەسىرلەر بويى خېلى زور ئىزچىللىقنى ھاسىل قىلغان. ئىراندا مەيدانغا كەلگەن زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دا ئەفراسىياب تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە رەزىل كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى، يات قوۋملەرنىڭ (غەيرىي ئارىيان قوۋملىرىنىڭ) سەردارى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ.① مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازما خاتىرىگە ئېلىنغان قەدىمكى ئىراننىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى — «باھادىر زەرېرگە مەرسىيە» (Ayatkar Zarerani) دە تۇران شاھى ئەفراسىيابنىڭ ئوغلى ئەرجاسپ (Arjasp) زەردۇشت دىنىنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.② X ئەسىرگە كەلگەندە بۈيۈك پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئەفراسىياب ئوبرازىغا ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجراتتى ھەمدە ئەفراسىيابنى ئىرانلىقلارغا تىنىمسىز سورۇقچىلىق سالغان قانخور تۇران شاھى، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ئاپتورلىرى ئەفراسىياب ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەندە ئاساسەن فىردەۋسىنىڭ ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىشتى ۋە ئۇنى سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقاردى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ھەتتا بىر قىسىم تۈركىي ئاپتورلارمۇ مۇشۇ خىل ئەندىزىنى قوبۇل قىلدى. «ئاۋېستا» دىن تارتىپ تاكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەيدانغا كەلگۈچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئىران - ئەجەم خەلقلىرى ئەفراسىيابنى رەھىمسىز تاجاۋۇزچى، قانخور شاھ سۈپىتىدە قاراپ، سەلبىي شەخس قىلىپ تەسۋىرلەپ كەلگەن بولسا، تۈركىي - تۇران خەلقلىرى

① «ئاۋېستا: زەمياد - ياشت»، تېھران، 1984 - يىل، پارسچە نەشرى، 8 - پارە، 56 -، 64 - ئايەت.
② «پارس ئەپسانىلىرىدىن تاللانما»، جۇڭگو ئۈسمۈر بالىلار نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 86 - بەت.



ئۇنى ئۇلۇغ ئەجداد، مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، گۈزەل داستانلارنى توقۇپ كەلدى. بۇ خىل ئەنئەنە فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى.

خوش، ئۇنداقتا، ئەفراسىياب بىلەن ئالپ ئەر تۇڭا بىر شەخسمۇ؟ مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل نام بىلەن ئاتالغان بۇ قەھرىماننى بىرلا كىشى دەپ قارىشىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئىران مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىياب بىلەن تۈركىي مەنبەلىرىدىكى ئالپ ئەر تۇڭانىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي يىلتىزى ۋە ئۆزگىرىش جەريانىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ . . .

مۇئەللىپ مەزكۇر ماقالىدە ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بايانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر - تۈرك ۋە ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ، ئەفراسىياب ياكى تۇڭا ئالپ ئەرنىڭ تارىخىي يىلتىزى، ئۆزگىرىش جەريانى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتىدۇ ھەمدە مەزكۇر قەھرىماننىڭ تۈركىي - ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخشۇناسلىقى ۋە فولكلورىدا تۇتقان ئورنى، تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

## 2. ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ۋە تەتقىقاتلارغا باھا

پارس ۋە تۈركىي مەنبەلىرىدە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان تۇران شاھى ئەفراسىياب ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەردە، ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىي پروتوتىپى ۋە تارىخىي يىلتىزى توغرىسىدىكى تالاش -

تارتىشلار ھېلىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ھەقتىكى ئوخشاشمىغان قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى، ئەفراسىياب ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى خىرونوكىلىرى (تارىخىي مەنبەلىرى) دىن ئېلىنغان شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى XII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا»غا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئوبراز ئىران خەلقىگە سورۇقچىلىق سالغۇچى سەلبىي شەخس سۈپىتىدە شەرقىي ئىران خەلقلىرىنىڭ ھەربىي سەركەردىسى بولۇپ قالىدۇ. شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى، جۈملىدىن ساكلار، ماساگېتلار، تۇخرىلار، باكتېرىيىلىكلەر، سوغدىلار قەدىمدە ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىران ئېگىزلىكىدىن ئايرىلىپ تۇرغان بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشى كەچۈرگەن ھەمدە تۇران دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان. ئۇلار تارىختا كۆپ قېتىم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىران تەۋەسىدىكى تېرىم ئاھالىلىرىگە سورۇقچىلىق سالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىران - تۇران ئۇرۇشى پارتلىغان. ئەفراسىياب ئەنە ئاشۇ تۇران نامى بىلەن ئاتالغان شەرقىي ئىران قوۋملىرىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي قوۋملىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەفراسىيابنىڭ ئىران ئەدەبىياتىدا ئىزچىل ھالدا سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئۇنىڭ تۈركلەرنىڭ قەھرىمانى بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى تارىختا ئىرانغا كۆپ قېتىم مۇداخىلە قىلغان كۆچمەنچى شەرقىي ئىران قوۋملىرىنىڭ سەركەردىسى دەپ قارالغانلىقتىندۇر.

بۇ قاراشنى كۆپىنچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىران ئالىملىرى، شۇنىڭدەك جۇڭگولۇق تەتقىقاتچى ۋاڭ جىلەي



ئەپەندىلەر قۇۋۋەتلەيدۇ.①

ئىككىنچى، ئەفراسىيانىڭ ئەسلىي پروتوتىپى گەرچە «ئاۋېستا»غا بېرىپ تاقالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ئوبرازىنىڭ قېلىپلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران قوۋملىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى دەۋرلەردە ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن ساك، ماساگېت، تۇخار، سوغدى قاتارلىق قوۋملەر گەرچە بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن مۇجمەل ھالەتتىكى «شەرقىي ئىران مىللەتلىرى» دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇلار كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، پسىخىك تىندۇرمىسى ۋە ناھايىتى مول بولغان ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بىللە تۈركىي قوۋملەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى تۇر، تۇران، تۈركىيناملىرى بىلەن ئاتالغان خەلقلەر بىر زەنجىرىگە باغلانغان ئورتاق گەۋدە بولۇپ، ئۇلارغا ئايرىم ئىرقىي ۋە مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىراق قەدىمكى تارىخىدا تۇران نامى بىلەن ئاتالغان كۆچمەنچى قوۋملەر كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە تۈركىي قوۋملەرنىڭ تەركىبىگە سىڭىشىپ كەتكەن ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردىكى تۈركىي تىللىق تېرىم مىللەتلىرىنىڭ

---

① ئىران «دېھخۇدا لۇغىتى» نىڭ «ئەفراسىياب» تېرمىنىغا قاراڭ؛ «تاجىك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «ئەفراسىياب» تېرمىنىغا قاراڭ، دۇشەنبە 1981 - يىل نەشرى؛ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» - «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، (خەنزۇچە)، 1994 - يىل، 4 - سان.

شەكىللىنىشىگە مۇھىم مەنبە بولغان. شۇڭا، ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر گەرچە ئىرانىي مەنبەلەرگە، جۈملىدىن ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىران تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر — ساكلار، ماساگېتلار، تۇخارلار، سوغدىلارغا بېرىپ تاقالسىمۇ، لېكىن كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا تۈركىي سۇژېتلار بىلەن بېيىغان ھەمدە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەدرىجىي تۈركلىشىش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت سۇژېتلىرىنىڭمۇ ئىران تىپىدىن ئاستا - ئاستا تۈركىي تىپقا ئۆزگىرىش جەريانى بولغان. مەھمۇد قەشقەرى زامانىدا ئەفراسىيابقا دائىر ئېپوس پارچىلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەنلىكى، قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلار خان جەمەتىنىڭ ئۆز نەسەبىنى بىۋاسىتە ئەفراسىيابقا باغلىشى ھەمدە ئەفراسىيابنى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادى ۋە مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىشى دەل شۇنىڭ سەۋەبىدىندۇر.

بۇ قاراشنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە لى يۈڭ ئەپەندىلەر قۇۋۋەتلەيدۇ.[1]

ئۈچىنچى، ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر گەرچە، يەھۇدىي، ئەرەبىي ۋە ئىرانىي مەنبەلەردە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىي پروتوتىپى ۋە ئىپتىدائىي ئۆلگىسى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن تۈركىي قوۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» (西域石窟艺术) ناملىق كىتابقا قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 458 - بەت؛ لى يۈڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» (维吾尔民族英雄史诗的二元化起源)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىللىق - سان (خەنزۇچە).



تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئالپ ئەر تۇڭا ناملىق بۇ غايىۋى قەھرىمان دەل ئىران مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئەفراسىيابنىڭ ئەسلى ئۆلگىسىدۇر ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئەسلىي تۈركىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن كېلىپ چىققان «تۇڭا ئالپ ئەر» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي - تۇران خەلقلىرى بىلەن ئىران - ئەجەم خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان مەدەنىيەت دىئالوگى داۋامىدا «ئەفراسىياب»قا ئۆزگەرگەن. بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: « ئەمدى ئىرانلىقلارنىڭ ‹تۇڭا ئالپ ئەر› نى ‹ئەفراسىياب› دەپ ئاتىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن: بىرى ‹تۇڭا ئالپ ئەر› نىڭ تۈركىي تىلىدا ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشى ‹ئەۋرەن ئەسىرى ئالپ› (ئالەمنىڭ قاپلان باتۇرى) بولۇپ، بۇ سۆز ئىران تىلىدا ‹ئەفرەس - ئالب› — ‹ئەۋراسالىپ› - ‹ئەفراسىياب› شەكلىگە تەدرىجىي ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىرى، ئىران رىۋايەتلىرىدە ۋە ‹شاھنامە› دە، ‹تۇڭا ئالپ ئەر› نى ئۇرۇش ۋە جەڭنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىران تىلىدىكى ‹ئەفراس + يىب› ( ‹ئەفراس› سۆزى قالقان، توسۇق دېگەن مەنىلەرنى، ‹ياب› — ئوق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان ئىسىم بارا - بارا ‹ئەفراسىياب› شەكلىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەفراسىيابنىڭ قىزى ‹قاز› ‹شاھنامە› دە بولسا ‹فرنگىس› (فەرەنگەس) شەكلىدە يېزىلغان. بۇمۇ تۈركىي تىلىدىكى ‹ئۆرۈن قاز› (ئاق قاز) سۆزىنىڭ ئىران تىلىغا كىرىپ ‹ئەفرەن گاز› — ‹فەرنگەس› شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك ‹شاھنامە› دىكى ئەفراسىيابنىڭ ئادەملىرى بارمان، پىران، خۇمان، گەرسىۋەز، بەرزگەر، گۈلباد، پولاد، جەرىرە قاتارلىق كىشى ناملىرىمۇ ئەسلىدە تۈركىيچە ناملار بولۇپ، ئىران تىلىغا

كىرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن».①

دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلۈك كۆز قاراشلارنى ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلغاندا، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسلىرى بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدە ئەفراسىياب ياكى ئالپ ئەر تۇڭادىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەسىلە ھەققىدىكى تۈرلۈك بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەبچى بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ بىرىنچى خىلدىكى قاراشنى ئىران تەتقىقاتچىلىرى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىرىدىن بارتولد، ياپونىيە ئالىملىرىدىن ئابى تاكېئو، جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىدىن ۋاڭ جىلەي، خۋا تاۋ ئەپەندىلەر ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. بولۇپمۇ بارتولدنىڭ ئەفراسىياب ئەسلىدە قەدىمدە «تۇران» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ غايىۋى قەھرىمانى بولۇپ، تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى، كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن تۈركىي قوۋملەر خاتا ھالدا ئەفراسىيابنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى قىلىۋالغان②، دېگەن قارىشى ئىلىم ساھەسىدە نوپۇزلۇق قاراش سۈپىتىدە كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگودىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ ئىلگىرىكى تەتقىقاتلىرىمدا بۇ قاراشقا بولغان مايىللىقىمنى ئىپادىلىدىم ھەمدە ئىلگىرى ئېلان قىلغان «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۈچ قېتىملىق يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى»③ ناملىق ئىككى پارچە

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» (ماقالىلەر توپلىمى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 - يىل نەشرى، 592 -، 593 - بەتلەر.

② «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، Ⅱ توم، 2 - كىتابقا قاراڭ؛ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 89 -، 111 - بەتلەر.

③ ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 - يىللىق 4 - سان.



ماقالەمدە بۇ تېما ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، ئەفراسىيابنىڭ تۈركىي قوۋملەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدىم.

ئەپسۇسكى، مەزكۇر تېما ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى ئىزدىنىشلىرىم داۋامىدا ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئىلگىرىكى قاراشلارغا بولغان گۇمانىم بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۆزۈمنىڭمۇ ئالدىراقسانلىق بىلەن رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ كەسكىن ھۆكۈمىگە يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئەگەشكەنلىكىمنى، ئەفراسىياب مەسىلىسىنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىي مەسىلە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

دەرۋەقە، ئىلمىي تەتقىقات داۋاملىق تولۇقلىنىشقا، داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشقا تېگىشلىك خىزمەت. ھەر قانداق بىر نوپۇزلۇق كۆز قاراش ياكى كەسكىن ھۆكۈمنىڭ ئىلىم ساھاسىدە مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ھېسابلىنىشى ناتايىن، شۇ ۋەجىدىن بارتولدتەك نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئەفراسىياب ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدا ساقلانغان بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى قايتىدىن ئويلىنىش تامامەن زۆرۈر دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى ئىككىنچى خىل قاراشقا كەلسەك، بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەن بىر قانچىلىغان ئاپتورلارنىڭ (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، لى يۇڭ، قاتارلىقلارنىڭ) يېڭىچە قاراشلىرى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلار بارتولد ۋەكىللىكىدىكى چوڭ ئېقىمنىڭ سۈر - ھەيۋىسى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئىلگىرىكى نوپۇزلۇق ھۆكۈملەرگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئۆزگىچە قاراشلاردا خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بولغانىدى.

ئۇچىنچى خىل قاراشتا ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى تۈركىي، ئەرەبىي ۋە فارسىي مەنبەلەر ئاساسىدا، ئەفراسىياب نامى بىلەن ئاتالغان بۇ غايىۋى قەھرىماننىڭ نامىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «تۇڭا ئالپ ئەر» (ئەۋرەن ئەسىرى ئالپ) نىڭ ئىران تىلىغا كىرىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى نەتىجىسىدە، شەكىللەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ گەرچە ھازىرغىچە بولغان تەتقىقاتلار ئىچىدىكى يېڭى بىر قاراش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىق جەھەتلەردىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3. ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىي پروتوتىپى ۋە ئىران ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتى

ئەفراسىيابتىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ ئىران ۋە تۇران خەلقلىرى مەنبەلىرىدە شۇنچىدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا مەيدانغا چىقىشى ئۇزاق تارىخىي جەريانغا تۇتىشىدۇ. ئەفراسىيابنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پروتوتىپى شەرقىي ئىراندا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى X — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن زوروئاستېر (Zoro — astra) دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدۇ. «ئاۋېستا» نىڭ «زەمياد ياشت» (Zamyad — yasht) بابىدا رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان ئەفراسىياب مۇقەددەس زوروئاستېر تەرىپىدىن ئىرانلىقلارغا بەخشەندە قىلىنغان ‹ئىلاھىي نۇر› نى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە قاتتىق مەغلۇب بولىدۇ. «ئاۋېستا: زەمياد ياشت» تا بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:



[ئىلاھىي نۇر] پاك تەبىئەتلىك زوروئاستېرغا،
ھەم ئارىيان (ئىران) قوۋمىگە مەنسۇپ،
قارا نىيەت تۇرانى فەرەڭراسىيان (ئافراسىياب)
فەرراخ كارتى دەرياسىدىن [ئىلاھىي نۇر]نى تارتىۋالماقچى بولدى،
لېكىن ئۇنىڭ كىيىم سېلىپ، دەرياغا سەكرىگەنلىكىنى كۆردى.
فەرەڭراسياننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
[ئىلاھىي نۇر] تېزلىك بىلەن -
فەرراخ كارتى دەرياسىدىن سەكرەپ چىقىپ،
خىسراۋ كۆلىگە شۇڭغۇدى. [1] (8:56 ـ 64)

يىراق قەدىمكى زاماندا ئىرانلىقلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان تۇران شاھى ئەفراسىيابنىڭ نامى «ئاۋېستا» دىن بۇيانقى ئىران مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. ئەفراسىياب «ئاۋېستا» دا Frangrasyan ياكى Frangasyan، پەھلەۋى (Pahlawi) تىلىدا Afrasiyab ياكى Frasiyab، پارس تىلىدا Afrasiyab شەكلىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.[2] ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىي ئۆلگىسى بولغان ياۋايى تەبىئەتلىك Frangrasyan «ئاۋېستا» نىڭ 8 ـ بابىدا سۇ ئاستىغا يوشۇرۇنغان «ئىرانىيلارنىڭ ئىلاھى نۇرى» (Airyanem — khvareno) نى قولغا چۈشۈرۈش يولىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. مۇقەددەس ئىلاھىي نۇر ئىرانلىقلارغا مەنسۇپ بولۇشى بىلەن ياۋايى تەبىئەتلىك ئەفراسىياب مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپ، زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەفراسىيابتىن ئىبارەت

① «ئاۋېستا» نىڭ «زەمياد ياشت» قىسمى. 8 ـ باب، 56 ـ، 64 ـ بۆلەكلەرگە قاراڭ؛ يۈەن ۋېنچى: «ئىككى مەنبەلىك ئىلاھ قارىشى — قەدىمكى پارسلارنىڭ دىنىي ئەپسانىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 242 ـ، 243 ـ بەتلەر.

② يۈەن ۋېنچى: «ئىككى مەنبەلىك ئىلاھ قارىشى — قەدىمكى پارسلارنىڭ دىنىي ئەپسانىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 222 ـ بەت.

ئەپسانىۋى تۈسى قويۇق بولغان بۇ ئوبرازنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئىنتايىن قەدىمىي بولۇپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا زوروئاستېر دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدىكى كۆچمەنچى قوۋملەر بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، «ئاۋېستا» نىڭ ئەڭ قەدىمىي قىسمى بولغان «ياشت» (Yasht) بۆلىكى شەرقىي ئىران بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ھەمدە قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپلىگەن تاغ - دەريالىرىنى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. تۇران شاھى ئەفراسىياب ھەققىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇچۇرلارمۇ «ئاۋېستا» نىڭ مۇشۇ بۆلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنداقتا تۇران شاھى بولمىش ئەفراسىياب نېمە ئۈچۈن «ئاۋېستا» دىن باشلاپلا ئىران مەنبەلىرىدە قانخور تاجاۋۇزچى، ئىرانلىقلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە سەلبىي قەھرىمان بولۇپ قالىدۇ؟

ئەفراسىيابنىڭ دەسلەپكى پروتوتىپى بولغان «ئاۋېستا» دىكى Frangrasyan ئىرانلىقلار بىلەن قارشىلاشقۇچى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدا، قەدىمكى ئىراننىڭ ئولتۇراق ئاھالىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەنچى قوۋملەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن بۇيانقى زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئارقا كۆرۈنۈش بولغانىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، مىلادىيەدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا ئات ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياكى ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا« تۇران تۈزلەڭلىكى» دە كۆندۈرۈلدى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە جەڭدە ئىشلىتىلىشى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ساك، ماساگېت، تۇخار قاتارلىق قوۋملەر جەڭ ئاتلىرىغا تايىنىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئولتۇراق تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان



ئىرانلىقلارغا زور تەھدىت سالدى. ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشى ئىران بىلەن ھىندىستاندىكى تېرىم خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا زىلزىلە ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن «ئاۋېستا» دىن باشلاپلا سەلبىي شەخس سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەفراسىياب ئىرانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئاستا - ئاستا ئىرانغا سورۇقچۇلۇق سېلىۋاتقان كۆچمەن قوۋملەرنىڭ، جۈملىدىن تۇرانلىقلارنىڭ ئۇرۇشخۇمار خاقانىغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تۇران نامى بىلەن ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئىرانغا بولغان تەھدىتى زورايغانسېرى، غايىۋى قەھرىمان ئەفراسىيابنىڭ ئىرانلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى سەلبىي ئوبرازىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراق ھايات كۆچۈرىدىغان يەرلىك ئىرانلىقلار ئەفراسىيابنىڭ سەلبىي ئوبرازى ئۈستىگە يەنە زوروئاستېر دىنىنىڭ دۈشمىنى، رەزىللىك ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى بولمىش بىر قاتار سەلبىي سۈپەتلەرنى قوشتى.

مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراندا يازما خاتىرىگە ئېلىنغان «باھادىر زەرىرگە مەدھىيە» ناملىق مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسىدا، ئەفراسىيابنىڭ ئوغلى ئەرجاسپ («ئاۋېستا» تىلىدا Arejataspa، پەھلەۋى تىلىدا Arjasp، پارس تىلىدا Arjasb دېيىلىدۇ) زەردۇشت دىنىنىڭ دۈشمىنى، ساختىپەس تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. خۇددى يۇەن ۋېنچى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئىرانىي قوۋملىرىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى بۇ ۋاقىتتا ئاجايىپ غەلىتە جىن - شاياتۇنلاردىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ئىرانغا سورۇقچىلىق سېلىۋاتقان يات قوۋملەرنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن ئالماشقانىدى. ناۋادا دەسلەپكى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئوبرازىنى ئۇرۇقداشلىق جامەسى دەۋرىدىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا، ئەفراسىيابنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ

ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىرانلىقلار بىلەن تىنىمسىز ئۇرۇشلارنى قىلغان يات قوۋملەرنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولاتتى. زوروئاستېر دىنىدىكى كاھىنلارنىڭ نەزىرىدە غەيرىي ئىرانىي قوۋملەر — چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئارىيان قەبىلىلىرى دەل ئەھرەمەن دېۋىنىڭ تىۋىنغۇچىلىرى ۋە يات دىنىدىكى ئازغۇن بەندىلەر ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇلار بىلەن تىركىشىش ۋە كۈرەش قىلىش دەل زوروئاستېر دىنىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مەڭگۈلۈك زىددىيىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر»[1]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىرانلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆچمەنچى يات قوۋملەرنىڭ ۋەكىلى بولمىش ئەفراسىياب ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بىر تاجاۋۇزچى سەركەردىلا ئەمەس، بەلكى يەنە زوروئاستېر دىنىنىڭ دۈشمىنى، قاراڭغۇلۇق ۋە رەزىللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەپسانىۋى قەھرىمان بولۇپ قېلىپلىشىدۇ.

ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىي پروتوتىپى بولغان «ئاۋېستا» دىكى سەلبىي شەخس Frangrasyan دىن تارتىپ ئۇنىڭ ئەپسانىۋى ئوبرازىنىڭ قەدىمكى ئىران مەنبەلىرىدە تەدرىجىي قېلىپلىشىشىغا قەدەر، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان ئىككى چوڭ خەلقنىڭ - ئىرانلىقلار بىلەن تۇرانلىقلارنىڭ تارىخىي زىددىيىتىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانىدى. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە يەنە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ نىسبەتەن ئىلغار بولغان تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ياۋايى جەسۇرلۇققا تويۇنغان ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز توقۇنۇشلارمۇ مۇجەسسەملەشكەنىدى. شۇڭا، ئەفراسىياب ئوبرازى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىنلا ئىران بىلەن تۇراندىن ئىبارەت ئوخشىمىغان تېررىتورىيىدىكى خەلقلەردە

① يۈەن ۋېنچى: «ئىككى مەنبەلىك ئىلاھ قارىشى — قەدىمكى پارسلارنىڭ دىنىي ئەپسانىلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، 222 - بەت.



ئوخشاشمىغان خاراكتېرگە ۋە ئىككى ياقلىملىققا ئىگە ئىدى. ئۇ ئىرانلىقلارنىڭ نەزىرىدە قانخور تاجاۋۇزچى ۋە زەردۇشتلۇقنىڭ دۈشمىنى ھېسابلانغىنى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ قېتىدىكى تۇران چۆللۈكلىرىدە چارۋىچىلىق ھاياتى كەچۈرۈپ، كېيىنچە تەدرىجىي ئولتۇراقلاشقان ساك، ماساگېت، توخرى، سوغدى قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەردە ھەمدە كېيىنچە تۈرك گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان بارلىق خەلقلەردە مىللىي قەھرىمان، يېڭىلمەس سەركەردە سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىپ كەلگەنىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىغا كەڭ تۈردە ئومۇملىشىپ كەتكەن كەيخىسراۋ (Kai—Hisraw)، دارا(Darius)، خىسراۋ پەرۋىز (Hisraw Parweez) قاتارلىق بىرقاتار تارىخىي ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ پارس ئەدەبىياتىدا مەدھىيىلىنىشى، تۈركىي ئەدەبىياتىدا بولسا سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشىمۇ دەل شۇ سەۋەبتىن بولغان.

X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بۈيۈك پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ گىگانت ئەسىرى «شاھنامە» نى يورۇققا چىقاردى. فىردەۋسى ئۆز زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەڭ تارقالغان ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىي ۋە غايىۋى ئىش - ئىزلىرى ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە تەزكىرە - يىلنامىلەر ئاساسىدا ئىران شاھلىرىنىڭ سەلتەنەت تارىخى ۋە قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى ئېپوس شەكلى بىلەن يېزىپ چىقتى. بولۇپمۇ ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەفراسىيابنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى زور دەرىجىدە قېلىپلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقتىكى كۆپلىگەن قەلەمكەشلەر ئەفراسىياب ئوبرازى مەسىلىسىدە ئاساسەن دېگۈدەك «شاھنامە» نىڭ ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلدى. فىردەۋسى «شاھنامە» دە ئىراننىڭ يىراق قەدىمكى ئەپسانە - راۋايەتلىرىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئەفراسىيابنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىراننىڭ قەدىمكى

پادىشاھلىرىدىن فېرىدۇن (Fereedon) نىڭ ئىككىنچى ئوغلى Tur نىڭ نەسەبىگە باغلايدۇ. چۈنكى ئىرانلىقلار بىلەن تۇرانلىقلار (كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە تۈركىي قوۋملەر) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئەسلىي مەنبەسى دەل فېرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى يەنى سەلىم (Salim)، تۇر (Tur) ۋە ھىلاج (Hillaj) ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن باشلانغاندى.

«شاھنامە» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، ئىران پادىشاھى فېرىدۇن قېرىغاندا پۈتۈن مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىملەپ بېرىدۇ. چوڭ ئوغلى سەلىمگە رۇم (Rome) ۋە مەغرىب ئەللىرىنى، ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرغا تۇران (ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقى) ۋە چىن مەملىكەتلىرىنى، كەنجى ئوغلى ھىلاجغا ئىراننى بۆلۈپ بېرىدۇ. ئەمما چوڭ ئوغۇللاردىن سەلىم بىلەن تۇر بۇنىڭغا رازى بولماي، بىرلىكتە سۇيىقەست پىلانلاپ ھىلاجنى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن ھىلاجنىڭ نەۋرىسى مەنۇچېھىر (Manuchehr) تۇرنى ئۆلتۈرۈپ ئاتا - بوۋىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىرانلىقلار (ھىلاجنىڭ ئەۋلادلىرى) بىلەن تۇرانلىقلار (تۇرنىڭ ئەۋلادلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىق ئاداۋەت ۋە ئۇرۇش - جېدەللەر رەسمىي باشلىنىدۇ. ئەنە ئاشۇ قوشنا ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى تۇرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئۇرۇشخۇمار تۇران شاھى ئەفراسىياب مەيدانغا چىقىرىدۇ.

فىردەۋسى يەنە «شاھنامە» دە مەزكۇر يازما ئېپوسنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ تەسىرلىك سەھىپىلىرى ھېسابلانغان ھىلاج تراگېدىيىسى (ھىلاجنىڭ تۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى)، سوقراب تراگېدىيىسى (سوقرابنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆز ئاتىسى رۇستەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى)، سىياۋۇش تراگېدىيىسى (سىياۋۇشنىڭ ئۆگەي ئانىسى، خانىش سۇدابە تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىشى، ئامالسىزلىقتىن تۇرانغا قېچىپ بېرىپ



پاناھلىنىشى ۋە ئاخىرىدا ئەفراسىيابنىڭ قولىدا ئۆلۈشى) ۋە ئىسفەندىيار تراگېدىيىسى (ئىسفەندىيارنىڭ ئىران قەھرىمانى رۇستەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى) قاتارلىق تۆت چوڭ تراگېدىيىنىڭ سەۋەبىنى تۇر (Tur) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان تۇران شاھى ئەفراسىيابقا باغلايدۇ. «شاھنامە» دە ئىرانلىقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن سانسىزلىغان كۈلپەت ۋە ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا ھامان ئۇرۇشخۇمار تۇران شاھى ئەفراسىياب ۋە ئۇنىڭ ياۋۇز تەبىئىتى ئايان بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فىردەۋسى «شاھنامە» دە ئەفراسىيابنىڭ سەلبىي ئوبرازىنى ناھايىتى كەڭ سەھىپە ئىچىدە تولۇق ياراتتى ھەمدە ئىران ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت جەمبىرىكىگە ئەفراسىيابنىڭ سەلبىي ئەندىزىسىنى تىكلەپ بەردى. ئەفراسىيابتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ۋە قوش ياقلىمىلىققا ئىگە بۇ ئوبراز «ئاۋېستا» دىن «شاھنامە» گىچە بولغان ئىران ئەدەبىياتىدا ئەنە شۇنداق جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى ۋە ئاستا - ئاستا قېلىپلاشتى.

## 4. تۈركىي ئەدەبىياتىدا ئەفراسىياب ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى

قەدىمكى ئىران مەنبەلىرى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا ئىزچىل ھالدا سەلبىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن ئەفراسىياب قانداق قىلىپ تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى ئادالەتلىك پادىشاھ ۋە مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالدى؟ ئەفراسىيابنىڭ تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى يىلتىزى، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى شۇنىڭدەك ئۆزگىرىش ۋە قېلىپلىشىش جەريانى زادى قانداق؟

ئەمەلىيەتتە، ئەفراسىيابتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ئەپسانىۋى قەھرىماننىڭ تۈركىي ئەدەبىياتىدا پەيدا بولۇشى ۋە

قېلىپلىشىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانغا ۋە كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە، چۈنكى ئەفراسىياب ئوبرازىنىڭ تارىخىي قاتلىمى بىۋاسىتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈركلىشىش جەريانىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىلگىرى تارىخشۇناسلار «شەرقىي ئىران مىللەتلىرى» دەپ ئاتىغان ساك، ماساگېت، توخرى ۋە سوغدى قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بارغانسېرى زورىيىپ بارغان تۈركىي ئېتنىك گەۋدىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەدرىجى تۈركلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئەفراسىياب ئوبرازىمۇ تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ گۈلتاجىغا ئايلاندى. مەھمۇد قەشقەرى زامانىدا ئەفراسىيابقا دائىر بىر ئېپوس پارچىلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىكى ھەمدە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ ئۆز نەسەبىنى ئەفراسىيابقا باغلىشى، ئەمەلىيەتتە ئەفراسىياب ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ تۈركىي ئەدەبىياتىدا خېلى زامانلار ئىلگىرىلا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەفراسىيابنىڭ تۈركىي ئەدەبىياتىدا پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ يەردە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى، يەنى بىرىنچىدىن، تۇران بىلەن تۈركىي قوۋملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئەفراسىياب بىلەن ئالپ ئەر تۇڭانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى مەسىلە مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇران بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە نازۇك مەسىلە بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان تۈرلۈك بەس - مۇنازىرىلەرنى قوزغاپ كەلدى. بولۇپمۇ تۇران بىلەن تۈركلەر ئەسلىدە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، كېيىنچە تارىختا خاتا ھالدا بىر خەلق سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن دېگەن قاراش ئىلىم ساھەسىدە



ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەفراسىيابنىڭ تۈركىي ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشمۇ قىيىن بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى مەنمۇ مۇشۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىدە تۇران بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ كەلگەنىدىم. ھالبۇكى، بارغانسېرى تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى تۇران بىلەن تۈركلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقتۇر بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتسىز، يەككە - يېگانە ھالەت بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت ئىرقلار ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ بەلباغدا بىر پۈتۈن گەۋدە ئىچىدىكى زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكتە.

«كېمبرىج ئىران تارىخى» دا: «تۇران بىلەن تۈركلەر ئەسلىدە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. لېكىن مىلادىيە VI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر پارس تىلى مىللەتلىرى ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇران دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىغا كېلىدىغان بولۇپ قېلىپ، يېڭى كەلگەن بۇ مىللەتنى خاتالىشىپ ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.»[1] دەپ يازىدۇ. بارتولد قاتارلىق رۇس شەرقشۇناسلىرىمۇ ئۆز تەتقىقاتلىرىدا يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەمدە ئەفراسىيابنىڭ ئەسلىدە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەپسانىۋى قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، كېيىنچە بۇ يەرگە يەرلەشكەن تۈركلەرنىڭ خاتا ھالدا ئەفراسىيابنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى دەپ قارىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ ھەمدە قاراخانىيلار خان جەمەتى بىلەن سالجۇقىيلار (Saljuq) خان جەمەتىنىڭ ئەفراسىيابقا

① ئېھسان يارشاتار، R.N فرېي باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «كېمبرىج ئىران تارىخى»، لوندون، 1983 - يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، III توم، I كىتاب، 17 - بەت.

بولغان ئالاھىدە قارىشىنى مىسال كەلتۈرىدۇ.[1] ۋالىڭ جىلەي ئەپەندىمۇ بارتولدنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ پارس يىلنامىچىلىكىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى، بەلكى خاتا ھالدا ئەفراسىيابنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ...[2]

ۋاھالەنكى، يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلساق، ئەفراسىيابتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، خۇددى ياپونىيە ئالىمى ئابى تاكېئو (Abi Takeo) ئېيتقاندەك: «بۇنداق ئاددىي ھالدا چىقىرىلغان يەكۈننىڭ ئەمەلىيەت بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى»[3] چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە. ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جەريانىغا كۆپلىگەن سىرلار يوشۇرۇنغان. گەرچە ئىلىم ساھەسىدە تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ مىلادىيە ٧ ئەسىر بىلەن چەكلىسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىنىڭ خېلىلا بالدۇر باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئىران مەنبەلىرى تەمىنلىگەن يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، Turan ئاتالغۇسى بىلەن Turk ئاتالغۇسىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئوخشاشلا Tur سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققانلىقى مەلۇم. ئىران قان سىستېمىسىدىكى فرانسىيە ئالىمى

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 89 ـ ، 111 ـ بەتلەر.

② ۋالىڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان.

③ ئابى تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 296 ـ بەت.



ئەلى مازاھىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا ‹تۈرك›، دېگەن سۆز ‹ساك ـ سېكىتاي› دېگەن سۆز بىلەن مەنىداشلىقتا ئىگە. ‹ئاللاغا ئىشەنمەيدىغانلار› دېگەن مەنىدىكى ‹تۈرك› ئاتالمىسى يەنە غەيرىي ئىرانىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. Türk ياكى Turukسۆزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى k بىر خىل ئىگىلىك كېلىش رولىنى ئوينايدىغان تاۋۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئىران تىلىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى شەكلى Tuyriu بولۇپ، Turu سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان سۈپەت سۆزدۇر. بۇ خۇددى Sainaya (جۇڭگولۇق) سۆزىنىڭ Sin دىن، Hindava (ھىندى) سۆزىنىڭ Hindu دىن، Sairima (سېرىب) سۆزىنىڭ Sarm دىن تۈرلىنىپ چىققانلىقى بىلەن تامامەن ئوخشاش ھادىسە. تۈركلەرنىڭ پائالىيەت ماكانى بولغان تۇران (Touran) پۈتكۈل شىمالىي ئاسىيا ياكى ئالدى ئاسىيانى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ پارس تىلىدا ھەم ئەرەب تىلىدا نېمە ئۈچۈن ‹تۈرك› سۆزىنىڭ ناھايىتى كەڭ مەنىدىكى ‹غۇزلار›، ‹سېكىتايلار›، ‹غەيرىي دىندىكىلەر›، شۇنىڭدەك كەمسىتىش مەنىسىدىكى ‹كافىرلار› دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر».[1]

ئەلى مازاھىرى ئەپەندى يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «تۇران يىپەك يولىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى بولغان Tour/Tuiriu (‹ئاۋېستا›غا قارىتا) نىڭ توخرىلارنى، يەنى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 月氏人 نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن».[2]

---

① ئەلى مازاھىرى (فرانسىيە): «يىپەك يولى — جۇڭگو ـ پارس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 371 ـ، 140 ـ بەتلەر.

② ئەلى مازاھىرى (فرانسىيە): «يىپەك يولى — جۇڭگو ـ پارس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 371 ـ، 140 ـ بەتلەر.

ئېنگېلس ھەمدە ئامېرىكا ئالىمى مورگان قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى خەلقلىرىنى Turania ياكى Turanian ناملىرى بىلەن تىلغا ئالىدۇ.[1] شۇنىسى ئېنىقكى، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەرەب مەنبەلىرىدە Turanسۆزى بىلەن Turk سۆزلىرىنىڭ ئوقۇمى خېلى بۇرۇنلا ئارىلىشىپ كەتكەن ياكى ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. ئېھتىمال بۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

«تۇران» سۆزى قەدىمكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا Tur، Tura، Turan شەكلىدە، يۇنان ۋە لاتىن تىللىرىدا Turanian شەكلىدە ئۇچرايدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە بۇ تۈردىكى يەر ناملىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. يالغۇز قۇمۇل رايونىدىلا «تۇر» ۋە «تۇرا» سۆزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان يەر ناملىرىدىن يۈزدىن ئارتۇقراقى ساقلانماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار Tur ۋەTura سۆزلىرىنى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى Tängriسۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. ياقۇت ۋە چۇۋاش تىللىرىدا Tängri سۆزى tur ياكى tura شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، قەدىمكى سۇمېر (Somer)، ئاككاد (Akkad) تىللىرىدا پۈتۈلگەن تاش پۈتۈكلەردە Tängri سۆزى Dingir دەپ يېزىلغان.[2] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، Turan، Turk ۋە Tängri سۆزلىرى قەدىمكى سۇمېر، ئاككاد تىللىرى، «ئاۋېستا» ۋە باشقا ھىندى - ئىران مەنبەلىرى شۇنىڭدەك قەدىمكى خۇن، تۈرك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەنبەلىرىدە مۇئەييەن باغلىنىشقا ۋە يىلتىزداشلىققا ئىگە.

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»؛ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 63 - بەت.

② لى جىڭ: «ھېتىت مەدەنىيىتى ۋە سىرتقى ئەللەر مەدەنىيىتى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 47 - بەت.



ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەردىن ئارىيانلار (Aryan) ياكى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ساك (Saca)، ماساگېت (Masaget)، توخار (Tochari) ۋە سوغدى (Soğdi) قاتارلىق قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن زادى قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئەفراسىياب مەسىلىسىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئەفراسىيابنىڭ تۈركىي ئەدەبىياتتا كۆرۈلۈشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ تۈركىي قوۋملەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىلگىرىكى تەتقىقاتلار ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى مەسىلىسىدە بىرلا مەنبەنى، يەنى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن كۆك تۈرك (突厥) بىلەن ئۇيغۇر (回纥) قوۋملىرىنىلا تەكىتلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئارىيان تىپىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئوينىغان رولىغا سەل قارىدى. ھەتتا ئۇلارنى بىر - بىرىگە قارشى ھەم مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراپ كەلدى. بۇ ھال ئەفراسىيابقا ئوخشاش بىرمۇنچىلىغان مۇرەككەپ تېمىلارنى يېشىشتە زور قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. چۈنكى تۈركىي قوۋملار ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن كۆپلىگەن ھادىسىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈركلىشىشى جەريانىدا، يەنى تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى بىرمۇنچىلىغان غەيرىي تۈرك قوۋملەرنىڭ تۈركىي ئېتنىك گەۋدىسىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتىشى داۋامىدا شەكىللەنگەن.

شۇڭا ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساكلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە 塞人، 塞种人، بۇددا نوملىرىدا Saca دەپ خاتىرىلەنگەن. ماساگېتلارنى ئۇلۇغ ساكلار، ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونىنى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۇران

تۇلەڭلىكى دەپ قارىغۇچىلار بار. سىكىف - سىكىتاي (Scythia) لار ئارىيانلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تارمىقى سۈپىتىدە ساكلار بىلەن يىلتىزداش ئاھالە ئىدى. تۈرك ئىبارىسى ئىككى مەنىدە — قەدىمكى تۇران - ساكلار مەنىسىدە، يەنە كۆك تۈرك ئاھالە مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئاشىنا ساكلىرى (Ashina— Saca) ئاشىدى (As— i— d) موڭغۇلوئىد ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا قوشۇلۇپ تۈرك نامىدا ئىككىلەمچى تۇرانىيلارنى — بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قوشۇلۇشتىكى قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى پەرقىگە قاراپ تۈركىي خەلقلەر ئىككى چوڭ تۈرگە — ئۇيغۇر - ئوغۇز ۋە قىپچاقلارغا بۆلۈنۈپ كەلمەكتە. ساك ئامىللىرى ئۈستۈن بولغان تۈركۈمدە مۇقام فولكلورى ۋە تۈركىي ئارۇز شېئىرىيىتى تەرەققىي قىلغان».①

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان، تۇران دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان قەدىمكى خەلقلەر بىلەن تۈركىي قوۋملەر ئۇچرىشىشقا باشلىغان يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئەفراسىيابنىڭ سىرلىق ئوبرازىمۇ تۈركىي ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شۇڭلاشقا ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىران بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرغان تۇرانىيلار (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەردىن ساكلار، ماساگېتلار، تۇخارلار، سوغدىلار ۋە باشقىلار) ئىجادىيىتىدە مەدھىيىلەنگەن تۇران شاھى ئەفراسىيابنىڭ ئىجابىي ئوبرازى كېيىنچە تۈركىي ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە شۇ پېتى ۋارىسلىق قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تۇران بىلەن تۈركلەر ئەمەلىيەتتە يېقىن قانداشلىقتا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە ۋارىسلىق

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 32 - بەت.



قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. خۇددى تاجىك ئالىمى باباجان غاپۇروف يازغىنىدەك: «بارلىق شەرقىي ئىران قوۋملىرى كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇلار يالغۇز تاجىكلارنىڭلا ئېتنىك تەركىبىنى ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭمۇ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا شەرقىي ئىران قوۋملىرى بىلەن يايلاق ھاياتى كەچۈرگەن تۈرك قەبىلىلىرى بىر - بىرىگە يېقىن قوشنا بولۇپ كەلگەن.»①

شۇ سەۋەبتىن ئىران ئەدەبىياتىدا فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئىران مەنبەلىرىدە تۇران ئۇقۇمى بىلەن تۈرك ۋە تۈركىي ئۇقۇملىرى بىر - بىر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنغان. فىردەۋسىمۇ مۇشۇ ئەندىزە بويىچە تۇران پادىشاھى ئەفراسىيابنى تۈركلەرنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئىرانلىقلارغا قارشى قىلىپ قويىدۇ. «شاھنامە» دىكى:

ئەفراسىياب كەلمىش ئەسكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەردىن تاللانغان لەشكىرى يۈزمىڭ.

دېگەن مىسرالارمۇ دەل شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. لى يۈك ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئەفراسىياب ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ رىۋايەتلىرى ئىران ئەدەبىياتىدىن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا

① باباجان غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 21 - بەت.

كۆچۈش ۋە تارقىلىش (ئەلۋەتتە، بۇ جەريان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تۈركلىشىش جەريانى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى) جەريانىدا باش تېما ۋە سۇژېت قۇرۇلمىسىدىن ئېستېتىك قاتلامغىچە بولغان تەرەپلەردە تامامەن قايتا ئىجادىيەت جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. مىلادىيە X — XI ئەسىرلەردە ئەفراسىياب ھەققىدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پارچىلىرى تۈركىي ئەدەبىياتىدا يازما خاتىرىگە ئېلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ رىۋايەتلەر ئېھتىمال تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىل تارقىلىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، يىراق قەدىمكى زامان ئىران ئەپسانىلىرىدا قاراڭغۇلۇق، رەزىللىك ۋە ھالاكەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تامامەن سەلبىي تۈس بېرىلگەن ئەفراسىياب تۇران قوۋملىرى (Turanians كەڭ مەنىدىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ يەنە بىر قەدىمكى ئاتىلىشى) ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇر سەركەردىسىگە، ئۇلۇغ پادىشاھىغا ھەمدە جەڭگە ماھىر ھەربىي قوماندانىغا ئايلاندى، شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەدھىيىلىشىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى».①

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس» ② دېگەن ماقالنى كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى باش (كاللا) بولمىغان ئەھۋالدا بۆكنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغىنىدەك، پارس - تاجىكلارسىز تۈركلەرمۇ بولغان ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇنىڭدىن ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركلەر بىلەن ئىران تىللىق خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئەفراسىياب توغرىسىدىكى ئەپسانە -

---

① لى يۈڭ: «ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئىككى مەنبەلىك كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1989 - يىللىق 4 - سان.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 2 - توم، 409 -، 410 - بەتلەر.



رىۋايەتلەرنىڭ يىراق قەدىمكى ئىران مەنبەلىرىدىن ئاستا - ئاستا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇران ۋە تۈركىي ئەدەبىياتىغا ئۆتۈش ۋە قېلىپلىشىش جەريانىدىن ئىران بىلەن تۇراننىڭ مۇناسىۋىتىنى يادرو قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىدىن بۇيانقى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرق، تىل ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش ھادىسىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شۇڭلاشقا ئەفراسىياب ئېپوسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 5. ئەفراسىياب بىلەن ئالپ ئەرتۇڭانىڭ مۇناسىۋىتى

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىگە قەدەر، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەفراسىياب ھەققىدىكى ھېكايە - رىۋايەتلەر ياكى ئېپوس پارچىلىرى كەڭ تۈردە تارقىلىپ كەلگەنىدى، بولۇپمۇ فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەفراسىيابنىڭ ئىران ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازى رەسمىي قېلىپلاشتى. بۇ ھال تۈركىي ئەدەبىياتىغا يەنە بىر جەھەتتىن ئۈلگە تەقدىم قىلدى. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تارىخچى مىرزىلىرى ئاۋام ئىجادىيدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇران قەھرىمانى ئەفراسىياب ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تۈركىي تىلىدىكى يىلنامە - تەزكىرىلەرگە ئېلىپ كىردى. قاراخانىيلار خان جەمەتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سالجۇق تۈركلىرى ئەفراسىياب ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ئۆز نەسەبىنى بىۋاستە ئەفراسىيابقا باغلىدى. ئەرەب تارىخچىلىرىدىن مەسئۇدى مىلادىيە 943 — 944 - يىللىرى يېزىلغان «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«بۈيۈك قاغان بارلىق تۈرك ئەللىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى

ئاستىغا كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممە خانلىرىنى باشقۇرىدىكەن، تۈركلەرنىڭ ھەممە بەگلىرى بۈيۈك قاغانغا ئىتائەت قىلىدىكەن. ئۇلار ئەفراسىياب (Afrasiyab) بىلەن Shana (A—shi—na=ئاشىنا) نى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ئەجدادلىرى دەپ قارايدىكەن».①

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، X ئەسىرلەر ئەتراپىدا تۈركلەرنىڭ، بولۇپمۇ قارلۇق تۈركلىرىنىڭ تارىخ قارىشىدا ئەفراسىياب بىلەن بۆرىدىن تۇغۇلغان 阿史那 ئۇرۇقىنى ئۆز ئارا باغلايدىغان ئەھۋال ئاللىقاچان شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە جامال قارشى (Jamal Qarši) نىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇد قەشقەرى بىلەن زامانداش ياشىغان تارىخچى ئەلمائى قەشقەرى (Alma — i Kashgari) ئۆزىنىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەسەبىنى بىۋاستە ئەفراسىيابقا باغلايدۇ.② ئەرەب تارىخچىلىرىدىن ئىبن ئەشىر (1232 — 1169) مۇ «ئومۇمىي تارىخ» (تارىخى كامىل) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كاشغەر، بالاساغۇن، ئۇدۇن، تالاس قاتارلىق «تۈركىستان» يەرلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ماۋرائۇننەھر ئىقلىمىنىڭ بىر قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەفراسىياب تۈركلىرى (Afrasiyab—Turki) نىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى خاقانىنىڭ ئىسمى ساتۇق قاراخان ئىكەن.»②

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئەفراسىيابقا دائىر رىۋايەتلەرنىڭ تارىخ - تەزكىرىچىلىكتىن باشقا يەنە خەلق ئاغزاكى

---

① خۇا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 163 - بەت؛ مەسئۇدى: «ئالتۇن يايلاق»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 174 - بەت.

② خۇا تاۋ، «غەربىي يۇرت تارىخى تەدرەققىيات»، 174 -، 175 - بەتلەر.



ئىجادىدا تارقىلىپ يۈرگەنلىكى بىزگە ئەفراسىياب ئوبرازىنىڭ بۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تارىخ ئېڭىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن جەمئىي 21 ئورۇندا ئەفراسىياب ياكى ئالپ ئەر تۇڭا ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز يەردە ئالپ ئەر تۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ توقۇلغان مەرسىيە قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر كەلتۈرىدۇ (قاراڭ: «دىۋان» I.59، I.139، I.217، I.254، I.326، I.633، Ⅱ.338، Ⅱ.490، Ⅲ.55). 12 جايدا قەشقەر، بارچۇق، بارمان، بارسقان، قازۋىن، مەرۋى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەمدە خان، تۇڭا، خاتۇن، خاقان، تېگىن، تارىم قاتارلىق قاراخانىيلار خان جەمەتى ئىشلىتىدىغان خاس نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە ئەفراسىيابقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ (قاراڭ: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، فاكسىمىل، I.173، I.199، I.206، I.209، I.234، Ⅱ.425، Ⅲ.509، Ⅲ.509، Ⅲ.605، Ⅲ.605، Ⅲ.513، Ⅲ.625). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھمۇد قەشقەرى يەنە ئەفراسىيابنى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى بۈيۈك خاقانى ۋە مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

«دىۋان» دا يەنە ئەفراسىيابنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ قەشقەر ئىكەنلىكىنى، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) شەھىرىنى ئەفراسىيابنىڭ بىنا قىلغانلىقىنى، تۈركلەرنىڭ ئۇنى ئالپ ئەر تۇڭا دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ئۇنى مۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر ھېكايىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ ھەقتىكى ئۇزۇن ھېكايە «دىۋان» دا ئۇچرىمايدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن يەنە بىر بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە تۇڭا ئالپ ئەرنىڭ تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بېگى، بىلىملىك، ئادىل خاقانى

ئمكەنلىكى، پارس ـ تاجىكلارنىڭ ئۇنى ‹ ئەفراسىياب › دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.[1]

دېمەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتكۈل ئىجتىمائىي كەيپىياتتىن قارىغاندا، ئەفراسىياب بىلەن ئالپ ئەر تۇڭانىڭ بىر لا شەخس ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتىدا ئوخشاشمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. فرانسىيە ئالىمى ئەلى مازاھىرىنىڭ ئەفراسىياب ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بۇ ھەقتىكى بايانلارنى تەستىقلايدۇ:

«ئەفراسىياب مەسىلىسىدە تىلشۇناسلار بىردەك ‹ ئاۋېستا › دىكى Frarasyan نى تامامەن بىر خىل ئەپسانە، باشقا ئالاھىدە مەنىسى يوق دەپ قارىشىدۇ. ھالبۇكى، ‹ ئەپسانە › ئۇقۇمى بىلەن ھەممىنى ئىزاھلاش ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدۇر. ئەبۇ رەيھان بىرونى بىزگە تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ساسانىيلار يىلنامىسىدىكى كۆپلىگەن بايراملار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى زوروئاستېر دىنى مۇرتلىرى بىلەن ھۇنلار دىيارىدىن كېلىپ چىققان ئەفراسىياب ( Frarasyan ) ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك توقۇنۇش، قانلىق جەڭلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققانىكەن.

يەنە كېلىپ بۇ جەڭلەر يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئىراننىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانىدى. ‹شاھنامە› دىكى زوروئاستېر دىنىغا بولغان سادىقلىق ئەنئەنىسى دەل مۇشۇ توقۇنۇشلارنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بىز ئىران سەيياھلىرىدىن ئەسەدۇللاھنىڭ 1812 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەر توققۇزاق بىلەن ئۈچتۈرپان ئارىلىقىدىكى رايونلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى كۆپ قېتىم تىلغا

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 276 ـ، 280 ـ بېيىتلەرگە قاراڭ.



ئالغانىدۇق. ئەسەدۇللاھ سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلاردا تارقالغان يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەر رىۋايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئەفراسىياب ( Frarasyan ) قارارگاھىنىڭ كونكرېت ئورنىنى دەل قەشقەر بىلەن ئۈچتۈرپاننىڭ ئارىلىقىدا دەپ كۆرسىتىدۇ. سۈبىن ھېدىننىڭ كۆرسىتىشىچە، بۈگۈنكى كۇچانىڭ جەنۇپ تەرىپىدە، يەنى توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى زەرەپشان دەرياسى ساھىلىدا ئىككى قەدىمكى شەھەر خارابىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، قىزىل يېنىدىكى ئەفراسىياب شەھىرى، يەنە بىرى، ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى يانتاق شەھىرى، يەنى بۈگۈنكى كۇچالىقلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ‹ ئەفراسىيابنىڭ شەھىرى › دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا سۈبىن ھېدىن يەنە بىر ئەفراسىياب شەھىرى (Afrasiyab—nung Evi) نى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئورنى كۇچانىڭ قۇمتۇرا دېگەن يېرىدە، بۇ دەل شۇەن زاڭنىڭ خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان 阿奢理贰 ياكى ئەرشىنى مالىمان قىلغان سۈن ۋۇكۇڭ بارغان 阿奢理腻 شەھىرى بىلەن ئاھاڭ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تەبەرىنىڭ ‹ پارس شاھنامىسى › دەپ تەرىپلەنگەن ئەسىرىدە ئەفراسىيابنىڭ ئىران (خۇراسان) غا قىلغان تىنىمسىز ئۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلىگەن بايانلىرىدىمۇ كۆپ قېتىم كاشغەر، ئۇدۇن (خوتەن) ناملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ».[1]

ئەلى مازاھىرى ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئىسلاملىشىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا بۇ يەردە ئەفراسىيابنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر قانچىلىغان قەدىمىي شەھەرلەر بولغان. شۇڭلاشقا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەر،

① ئەلى مازاھىرى: «يىپەك يولى: جۇڭگو — پارس مەدەنىيەت ئالاقىلىرى تارىخى»، 333 ـ، 334 ـ بەتلەر.

بارچۇق، بارمان، بارسقان، قازۋىن، مەرۋى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇشىنى ئەفراسىياب بىلەن باغلىشىنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر پادىشاھلىرىنىڭمۇ ئۆز نەسەبىنى ئەفراسىيابقا باغلايدىغانلىقى مەلۇم. ياپونىيە ئالىمى ئابى تاكېئو بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«يۈەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بېشبالىقنى مەركەز قىلغان قۇچۇ ئىدىقۇت خانلىقى بۆكۈ خاننى ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك خان بوۋىسى دەپ قارىغان ھەمدە بۆكۈخان بىلەن ئىران رىۋايەتلىرىدىكى ئەپسانىۋى شەخس ئەفراسىياب (Afrasiyab) نى تامامەن بىر كىشى دەپ ھېسابلىغان». [1]

ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى (1282 — 1226) ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى مۇنداق بىر رىۋايەتنى تىلغا ئالىدۇ:

«. . . ئۇيغۇرلار ئورخۇن (Orqon) دەرياسى بويىدا ئىككى ئوققا بۆلۈنۈپ ياشايتتى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەن ۋاقىتتا، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئارىسىدىن بىرسىنى خان تىكلەپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ يەنە 500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۆكۆخان (Bocukhan) دۇنياغا كەلدى. ھازىر بەزىلەر بۆكۆخان دەل ئەفراسىيابنىڭ ئۆزى دەپ قارىماقتا». [2]

بۇنىڭدىن قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن قۇچۇ ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ئوخشاش بولغان ئەجداد چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى ئابى تاكېئو ئەپەندىم يازغىنىدەك:

«. . . ئېھتىمال، قارلۇق قەبىلىلىرى ئالدى بىلەن

ئۆزلىرى ئىستېلا قىلغان زېمىندىكى يەرلىك ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ يەر - ماكانلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىنىمۇ ۋارىسلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى يەنە ئۇلارنى بوي سۇندۇرغان بۆكۈخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى توققۇز ئوغۇزلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. يەنە مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بېشبالىق ۋە بالاساغۇندىكى ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ خان جەمەتى ھەققىدە ئوخشاش بىر رىۋايەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ھېچقانچە ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق». [1]

ئەمدى ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ زادى كىملىكى ۋە ئەفراسىياب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى ۋە تەتقىقاتلارنىڭ ئاجىزلىقى بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى قايسى شەخسكە باغلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت، بولۇپمۇ مەھمۇد قەشقەرى خاتىرىلەپ قالدۇرغان ئالىپ ئەر تۇڭاغا ئائىت توققۇز كۇپلېت مەرسىيە قوشىقىدىن قاراخانىيلار زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا تۈركىي قوۋملەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇكەممەل ئېپوسنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىككى جايدا ئۇچرايدىغان Tonga tegin yogintasi (تۇڭا تېگىن مازىرى) [2] دېگەن مازارنىڭ دەل تۈركلەر ئالىپ ئەر تۇڭا دەپ ئاتايدىغان ئەفراسىيابنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. يەنە

---

[1] ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 295 - بەت.
[2] جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 62 - بەت.



[1] ئابى تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇر ئېلى تارىخى تەتقىقاتى»، 296 - بەت.
[2] «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، شىمالىي تەرەپ، 7 - قۇر؛ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ، 31 - قۇر.

بەزىلەر تۇڭا تېگىن مازىرى دەل سەمەرقەنت قېشىدىكى ئەفراسىياب قورغىنىدۇر دەپ قارايدۇ. ئىمىن تۇرسۇن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۈركىي خەلقلەرمۇ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن تۇڭا ئالپ ئەرگە شۇ زامانلاردا ماتەم تۇتىدىغانلىقى مەلۇم، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بېشبالىق مۇھاسىرىسى ھەققىدىكى ئابزاستا ‹تۇڭا تېگىن يوغاسى› (تۇڭا تېگىن ماتىمى) ئەسلىتىلگەن. شۇنىڭدەك تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بىزەكلىك كېمىرلىرنىڭ بىرىدە ‹تۇڭا تېگىن›، يەنە بىرىدە ‹تۇڭا ئۇل› دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇڭرا ۋە ياغلاقار قەبىلىلىرىمۇ يىلنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە (تەخمىنەن يازنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا) تۇڭا ئالپنى ئەسلەپ، ماتەم تۇتقان».① رۇس تۈركولوگلىرىدىن كلياشتورنى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى كۆلتېگىن (Koltegin) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەنگەرس (Kangaras) دېگەن جايغا قوشۇن تارتىپ ئۇرۇش قىلغان ۋەقەلىرى بىلەن فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىكى ئىران - تۇران ئۇرۇشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىرلا ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ.②

دېمەك، ئالپ ئەر تۇڭا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تۈركىي قوۋملەر ئارىسىدا خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەفراسىياب ئېپوسىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ۋارىيانتى سۈپىتىدە تارقىلىپ كەلگەن. ئەفراسىيابنىڭ نامى ۋە قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى ئىسلامىيەتتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەر گەۋدىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشى داۋامىدا، دەسلەپ تۇران، كېيىنچە تۈرك دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانىغا

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 591 - بەت.

② كلياشتورنى «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك مەڭگۈ تاشلىرى»، خېيلوڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 184 - بەت.



ئايلانغان. شۇڭا ئالپ ئەر تۇڭا ئەمەلىيەتتە تۇران - تۈركىي خاقانى ئەفراسىيابنىڭ ئۆزى بولۇپ، تۈركىي تىلدىكى ئايرىم ئاتىلىشى ئىدى. ئەفراسىيابنىڭ «ئاۋېستا» دىن تاكى قاراخانىيلار زامانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەدرىجىي ھالدا تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەجدادىغا ۋە مىللىي قەھرىمانىغا ئايلىنىشى ھەمدە تۇڭا تېگىن، تۇڭا ئالپ ئەر قاتارلىق ساپ تۈركچەناملار بىلەن مەدھىيىلىنىشىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇزاق جەريان ئۆتتى. يەنە كېلىپ بۇ جەريان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تۈركلىشىشى — ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ساك، ماساگېت، توخرى، سوغدى قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تۈركىي قوۋملەر گەۋدىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشى جەريانىدا ئورۇندالدى.

## خۇلاسە

ئاخىرىدا پۈتكۈل بايانلىرىمىزدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، بارتولد ۋەكىللىكىدىكى ئالدىنقى ئەۋلاد شەرقشۇناسلارنىڭ ئەفراسىياب ئەسلىدە ئىران ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەپسانىۋى قەھرىمان، ئۇنىڭ تۈركىي قوۋملەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى بىلەن تۈركلەر خاتا ھالدا ئۇنى ئۆز ئەجدادى دەپ بىلىپ قالغان، دېگەن قاراشلىرى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر.

ئىككىنچى، قاراخانىيلار خان جەمەتى بىلەن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئۆز نەسەبىنى ئەفراسىيابقا باغلىشى بىر خىل ئاساسسىز قىياس بولۇپ، غەربكە كۆچكەن تۈركىي قوۋملەرنىڭ يېڭى ئەجداد ئىزدەشتىكى مەدەنىيەت خاھىشىدىن كېلىپ چىققان

دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تاكى نەۋائىغىچە بولغان تۈركىي ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكى دەۋرىدىكى سەلتەنەتلىك تارىخىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، تۈركىي قوۋملەر تارىخىغا ئىران يىلنامىچىلىكى تىكلەپ بەرگەن ئەندىزە بويىچە مۇئامىلە قىلغان دېگەن قاراشنىڭمۇ ئىلمىي ئاساسى يوق.

ئۈچىنچى، ئەفراسىياب بىلەن تۇڭا ئالپ ئەر ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر غايىۋى قەھرىماننىڭ پارس ۋە تۈركىي تىلىدىكى ئوخشىمىغان ئاتىلىشىدۇر. پارس مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىيابقا دائىر بايانلار بىلەن تۈركىي مەنبەلىرىدىكى تۇڭا ئالپ ئەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار خېلى زور دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە.

تۆتىنچى، ئەڭ دەسلەپ «ئاۋېستا» دا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەپسانىۋى قەھرىمان ئەفراسىيابنىڭ پۈتكۈل تۈركىي قوۋملەرنىڭ مىللىي قەھرىمانىغا ئايلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ جەريانىدا ئىشقا ئاشقان. شۇڭا، ئەفراسىياب مەسىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەشىنچى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە ئەفراسىياب ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان، بولۇپمۇ توڭا ئالپ ئەر ھەققىدىكى مەرسىيە قوشاقلىرى بىزگە قارخانىيلار ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەفرسىيابقا دائىر مۇكەممەل بىر ئېپوسنىڭ بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

2001 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە

ئەسەت سۇلايمان

* *

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك مەتبە زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 16 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2002 - يىل 3- ئاي 1- نەشرى
2002 - يىل 3- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000
ISBN7—228—06608—1/K.935
باھاسى: 22.00 يۈەن